ئابدۇلقۇددۇس هافىز

# ئانا تىلىم ـ جان تىلىم

تۈركىيە ـــــ ئىستانبۇل
12 . 2019

ئانا تىلىم ـ جان تىلىم



گۈللە ، ياشنا تا ئەبەدى،
ئەي گۈزەل ئۇيغۇر تىلى!!!

ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

# ئانا تىلىم — جان تىلىم

تۈركىيە ـ 2019

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇلقۇددۇس هافىز
ئېلخەت : ateskalp2 @gmail.com
تېلىفۇن نۇمرى : 05364417258

ئالاقىلاشقۇچى: ئابدۇخېلىل هاجىم
تېلىفۇن نۇمرى : 05343268456

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى

2 . 2020

www.uyghurkitap.com

# تەتقىقاتچىلىق ھاياتىمغا دائىر رەسىملەردىن تاللانمىلار





تىل - يېزىق ، تەرجىمە ۋە لۇغەتچىلىك تەتقىقاتىغا كىرىشكەن ۋە 222 تىللىق « چەتئەل كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى » نى تۈزۈش بىلەن شۇغۇللانغان يىللاردا .







نەشر قىلىنغان كىتابلىرىم

كىتابخانامدا





شۇتسىيدىن كەلگەن 13 - قېتىملىق خەلقئارا فونېتىكا ئىلمىي مۇھاكىمە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش چاقىرىقنامىسى كەلگەندە « كىرىزىس ئىچىدە ئىڭراۋاتقان ئىلمىي ھەقىقەت » ناملىق « خىتاپنامە » ئېلان قىلىپ ، خەلقىمىزگە تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئىزدىنىشىمنى تونۇشتۇرغان يازغۇچى ۋە ژورنالىست ئۆمەرجان ھەسەن .





ئۆمەرجان ھەسەننىڭ « خىتاپنامە » سىنى ئېلان قىلىش ، ئىلمىي پائالىيىتىمنى تونۇشتۇرۇش ۋە ماددىي يار - يۆلەك بولۇشنى مەخسەتلەپ ، گېزىت بەتلىرىنى كەڭرى ئاجراتقان « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » نىڭ مەسئۇلى ( ئوڭ تەرەپتىكى كۆزئەينەكلىك كىشى ) ۋە كەچلىك گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدىدىكى بىر قىسىم تەھرىرلەر ، شۇنداقلا بىر قىسىم كەسىپداشلىرىم .



« خىتاپنامە » ۋە « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » خەۋەرلىرىدىن ۋاقىپلانغان دىيارىمىز مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ ئەيسا ئەپەندىم ھەرساھەسىدىكى مۇخبىرلارنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ، قىسقىچە ھايات - پائالىيىتىم ۋە ئىلمىي تىرىشچانلىقلىرىمنى تونۇشتۇرىۋاتقان كۆرۈنۈشلەردىن خاتىرە .



« ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى تەشكىل-لىگەن « ئاخبارات - نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسى » دىكى كۇرسانتلار ئارىسىدا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىر قىسىم ئۆسمۈر مۇخبىرلار بىلەن سۆھبەتتە





تۈركىيەدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن ۋاقىتلىرىمدا .



دەم ئېلىش ۋاقتىمدا .

ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

# قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ ؟؟؟

-1-

تۈركىيە ــ ئىستانبۇل

يېزىۋاتقان كىتاۋىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

**ئاپتوردىن ............................................ 1**
چۈچۈقۇر سېغىنىش، سەممىي سالام (كىرىش سۆز ئورنىدا) ............................ 8.
خەلقىمنىڭ مۇبارەك قوللىرى بىلەن يېزىلغان ئالتۇن خەتلەر.............................. 19

## 1 ـ بۆلۈم ، مېنىڭ يازمىلىرىم

### 1 . 1 ـ نەسرىيلەر

سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنى پۈتلۈل دۇنىياغا تونۇتۇشنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭرىتايلى؛
سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل باھارىنى كۈتۈۋالايلى ........
ــــ كەسىپداشلار ۋە قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت.................................... 95
پۈتكۈل يەر شارى خارەكتېرلىك ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىش زۆرۈرلىگى توغرىسىدا
ــــ ب د (م) ت ئىلىم ـ پەن ، مائارىپ ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا : ................ 99
ئىسىم ـ ناملار تەرجىمىسى ۋە فونېتىكا........................................ 106.
«خەلقئارالىق ئۇيغۇر ئېنىستوتى» تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرلىگى،بەلكى تەخىرسىزلىگى توغرىسىدا.......... 135.
خەلقئارالىق يېڭى ئۇقۇمدىكى«دۇنيا تىلى» ئىلمىي مۇھاكىمە قورۇلتىيى چاقىرىش زۆرۈرلىگى توغرىسىدا... 141.
ئۇيغۇر يېزىغى ئۈستىدە ئوينىلىۋاتقان رەزىل ئويۇنلار........................... 145.
يېزىق ئۆزگەرتىش قارا قۇيۇنى چىقارغۇچىلارغا بەس ! (1) ........................ 166.
يېزىق ئۆزگەرتىش قارا قۇيۇنى چىقارغۇچىلارغا بەس ! (2) ........................ 175.
ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى توغرىسىدا........................................ 179.
نيۇتۇننىڭ مۈشۈكلىرى................................................ 187.
« يېزىق مەدەنىيتى بىر ئىنقىلاپقا مۇھتاج » مۇ ؟؟؟................................ 181.
قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى خاتالىقلار ۋە بىزنىڭ تىل ئىقتىدارىمىز................ 202.
«قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟؟؟» (شۇ كىتاپنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى)................ 212
توغرىسنى ئۆگىنەيلى، توغرىسنى ئۆگىتەيلى، ئەۋلاتلىرىمىزنى خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ
قۇربانى قىلىۋەتمەيلى................................................ 219.
ئانا تىل قەسرىدە يايرايدۇ ئىنسان ........................................ 230.
سۆيگۈ گۈلزارىنىڭ شاھانە خۇشناۋابۇلبۇلى................................. 238
گۈزەل ياشلىقنىڭ ئوتلۇق نىداسى........................................... 242.
ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئوتلۇق مېلودىيىسى ........................................ 246.
تىكىرقاشتىن غالىپ كەلگەن جەسۇر يۈرەك...................................... 253.
سېتىلماقچى بولغان ساھىپجامال قىز ........................................ 236.
زېمبابۇۋى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالى.................................. 262.
ئاجايىپ بالا شەرىپ................................................. 265.
قەھرىمان چېچەنىستان خەلقى........................................... 267
جەھەننەمگە خوش كەپسىز................................................ 269.

## 2.1 ـ نەزمىيلەر


ئاللاھۇ ئەكبەر ........................................................ 273
ئىمتىھان................................................................ 274
ئانا تىلىم ــ جان تىلىم ................................................ 275
ئانا تىل مارشى........................................................ 285
ۋەتەن سۆيگۈسى........................................................ 286
ئوغلىمەن ................................................................ 288
گۈل ۋە بۇلبۇل.......................................................... 291
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي باش كىيىمى دوپپا....................... 293
ھەر كۈنى ئېيتىمەن ئاشۇ ناخشىنى ( ل. مۇتەللىپكە بېغىشلانغان ، فىلىم شەكىللىك )............ 295
ئىز (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە بېغىشلانغان ، فىلىم شەكىللىك )...................... 301
سادىر پەلۋانغا........................................................ 305
ئەقىدە.................................................................. 306
ساما.................................................................... 308
ھىجران ۋە ۋىسال ...................................................... 309
قوشۇمچە :
بىر قىسىم ئەسەرلىرىمنىڭ ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنىش ئەھۋالى.......... 311


# 2 ـ بۆلۈم

## ئانا تىل ئىشقىدا زۇرىگى كۆيۈپ بۇلبۇلدەك سايرىغان ۋە سايراۋاتقان ئېزىزلىرىمنىڭ يازمىلىرى

## 1.2 ـ نەسرىيلەر


كىرىزىس ئىچىدە ئىگراۋاتقان ئىلمىي ھەقىقەت.............................. 319
قۇملۇققا سىڭگەن كۆز يېشى (ئەدەبىي ئاخبارات).............................. 321
ھەر ـ بىر مىللەت ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلىشى كېرەك....................... 345
قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يەككە تىللىق مائارىپمۇ ؟؟؟،،،.................... 349
ياخشى ئادەم ياش تۆكسە ئاسمان ـ زېمىنمۇ ياش تۆكىدۇ......................... 351
مەككە شەھرىدە ئۇيغۇر مەكتىپى ئېچىلدى...................................... 352
ئامېرىكا ئۇيغۇر تىلى مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلار سانى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە.............. 355
پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئانا تىل ۋە مىللىي كىملىگىنى قوغدىماقتا...................... 356
لوندوندىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات مەركىزى تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتمەكتە.............. 358
سانكتپېتېربۇرگدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئانا تىلىنى قەدىرلىمەكتە........................ 358
سانكتپېتېربۇرگ شەھرىدە ئانا تىل خاتىرىسى...................................... 360
ئالمۇتادا ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى............ 360
ئانا تىل يېزىقىنىڭ كۆز يېشى............................................... 361
ئۇيغۇر تىلى ئامېرىكىدا.................................................... 364

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانا تىلىمىزنىڭ قىممىتى.................................................365
ئانا تىلىم ـ ئۇيغۇر تىلى..................................................370
« دىۋان » نىڭ يېڭى ئېلىپبە تەرتىۋى مۇندەرىجىسى............................372

## 2.2 ـ نەزمىلەر

ئانا تىل......................................................410
ئۇيغۇر تىلى....................................................411
ئۇيغۇر بولساڭ بالاڭغا ئۇيغۇرچىنى ئۆگەتكىن..............................413
تۈركىي تىللار دىۋانى.............................................414

# ئاپتوردىن



ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ !

ئېزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !

ئوبدان تۇرىۋاتامسىلەر ؟

جەنابىي ئاللاھ ھەر - بىرىمىزنى ئۆز پانايىدا ساقلىغاي ، ئامىن !

ئېزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !

« ئانا تىلىم — جان تىلىم »ناملىق بۇ كىتاپ ، تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن ، ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان نەسرى ۋە نەزمىي ئەسەرلىرىمنىڭ تاللانمىسى ئاساسدا تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئەسلىدىكى « قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ ؟؟؟ » ناملىق كىتاۋىمنى يېزىش جەريانىدا ، ئېزىز ۋەتىنىم ۋە سىز ئېزىز قېرىنداشلىرىمنى ھەر مىنۇت - ھەر سكۇنت ئەسلىشىمنىڭ ، ھەمنەپەس - تەقدىرداشلىغىمنىڭ ياڭراق ساداسىدۇر ۋە مەن « قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ ؟؟؟ » ناملىق كىتاۋىمنى يېزىپ تاماملاپ بولغىچە مۇشۇنى بولىسمۇ سىزلەر بىلەن ئالدىن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ تۇرۇشنى مەخسەتلەپ ، مانا مۇشۇنداق توپلام ھالىتىدە سۇنغۇم كەلدى .

كۆرىسىلەركى ، مەن بۇ توپلامدا سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىش ، ئانا تىلىمىزنى جان تىكىپ قوغداش ۋە قوللىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ ، كونكرىتنى جەھەتتىن چوڭ ئىككى بۆلۈم بويىچە تەييارلىدىم . بۇنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى ئۆزۈمنىڭ ئىجادىي يازمىلىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مەن سىز ئېزىزلىرىمنىڭ ئانا تىل مۇھەببىتى بىلەن يۈرىگى كۆيۈپ بۇلبۇلدەك سايراپ ، ئانا تىلنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونىتىۋاتقان يەنە باشقا مۆھتەرەم قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ يازمىلىرىدىنمۇ بەھرىلەندۈرۈشنى ئىمانىي ، ۋىجدانىي بورچۇم ، دەپ بىلىپ ، ئۇلارنىڭ يازمىلىرىنى شۇ ئىككىنچى بۆلۈمدە سۇنۇشنى زۆرۈر تاپتىم . شۇنداق قىلىپ ، پۈتكۈل پۈشتى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۇلۇغ ئەجداتلىرىمىزدىن بولغان مەھمۇت قەشقىرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەلىشىر ناۋائى ، ئابدۇلقادىر داموللام ، تەۋپىق ئەپەندى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئۇستازلىرىمىزنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىزنىڭ بەكمۇ زۆرۈرلىگىنى تەشەببۇس قىلدىم ھەم داۋاملىق تەشەببۇس قىلىشنىمۇ ئىمانىي ، ۋىجدانىي بۇرجۇم دەپ بىلىمەن .

شۇنداق ، ئېزىز قېرىنداشلىرىم !

نۆۋەتتە مەن مۇشۇ ئىرادەمگە مۇناسىپ ھالدا ، « قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ ؟؟؟ » ناملىق كىتاۋىمنى جىددىي يېزىۋاتىمەن . ھازىر ئۇنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق نۇسخىسى بولغان « تارىخىي رولى ۋە ئىلمىي قىممىتى ئالەمشۇمۇل ئۇيغۇر تىلى » ناملىق كىتاۋىم پۈتۈش ئالدىدا .

ئەمما مەن باشقىلارغا ئوخشاش ، كىتاپ دېگەن سەن ، يازغان دېگەن مەن ، « ئىش تامام ، ۋەسسالام ، ۋەزىپەم تۈگىدى » ، دېمەيمەن . بەلكى ئىقتىسادىي شەرت - شارايىتىم يار بەرسە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان 50 نەچچە پارچە زور ھەجىملىك رەسىم سىزىپ ، كاتتا « خەلقئارالىق ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىرىشنى پىلانلىۋاتىمەن . بۇ ئۇچۇن ھەتتا ب د ت نىڭ « ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت مائارىپ تەشكىلاتى » رەھبەرلىرىنىڭ كېلىپ قاتنىششىنىمۇ ئويلۇنۇپ ، ئۇلارغا يوللايدىغان خەتنىمۇ تەييارلىدىم . شۇ ئاساستا ئېچىلغان بۇ يىغىن ئارقىلىق ، نۆۋەتتە ئانا تىلىمىزنىڭ دەرس مۇنبەرلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلىش ، ھەتتا نارىسىدە

www.uyghurkitap.com

باللىرىمىزنىڭ ئانا تىل مېھرىدىن مەھرۇم قىلىنۋېتىلىشتەك ئېغىر ئالماس ئىنتايىن ئېغىر مەنتىقسىزلىقلار بىلەن كېلىپ چىقىۋاتقان فاجىئەلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنى تېز مۇددەتتە توختۇتۇشقا بولىدۇ،دەپ قارايمەن .

چۈنكى ، مۇشۇ يىغىن ئارقىلىق ، پۇتكۇل يىغىن قاتناشچىلىرى ئالىملار ، پروفېسسور ، دوكتۇرلار ۋە ھەتتا پۇتكۇل ئىنسانىيەت ، مۇشۇ دۇنيادا ئۇيغۇرلاردەك بۈيۈك بىر مۆجىزىۋىي مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىغىنى ، ئۇلارغا يولنى داغدام ئېچىپ بىرىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلىگىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىدۇ ، ئىنشا ئاللاھ ! سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلى مانا شۇنداق بۈيۈك خىسلەت ۋە خاسيەتلەرگە ئىگەكى ، ئۇنىڭ پاساھەت ـ بالاغەتتىكى يۈكسەك ئىپادىلەش كۈچى سەۋەپلىك ، يۇقىرىسى كۆك قەھرىدىن ، تۆۋىنى يەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ماگما قاتلىمىغىچە بار بولغان ۋە يەتتە قىتئە تۆت ئوكياندىكى پۇتكۇل مەۋجۇداتلار ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك پۇتكۇل ۋەقە ـ ھادىسىلەر توغرىسىدا مۇكەممەل چۈشەنچە ئېلىشقا ھەركىم تامامەن قادىر بولالايدۇ ، ئىنشا ئاللاھ !!!

ئۇيغۇر تىلى مانا شۇنداق قىممەتلىك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىكەن ، ئەمما نىمە ئۈچۈن چەتكە قېقىلىدۇ ؟ نىمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىلىم ئەرباپلىرىمىز ئانا تىلىمىز بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ ؟ نىمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئەۋلاتلىرىمىز ئانا تىلىمىزنىڭ ھۇزۇرىدىن مەھرۇم ھالەتتە يېتىلىدىغان فاجىئەگە مەھكۇم بولۇپ قالىدۇ ؟

بۇ ، ئەلبەتتىكى پۇتكۇل دۇنيا جامائەتچىلىگى تەخىرسىزلىك بىلەن ئويلۇنۇش ۋە چاخماق تېزلىگىدە قوزغۇلۇپ پىكىر ـ مۇھاكىملەرنى يۈرگۈزۈشنى قاتتىق تەقەززا قىلىۋاتقان بىر ئەھۋالدۇر .

بۇ ئۈچۈن بۇ كىتاپ ئىنشا ئاللاھ بىرىنچى قول ماتېريال بولۇپ قالغۇسى ۋە مەن سىز ئېزىز قېرىنداشلىرىمدىن سەممىي ئۆتىنىمەنكى ، ھەر قانداق يەردە ھەر قانداق ۋاختتا ئانا تىلىمىزنىڭ قوللىنىلىشىنى پېداكارلىق بىلەن داۋاملاشتۇرايلى . مىللىتىمىزنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن بۇ دەرۋەقە ئىنتايىن مۇھىم ، ئەلبەتتە .

ئەينى ۋاختتا بۇ ، جەنابىي ئاللاھقا بولغان ساداقىتىمىزنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىنىڭ ، شۇنداقلا مۇشۇ جەھەتتە پېداكارلىق كۆرسۇتۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىزنىڭ سۆيۈندۈرگۈچى نىشانىدۇر !

قاراڭ ، جەنابىي ئاللاھ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ ئۇلۇق دەستۇرى بولغان قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ : **« ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقاخاستۇر ، ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر ، پادىشاھلىقتا شېرىگىمۇ يوقتۇر . ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى ، ئاندىن ( ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى .» ( سۇرە فۇرقان ، 2 ـ ئايەت) ، « مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى ( ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشۈنۈشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى )، ئىنساننى ياراتتى ، ئۇنىڭغا ( مەخسىدىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ) سۆزلەشنى ئۆگەتتى .» ( سۇرە رەھمان ، 1 ـ 4 ئايەتلەر) ، « ئى ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر ، بىر ئايالدىن، ( ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت )**

**بىر ئاتا،بىر ئانىدىن ياراتتۇق ، ئۆز ـ ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق ، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋا بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى ، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس ، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ ) ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.» ( سۇرە ھۇجۇرات ، 13 ـ ئايەت) ، « ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ، زېمىننى ياراتقانلىغى ، تىللىرىڭلارنىڭ ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ ـ خىل بولىشى ئاللاھنىڭ (كەمالىي قۇدرىتىنى**

كۆرستىدىغان ) ئالامەتلىرىدىندۇر ، ئۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار .»( سۈرە رۇم ، 22 ـ ئايەت) .

دېمەككى ، جەنابىي ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتقاندا باشقا جەھەتلەردىن تاشقىرى خاس ئانا تىلى بىلەن ياراتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز ئانا تىلىمىزدىن چەتنەپ كەتمەسلىگىمىز ، ئانا تىلىمىزنى قوغداش جەھەتتە پىداكارلىق كۆرستىشىمىز ، بۇ جەھەتتە ئۆلۈق ئۇستازلىرىمىزنى سەممىيلىك بىلەن ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم ، رۇشەنكى بۇ بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئىمانىي ، ۋىجدانىي ۋە تارىخىي مەسئۇلىيىتىمىزدۇر ، ئەلبەتتە !

جەنابىي ئاللاھ مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى مانا شۇ ئىنسانىي ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي ئارزۇيۇمنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىپ ، ئىلىم ـ مەرىپەت دۇنياسىدا يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ باشلىنىشىنى ، خەلقىمىز تارىخ سەھنىسگە يېڭىۋاشتىن چىقىپ ، تارىختىكىگە ئوخشاشلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇستازى بولۇپ ، تېخىمۇ گۈزەل تەرەققىيات دەۋرانىنى يارىتىشنى نېسىپ ئەيلىگەي ، ئامىن !

نۆۋەتتە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەنكى ، مەن تۈركىيىگە كەلگەندىن بۇيان تۈرلۈك يىغىن ۋە نامايىشلارغا ، شۇنداقلا ئىش ــ ئوقەتلەرگە قاتناشقاندىن باشقا پۈتكۈل بوش ۋاقتلىرىمنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئاتاپ ئىزدىنىپ ، ئاز بولمىغان نەزمى ۋە نەسرى ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن ، كىتاپ سۈپىتىدە 16 پارچە كىتاپ تەييارلىغان ئىدىم ، بۇلاردىن 4 پارچىسى سۇيىقەستچىلەرنىڭ دۈشمەنلىگى بىلەن نابۇت بولۇپ كەتتى . 12 پارچىسى ئاللاھقا كۆپ شۈكرىكى روياپقا چىققۇدەك بولۇپ نەشرگە تەييارلاندى . بۇ ئۈچۈن ئەۋۋىلى جەنابىي ئاللاھقا ، ئاندىن سەممىي ئىلمىي ھەمرازلىغى بىلەن يار ـ يۆلەك بولغان قېرىندىشىمىز ۋە يېتەكچىمىز ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخانغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن . جەنابىي ئاللاھنىڭ بۇ ئاقكۆڭۈل قېرىندىشىمىز ۋە يېتەكچىمىزگە ۋە مېنى قوللاپ كەلگەن باشقا بارلىق قېرىنداشلىرىمغا بىر ئاللاھتىن كاتتا مەغپىرەت ۋە شاپائەت تەلەپ قىلىمەن .

ئاخىرىدا ، چۈشىنىشىمىزنىڭ چوڭقۇرراق بولىشى ئۈچۈن بىر قىسىم ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىم ۋە ئەسەرلىرىمنىڭ تېماتىك مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن .

## 1.پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە :

### ئا : ئىختىرالار :

1) زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلدارلىغىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش سۇيۇقلىغى . بۇ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېتىبارسىز قارالدى ، مېنىڭ تەجربە شارايىتىم ، ئىقتىسادىي ئاساسىم بەكمۇ ناچار بولغاچقا ئەمىليەتكە تەدبىقلىيالمىدىم . ئەمما ، 17 يىلدىن كېيىن بېيجىڭدىكى بىر نەچچە ئالى بىلىم يۇرتلىرىدىكى پروفېسسورلارنىڭ بىرلىشىپ تەتقىق قىلىشى بىلەن دەل مېنىڭ تېخنىكىلىق بېكىتىش يوللىرىم بويىچە ئىشلەنگەن سۇيۇغلۇق « 丰产素» ( مول ھوسۇل دورىسى ) ، « 叶面宝 » ( يوپۇرماق گۆھىرى ) نامى بىلەن بازارغا سېلىندى ....

2) قوناق تېرىش سىيالكىسى . بۇمۇ ئوخشاشلا يۇقارقىدەك ئاقىۋەتكە دۇچ كەلدى ، 7ـ 8 يىلدىن كېيىن يەنە مېنىڭ پىلان ـ لايىھەمدىكى بوخىل سىيالكا دىيارىمىزنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىدا پەيدا بولدى .....

3) تىك ئوقلۇق سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ توك چىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تېخنىكىسى . بۇ ناھىيىلىك سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىدە ئىشلەۋاتقان يىللاردا تەجربە ئارقىلىق نەتىجىسى كۆرۈلگەن ئىش بولۇپ ، 21 كىلوۋاتلىق ئىستانسىيىدىن 43 كىلوۋات توك چىقىرىش ئۇسۇلىنى ئىختىرا قىلغان ئىدىم . ئەمما چەكلىمىگە ئۇچرىدى .....

4) سۇ ئورنى ۋە توك بېسىمىنى ئاپتوماتىك تۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى . بۇمۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىيىسىدە ئىشلەۋاتقان يىللاردا ئىختىرا قىلىنغان ۋە تەجرىبە ئارقىلىق نەتىجىسى كۆرۈلگەن ئىش تۈرى ئىدى . ئەمما چەكلىمگە ئۇچرىدى .....

**ئە : ماقالىلار**

1) « زىرائەتلەرنى پۇركۇپ سۇغۇرۇپ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئىلمىي ئاساسى »؛
2) « كۆممە قۇتاق تېرىش سىيالكىسى ۋە ئۇنىڭ دېھقانلارنىڭ مېھنەت سىڭدۈرۈشىنى يوقۇتۇشتىكى كاتتا ئەھمىيىتى توغرىسىدا » ( ھۆكۈمەتكە دوكلات ) ؛
3) « كۆممە قۇتاق تېرىش سىيالكىسىنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا » ؛
4) « تىك ئوقلۇق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ توك چىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرى » ؛
5) « سۇ ئورنىنى ئاپتوماتىك نورماللاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى » ؛
6) « توك بېسىمىنى ئاپتوماتىك تۇراقلاشتۇرۇپ يوللاش قۇرۇلمىسى » ؛
7) « كەسىپ ئەھلى ئەمەسلەر ۋە كەشپىيات » ( خىتايچىدىن تەرجىمە ماقالە ) ؛
8) « دۇرا ئىشلىتىشتىكى خاتا چۈشەنچىلەر » ( خىتايچىدىن تەرجىمە ماقالە ) ؛
9) « مەشھۇر فرانسوز ئالىم ژولىيو كيۇرى توغرىسىدا »؛
11) « ئادەم بەدىنىدىكى سانلار » ( خىتايچىدىن تەرجىمە) ؛

**2. تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە :**

**1.2 ـ تىل ـ يېزىق ساھەسىدە :**

**ئا : ئىلمىي ماقالىلار**

1) « چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى تەرجىمىسى ۋە فونېتىكا » ؛
2) « چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە يېزىشنىڭ ئىلمىي پرىنسىپى توغرىسىدا » ؛
3) « خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى » ؛
4) « رۇس تىلى تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ ؟ » ؛
5) « دۇنيا تىلى »(ESPRANTO) ھەقىقەتەن دۇنيا تىلى بولالامدۇ ؟؟؟ ؛
6) « تىل ۋە ئىقتىسادىي قىممەت » ( تۈركچە ) ؛
7) « ئىنگلىز تىل مۇقەددەس تىلمۇ ؟؟؟ » ؛
8) « تىل توغرىسىدا قىزىقارلىق پارچىلار »؛

**ئە : كىتابلار**

1) ئاللاھۇ تائالانىڭ گۈزەل ئىسمى ــ شەرھى (نەشرگە تەييار)؛
2) ئاللاھۇ تەئالانىڭ مۆجىزىۋىي بىشارەتلىرى (نەشرگە تەييار)؛

3) قۇرئانى كەرىم مەزمۇن مۇندەرىجىسى (نەشرەە تەييار)؛

4) ئۇيغۇر تىلى دەرسلىگى ــ 1ـ قىسىم (نەشرگە تەييار)؛

5) ئانا تىلىم ــ جان تىلىم (نەشرگە تەييار)؛

6) ئۇيغۇر مەرىپەت مەسئەللىرى (نەشرگە تەييار)؛

7) ئۇيغۇر ـــ ئىسلام ھۆسنىخەت گۈلزارى (نەشرگە تەييار)؛

8) ئۈچ تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە (نەشرگە تەييار)؛

9) يۇمۇر ـ چاقچاقلار (نەشرگە تەييار)؛

10) « خەنزۇچە ـ رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » (نەشردىن چىقتى)؛

11) « خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى»(نەشردىن چىقتى) ؛

12) « خەنزۇچە ـ ياپۇنچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما ياپۇنىيە كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » ( بۇ لۇغەت مەن تۈركىيىگە چىققانلىقىم سەۋەپلىك نەشردىن توختىتىۋېتىلدى) ؛

13) « ئۇنىۋېرسال تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە ، ئۇيغۇرچە تۈركچە قوش يۆنىلىشلىك لۇغەت » ( ئىشلىنىش باسقۇچىدا ) ؛

13) « تارىخىي رولى ۋە ئىلمىي قىممىتى ئالەمشۇمۇل ئۇيغۇر تىلى » ( چوڭ ھەجىملىك ، يىرىك ئىلمىي ئەسەر) ؛

14) « قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ ؟؟؟ » ( يېزىلىۋاتىدۇ ) ؛

15) « ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى مۆجىزىۋىي مىللەت ئۇيغۇرلار » ( تەييارلىق باسقۇچىدا )؛

16) « چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى » ؛

(1) " كىرىش ، ــ چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى تەرجىمىسىنىڭ توغرا بولىشىغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئەھمىيەت بىرەيلى"؛

(2) " دۇنيادىكى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ قوللىنىۋاتقان تىللىرى ، مىللەت ناملىرى ، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىسىم تەرجىمىسى ئۈچۈن پايدىلىنىلىدىغان تىل جەدۋەللىرى"،

(3) " ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(4) " رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(5) " فرانسۇزچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(6) " ئىسپانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(7) " نېمىسچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(8) " ياپۇنچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(9) " ئىتالىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(10) " پورتىگالچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(11) " رومانىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(12) " مون ـ كىخمېرچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر "

(13) " بۇلغارچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(14) " ئەرەپچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(15) " لاتىنچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(16) " گرېكچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(17) " دانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(18) " كورىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

(19) " فارسچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتىرلىك چۈشەنچىلەر " ؛

www.uyghurkitap.com

(20) " تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(21) " ئىبرايچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(23) " پولەكچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(24) " چېخچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(25) " ۋېنگىرچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(26) " ئالبانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(27) " سېربىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(28) " فىنچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(29) " شۋېتچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(30) " نورۋېژچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(31) " ئىسلاندچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر" ؛
(32) " هوللاندچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(33) " موڭغۇلچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(34) " لائوسچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(35) " مالتاچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(36) " بىرمانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(37) " ھىندونوزىيانچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(38) " تاگالوگچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(39) " مالەيچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(40) " ھىندىچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(41) " ئوردۇچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(42) " سېنخالۇچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(43) " بېنگالچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(44) " پۇشتۇچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(45) " تامىلچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(46) " فىجىچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(47) " ھۋاھىلچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر؛ "
(48) " ئامھارچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(49) " سومالىچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(50) " ماداغاسقارچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر" ؛
(51) " خاۋساچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(52) " بۇلچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(53) " تسۋاناچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر" ؛
(54) " ۋولفچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(55) " بەنتۇچە ـ ئۇيغۇرچە تاۋۇشلار سېلىشتۇرمىسى ۋە ئىزاھ خارەكتېرلىك چۈشەنچىلەر " ؛
(56) " دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ ئارقا ئۇلانمىلىرىنىڭ تەرجىمە شەكلى " ؛
(57) چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ؛
(58) چەتئەل يەر ناملىرىنىڭ مەنالىرى ؛

### 2.2 ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە

« تۇرمۇش تەسراتلىرىدىن تاللانمىلار » ( كىتاپ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان چۈشەنچىلىرىم توپلىمى ) ؛

سۈيقەست بىلەن نابۇت بولۇپ كەتكەن كىتاپلىرىم :

1)« ئېلىنغۇسى قانلىق قىساس » ( رومان) ؛
2)« مەرپەت ئىشقىدا ئوتلانغان يۈرەك » ( رومان) ؛
3)« سۆيگۈ شارابى » ( پوۋېست ) ؛
4)« ۋىجدان خىتاۋى » ( شېئىرلار توپلىمى) ؛

خەير ، ئاللاھقا ئامانەت بولۇڭلار ئەزىزلىرىم !

www.uyghurkitap.com

# ئالاھىدە ئەسلىمە ،
# چۈشقۇر سېغىنىش ۋە سەممىي سالام

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ !
كۆپتىن ـ كۆپ ئېزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !
ئوبدان تۇرىۋاتامسىلەر ؟
جەنابىي ئاللاھ ھەر ـ بىرىمىزنى ئۆز پانايىدا ساقلىغاي ، ئامىن !
كۆپتىن ـ كۆپ ئېزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !

مەلۇمكى ، مەن سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ، تەڭداشسىز قەدىر ـ قىممەتكە ۋە ئەڭ يۈكسەك شان ـ شەرەپكە ئىگە ناھايىتى بۈيۈك ۋە ئۇلۇغۋار بىر تىل ئىكەنلىگىنى نامايان قىلىشقا بېغىشلانغان « **قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟؟؟** » ① ناملىق كىتاۋىمنى ھەسەتخورلۇق ۋە سۇئىقەستلەردىن قوغداش ئاساسىدا ئوڭۇشلۇق ۋە ئالاھىدە مۇۋاپپىقىيەتلىك ھالدا يېزىپ تاماملاپ سىزلەرگە ئالىي ھۆرمىتىم بىلەن سۇنۇش ئارقىلىق جەنابىي ئاللاھنىڭ ئىلىم ـ ھىكمەت ئۆگۈنۈش ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش زۆرۈرلىگى ھەققىدىكى ئۇلۇغۋار تەلىماتلىرىغا بولغان ساداقىتىمنى ئەمەلدە كۆرسۈتۈش مەخسىدىم بىلەن ئىسسىق ئۆي ـ ماكانىم ، قۇشقاچتەك كىچىك باللىرىم ، مىسلىسىز ئابى ھاياتلىق بېغىشلىغۇچى ئېزىز ۋەتىنىم ۋە سىز ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم بىلەن ۋاقىتلىق خوشلۇشۇپ 1997 ـ يىلى تۈركىيىگە كەلگەن ئىدىم . مانا شۇندىن بۇيان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە روھى ئازاپلارغا دۇچ كەلگەن بولسامۇ ، جەنابىي ئاللاھنىڭ ھىكمەت بىلەن ئىلھاملاندۇرىشى نەتىجىسىدە قىلچىمۇ سۇسلۇشۇپ ، بوشۇشۇپ قالماستىن ئىزچىل ھالدا چىدام ۋە جاسارىتىم بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتىمەن . بۇ جەرياندا سىزلەرنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئىززىتىڭلار ۋە كۈتكەن ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىڭلار كۆز ئالدىمدا داۋاملىق نامايان بولۇپ ، ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتىمنىڭ يېڭى ـ يېڭى نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشىمدا كۈچلۈك تۈرتكە بولىۋاتىسىلەر !

ئەمدى ئويلاپ باقسام ، ئايلار يىللار ئۆتۈپ ، ۋاخت 13 يىل بولاي دەپمۇ قاپتۇ . بۇ ئۇزۇن ۋاخت جەرياندا سىزلەرنى نەقەدەر سېغىندىم ، ــ ھە؟ يۇرت مۇھەببىتى ، مىللەت مۇھەببىتى شۇنداقلا ئائىلە مۇھەببىتى بىلەن كۆيۈپ پۇچىلانغان قەلبىمنىڭ پىغانلىق كۈيلىرىنى قايسى شائىر ، قايسى يازغۇچىنىڭ تەسۋىرى بايانلىرى تولۇق ئىپادىلەپ بىرەلەيدىكىن ، ئەخىر ... !!!

خەيرىيەت ، مەن ناھايىتى خاتىرجەم ۋە چىدام بىلەن ئىشىمنى داۋاملاشتۇرىۋاتىمەن . چۈنكى جەنابىي ئاللاھنىڭ مېنى سىزلەردىن جىسمانەن ۋاختىلىق ئايرىسىمۇ ، روھى ـ ئىمانىي ، ۋىجدانىي جەھەتتىن ئايرىمىغىنىغا ، بەلكى « گۈل ۋە بۇلبۇل » كەبى ئاشىقلىق تۇيغۇلىرى بىلەن ياشتىپ ، ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىمنى كۈچەيتىپ ، ۋەتەن ۋە مىللەت غىمىدە تاشلىغان ئىجادىي قەدىمىمدىن قەتئى يېنىپ كەتمەسلىكتەك جەسارەتنى ئاتا قىلماقتا !!!

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەۋۋەلى جەنابىي ئاللاھقا ۋە ئاندىن سىزلەرگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىم ۋە چۈشقۇر سېغىنىش كۈيلىرىمنى يەتكۈزۈش ئارمانىم بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئاشۇ كىتاۋىمنى يېزىش جەرياندا ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىمنى « **ئانا تىلىم ــ جان تىلىم** » نامىدا توپلام قىلىپ بولسىمۇ تەقدىم قىلغۇم كەلدى . چۈشقۇر سېغىنىش ۋە سەممىي سالامىمنىڭ بۇ

تۈنجى يالدامسى ئاددىيرەك بولسىمۇ قوبۇل قىلغايسىلەر . جەنابىي ئاللاھ يېقىن كەلگۈسىدە پۈتكۈل كىتاۋىمنىڭ تارقىتىلىش مۇراسىمى زاماندا قوچاقلىشىپ كۆرۈششىمىزنى نېسىپ قىلغاي ، ئامىن !

شۇنداق !

ھەق - تائالا ئاتا قىلغان ئەقلىم بىلەن ،
قەلەم ئالدىم جۆرلۈككە سىز خەلقىم بىلەن .
شۇ ھال ئۆتتى كۈن - تۈنلىرىم سەۋرىم بىلەن ،
بوران - چاپقۇندا پۈكۈلمەس قەددىم بىلەن .

چۈنكى ئاللاھ ھەر نەپەستە مەدەتكارىم ،
ئاللاھ سۆزى ئۇلۇق قۇرئان نۇر - ئەشئارىم .
مۇندىن تولغان ئۈمىتلەرگە قەلبىگاھىم ،
كۈچلانغۇنچە ئەل سۈيەرلىك پاك ئىمانىم .

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *



شۈكرىمۇ ئەي ئېزىز خەلقىم !
ئىززەتلەشتىن ،
ئورۇن بەردىڭ باش ئۈستۈڭدىن يۈكسەكتىن ،
قەدىرلەيمەن مەنمۇ شۇنداق چىن يۈرەكتىن ،
چۈشىنەرسەن كىتاۋىمنى بىر كۆرمەكتىن .

www.uyghurkitap.com

شۇنداق !
خەلقىم !
**ئەرك ئۈچۈن** قىلغاندا سۆز ،
ھاياجاندىن مارجان ـ مارجان ياشلانغان كۆز .
بەلكى سۆزۈم تۈگىمەستە سالدىڭ چۇقان ،
ئالقىش ئېيتىپ قانائەتۇ ـ مەمنۇنىيەتتىن :

ــ كۆتۈرەيلى يولۋاسنى !
كۆپ ياشا يولۋاس !
باشىمىزدا كۆتۈرمىسەك ئەسلا بولماس .
ئاپپىرىن ساڭا !
سۆزۈڭ ـ بەرھەق ،
كەسەر ئالماس ...!
دېدىڭ كەلدىڭ ۋە يۈكسەلتتىڭ باش ئۈستۈڭدىن .

نىمە دېگەن تەسىرلىك ھە ؟ ــ ئاشۇ چاغلار !!!
ئاچىلغانتى قەلبىمدە خۇش گۈللۈك باغلار .
ئېخى سىزىلگەنتى ئالقىش ئىچرە تاغلار ،
تۈيغۈلىنىپ ھەق ياراتقان بۇ ھىكمەتتىن .

شۇنداق ، ئۇلۇق ئاللاھ بىرلە قەلبىم يورۇپ ،
قەدرىڭ ئۈچۈن« سايرار » بولغانتىم دەم ئۇرۇپ .
قىلمىسام بولغايمۇ شۇنداق ، ۋىجدان تورۇپ ؟؟؟
گەر بولمىسا ئاجرىمامدىم ئىمانىمدىن ؟؟؟

ئېخى كۆز ئالدىمدا ھامان سالام خەتلەر ② ،
قىممىتىگە ئالتۇن تەڭسىز چېكىت ، پەشلەر ...
چەكسىزئۈمىت ، ئىشەنچ ۋە ئىلھام بەخشلەر ،
كۆزۈم ياشلىق تەسۋىر يەتمەس ھاياجاندىن !!!

سەن ئۇلۇقسەن ، ــ سۆز يېتىشمەس تەرىپىڭگە ،
(تەڭلىشەلمەس ھېچ بىر مىللەت شەرىپىڭگە ) .
تارىخ گۇۋا بۇ مۇبارەك قىسمىتىڭگە ،
سۆيىنىمەن سېنى شۇنداق كۆرمەكتىن .

ئەنە تارىخ ! ــ « **چۆككەن قىتئە مۇ** »③ قىسسەسى ،
ھەقىقەتكە شاھىت تارىخ سەھىپەسى .
كەڭ يېزىلغان ئۇندا ئۇيغۇر تەرىپەسى ،
نىشان بېرىپ ئالەمشۇمۇل مەرىپەتتىن .....

قسقىسى شۇ : بىز ئۇيغۇرلار ئەلگە ھۇزۇر ،
بىز ياراتقان مەدەنىيەتتە ھايات پۇزۇر .
يوق ھېچ كىمدە بىزنىڭكىدەك ئوتلۇق غۇرۇر ،
ۋە ئاشالماس بىزنىڭ گۈزەل پەزىلەتتىن .

بۇ ئاللاھىم بىغىشلىغان بۈيۈك شەرەپ ،
ئاڭا قايىل ئىنشا ئاللاھ ھەممە تەرەپ ،
پاكىت ئايان ، يوقتۇر ئاڭا قىلچە سەۋەپ ،
سورىغايكىم ئىشەنمەسلەر تارىختىن .

شۇ ھالىڭنى نەسىللەرگە ئاڭلىتاي دەپ ،
سۆيۈندۈرۈپ بىر - بىرىگە داڭلىتاي دەپ ،
بەلكى پۈتكۈل دۇنياغىمۇ جاكارلاي دەپ ،
يازماقتىمەن ئالتۇن كىتاپ ، تىل - ھىكمەتتىن

دىمەككى ، تىل ، — ئۇ ھىكمەتلەرنىڭ ئاچقۇچى ،
ئۇنىڭسىز كىم بولالىغان يول تاپقۇچى ؟؟؟
ئۇ ئەمەسمۇ تارىخنىڭ چىن شاھىدى ؟؟؟
— تۇنلادۇر بارچە مىللەت بۇ قىسمەتتىن !!!

مەن تۇنۇدۇم سىنى تەڭسىز ئۇلۇقۋار دەپ ،
يەنە باردۇر تۇنغانلار « ئۇلۇقلار » دەپ .
مۇندا ھەركىم سۆيۈنۈشتىن قۇتلۇقلار دەپ ،
تارىخ ئاچتىم ئالەمشۇمۇل شان - شۆھرەتتىن .

ۋەلېكىن سۆز بىلەن بىلەن پۈتمەس شانلىق ئىزىڭ ،
شۇنچە مەشھۇر ئىكەن سىنىڭ پاك تارىخىڭ ،
ئالەمچە پەخىرلىنەدۇر ئوغۇل - قىزىڭ ،
بولغىنىغا سەندەك بۈيۈك بىر مىللەتتىن .

بىسپ چۇشەر ھەممىنى پاك ئېتىقادىڭ ،
چۈنكى ئاخىر ھەق دىن ئىسلامنى تاللىدىڭ !!!
تاللىدىڭ كى غەيرىلەرنى تېز تاشلىدىڭ ،
قەلبىڭ يۇرۇپ قۇياش كەبى نۇر - كالامدىن .

ئۇشبۇ سەپەر قارشىلىقلار بولدى دەھشەت ،
ۋەلەك شۇملارغا قىلمىدىڭ قىلچە شەپقەت .
ئۇشول روھىڭ بولدى كۆپلەرگە تەربىيەت ،
ئەقەللىسى سۆيىنىمەن ھەر بالامدىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇندا مەھمۇت ، ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى ،
يۈسۈپ خاس ۋە قانچىلارنىڭ زەپەرلىرى .
سۆيۈندۈرگەچ ، ئاقار پېقىر كۆز ياشلىرى ،
كى ئاپپىرىن كۆكنى قۇچار ئىلھامىدىن ....

شۇنداق ، ئەنە ئۇلۇق ئالىم م . قەشقىرى ،
بولدى پۈتكۈل ئىلىم ئەھلىنىڭ نۇر مەشئىلى .
ئەنە كىتاب ، ـ « تۈركىي تىللار دىۋانى » ،
دىل سۆيۈنەر ئۇنى ئوقۇپ كۆرمەكتىن .

يەنە « قۇتاتقۇبىلىك » دەپ كىتاپمۇ بار ،
ئالەمشۇمۇل قىممىتى بار خىتاپمۇ بار .
ئۇ ئىنسانچە ياشىماققا يوللار ئاچار ،
نۇر ياغدۇرۇپ خەيرى ـ ئېھسان ، مەغپىرەتتىن .

دۇنيا مۇزىك سەھنىسىدە ئەڭ مەشھۇرى ،
پەقەت ئۇيغۇر 12 مۇقام مېلودىيىسى ،
كىلەر ئۇنى ئاڭلىغانچە ئاڭلىغۇسى ،
ۋە بىھۇشمۇ بولۇر كىشى جەزبىدىن .

گاھ يىغلىتار ، گاھ كۈلدۈرەر ، زوقلاندۇرار ،
گۈزەل ، شىرىن ھايات ئۈچۈن ئوتلاندۇرار .
مۇندا جەسارەت ، قەھرىمانلىق بىغىشلار ،
سۆيۈندۈرۈپ پارلاق ، بەختىيار كەلگۈسىدىن .

زەپ كارامەت قىلىچۋازلىق ھۈنىرىڭچۇ ؟
قىلىچ بىرلە ئات ئۈستىدە كۆزرىڭچۇ ؟
رەقىپلىرىڭ :« ئەيىۋھەنناس !» دەپ قالدىغۇ؟
چەبدەس بولۇپ ، سۇرلۇك بولۇپ چىپپىشىڭدىن .

ئوقياغىمۇ شۇنچە شۇنچە ئۇستا ، ماھىر ئىدىڭ ،
ئۇنىڭدىمۇ چەبدەسلىككە قادىر ئىدىڭ .
يەنە ھەيران ، ۋەيران ئىدى رەقىپلىرىڭ ،
تۈركۈم ـ تۈركۈم يىقىلاردى ئېتىشىڭدىن .

تېخى بار «يىپەك يولى» دەپ شانلىق ئىزىڭ ،
ئۇندا نامايادۇر ئەجەپ ئىلغارلىغىڭ.
دېمەككى ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئىنسانلىغىڭ ،

يالترادى ئالتۇن كەبى ھەر ئىشىڭدىن.

بۇنى بىلگەن گراسىر ④ ۋە مورگان ⑤ مۇ بار ،
ھەيران بولۇپ يەنە قانچە يازغانمۇ بار⑥ .
تۇسالمىغان ئۇزۇن سېپىل ـ قورغانمۇ بار ⑦ ،
خەۋەر بىرىپ جاسارەتلىك ھەرىكەتتىن !!!

مۇندا مەشھۇر نېمىس ئالىم خان گابائىن،
توي قىلماستىن يۇمدى كۆزنى بۇ دۇنيادىن .
ئۇ ئۆمرىنى بېغىشلىدى ئاشىق كەبى ،
سۆيۈنۈشتىن بىز ياراتقان مەدەنىيەتتىن .

ۋە يېزىپ ئۇ قانچىلىغان ئىسىل ئەسەر ،
ئېچىپ ئالتۇن سەھىپىلەر پەرمان ئەيلەر .
مۇجەسسەمدۇر ئۇلۇق ئىلمي ھەقىقەتلەر ......،
سۆيۈنۈشتىن بىز ياراتقان مەدەنىيەتتىن .

باردۇر يەنە قانچىلىغان مەشھۇر زاتلار ،
كەزگەن بىزنىڭ سىرلىق يۇرتنى سېلىپ ئاتلار ،
شۇنچە ئاشىق بولۇشقانكى بىزگە ياتلار ،
ھەيرانلىقتىن بىزلەردىكى تىلسىماتتىن ...

دەيدۇ ئۇلار : ــ « بۇ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ،
ياشىغىنى چىن ئىنسانچە روھقا تولۇپ .
پەقەتلا شۇ ئۇيغۇرلاردۇر ، بىلمەك زۆرۈر ،
قايىل ئاقىل ئۇلاردىكى ئىدرەكتىن .

ئۇيغۇرلارغا ھېچ تۇگىمەس قەرزىمىز بار ،
چۈنكى ئالغان زەپ قىممەتلىك دەرسىمىز بار .
دۇنيادا ئەڭ قەدىرلىك شۇ خەلقىمىز بار ،
ئاگاھ بولغاي ھەركىم ئاڭا بى ھۆرمەتتىن !!!»

شۇنداق ، خەلقىم سېنى بىلگەن مەدھىلىشەر ،
ئەجەپ گۈزەل سۆزلەر بىلەن تەرىپلىشەر .
بەلكى پۈتكۈل ھاياتنى سەرىپلىشەر ،
تەسىرلەنگەچ سېنىڭدىكى كارامەتتىن ...

شۇنداق ، خەلقىم ئادالەتچى سېنى سۆيەر ،
ۋە ئاشىقى مەجنۇن كەبى ساڭا كۆيەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنچە ئۇتلۇق تۈيغۇ بىرلە سېنى كۈيلەر ،
دەستە ـ دەستە گۈللەر تىزىپ «مەرھەمەت» تىن.

شوڭلاشقىمۇ ئاق كۆڭۈللەر تۈتتى ئۇستاز ،
ۋە بىرىشتى ئۇردا ئىچرە چوڭ ئىمتىياز .
بۇ خۇسۇستا سۆزلىگەنگە يەتمەس بىر ئاز ،
ئالىي ھۆرمەت تارتۇق ئىدى قىممىتىڭدىن .

قىسقا مىسال ، مۇڭغۇل خانى سېنى سۆيدى،
تۈرك خانى ئۇسمانلىقمۇ ساڭا كۆيدى.
دېمەك ئەلنى باياشات ھال يېتەكلەشتە ،
ئۇلگە ئالدى سەن ياراتقان مەرىپەتتىن .

شۇ قەدەر ھۆرمەت ، شەرەپكە قادىر ئىدىڭ ،
مەدىھ بىرلە مەڭگۈ تاشتا زاھىر ئىدىڭ .
ئەتىقىق قىلماق ، ئەلگە يايماق ۋىجدان ئىشى ،
ئەلاسى يوق بۇ قىممەتلىك غەنىمەتتىن .

لېكىن ھىچ يوق ئەمەس بىزدە ناچار خۇيلار ،
قېنى بۇزۇق ، ۋىجدانى يوق رەزىل گۇيلار .
ئۇلار خائىن ، ساتقىن بولۇپ ئىچتى خۇنلار ،
بۇلغۇنۇشتىن شۇملار بەرگەن مەنپىئەتتىن.

ۋە لېكىن ھىچ قۇتۇلالمىدى بۇ رەزىللەر ،
چۇشتى تورغا ، بولسىمۇ گەر قۇۋ تۈلكىلەر .
تارىختا كۆپ بۇ ئۇچۇن مىسال ، ئۇلگىلەر ،
قانخۇمارنىڭ ئورنى ۋەيلۇن تا ئەزەلدىن .

يەنە باركى قانچە نادان ، جاھىللار ،
ھېساپلايدۇ باشقىلارنى «بەك ئاقىللار » .
ئاچ كۆزۈڭنى !
ئېقىل ئىشلەت ! ئەي ئىنسانلار !!!
ھۇشيار بولغىن !
ــ « زەھىرى بار ھەسەل » دىن !

ياخشى چۇشەن ئەجدادىڭنى قېنى ئۇيغۇر !
يۈرىگىڭدە يالقۇنلىسۇن ۋىجدان ، غۇرۇر !
ھۇشيار بولكى ، شۇم رەزىلنىڭ باشىغا ئۇر !
تۇگەشمەيلى شىرىن سۆزلۈك سۇئىقەستتىن !!!

قانچىلاپ ئالىم ، زىيالى چىقتى بىزدىن ،
ئۆلگە ئالدى كۆپ مىللەت بىز باسقان ئىزدىن .
سەنمۇ ئۆگەن بۇ تارىخنى ، ئاچ كۆزۈڭنى ،
قۇل ۋە مەھكۇم بوپ قالسەن غەپلەتتىن !!!

ئەي ئاللاھىم مەغپىرەت ئەيلە ئەبەتكە ،
جانلار پىدا ياشىماققا يولۇڭ بىرلە .
سېنىڭسىز مەڭگۈ نىجاتلىق يوقتۇر بىزگە ،
بېغىشلىغىن جەننىتىڭنىڭ نۇر - پەزلىدىن ،

ئەي ئاللاھىم ئەل ئىشقىدا ئۆرتە مېنى ،
ئىمان بىرلە نۇرلاندۇرغىن ۋۇجۇدۇمنى .
بۇيۇك خىزمەت بىرلە قۇتلاي جان خەلقىمنى ،
بېغىشلىغىن پۈتمەس قۇۋۋەت - جەسارەتتىن.

شۇنداق ، خەلقىم ئوتۇڭدا كۆيۈپ ئۆلۈرمەن ،
گۈلگە ئاشىق بۇلبۇل كەبى سۆيۈپ ئۆلۈرمەن .
سېنى دېدىم ، سېنى دەيمەن تا ئەلۋىدا !
ئېغىر نۇمۇس شان - شەرەپ كۈتمەك بىلەكتىن !

شول روھ بىلەن ئۆتمەكتە كۈن ۋە تۈنلىرىم ،
بەلكى گۈزەل ئويلىرىمغا جۆر چۈشلىرىم .
لاچىن كەبى ئۆرلە كۆككە ، يۈكسەل خەلقىم !
قەلبىم ئاتەش ساڭا بۇ ئارزۇ - تىلەكتىن !

شۇ ئارماندا ئۆتتى ئون يىلدىن كۆپ زامان ،
تەنھالىقتا ياقا يۇرتتا ئېشىپ « داۋان » .
بۇشاشمىدىم ۋە قىلمىدىم قىلچە پۇشمان ،
ئىلھاملىنىپ سېنىڭ ئۈچۈن مۇھەببەتتىن .

يازماقتىمەن كىتاۋىمنى شۇنچە قىزىپ ،
ئۇلۇقلۇغۇڭ تەرىپىدىن گۈللەر سىزىپ .
بارماقتىمەن زەپ جۇلالىق مارجان تىزىپ ،
قاچقىنىمچە كەيپى - ساپا ۋە ئىشرەتتىن .

مېنى تاپالماس ھېچ كىشى بەزمىلەردىن ،
مېنى تاپالماس ھېچ كىشى تاۋاكادىن ،
مېنى تاپالماس ھېچ كىشى مابەنزىدىن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاپار پەقەت جەينمازدىن ، قەلەمداندىن .

جىددىي مىھنەت قان بىسمىغا دۇچار قىلدى ،
ۋەلىك ئاززۇڭ ئىزچىل قۇشتەك ئۇچار قىلدى .
تىرىش ـ تىرماش بىرلە زەپەر قۇچار قىلدى ،
سۆيۈندۈرمەككە سىنى پاك شەرەپ ـ شاندىن.

ھەق ـ تەئالا قىلدى ئاتا بۇ قىسمەتنى ،
قۇرئان بىرلە بايان ئەيلەپ نۇر ـ ھىكمەتنى .
دىيمەككى ئەلگە ـ ۋەتەنگە مۇھەببەتنى ،
چۇڭقۇر چۈشەندىم ئاللاھىم كالامىدىن .

شۇڭمۇ ئەلگە مۇھەببەت ــ پاك ئىماندىن ،
ئازمىغايمەن تائەبەدى بۇ نىشاندىن .
كىچە ـ كۈندۈز نۇرغا چۆمگەچ شاھادەتتىن ،
دۇئادىمەن ــ ئەركىڭ ئۈچۈن ۋىجدانىمدىن !

خەيرىيەت ، بولغىن ئامان ئەي ئىزىز خەلقىم !
سىنىڭ ئۈچۈن جان تەسەددۇق ، ــ شۇدۇر بەختىم ،
بۇدۇر ئاللاھ رىزاسىچۈن چىن قەسىمىم.
يىگى مەنا پارلىغۇسى سالامىمدىن !!!

كۆرىشەرمىز شاد ـ ھاياجان قايناملىدا ،
بۇلبۇلى گۈلشەن ناۋاسى باھارىمدا .
شۇ باھارىم كۈيى ياڭرار ساتارىمدا ،
دەستە ـ دەستە گۈل ئاچلۇر ئاۋازىمدىن .... !!!!

**ئىزاھاتلار :**

① بۇ كىتاۋىمىنىڭ مۇقاۋا كۆرىنىشى رەسىملەر بۆلۈمىدە كۆرستىلدى .

بۇ كىتاۋىمىنىڭ « كىرىش » قىسمىدىن پارچىلار :

« ... تىل ـ يىزىقىمۇ جەنابىي ئاللاھنىڭ بۈيۈك بىر نىئمىتى ، مىللىي كىملىگىمىزنىڭ رۇشەن ۋە مۇقىم بەلگىسى . قاراڭلار ، جەنابىي ئاللاھ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتىمىزنىڭ دەستۇرى ئۇلۇق قۇرئانىي كىرىمدە مۇنداق دەپ تەلىم بىرىدۇ : « الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا » ( ئاسمانلارنىڭ ۋە زىمىننىڭ پادىشاھلىقى

ئاللاھقا خاستۇر . ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر ، پادىشاھلىقتا شېرىگىمۇ يوقتۇر . ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى ، ئاندىن ( ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى ﴿٢﴾ » ( سۈرە فۇرقان ، 2 ـ ئايەت ) « الرَّحْمَنُ ﴿١﴾ عَلَّمَ الْقُرْآنَ ﴿٢﴾ خَلَقَ الْإِنسَانَ ﴿٣﴾ عَلَّمَهُ الْبَيَانَ ﴿٤﴾» ( مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى ( ئۇنى ھىپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى ) ، ئىنساننى ياراتتى ، ئۇنىڭغا ( مەخسىدىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ) سۆزلەشنى ئۆگەتتى .» ( سۈرە رەھمان ، 1 ـ 4 ئايەتلەر ) . « ﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَـٰكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَـٰكُمْ شُعُوبًا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓا۟ ۚ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ ٱللَّهِ أَتْقَىٰكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴿١٣﴾ ( ئى ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر ، بىر ئايالدىن ، ( ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا ، بىر ئانىدىن ياراتتۇق ، ئۆز ـ ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق ، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋا بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسلەر ( يەنى كىشلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس ، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ ) ، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر .» (49 ـ سۈرە ھۇجۇرات ، 13 ـ ئايەت ) ، « وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِينَ ﴿٢٢﴾ ( ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ، زېمىننى ياراتقانلىغى ، تىللىرىڭلارنىڭ ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ ـ خىل بولىشى ئاللاھنىڭ (كەمالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر ، ئۇنىڭدا بىلىملىك كىشلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار .»(30 ــ سۈرە رۇم ، 22 ـ ئايەت )

شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەلبەتتىكى ، بۇ كىتاپنى ( ۋە بۇنىڭدىن باشقا پۈتكۈل كىتاپلارنىمۇ ) تاھارەت بىلەن ئولتۇرۇپ جەنابىي ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش ئاساسىدا يېزىش ئىمانىي پەزىلەتنىڭ جۈملىسىدىن ۋە جەنابىي ئاللاھ ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچۇمدىن دەپ بىلىمەن .

شۇنىڭ بىلەن ئەمدى كۆرسىلەركى ، مەن بۇ كىتاپ ئارقىلىق جەنابىي ئاللاھ ئاتا قىلغان ئېقىل ۋە تىلدىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك نىئمىتىنىڭ ۋاستىچىلىغى بىلەن يەنە بىر بۈيۈك نىئمىتى ، ــ ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئەجايىپ يۈكسەك بولغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل تىلنىڭ جېمى ئالەم خەلقىگە تونۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن سۆزلىمەكچىمەن ، يىللاردىن بۇيان بۇ تىلغا قىلىنغان رەھىمسىزلەرچە ھاقارەت ، ئەسەبىي بوھتان ۋە مۆتىھەملەرچە يەكلەش ھەتتا چەكلەش خارەكتىرىنى ئالغان قەتئىي سەۋر قىلغىلى بولمايدىغان ناھايىتى ئېغىر ھەقسىزلىقلار ئۈستىدىن قەتئىي ئىسيان كۆتۈرۈپ ، ئىلىمسىزلىكنىڭ ، ئۇستازغا بولغان ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ۋە ھەتتا زورلۇق ـ زومبۇلۇقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كىتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ، ئەسلىدە بولسا ئەڭ يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئىززەت كۆرسۈتۈپ قەدىرلەپ ، ئالەمشۇمۇل شەرەپ ئورۇنىنى تەقدىم قىلىشقا ئەرزىيدىغان بۇ ئۇلۇقۋار تىلنى ھەقىقىي دۇنيا تىلى ، دەپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەنتەنە بىلەن جاكارلىماقچىمەن !

« ئانا تىلىنى قوللىنالمىغان ، قوغدىيالمىغان مىللەت ــ مىللىي خاسلىقىنىمۇ قوغدىيالمايدۇ ، ئاخىر بېرىپ شەرمەندە قۇلغا ئايلىنىپ كېتىدۇ ، ھەتتا ۋەيرانە ، سەرسانە بولۇپ مىللەت سۈپىتىدە تارىختىن يوقۇلۇپ كېتىدۇ !!!!! مانا بۇ تارىخ ، مانا بۇ ئىنتايىن جانلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى كەسكىن ھايات ـ ماماتلىق كۆرىشى ئەكس ئىتىپ تۇرىدىغان ، شۇڭا ئىمانلىق ـ ۋىجدانلىق كىشلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرەش تۇغىنى جاسارەت بىلەن چىڭ تۇتۇپ قەيسرانە كۆرەش قىلىشى كېرەك بولغان ، ئەگەر كىشى نىمجانلىق ، تەخسكەشلىك ۋە ماڭقۇرتلۇق ، خائىنلىق قىلسا ئىنسانىي ياشاشتىن مۇقەررەر مەھرۇم بولىدىغانلىقى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان رەھىمسىز ۋە شەپقەتسىز ئاچچىق ساۋاق تارىخىدۇر ......! »

« قىسقىسى ، بىزنىڭ مىللىتىمىز ، ـــ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە مۇشۇنداق تۆھپىكارلىقى بىلەن پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغان ۋە شۇڭا ئالاھىدە قەدىرلىنىشكە ، ھۆرمەتلىنىشكە سازاۋەر بولىدىغان ناھايىتىمۇ مۇبارەك ۋە ئۇلۇغۋار بىر مىللەتتۇركى ، پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىنسانلار شائىر ، يازغۇچى بولسا ۋە يەتتە يېشىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ 70 يېشىغىچە توختىماستىن يازسىمۇ يانىلا تولۇق ئىپادىلەپ بىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ۋە تازا چوڭقۇر چۈشىنىلىدىغان بولسا شۇ بىر مۇتلەق يېمىرىلمەس ئۇلۇق ئىلمىي ھەقىقەت پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا چاقناق نۇر كەبى ئايان بولىدىكى ، « ئۇيغۇر دېمەك ــ نۇر دېمەك ، ئۇيغۇر دېمەك ، گۈل دېمەك ، ئۇيغۇر دېمەك ــ بۇلبۇل دېمەك ، ئۇيغۇر دېمەك ــ ئەڭ يۈكسەك تەرەققىيات دېمەك ، ئۇيغۇر دېمەك ـــ ئەڭ گۈزەل ئىنسانىي مەدەنىيەت دېمەكتۇر ! مىللىتىمىزنىڭ جەنابىي ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئاتا قىلغان بۇ تەڭداشسىز گۈزەل قىسمەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىگە ئىمكان بېرىدىغان ۋاستىسى بولغان تىل ـ يېزىقى ناھايىتى ئەپسۇسكى تارىختىن بۇيان « ئېنىرگىيىسى بوشىتىلمىغان ئاتوم » ھالىتىدە تۇرماقتا ! ئەگەر مۇشۇ « ئېنىرگىيە » بوشىتىلىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيان ئاجايىپ خىسلەت ۋە خاسىيەتكە ئىگە ناھايىتى قىممەتلىك بىر تىلسىماتتىن خەۋەرسىز ۋە مەھرۇم قېلىشقانلىقلىرىدىن تۈمەن مىڭ مەرتىۋە ئەپسۇسلىنىپ ، بۇ تىلنىڭ ئەسلىدە جاھان مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرگۈچى « داھى » ، ئىنسانىيەت بىلىمىنى تاكامۇللاشتۇرغۇچى « ئۇستاز » ، مەرىپەت گۈللىرىنى مىسلىسىز كۆركەم گۈزەللەشتۈرگۈچى « باغۋەن » ، پۈتكۈل دۇنيا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ ئامىتى ۋە نۇر ـ نىجادى ئىكەنلىكىنى ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىشنى باشلىغان كۈن ، ـــ ئىنسانىيەتنىڭ مىسلىسىز تېز يۈكسىلىش قەدىمىنى تاشلىغان كۈنى بولىدىغانلىقىنى ، دېمەك ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئالەمگە نۇر ـ مەشئەل ، ئۇيغۇر خەلقى بولسا شۇ نۇرنى چاقناتقۇچى پارلاق قۇياش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىدۇ ۋە تۈمەن مىڭ مەرتىبە مۇبارەك سالاملىرى ۋە قىزغىن مەدھىيىلىرىنى ئېيتىشىدۇ ، ئىنشا ئاللاھ ! »

② سالام خەتلەر ـــ بۇ ، مەن 1995 ـ يىلى شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم ئۇنىۋېرستىدا ئېچىلغان 13 ـ قېتىملىق خەلقئارا فونېتىكشۇناسلار قورۇلتىيىغا مېڭىش ئالدىدا كەلگەن تەبرىك، ئۈمىت ۋە ئىلھام بىلەن تولغان خەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ خەتلەردىن بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

# خەلقىمىنىڭ مۇبارەك قوللىرى بىلەن يېزىلغان ئالتۇن خەتلەر

شىنجاڭ ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك 1—ئوتتۇرا مەكتەپ ئىش قەغىزى

新疆维吾尔自治区温宿县第一中学用笺

ھۆرمەتلىك قۇددۇس ھاپىزگە.

قانداق ئەھۋالىڭىز تىنچىڭىز سالامەت قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟
ئۆي ئىچى تىنچ ئامان تۇرۇۋېتىمۇ؟

تېلېۋىزوردىن سىزنىڭ دۇنياۋى يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەتلىك
قاتنىشىپ ئۇتۇق قازانغانلىقىڭىزنى بىلىپ ئاقسۇ كونىشەھەر خەلقى
بەك خۇشال بولدى. مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇشتا كۆرسەتكەن
ئىزدىنىشىڭىزگە ھەممىمىز چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمىز.

سىزنى خەلقىمىز بىر كۆرۈشكە بەكمۇ تەشنا شۇڭا ناھىيىمىزگە
بىر كېلىپ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزدىن 2-3 كۈن چىقىرىپ مېھمان
بولۇپ بەرگەن بولسىڭىز ھەم ئىلىم-پەن يولىدا ئىزدىنىشلىرىڭىز
توغرىسىدا ئىككى كەلىمە سۆزلەپ بەرسىڭىز. مىللىتىمىزنى دۇنياغا
تونۇتۇشتا بىر قۇددۇس ھاپىز ئەمەس، مىڭلىغان قۇددۇس
ھاپىزلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تۈمەن تولپار
تەك چاپسا ئاسمان زېمىننى قاپلىغان چاڭ چىقىرار ئىدى.

ئىشلىرىڭىزنىڭ ناھايىتى ئالدىراش، ۋاقتىڭىزنىڭ ئىنتايىن قىس
ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، تاشنى سىقىپ ياغ چىقارغاندەك ۋاقىت
ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرالار دېگەن ئىشەنچتە ئۇشبۇ خەتنى
يازدۇق. جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ.


شىنجاڭ ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك 1—ئوتتۇرا مەكتەپ ئىش قەغىزى

新疆维吾尔自治区温宿县第一中学用笺

ناھىيىمىزنىڭ پىشقەدەملىرىدىن تۇنىياز ھوشۇر.

ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى - ئابلىكىم ھەسەن.

ۋە مولا توختى نىياز.

ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تېلېفون نومۇرى. 4532656

ئابلىكىم ھەسەن ئۆيى 4533624

1995. 11. 3.

ۋېنسۇ ناھىيە يېزىلىك ماشىنسازلىق شىركىتى ئىش قەغىزى

# 温宿县农机公司便笺

ياخشىمۇسىز قۇددۇس ئاكا؟ بىز سىزنىڭ

13- سانلىق [illegible] قاتار [illegible] نامىلىرى يېزىلغان

قاتارلىق تەكلىپنامىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىمىزنى

ۋە بۇنىڭغا [illegible] مەسىلىلەر [illegible]

[illegible] قولىدىن [illegible] ئالدىراپ تۇرغانلىقىڭىزنى [illegible]

[illegible] كۆرۈپ [illegible] خۇشاللاندۇق ۋە ئاۋارە-

قىلغانلىقنى ناھايىتى ئەپسۇسلاندۇق!

قۇددۇس ئاكا بىز ئالغان [illegible] تەتقىقاتلىرى

[illegible] ئوبدان [illegible] لېكىن سىز بۇنىڭغا

[illegible] بىز [illegible] سىزنىڭ

[illegible] ئاخىرغا [illegible] لېكىن

سىز [illegible]

[illegible]

1

بۇ شاللاش رىقابىتى ئەۋج ئېلىۋاتقان دۇنيادا، قايسى
ئاجىز مىللەتلەر يۇتۇلۇۋاتقان پەيتتە ئۇيغۇر مىللىتى ئىلىم-
سىز، قوللاش يوقالغانلار، بىز قەيەردىن قازغۇرۇۋاتقانلار؟ بۇ
تارىخنىڭ سايىسىدا ياشىغان، تەكرارلىنىدىغان كۆزنەك سايەلىشىشقا
تەييار تۇرىدىغانلار يېتىلگەن ئاھالىسىدىكى كۆپلەر. بىز ئويۇنغا
قەتئىي مەشغۇل بولمىدۇق. بىز ئۈچۈن بىر قېتىم
كېلىدىغان پۇرسەتنى ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن قولدىن بېرىپ
قويدۇق. ئادەمنىڭ نېسىپ بولىدىغان ئىشىمىز بولسا
يېڭى سىستېمىنى ھەممە قالمايدىغان ھەم قاتنىشىدىغان
زۆرۈرىيەت ئىدى. بۇلارنى ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ئەزىۋېتىپ
ئالغانلار يېڭىچە مەشرەپ ھەققىدە ئويۇنلىرىنى بىلىپ
كۆرەلمىسە، نامىرات جەمئىيەتكە ھەققانى قاراشلىرىنى بىلەن
ئىككى يېڭى بولسىمۇ ئىستىقلالسىز! دۇنيا

2

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋېنسۇ ناھىيە يېزىگىلىك ماشىنىسازلىق شىركىتى ئىش قەغىزى

# 温宿县农机公司便笺

خالق ئۇيغۇر خلقىنى ئويغاتسۇن ! ئۇيغۇر ملتىنى

غورورلۇق قىز-يىگىتلىرى قان ياش تۆكۈپ ئورۇنغا

شۇنى سېغىنىپ تەلپۈنىدىكى، مەرھۇم بولۇپ

ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەن مۇقەددەس ئىنسانلارنىڭ ئورنىنى

يېتۈك مۇتەپەككۇرلارنى بېرىدىغان يۈزلەپ مەھەللىتى

مىڭلاپ چىقسۇن !!

قەدىرلىك ئاكا، بىز ھازىرچە ئانا تۇپراقنىڭ

ئەركىن يۈزىدە تۇرۇۋاتىمىز-يۇ، لېكىن بۇ ئانىنى

قايسى شەكىلدە، قايسى ۋاسىتىلەر بىلەن قايسى ئورۇنغا

تۇپراقنى قانداق بىلەن ئادەملىرى بولۇپ قالدۇق،

شۇڭا بىز ئەمدى تۇپراقنى بىر بىر تەرتىپلىك،

ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز بىلەن ئاقىللىق

يېقىشنى ئۈگىنىش بىز خەلقنى يازدۇق، سىزنىڭ

3

ۋېنسۇ ناھىيە يېزىگىلىك ماشىنىسازلىق شىركىتى ئىش قەغىزى

温宿县农机公司便笺

ۋاقتىڭىزنىڭ قىسلىقىنى بىلگەچ ئاپاك، شۇنداقتا بولسىمۇ

بۇ سىنتاكى قايسى تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىپ بەرسىڭىز ئازراق مۇۋاپىق

~~بولسا~~ بولىدىغانلىقىنى ئويلىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىزنى

بايان قىلىپ ئۆتسىڭىز قايسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن شۇنداقتا

ۋاقىتتا بىزگە كۆپ ياردەملىشىپ مەدەنىيەت بولۇپ قالسا

ئەجەبا ئىشەنسىز دېگەن ئۈمىدتە تۇرۇقمەن!

ئۇنىڭدىن ئاۋۋال سىز بۇ خەتنى كۆرۈپ ئۆزلىرىڭىز

قانداق يېزىشنى مۇۋاپىق تاپسا شۇنداق يېزىش

بولىدىغۇ دېمەك شۇنداق بولسا ئىش بولىۋېرىدۇ بىلىدىغانلىقىڭىزغا

ئىشەنچ قىلىمىز. مەيلى قانداق بولمىسۇن ئاتىمىزنى

كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمىز بۇ خەتنى يازدۇق. سىزگە

بۇ خەتنى يازغۇچىدىن سالام ئېيتىۋەتكىن چوقۇمىنى

چوقۇم قىلىپ بولغىچە سىزنىڭ بۇ ئىشنى بىلىپ بولۇشتىن

4

ۋېنسۇ ناھىيە يېزىلىك ماشىنىسازلىق شىركىتى ئىش قەغىزى

温宿县农机公司便笺

قەلىمىڭ ئۇيىسىدىن ئىلغان ھالدا مەھرۇم قالغانلىقىڭىزنى

ئوقۇپ كۆزلىرىمگە ياشلىرىم تولۇپ قالدىم

تېخى، بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. سىزنىڭ ھازىر بىلىدىغىنىمىز

يۈرىكىڭىز سىزگە بىر ئىستىلىك ئۈمىد بەرىدىغان

بولمىغان بىر تەقدىرگە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلسىڭىز

قەلەمدەشلىك دوستلىرىڭىز ئىچىدە قويغانلىقىڭىزنى، خالىسىڭىز،

قەلىمىڭىز ئەمەستىلىك بىزگە بولۇپ ئىشلەشكە

مۇقەددەس ... قوزغىلىپ ... ھەممىمىز بىلەن

قالدى؛

ئىشلىتىشكە قالغانلىقىمىز بىر بولۇپ ياشىغان

دەپ بىلىمەن.

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ ... !!

ھۆرمەت بىلەن ... ، ...

ئەركىن ئۈزۈرى، جىمىلىك خىيالى ...

ش ئۇ ئا ر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىش قەغىزى

新疆维吾尔自治区 阿克苏地区广播电視局用笺

سالام قەدىردوستقا

- قەدىردوستۇم ئاكا ياخشىمۇسىز؟ مەن
سىلەردىن ئايرىلىپ قەشقەردىن يولغا چىقىپ بىر ئاز
يىپىچە يول يۈرۈپ ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ئاقسۇغا كەلدىم ھەم
ئىشلىرىمنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىم،
تۆنۈگۈن يەنە ٤-ماي سەيپىدىن بىلەن
تەسادىپىي كۆرۈشۈپ قېلىپ بىر نەچچە ئىلمىي خوجام
ئالدىم. ئىقتىساد مەسىلىسى ھازىرلا سىلەرنى
چوقۇم ھەل بولىدىغان بولىدۇ. ئەمما
ئىلىمنى قولغا كەلتۈرەلمىسەك. بىز ئىشلارنى
ئېنىقلاپ ھازىرچە يېزىشقا [illegible] بولىدۇ. ب
[illegible]
پۇل ماقالىنىڭ ئورنىنى بولمايدىغانلىقىنى.
ئاقسۇدىكى مۇخبىرلار بىزنىڭ ئاكىمىزغا
سالامىنى تولۇق يەتكۈزۈڭ.

ش ئۇ ئا ر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىش قەغىزى

新疆维吾尔自治区阿克苏地区广播电视局用笺

سىزگە سالام يۇقىرىدا تەييارلىق بىلەن ئاقسۇنى
كۆرسىتىپ يۈرۈپ يوللىماقچى ئىدىم. ھەممە سالام
بىلەن ھەققىدە بېرىشكە [illegible] تەييار،
ھەممىسىنى ئىشىنىپ داستىنىدا بولغۇسىدە تۇرغۇ.
ۋاقتىڭىز چىقمىسا يېزىپ ماتېرىيال يېزىمدە
تۇرغان نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ قالدۇرغان. ھازىرچە
قەدىر بۇ ئىشقا دەيدىغان ئازراق كېلىشىم بولدى.
بۇ ئىشنى كېيىنرەك ھەممىسىنى ئاڭلاتقۇ.

قالغان سۆزلىرىمنى كېيىنكى خەتتە دېمەكچى.
ئىدارىدىكى كادىرلارغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ. قاتناشقۇچى
كادىرلار ئىشلىگەندە يېڭى يېزىقنى
ياخشى ئۆگىنىۋالدىم،

دوست
سىزنى ھۆرمەتلىگۈچى
مۇھەممەد ئايىنىش

ھۆرمەتلىك قۇددۇس ھاۋز ئەپەندىگە:

ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

„ئاسىيا گېزىتى“ 4-ئاينىڭ 14-كۈنىدىكى 120-سانىدا مۇخبىر ئۆمەرجان ھەسەننىڭ „كىرونىس مۆجىزە ئاڭلاۋاتقان ئىلمىي ھەقىقەت“ ناملىق ماقالىسىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكەندىكى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولدۇق.

جابالىق تەتقىقاتلىرىنىڭ خەلقئارا ئىلىم ساھاسىدە بۆلەك باھاغا ئېرىشكەنلىكى بىزنى تولىمۇ خۇشال قىلدى. ئۆتكەندىكى ئەھۋالغا كەلسەك، ئۆزلىرى ستوكھولمغا چوقۇم بېرىشلىرى كېرەك. ھەم چوقۇم ئۆزلىرى بارسىلا، جابالىق شارائىتلاردىمۇ تىرىشىپ، ئىلمىي مۇجادىلە بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق خەلقئارا تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقلىرى تولىمۇ قەدىرلەشكە، ئەخرلىنىشكە تېگىشلىك تۆھپە. سىلىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز. سىلىنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىزدىنىپ ئۆتەرىن. خەلقىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشلىرىگە تىلەكداشمىز.

بىز قىيىنچىلىقلىرىنى ئورتاق يېڭىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە بۇ خەتنى يازدۇق. بانك ئارقىلىق يەنە ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز. مالال كۆرمىسىلە ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتى توغرۇلۇق بىر پارچە قىسقىچە خەت



装订线

教案本 دەرس تەييارلىق خاتىرىسى

يېزىشلارنى ئۆدۆت قىلىمىز

ھۆرمەت بىلەن تەنلىرىڭىزگە سالامەتلىك

تىلەيمەن

خوتەن مائارىپ شۆبىۋەنى تىل-ئەدەبىيات كافېدراسىدىن

ئېزىز مەمەت

95.4.30.

共青团泽普石油化工厂委员会用纸

ھۆرمەتلىك تىلەك قۇددۇسى ھالىڭىز قانداق ياخشىمۇسىز؟ بىز ئالىي ناھىيىلىك

زادى شۇ تىلشۇناسلىق ئىدارىسىدە ئىشلەپ تۇرغۇچى سەيپىدىن ئەمەت 1995-يىلى

5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى تۇرمۇش ئېلىم گېزىتىدە ئېلان قىلغان سىزنى توغرىسىدىكى

تەپسىلىي خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن سىزنىڭ شۇنچە كۆپ جاپا مۇشەققەت ۋە ئىقتىسادىي

قىيىنچىلىق تارتىپ قىلىنغان تەرجىمە قامۇس ئالىي ناھىيىمىزدە ماتېرىيال ئىشلىرىغا

تېزراق [illegible] ھەممە [illegible] [illegible] بولدى، زەررە
تۇغقان قايتىپ كېلىشىڭىزنى ئاللاھتىن تىلەيمەن. تەقەززا بولۇپ تۇرغانلىرىنىڭ
بىرى. [illegible] ئۇلۇغ [illegible] ئەجدادلار يالغۇز مەن ئەمەس،
ئانا تۇپراقتىكى يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرى تەلمۈرۈپ تەقەززا بولۇۋا-
تقان [illegible] خەلقىڭىزنى [illegible]، بۈگۈن بىز [illegible] بولغان
[illegible] ۋە [illegible] ئىلھاملاندى، قۇددۇس تاغا، ئۇيغۇر-
لارنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن قان-تەر سىڭدۈرۈپ، نەتىجە قازان-
غانلىقلىرىنى [illegible] ئوغۇل-قىزلىرى [illegible] ئۇيغۇر خەلقىنى
ۋاپالىق [illegible] [illegible] بولسىمۇ [illegible] قىزغىن تەبرىكلەيمەن!
[illegible] [illegible] [illegible]، قۇددۇس تاغا، [illegible] [illegible] كەللەر
[illegible] [illegible] بولغان [illegible] [illegible] [illegible] نەتىجىلەر-
نى قازانغايلا! ئاللاھ [illegible] [illegible] ئاتا قىلغاي!

[illegible] خېتىڭىز [illegible] [illegible] [illegible] [illegible] قىلىمەن. [illegible]!
ئاللاھ سىلىنى [illegible] [illegible]، [illegible] سالامەتلىك، [illegible]-
[illegible] ئاتا قىلغاي! [illegible] [illegible] [illegible] ئاتا قىلغاي!

خەير-خوش!

ئادرىسى، سالام يوللىغۇچى:

قەشقەردىكى ئانالىسىمى كوچا 3-مەھەللىدە تۇرۇش-

لۇق: سېيتجان قاسىم.

1985-يىل 3-سېنتەبىر.



## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بۇ خەتلەردىن ئايانكى ، خەلقىمىز ئىلىم ـ مەرىپەتكە ، جۈملىدىن ئانا تىلىغا چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببەتلىك خەلق. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مېنىڭ ئىزدىنىشىم ۋە تىرىشچانلىقىمغا سەممىي ھېسداشلىقى بىلەن يار يۆلەك ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ئىپادىلەشتى . مەن خەلقىمنىڭ بۇ ئاقكۆڭۈللەرچە ھۆرمەت ـ ئىززىتىگە ئەمەلىي نەتىجەم بىلەن جۆرلىگىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن غايىۋىي ئارمانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئانا ۋەتىنىمدە دۇچ كەلگەن بېسىملار بىلەن توختاپ قالماي ، ئىسسىق ئۆي ـ ماكانىم ، قۇشقاچتەك باللىرىم ، ئەزىز ۋەتىنىم ۋە سىز ھۆرمەتلىك خەلقىم بىلەن ۋاختىلىق خوشلىشىپ ، مانا 20 يىلدىن بۇيان بۇ ياقا يۇرتتا غېرىبانە ياشاش بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتىمەن . ئىنشا ئاللاھ كۈتكەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم نەتىجە بېرىپ ، سىزلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولار ، ئامىن !

مانا شۇ پارلاق كەلگۈسىنىڭ نىشانى ۋە ئەسلىمىسى بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن بۇ خەتلەرنى ھەر قايسىڭلارغا كۆرسەتكۈم كەلدى ، جەنابى ئاللاھقا كۆپ رەھمەت ، سىزلەرگە كۆپ رەھمەت ، ئەزىزلىرىم !!!

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى www.uyghurkitap.com

③ بۇ ئۇچۇن ⑦ ئىزاھاتتىكى « جەيمز چېچۋود » ھەققىدىكى ئىزاھاتقا قاراڭ .

④ گراسېر ــ فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس تارىخچى بولۇپ ، ئۇ **1930** ـ يىللىرى يازغان « يايلاق ئىمپېرىيىلىرى » ناملىق كىتاۋىدا قېدىمقى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختۇلۇپ ، « ئۇيغۇرلار تۈرك ، مۇڭغۇل خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يانىلا تەربىيىلىگۈچىلەردىن ئىدى » دەپ يازغان ئىدى.

⑤ مورگان ــ مەشھۇر تارىخشۇناس بولۇپ ، ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ : « دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەريا ۋادىسىغا كۆمۈگلۈكتۇر . قاچان شۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرىمۇ شۇ چاغدا ئېچىلىدۇ .» . بۇنىڭغا نىسپەتەن رۇس ئالىمى كوزنىتسوف : « ئوتتۇرا ئاسىيانى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئوچىغى دەيدىكەنمىز ، شۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى ئونۇتماسلىقىمىز كېرەك .» دەپ ئالاھىدە ئىزاھلايدۇ .

⑦ يەنە قانچە يازغانمۇ بار... ــــ بۇ ، مەشھۇر ئىنگلىز تارىخشۇناسى جەيمز چېچۋود ، دېنىس سنور ۋە تۈرك ئالىم ـ مۇتەخەسسىلىرىدىن ئوكتاي سىنان ئوغلى ، ئاخمەت جافەر ئوغلى ۋە باشقا قانچىلىغان ئالىم ، پروفېسسور قاتارلىقلارنى كۆرستىدۇ .

بۇلاردىن :

**جەيمز چېچۋود** ــ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى پۈتكۈل خاتا چۈشەنچىلەرنى قاتتىق رەت قىلىپ ، **50** يىللىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ سەمەرىلىك مېۋىسى بولغان « **ئۇلۇق ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى** » ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : « ئۇيغۇرلار مۇندىن **20000** يىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن . ئۇلار ئاسترونومىيە ، كانچىلىق توقۇمىچىلىق ، ئارخىېئولوگىيە ، ماتېماتىكا ، يېزا ئىگىلىگى ، يېزىق ، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا پەنلەرنى بىلەتتى . ئۇلار يىپەك ، مېتال ۋە ياغاچتىن ھەشەمەتلىك بۇيۇملارنى ئىشلەشكە ماھىر ئىدى . ئالتۇن ، كۈمۈش ، برونزا ۋە لايدىن ھەيكەللەرنى ياسايتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى مىسىر مەدەنىيىتى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن . قېدىمىي گرېك ، خالدېي ، ۋاۋىلونلار ، پارسلار ، مىسىرلىقلار ۋە ھىندىلارنىڭ مەدەنىيىتى قېدىمىي « مۇ » دەۋرىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا پەيدا بولغان .» ( ئۇيغۇرچە نەشرى ، **14** ـ بەت )

تۆۋەندىكى رەسىم « چۆككەن قىتئە مۇ » ناملىق كىتاپنىڭ مۇقاۋىسى




**دېنىس سىنور** ئەپەندى ــ **1960** ـ يىللىرى يازغان « ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا » ناملىق كىتاۋىدا ئۇيغۇرلارنى « تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە ھېچ قايسىسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن » دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. دەرۋەقە تارىختا چىڭگىزخاندەك قۇدرەتلىك جاھانگىرشتلەرمۇ بىلىم ۋە ئېقىل ـ پاراسەتتە ئۇيغۇر كاتىپ ـ باخشىلىرىنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىغى موڭغۇللارنىڭ

www.uyghurkitap.com

دۆلەت يېزىغى بولۇپ قالغان ئىدى.مۇڭغۇللار قوللىنىۋاتقان ھازىرقى يېزىق دەل ئۇيغۇرلار ئەينى زاماندا قوللانغان يېزىقتۇر .




**ئوكتاي سىنان ئوغلى** مۇنداق دەيدۇ :

« ئوقۇغان ۋە كۆرگەنلىرىمگە ئاساسەن ، بىر دۆلەتنىڭ ، بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى تارىختا تۇنجى قېتىم نامايان قىلغانلار

ئۇيغۇرلاردۇر .. .... ئوسمانلىق مىڭ يىل بۇرۇن ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ كېلىپ دۆلەت قۇرغان بولدى . ئات مىنىپ قىلىچ ئوينىتىپ كەلگەن بىر مىليون كۆچمەننىڭ ساغلام مۇئەسسەلىرى بىلەن 600 يىل دۆلەت قۇرالىغنى نەدە بار؟ ئۇ شەكىلدە ، مەسلەن ئاۋارلاركىلىپ ياۋرۇپانى تۇمانغا ئايلاندۇرىۋەتتى . ئەمما 50 يىلدىن كېيىن ئاتلىرى ۋە باشقا ھېچ نەملىرى قالماي تۈگەشتى . .... » ، « بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ ياخشى تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان ئەمەس ، ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان مىڭلىغان مۇتەخەسسـلەرنى يېتىشتۈرۈپ ئون مىڭلىغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدۇرۇش لازىم. » ( تەتقىقاتچى يازغۇچى تۇرغاي تۈپەكچى ئوغلى: « پروفېسسور دوكـــتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى ۋە تۈركچە » ، 289 ـ 290 ـ بەتلەر ) . « ئۇيغۇر تۈركلىرى دۇنيانىڭ ھازىرقى ۋە ئۆتمۈشىدىكى ئەڭ بۈيۈك ، ئەڭ ئىنسانىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدى . ئىنساننىڭ باياشاتلىغى ، ھۇزۇرى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت ھاكىمىيىتى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۇرت سورىغانلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر . باشقا تۈرك دۆلەتلىرى ۋە ئاخىرىدا ئوسمانلىقلارمۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە داۋاملاشتۇرغان . » ( شۇ كىتاپ ، 252 ـ بەت ) ، « تۈرك دۇنياسى ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇيغۇرلارغا كۆپ جەھەتتىن قەرزدار . ئۇيغۇرلار ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . دۇنيا بويىچە ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولىشىنى ئالدىنقى رەتتە قويغان دۆلەت باشقۇرۇش ئېڭىنى ۋە تۈزۈلمىسىنى ، نۇرغۇنلىغان سەنئەت ۋە تېخنىكىنى ، ئەڭ ئىلغار تېرىقچىلىق ۋە سۇغۇرۇش ۋە بوستانلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۇلار ئىجات قىلغان . ئوسمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېيىنكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋاپپىقىيەتلىرى مانا شۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن ... 20 يىل بۇرۇن ياپۇنىيىدىكى جىددىي ئىزدىنىشلىرىم جەريانىدا ياپۇنلارنىڭ دىققىتى قوزغالدى . ھازىر ئۇلار تەتقىقاتنى باشلىۋەتتى . بىز ياپۇنلار بىلەن بىرلىشىپ **« ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش مەركىزى »** نى قۇرىشىمىز لازىم . ئوسمانلىق ئارخىپ بەلگىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر بىلىم قوشۇنى يېنىدا يەنە ئۇيغۇر تىلى ، يېزىغى ۋە تارىخى بويىچە كۆپلىگەن مۇتەخەسسلەرنى تېزلىكتە يېتىشتۈرىشىمىز لازىم .» ( شۇ كىتاپ ، 283 ـ بەت )

**ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ئاخمەت جافەر ئوغلى** بولسا « تۈرك تىلى تارىخى » ، « قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى » ناملىق كىتاپلىرىدا ئۇيغۇرلا ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى توغرۇلۇق كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن . بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق ، « تۈرك تىلى تارىخى » ناملىق كىتاۋىدا مونۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ : « 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىلگىرى ئۆز قەبىلىلىرى بىلەن ، خېلى كېيىن بولسا قوشۇلغان باشقا تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن سىياسى بىرلىكنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تارقىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىغان .» ( **150** ـ بەت ) ، « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ باي مەزمۇندىكى تۈرك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن .» ( شۇ كىتاپ ، **169** ـ بەت ) .

يەنە ، شۋېتسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس گۇننار يارىڭ « ئۇيغۇر تىلى » ناملىق **4** توملۇق كىتاۋىنى يازغان بولسا ، گېرمانىيىلىك پروفېسسور گابائىن خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ، دىنىي ئېتىقادى ، تىل ـ يېزىقى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىغانىكى ، ئۆمۈرۋايەت تۇرمۇشلۇق بولماي ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئاجايىپ قىممەتلىك ئىلمىي نەتىجىلەرنى ياراتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە يېزىپ قالدۇرغان **10** نەچچە پارچە ئىلمىي ئەسىرى ، **200** پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ۋە تەقرىزلىرى بار .

⑥ **ئۇزۇن سېپىل ـ قورغان** ، ـــ بۇ سەددىچىن سېپىلىنى كۆرسىتىدۇ .

قاراڭ ، شۇ سېپىلدىن بىزنىڭ باتۇر ئەجداتلىرىمىز قانداق جاسارەت بىلەن ھالقىپ ئۆتكەن ھە؟؟؟



ئەمدى تۆۋەندىكىلەرنىمۇ كۆرۈپ قويۇڭ :

« قەشقەرنىڭ تارىخى موسكۋانىڭ تارىخىدىن مىڭ يىللار ئۇزۇن . بىز رۇسلار ياكى سلاۋيانلار موسكۋا شەھىرىنى بەرپا قىلىپ ئورمان ھاياتىمىزنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ ، سلاۋيان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ۋاختىمىزدا ، سىلەر ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان شەھەرلىشىپ بولغان شانلىق يۇقىرى مەدەنىيەت ھاياتىدا ئىدىڭلار .... ( رۇس تۈركلوگ ئالىمى د . ۋاسلىيېفنىڭ نەبىجان تۇرسۇن بىلەن بولغان سۆھبىتىدىن ( نەبىجان تۇرسۇننىڭ « موسكۋا خىياللىرى » ناملىق ئەسىرگە قاراڭ) ، « ئۇيغۇرلار قەدىمقى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شەھەر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى » ( مەشھۇر رۇس ئالىمى مالوف) ( يەنە شۇ « سۆھبەت » كە قاراڭ ). ئامېرىكىلىق مەشھۇر رۇس شەرقشۇناس گ . ۋېرنادسكى : « ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى رولى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

سياسي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەردە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان ئىدى . ئۇلار جۇڭگودىن تاكى كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلاردىكى سودا يولىنى كونترول قىلىپ ، جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ھىندى ـ ياۋرۇپا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك مۇناسىۋەتلەردە ۋاستىچىلىق رول ئوينىدى . » دەپ ھۆكۈم قىلىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى . ئالىم ۋاسلىيېف « سۆھبەت » داۋامىدا مانا شۇلارنىمۇ قوشۇمچە قىلىش بىلەن ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، « ئەگەر ھازىر دۇنيادىكى 40 نەچچە دۆلەتتە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋە ئالدىنقى ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلغان شەرقشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى خۇلاسىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ ئولتۇرساق گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ . قىسقىسى سىلەر ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇلۇغ خەلق . بۇ ، تارىخىي ۋە ئىلمىي يەكۈن .... » ( « سۆھبەت » كە قاراڭ )

# 1 ـ بۆلۈم ، مېنىڭ يازمىلىرىم

## 1 . 1 ـ نەسرىيلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنى پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتۇشنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭرىتايلى

سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل باھارىنى كۈتۈۋالايلى

# كەسپداشلار ۋە قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ !
ئېزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم ئوبدان تۇرىۋاتامسىلەر ؟
جەنابىي ئاللاھ ھەر ـ بىرىمىزنى ئۆز پانايىدا ساقلىغاي ، ئامىن !

ئېزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !

ئايانكى ، مەن **1995** ـ يىلى **8** ـ ئايدا شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم ئۇنىۋېرستىدا ئۆتكۈزۈلگەن **13** ـ قېتىملىق خەلقئارالىق فونېتىكاشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا يىغىن كومىسسىيىسىنىڭ تەكلىپنامىسى بىلەن بېرىپ قاتناشقان ئىدىم . بۇ يىغىنغا **50** نەچچە دۆلەت ۋە رايۇندىن بولۇپ **800** دىن ئارتۇق ئالىم ، پروفېسسور كەلگەن بولۇپ ، ئۇلاردىن بىرسىمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماقالە ئېلان قىلمىدى . مېنىڭ ماقالەمنى كۆرۈش جەريانىدا بولسا ياخشى باھالارنى بەرگەن ئىدى . بۇ ھال ، بىر ياقتىن مېنىڭ ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدىكى ئىزدىنىشىمنى يانمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشۇمغا ، يەنە بىر ياقتىن ب د (م) ت تەشكىلاتىنىڭ ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى ۋە ئامېرىكا « دۇنيا ئازسانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق تەتقىقاتى يۇرتى » بىلەن دەرھال ئالاقە ئورنىتىپ ، ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئۆزىمىزنىڭ بىر ۋاختتا پۈتكۈل يەر شارى خارەكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىشىمغا چوڭ تۈرتكە بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورۇنلارغا « تەشەببۇسنامە » تەييارلىغان ئىدىم .

مىڭ ئەپسۇس ، مەن ۋەتەندە بۇ قىممەتلىك ئارزۇ ـ ئارمانىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۇرستىدىنلا ئەمەس ، خاتىرجەم كەسپىي تەتقىقات پۇرستىدىنمۇ مەھرۇم بولغانلىقىم ئۈچۈن **1997** ـ يىلى تۈركىيەگە كېلىپ ئىشلەشنى باشلىدىم ۋە ئەمدى ، ئەينى ۋاختتا ئېلان قىلالمىغان ماقالە ـ ئەسەرلىرىم ۋە كىتاپلىرىمنى جىددىي نەشرگە تەييارلىۋاتىمەن . خۇسۇسەن ، بۇلاردىن سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىلمىي قىممىتى ۋە تارىخىي رولىنى پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىگىگە تونۇتۇشنى مەخسەت قىلىپ يېزىۋاتقان كىتاۋىمنى ئالدى بىلەن جىددىي تۈگىتىۋاتىمەن ، ئىنشا ئاللاھ يېقىن كەلگۈسىدە روياپقا چىققۇسى ! شۇنىڭغىچىلىك ، خەلقئارالىق ئىلمىي ئورگانلار بىلەنمۇ جىددىي ئالاقە باغلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىۋاتىمەن .

ئىشىنىمەنكى ، ئىنشا ئاللاھ ئۇلارمۇ « تەشەببۇسنامە » گە قىزغىنلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە قوللاپ قۇۋەتلەپ ، مۇۋاپىق شارايىت ، ئورۇن ۋە ۋاخت جەھەتتىن ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ .

چۈنكى مەن تەييارلىغان « تەشەببۇسنامە » بىر ياقتىن 1992 ـ يىلى كانادانىڭ كۋەيبېك شەھرىدىكى لاۋال ئۇنىۋېرسىتىدا ئۆتكۈزۈلگەن 15 ـ قېتىملىق خەلقارالىق تىل تەتقىقات قورۇلتىيىنىڭ مۇراجىئەتنامىسىگە تامامەن ئۇيغۇن . يەنە بىر ياقتىن ، « تەشەببۇسنامە » دە دېيىلگىنىدەك ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئالەمشۇمۇل ئىلمىي قىممىتى ۋە تارىخىي رولى تونۇپ يېتىلمەي ، بەلكى چەتكە قېقىلىش بىلەن ئىلىم ـ دۇنياسىدىن سىقىپ چىقىرىلىشتەك ھەقسىزلىققا ئۇچراپ « تاشقا ئۇرۇلۇپ پارا ـ پارا بولۇپ كەتكەن گۆھەر » دەك ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بىر گۆھەر ، ئاجايىپ قىممەتلىك بىر مۆجىزە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەنتەنە بىلەن تەقدىم قىلىنغان بولىدۇ !
شۇنداق !
بۇ يىغىن ئارقىلىق شۇ بىر يېمىرىلمەس ئۇلۇق ئىلمىي ھەقىقەت چاقناق نۇر كەبى ئايان بولىدىكى ، ئۇيغۇر تىلى ـ يېزىغى — تارىختىن بۇيان « ئېنېرگىيىسى بوشىتىلمىغان ئاتوم » ھالىتىدە تۇرماقتا ! ئەگەر مۇشۇ ئېنېرگىيە بوشىتىلىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيان ئاجايىپ خىسلەت ۋە خاسىيەتكە ئىگە ناھايىتى قىممەتلىك بىر تىلسىماتتىن خەۋەرسىز ۋە مەھرۇم قېلىشقانلىقلىرىدىن تۈمەن مىڭ مەرتىۋە ئەپسۇسلىنىپ ، بۇ تىلنىڭ ئەسلىدە جاھان مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرگۈچى « داھى » ، ئىنسانىيەت بىلىمنى تاكامۇللاشتۇرغۇچى « ئۇستاز » ، مەرىپەت گۈللىرىنى مىسلىسىز كۆركەم گۈزەللەشتۈرگۈچى « باغۋەن » ، پۈتكۈل دۇنيا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ ئامەتى ۋە نۇر ـ نىجادى ئىكەنلىكىنى ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنى قوللىنىشنى باشلىغان كۈن — ئىنسانىيەتنىڭ مىسلىسىز تېز گۈللىنىش قەدىمىنى تاشلىغان كۈن بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىپ تۈمەن مىڭ مەرتىۋە مۇبارەك سالامى ۋە مەدھىيىلىرىنى ئېيتىشىدۇ ، ئىنشا ئاللاھ !
ئېچىلغۇسى بۇ ئۇلۇغۋار تارىخىي ئەھمىيەتلىك يىغىننىڭ مانا شۇنداق مۆۋاپىقىيەتلەر بىلەن قۇتلۇقلىنىشى ۋە شۇ ئاساستا سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن مۆھتەرەم كەسپداشلار ۋە بارلىق قەلەمكەش قېرىنداشلىرىمىنىڭ جىددىي ھەرىكەتكە كېلىشىنى ، بۇ ئۈچۈن بەس ـ بەستە ماقالە تەييارلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى جىددىي مۇراجىئەت قىلىمەن !
ئەلبەتتە ئۇيغۇرلارمۇ جەنابى ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن مىللەت سۈپىتىدە ياشاش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىكەن ، ئەمدى بۇ دۇنياغا يۈك بولۇپ ئەمەس ، بەلكى مىللىي خاسلىققا مۇناسىپ ھالدا تارىخىي ئەنئەنىۋى تىرىشچان ، ئىجاتكار ، جاسارەتلىك روھى ـ پەزىلىتى بىلەن تۇگەللەنگەن ئالىجاناپ ئىنسانپەرۋەرلىگى بىلەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن زور تۆھپە قوشالايدىغان كارامەت جەڭگىۋار ، شۇڭقاردەك مىللەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلىشى ، بۇ يولدا ئالدىرىشى ۋە ئالتۇندەك يالتىرىشى لازىمدۇر !
قېنى ، ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ، سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىزغا دائىر تەتقىقاتىمىزنى يانمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، بۇ تىلنى دۇنياغا تونۇتۇشنىڭ زەپەرمارشىنى ياڭرىتايلى !
پارلاق كېلچەك ئىنشا ئاللاھ بىزگە مەنسۇپ ، سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل باھارىنى كۈتىۋالايلى !

ھۆرمەت بىلەن : ئابدۇل قۇددۇس ھافىز

تۈركىيە ـ ئىستانبۇل ، 2009 . 12 . 31

ئىزاھ :
بۇ « مۇراجىئەتنامە » 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تەييارلانغان ئىدى ، بۇ قېتىم قىسمەن تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوشۇمچە : تەييارلىنىدىغان ماقالىلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنلىرى :

# ماقالە تەييارلاشتا پايدىلىنىدىغان تېماتىك مەزمۇنلار

## 1 ــ تىل ـ يېزىق تارىخى:

1) تىل ۋە يېزىقلارنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىدىن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە تەرەققىياتىغا نەزەر ؛

2) تىل ـ يېزىقلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىدىن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ تارىخىي رولىغا بىر نەزەر ؛

## 2 ــ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بويىچە:

1) ئۇيغۇر سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمى تارىخىدىكى ئورنى ؛

2) دۇنيادىكى تىللار ۋە يېزىقلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى ؛

3) دۇنيا ۋە خەلقئارالىق تىللارنىڭ ئىلمىي ئۆلچىمى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىي ۋە تارىخىي ئورنى ؛

4) ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى ــ دۇنيانىڭ ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مىسلىسىز تېزلىشىشىگە تەقدىم قىلىنغان ئالەمشۇمۇل بىر بايلىق ؛

## 3 ــ لۇغەتچىلىك :

1) دۇنيا لۇغەتچىلىك ئىلمىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاختى ۋە تەرەققىياتىدىن ئۇيغۇر لۇغەتچىلىك ئىلمىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىغا بىر نەزەر ؛

2) ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك لۇغەت قاموسلار ؛

3) ئۇيغۇر لۇغەتچىلىگىنىڭ خەلقئارالىق تارىخىي رولى ؛

4) لۇغەتچىلىك تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىگى ۋە ئۇيغۇر لۇغەتچىلىگىنىڭ ئىستىقبالى ؛

5) ئاتالغۇلار ۋە ئىسىم ـ ناملار ئۈستىدە ئانالىز ؛

6) چەتئەل تىللىرىدىن يەن ـ تېخىنىكا ئاتالغۇلىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئىلمىي پرىنسىپى توغرىسىدا ؛

## 4 ــ تىل ـ يېزىق ۋە زامانىۋىلىشىش:

1) زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، بەلكى تېزلىتىشتە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ كاتتا رولى ؛

2) ماشىنا تەرجىمىچىلىگىدە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ بۇسۇش خارەكتىرلىك ئەھمىيىتى ؛

3) كومپيۇتېردا ئاۋاز ئارقىلىق مەشخۇلات ئىشلەشنىڭ ئەۋزەللىگى ؛

ئا : بۇ تەتقىقاتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى ؛ ئە : ئۇيغۇر تىلى بىلەن مەشخۇلات ئىشلەشنىڭ كاتتا ئەھمىيىتى ؛

## 5 ــ باشقىلار :

1) تىل ۋە مىللەت 2) تىل ۋە مەدەنىيەت ؛ 3) تىل ۋە مائارىپ ؛ 4) تىل ۋە سىياسەت ؛ 5) تىل ۋە ئىقتىسات ؛ 6) تىل ـ يېزىق ئىسلاھاتى ؛ 7) تىل ۋە ئىملا ئىسلاھاتى ؛ 8) تىل ۋە تاۋارلاشتۇرۇش ؛ 9) تىل ۋە ئاسمىلاتسىيە ؛ 10) تىل ـ يېزىق ، تەرجىمە تەتقىقاتى ، لۇغەت ۋە

لۇغەتچىلىك تەتقىقاتى ، ئاتالغۇشۇناسلىق تەتقىقاتى بۇيىچە خىزمەت كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرى ، ماقالە ـ ئەسەرلىرى ، كىتاپلىرى؛

## 6 ـــ تەكلىپ ۋە ئىشەنچ :

1) ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا تۆردىكى تەتقىقاتلارنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىمۇ تەييارلاشقا بولىدۇ.

ئەلبەتتە سىلىشتۇرغاندىلا پەرقلەرنى تاپقىلى ، پەرقلەرنى تاپقاندىلا ئۆلگە تىكلىگىلى ، ئۆلگە تىكلىگەندىلا ئىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ . ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدە ئۇچقاندەك تەرەققىياتقا مۇھتاج بولىۋاتقان ئىنسانىيەت تىل ۋە يېزىقتىن ئىبارەت ئالدىنقى رەتتىكى ئۇچۇر ۋاستىسىدىن ئايرىلالمىغان ئىكەن ، مانا شۇ ۋاستىنىڭمۇ ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولىشىغىمۇ مۇھتاجتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن مۆھتەرەم تەتقىقاتچىلىرىمىز تارىخىي رېئاللىققا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار تىل ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرىشىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

يۇقارىدىكى تېماتىك مەزمۇنلار ئاساسىدا تەييارلانغان ماقالىلار «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولى توغرىسىدا» ناملىق توپلام قىلىنىدۇ .

قەلىمىڭلار ۋە قەدىمىڭلارغا مۇبارەك بولغاي !

www.uyghurkitap.com

# پۈتكۈل يەر شارى خارەكتېرلىك
# ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى
# چاقىرىش زۆرۈرلىگى توغرىسىدا

ـــــ ب د (م) ت ئىلىم ـ پەن ، مائارىپ ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا :

ھۆرمەتلىك رەئىس ئەپەندى ۋە ئىلىم ـ پەن ، مائارىپ ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىگە :

ئالدى بىلەن ھەر ـ بىرىڭلاردىن قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سورايدىغانلىغىمنى ۋە سىلەرگە سەممىي دالام يوللايدىغانلىغىمنى بىلدۈرىمەن .

ئەمدىكى سۆزۈمگە كەلسەم ، مەلۇمكى ، 1992 ـ يىلى ، كانادانىڭ كۋېبېك شەھرىدىكى « لاۋال » ( LAWAL ) ئۇنىۋېرسىتىدا ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغۋار تارىخىي ئەھمىيەتلىك كاتتا يىغىن ـــ 15 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تىلشۇناسلار قورۇلتىيى چاقىرىلغان ئىدى . بۇ نۆۋەتلىك قورۇلتاينىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغۋار تارىخىي ئەھمىيەتلىك بولىشى ، باشقا جەھەتلەردىن تاشقىرى ، « يوقۇلۇش ئالدىدا تۇرغان تىللارنى قۇتقۇلدۇرۇش » ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغانلىغىدا بولۇپ ، قوللىنىلىش دائىرىسى تار بولۇپ كەلگەن تىللارنىڭمۇ ئاجايىپ قىممەتلىك ئارتۇقچىلىقلىرى ، كىشىلەر بايقىۋالالمايۋاتقان ئەۋزەللىكلىرى بارلىغى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاز بولغان تىللارنىمۇ زور كۈچ بىلەن قوغداپ قېلىشنىڭ زۆرۈرلىگى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنغان ئىدى . چۈنكى ئالىملار ،بىرەر رتىل يوقىلىپ كېتىدىغان بولسا ، شۇ تىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ، پەلسەپىسى ، ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، بۇزغۇنچىلۇققا ئۇچرايدىغانلىغى ، ھەتتا يوقىلىپ كېتىدىغانلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىپ ، « تىلمۇ ئىنسانلار تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى . تىلنى سىلىشتۇرۇش ، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ، كىشىلەر ئەجداتلىرىنىڭ كۆچۈش يۆزلىنىشىنى ، مىللەتلەرنىڭ قانداشلىقى مۇناسىۋەتلىرىنى ، ئېنىقلىيالايدۇ . بۇ تىللاردىن مەھرۇم قالغاندا ، ئىنسانلار تارىخىنىڭ بىر قىسمىمۇ مەڭگۈ يوقىلىپ كېتىدۇ . » دەپ قارىغان ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئالىملار « يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان تىللارنى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 يىللىق تەتقىقات پىلانى » تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىگىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ ، « ئەۋلاتلار ئۈچۈن تىل مىراسلىرىنى قوغداپ قېلىشقا » ياردەمدە بولۇشۇشلارنى تەلەپ قىلىپ مۇراجىئەتنامە سۇنغان ئىدى .

شۇ يىغىندىن كېيىن مانا 4 يىل ئۆتتى ، سىلەرنىڭ ئۇ جەھەتلەردە قانداق ئويلىنىشتا بولغانلىغىڭلار ، قانداق چارە ـ تەدبىرلەرنى بېكىتكىنىڭلار ۋە قايسى تىللارنىڭ قۇتقۇلدۇرۇلىشى ئۈچۈن قانداق ئىقتىسادىي ياردەمدە بولغانلىغىڭلار ماڭا نامەلۇم . ئەمما مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى ، سىلەر ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمدە غايەت زور دەرىجىدە يۈكسىلىپ ، جەمىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مىسلىسىز گۈللىنىشى ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن ئىلھام ـ مەدەتكار ۋە يار ـ يۆلەك بولىسىلەر . ئەلبەتتە !

شۇڭلاشقا ، زوراۋان مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت بېسىمى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىشى ، ھەتتا مۇستەملىكچى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كىچىك دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىشى ۋە بەزى مىللەتلەرنىڭ كوللىكتىپ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ئازسانلىق مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان تىللارنىڭ مەۋجۇت

بولۇپ تۇرۇش شارايىتى بارغانسىرى قىيىنلىشىۋاتقان ، تاللاش ۋە شاللاشنىڭ دەھشەت خىرىسلىرى دەستىدىن قانچىلىغان مىللەتلەر كىشىلىك ھەق - ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، مەن ئاشۇ ئۇلۇق تارىخىي ئەھمىيەتلىك قورۇلتاينىڭ روھىغا مۇناسىپ ھالدا ، سىلەرگە مۇنداق بىر پىكىر - تەشەببۇسۇمنى سۇنغۇم كېلىدۇ . ئۇ بولسىمۇ ، سىلەرنىڭ بىۋاستە قول سېلىپ ئۇيۇشتۇرۇشۇڭلار ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىڭلار ئاساسىدا ، پۈتكۈل دۇنيادىكى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر ، پروفېسسور - دوكتۇرلار شۇنداقلا باشقا خىل تىل - يېزىق تەتقىقاتچىلىرى دىگۈدەك قاتنىشىشى بىلەن پۈتكۈل يەر شارى خارەكتېرلىك ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىش زۆرۈرلىگى توغرىسىدىكى تەشەببۇسۇمدۇر .

چۈنكى ، نۆۋەتتە ئۇيغۇر تىلى جىددىي سىياسىي ۋە مەدەنىيەت بېسىمىغا ، شۇنداقلا تەتقىق قىلىنىشىنىڭ ئۆزەلىگىدىن ئۇنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئەۋزەللىكلىرى تېخىچە تونۇلۇپ يېتىلمەيلا قالماستىن ، چەتكە قېقىلىش ، ھەتتا دەرسلىك ماتېرىياللادىن سىقىپ چىقىرىلىشتەك فاجىئەلەرگە دۇچ كېلىپ ، ئىنسانىيەت ئىنتايىن زور يوقۇتۇش خەۋپىگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ !

مۇقەررەركى ، ئەگەر چۇڭقۇر چۈشىنىلدىغان بولسا ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدا غايەت تېز يۈكسىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرەلەيدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتلىك بىر تىلنىڭ تارىختىن بۇيان تىلسىماتتەك تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، شۇڭلاشقىمۇ بۇ تىلنى ھەر جەھەتتىن قاتتىق قوغداش ۋە قوللۇنۇشقا جىددىي ئەھمىيەت بىرىشنىڭ زۆرۈرلىگىنى ھەقىقەتەنمۇ چۇڭقۇر ھېس قىلىسلەر !

بۇ جەھەتتە ، دەسلەپكى قەدەمدە بەلگۈلۈك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشۇڭلار ئۈچۈن « تىل ۋە تەرەققىيات » ماۋزۇلۇق ماقالەمنى يوللۇدۇم . كۆرۈپ باققايسىلەر . بۇ يەردە بولسا ، قىسقىچە قىلىپ ، مەشھۇر ئالىم ۋە باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ بايان ۋە باھالىرىدىن « ئۆزۈندىلەر » سۇنۇش بىلەن چەكلىنىمەن .

شۇنداق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق ، 50 نەچچە يىللىق ھاياتىنى سەرپ قىلىپ پۈلاتتەك دېلىللارنى توپلىغان ئىنگلىز تارىخشۇناسى، ئارخېئولوگ جەيمز چېرچۋود (James Churchward) ئۆزۈن يىللىق تەتقىقاتلىرى نەتجىسىدە يېزىپ چىققان ۋەكىللىك خارەكتېرگە ئىگە كىتاۋى « مۇ قۇرۇقلىغى » دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا ، ئىنسانىيەت تەخمىنەن بۇنىڭدىن 200 مىڭ يىل بۇرۇن « مۇ قۇرۇغلىقى » دا پەيدا بولغان .

ئاپتور كىتاۋىدا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىغىنى ناھايىتى ياخشى دەلىللىگەن.

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا يەنە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن بولۇپ ، كىتاپنىڭ ھەر — بىر بابىدىن دىگۈدەك ئۇيغۇرلارغا دائىر بايانلارنى ئۇچرىتالايمىز . ئاپتور ، « مۇ قۇرۇغلىقى » مەۋجۇت دەۋردە ، بۇ كونا قۇرۇغلۇقتا ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولىشىغا مۇستەھكەم ئاساسلارنى سالغان يادرولۇق مىللەت ئىكەنلىگىنى ، دىمەك **پارلاق ئىنسانىي مەدەنىيەتنىڭ تۈنجى قەدىمقى ئۇستازى دەل ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى** ، ئۇيغۇرلار **« بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى »** نى قۇرۇپ ئاسىيا ۋە ياۋرۇپا قىتئەلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى ۋە ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ، ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە گۈللىنىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكىنى ئالاھىدە سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ ، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ تېرىتورىيىسى ، قۇدرىتى ، تەسرى ۋە دۆلەت قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى كۆپلىگەن تارىخىي ھەمدە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىلەن ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ، « ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، ئاسترونومىيە ، مېتاللورگىيە ، توقۇمىچىلىق سانائىتى ، بىناكارلىق ، ماتېماتىكا ، زىرائەت يېتىشتۈرۈش ، مائارىپ ، دوختۇرلۇق — تىبابەت ۋە باشقا جەھەتلەردە بىلىملىك خەلق ئىدى ، يىپەك ، تاختا ۋە مېتال ئۈستىگە خىلمۇ - خىل گۈل - نەقىشلەرنى

www.uyghurkitap.com

چىقىرىشنىڭ ئۇستىلىرى ئىدى . ئالتۇن ، كۈمۈش ، برونزا ( تۇچ ) ۋە سېغىز توپىلاردىن ھەيكەل ياسىيالايتتى . بۇ ، مىسىر تارىخىنىڭ باشلىنىشىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللار ئىدى » دەپ كۆرسىتىدۇ .

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا « ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەتىنى (« مۇ قۇرۇقلۇقى » ) بارلىق قېدىمقى يېزىقلارنىڭ ئاچقۇچى » دەپ يېزىپ ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پاكىت ـ دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، « سېھىرلىك يېزىق » توغرۇلۇق توختالغىنىدا ئۇيغۇرلارنى دەرھاللا تىلغا ئېلىپ ، « ئۇيغۇرلار بولسا ئادەتتە سانلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تىك ياكى تۈز سىزىقلاردىن پايدىلانغان،...» دەپ كۆرسىتىدۇ .

ئاپتور « مۇنىڭ قۇتسال سىمۋوللىرى » ناملىق كىتابىدا بولسا : « پۈتكۈل مۇ مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئۇيغۇرلارنىڭكىنى ئاساسلىق ھالدا تاللىغان . ........ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقات ، بىلىم ، ئىجتىمائىي ھايات ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ، ئىنسان بىلەن كائىنات ئارىسىدىكى قۇرۇلمىلار جەھەتتىن قالدۇرۇپ كەتكەن ئاساسلار ناھايىتى توغرىدۇر . » دەپ يازىدۇ.

مەلۇمكى ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە تونجى ماكانى توغرۇلۇق ياۋروپا تارىخچىلىرى قېدىمقى مىسىر ، ۋاۋىلون ، گرېتسىيە ۋە رىم ئىمپېرىيىسى ، ئاندىن قالسا جۇڭگو ۋە ھىندىستاننى تىلغا ئېلىشىدۇ .

ئەمما جەيمز چېرچۋود 50 يىللىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ سەمەرىلىك مېۋىسى بولغان « **ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى** » ناملىق كىتاۋىدا بۇنى رەت قىلىپ ، مۇنداق دەيدۇ : « ئۇيغۇرلار مۇندىن 20000 يىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن . ئۇلار ئاسترونومىيە ، كانچىلىق توقۇمىچىلىق ، ئارخىپولوگىيە ، ماتېماتىكا ، يېزا ئىگىلىكى ، يېزىق ، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا پەنلەرنى بىلەتتى . ئۇلار يىپەك ، مېتال ۋە ياغاچتىن ھەشەمەتلىك بۇيۇملارنى تەييارلاشقا ماھىر ئىدى . ئالتۇن ، كۈمۈش ، برونزا ۋە لايدىن ھەيكەللەرنى ياسايتتى . بۇلارنىڭ ھەممىسى مىسىر مەدەنىيىتى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن . قېدىمىي گرېك ، خالدېي ، ۋاۋىلونلار ، پارسلار ، مىسىرلىقلار ۋە ھىندىلارنىڭ مەدەنىيىتى قېدىمىي « مۇ » دەۋرىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا پەيدا بولغان .» ( ئۇيغۇرچە نەشرى ، 14 ـ بەت )

ئۇيغۇرلار مانا شۇنداق ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپلا يېزىق قوللىنىپ سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ ئىنسانىي ياشاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىۋاتقاندا ، باشقىلار خىلمۇ ـ خىل دەت ـ تالاش ، جەڭگە ـ جېدەللەر بىلەن ئاۋارە ئىدى ، ھەتتا بەزى مىللەتلەر ئىشتان كىيىشنى بىلمەي ياۋايى ھايۋانلاردەك ياشىۋاتاتتى . ..... بۇ ھەقتە تۈركچە ئىشلەنگەن « **بوز قىرنىڭ ئويغىنىشى** » ناملىق خەرىتىدە تەپسىلى چۈشەنچىلەر بېرىلىپ ، ئۇيغۇرلارغا نىسپەتەن ، « ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ ئورنىغا ئەدەبىيات » ماۋزۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئىنسانىي ھاياتىنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغانلىقى قەدىمى تەككەنلا يەردە ئىلىم ـ مەرىپەت گۈللىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىقى مەدھىلىنىپ ، « .... شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار تۈرك ، موڭغۇل قەۋملىرى ئىچىدە بۇيۇك ، ئىلغار بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى ، چىڭگىزخان زامانىغا كەلگەندىمۇ ئۇلار قەۋملەرنىڭ تەربىيىچىلىرى بولغان ئىدى . .... » دېيىلىدۇ . بۇ سۆزگە ناھايىتى يېقىن ھالدا فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس تارىخچى گراسېر ئەپەندىمۇ 1930 ـ يىللىرى يازغان « يايلاق ئىمپېرىيىلىرى » ناملىق كىتاۋىدا قېدىمقى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىپ ، « ئۇيغۇرلار تۈرك ، موڭغۇل خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يانىلا تەربىيىلىگۈچىلەردىن ئىدى » دەپ يازغان بولسا ، ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى دېنىس سىنور ئەپەندى 1960 ـ يىللىرى يازغان « ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا » ناملىق كىتاۋىدا ئۇيغۇرلارنى « تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە ھېچ قايسىسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن » دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. دەرۋەقە

تارىختا چىڭگىزخاندەك قۇدرەتلىك جاھانكەشتلەرمۇ بىلىم ۋە ئىقىل ـ پاراسەتتە ئۇيغۇر كاتىپ ـ باخشىلىرىنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىغى مۇڭغۇللارنىڭ دۆلەت يېزىغى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىلىم ھەققىتىگە ئۆتتەك مۇھەببەتلىك يەنە قانچىلىغان ئالىملارمۇ باركى ، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرتىلى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ناھايىتى يۈكسەك باھالارنى بەرگەن . بۇلاردىن شۋېتسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس گۇننار يارىڭ « ئۇيغۇر تىلى » ناملىق 4 توملۇق كىتاۋىنى يازغان بولسا ، گېرمانىيىلىك پروفېسسور گابائىن خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ، دىنىي ئېتىقادى ، تىل ـ يېزىغى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىغانكى ، ئۆمۈرۋايەت تۇرمۇشلۇق بولماي ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئاجايىپ قىممەتلىك ئىلمىي نەتىجىلەرنى ياراتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ « قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى » ، « قېدىمقى تۈركىي تىللار » ، « ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى» ...... قاتارلىق 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ئەسىرى ، 200 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ۋە تەقرىزلىرى بار .

ئۇلاردىن باشقا تۈرك ئالىم ، پروفېسسورلاردىن مەشھۇر پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى ( بۇ كىشى تۈرك ئېينىشتېينى ، دەپمۇ ئاتىلىدىكەن ) ، ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ئاخمەت جافەر ئوغلى .... قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇرلا ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى توغرىسىدا ناھايىتى تەسىرلىك بايانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان بولۇپ ، بۇلاردىن پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى مۇنداق دەيدۇ : « ئوقۇغان ۋە كۆرگەنلىرىمگە ئاساسەن ، بىر دۆلەتنىڭ ، بىر ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى تارىختا تۇنجى قېتىم نامايان قىلغانلار ئۇيغۇرلاردۇر .. .... ئوسمانلىق مىڭ يىل بۇرۇن ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينۇتۇپ كىلىپ دۆلەت قۇرغان بولدى . ئات مىنىپ قىلىچ ئوينۇتۇپ كەلگەن بىر مىليون كۆچمەننىڭ ساغلام مۇئەسسەلىرى بىلەن 600 يىل دۆلەت قۇرالىغىنى نەدە بار؟ ئۇ شەكىلدە ، مەسىلەن ئاۋارلار كىلىپ ياۋروپانى تۇمانغا ئايلاندۇرىۋەتتى . ئەمما 50 يىلدىن كېيىن ئاتلىرى ۋە باشقا ھىچ نىملىرى قالماي تۈگەشتى . .... » ، « بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ ياخشى تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنگىلىزچىنى بىلىدىغان ئەمەس ، ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان مىڭلىغان مۇتەخەسسىلەرنى يېتىشتۈرۈپ ئون مىڭلىغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدۇرۇش لازىم . » ( تەتقىقاتچى يازغۇچى تۇرغاي تۆپەكچى ئوغلى : « پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى ۋە تۈركچە » ، 289 ـ 290 ـ بەتلەر ) .« تارىختا بۈيۈك بىر تەجرىبە ۋە مەدەنىيىتىمىز بار . ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن بۈيۈك مەدەنىيەتلىرىمىز بار . بىز ئاسيادىن ئۇنداق ئىككى مىليۇن كۆچمەن سۈپىتىدە كەلمىدۇق . ئۇنداق قۇرۇلغان ئىمپېراتۇرلۇق 600 يىل داۋام قىلالامدۇ ؟ » ، « ئۇيغۇر تۈركلىرى دۇنيانىڭ ھازىرقى ۋە ئۆتمۈشىدىكى ئەڭ بۈيۈك ، ئەڭ ئىنسانىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدى . ئىنساننىڭ باياشاتلىقى ، ھۇزۇرى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت ھاكىمىيىتى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۇرت سورىغانلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر . باشقا تۈرك دۆلەتلىرى ۋە ئاخىرىدا ئوسمانلىقلارمۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە داۋاملاشتۇرغان . » ( شۇ كىتاپ ، 252 ـ بەت ) ، « تۈرك دۇنياسى ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇيغۇرلارغا كۆپ جەھەتتىن قەرزدار . ئۇيغۇرلار ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . دۇنيا بويىچە ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولىشىنى ئالدىنقى رەتتە قويغان دۆلەت باشقۇرۇش ئېڭىنى ۋە تۈزۈلمىسىنى ، نۇرغۇنلىغان سەنئەت ۋە تېخنىكىنى ، ئەڭ ئىلغار تېرىقچىلىق ۋە سۇغۇرۇش ۋە بوستانلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۇلار ئىجات قىلغان . ئوسمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېيىنكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋاپپىقىيەتلىرى مانا شۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن ... 20 يىل بۇرۇن ياپۇنىيىدىكى جىددىي ئىزدىنىشلىرىم جەريانىدا ياپۇنلارنىڭ دىققىتى قوزغالدى . ھازىر ئۇلار تەتقىقاتنى باشلىۋەتتى . بىز ياپۇنلار بىلەن بىرلىشىپ **« ئۇيغۇرلارنى تەتقىق**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

**قىلىش مەركىزى »** نى قۇرىشىمىز لازىم . ئوسمانلىق ئارخىپ بەلگىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر بىلىم قوشۇنى يېنىدا يەنە ئۇيغۇر تىلى ، يېزىغى ۋە تارىخى بويىچە كۆپلىگەن مۇتەخەسسىلەرنى تېزلىكتە يېتىشتۈرىشىمىز لازىم .» ( شۇ كىتاپ ، **283** ـ بەت )

ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ئاخمەت جافەر ئوغلىمۇ « تۈرك تىلى تارىخى » ، « قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى » ناملىق كىتاپلىرىدا ئويغۇرلا ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى توغرۇلۇق كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن . بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق ، « **5** ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىلگىرى ئۆز قەبىلىلىرى بىلەن ، خېلى كېيىن بولسا قوشۇلغان باشقا تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن سىياسى بىرلىكنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسيا تۈرك تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تارقىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىغان .» ( « تۈرك تىلى تارىخى » ( **150** ـ بەت ) ، « ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ باي مەزمۇندىكى تۈرك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن .» ( شۇ كىتاپ ، **169** ـ بەت ) ، دەيدۇ ئاخمەت جافەر ئوغلى .

ئەمدى ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونا مەدەنىيەت مىنىستىرى نامىك كەمال زەيبەك ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : « .... تۈركىيدە قوللىنىلىۋاتقان ‹ ئۇيغارلىق › سۆزىنىڭ ئەسلىسىمۇ ‹ ئۇيغۇرلۇق › تۇر . .... « ھازىرقى زامان تارىخى » ئىنسانىيەت تارىخىنى ئەڭ كۆپ **6** ـ **7** مىڭ يىل كەينىگە قايتۇرۇپ سۇمەرلەر بىلەن باشلىنىدۇ . ... ئەمما تارىخنى تېخىمۇ كەينىگە سۈرىۋاتقان تەتقىقاتچىلارمۇ بار . مەسىلەن ، « مۇ » ( **MU** ) ئۇيغارلىغى ناملىق ئىلمىي ماقالىنى كۆرىدىغان بولساق ، ئۇنىڭدا ، بۈگۈن ياشىۋاتقان دۇنيامىزغا **12** مىڭ يىل بۇرۇن ھاكىم بولغان ، دۇنيانى باشقۇرغان بىر ئىمپېراتۇرلۇق بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇيغۇر ئىمپېراتۇرلىغىدىن ئىبارەت . .... دېگەن ئۇلۇق ئىلمىي ھەقىقەت ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان » ، « قوللىنا ـ قوللىنا ئۆگۈنۈپ قالغان ئاشۇ « ئۇيغارلىق » دېگەن سۆزگە بىر قاراپ باقايلىمۇ ؟ بۇنىڭ ئەسلىسى « ئۇيغۇرلۇق » تۇر . « ئۇيغۇرلۇق » دېگەن سۆز بىرئاز ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىق مانا شۇنداق « ئۇيغارلىق » دېيىلىدىغان بولۇپ قالغان . ... بۇ ئۇيغۇرلار زادى كىم ؟ ... نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلۇق ؟ چۈنكى ، مۇندىن **12** مىڭ يىل ئىلگىرى ئاسيا ۋە ياۋرۇپانى ئۇيغۇرلار باشقۇرغان ۋە پۈتكۈل خەلقلەرگە « ئۇيغارلىق » نى ئېلىپ كەلگەن ئىدى . بىلىنگەن پۈتكۈل مەدەنىيەتلەرنىڭ تۇنجى مەنبىئىمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى . .... ئاتا تۈرك نىمە دېدى ؟ خوش ، تارىخىي قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر ئۇيغۇرلارنى نەگە باغلايدۇ ؟ جەيمىز چېرچۋود « **مۇ ئۇيغارلىغى** » دەيدۇ ۋە « **مۇ قىتئەسى** » قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئاتا تۈركمۇ يۇقىرى قابىلىيىتى ، ئالاھىدە سەزگۈ كۈچى ۋە ھەقىقىي ئىلمىي تەھلىللىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسيادا ياشىغانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . **50** مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسيادا بىر ـ بىرىگە تۇتاش دېڭىزلاردىن تەركىپ تاپقان بىر ئىچكى دېڭىز بار ئىدى . بۇ ئىچكى دېڭىزنىڭ ئەتراپىدا كۆركەم بىر مەدەنىيەت ( ئۇيغارلىق ) بار ئىدى. بۇ ئۇيغارلىق ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتكۈل دۇنيانى ئىدارە قىلدى ، تەسىرلەندۈردى ۋە ئۇيغارلىقنى تارقاتتى. .... » ( نامىك كەمال زەيبەك : « ئاناتولىغا قاچان كەلدۇق ؟ » )

يەنە ، مەشھۇر تارىخشۇناس مورگان ئەپەندى : « دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەريا ۋادىسىغا كۆمۈلگەن . قاچان شۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرىمۇ شۇ چاغدا ئېچىلىدۇ .» دېگەن بولسا ، رۇس ئالىمى كوزنىتسوف : « ئوتتۇرا ئاسيانى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئوچىغى دەيدىكەنمىز ، شۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى ئونۇتماسلىقىمىز كېرەك .» دەپ ئالاھىدە ئىزاھلايدۇ .

ئەمدى ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ **11** ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىمى ، تۈركلوگ مەھمۇت قەشقىرى ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسەر « تۈركىي تىللار دىۋانى » نى يېزىپ ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ،

مەدەنىيتى ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاجايىپ قىممەتلىك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شەرق مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ تۇنجى باسقۇچىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئىدى . « تۈركىي تىللار دىۋانى » ياۋرۇپا ئىلىم - پەن ئالەمىدە ، بولۇپمۇ تۈركىلوگىيە ساھەسىدە زور ۋەقە ھېساپلانغان ئىدى . بۇ ھەقتە يېزىلغان نېمىسچە ، ۋېنگىرچە ، رۇسچە ئىنگلىزچە كىتاپ ۋە ماقالىلار ھەددى - ھېساپسىز . خۇسۇسەن ، نۆۋەتتە « تۈركىي تىللار دىۋانى » سەۋەپلىك ئالىمنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ئۈچۈن ب د ت بۇيىلنى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ خاتىرلىنىش يىلى قىلىپ بېكىتتى !

مەشھۇر شائىر ، تىلشۇناس ۋە خەتتات مىرزا ئەلشىر ناۋايىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغۋار تىل ئىكەنلىگى توغرىسىدا « ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە » ناملىق مەشھۇر ئەسرىنى يېزىپ ، ئۆزىنى تىپ قىلغان ھالدا شەرق مەدەنىيەت ئويغۇنىشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرىنى يارىتىشقا قاتتىق كۈچ سەرپ قىلغان ئىدى .

يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ چوڭ ھەجىملىك داستان « قۇتاتقۇ بىلىك » ( بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم ) نى يازغان بولۇپ ، بۇ ئەسەر ئىلمي ۋە بەدەئىي قىممىتى بىلەن جاھان مەدەنىيتى سەھنىسىدە ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئىسىل دۇردانىلىرىدىن بولغان مەشھۇر شاھ ئەسەرلەر قاتارىدا ئۆزۈندىن بۇيان پەخرى ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە . يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسرىدە ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش ، بىلىم ، ئېقىل - پاراسەت ۋە ئەخلاقنى ئىززەتلەش ئاساسي مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىي غايىنى ئوتتۇرىغا قويۇدۇ . بۇ ئەسەر تىل ۋە شېئىرىي ئۇسلۇپ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 11 - ئەسردىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ .

ئەمدى كۆرسەك ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسەك ئېقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى ، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلەشىنىڭ ئەنگۈشتىرى ، — ئالەمگە مەشھۇر 12 مۇقامنىڭ يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان كۈي - نەزىملىرى كۆز ئالدىمىزدا تەسۋىر يېتىشمەس جەزبدارلىقى بىلەن ياڭراپ تۇرۇپتۇ !

يەنە كۆرسەك ، مۇندىن 2 - 3 مىڭ يىللار بۇرۇن ئاسيا - ياۋرۇپا چوڭ قۇرۇقلىغى ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگودىن رىمغىچە بولغان كەڭ رايۇنلار ۋە نۇرغۇن مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسى ، ئىقتىسادى ، سودا مۇناسىۋىتى ، دوستانە بېرىش - كېلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ۋە يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن ‹ كارۋان يولى › دېيىلسە ، تارىختا ئوينىغان مىسلىسىز كاتتا رولىغا ئاساسەن ‹ دوستلۇق يولى › ، ‹ ئالتۇن كۆۋرۈك › دەپ تەرىپلەنگەن ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ يولنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسگە ئاساسەن گىرمانىيىلىك فېردىنانت فون رىچتخوفىن تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم « يىپەك يولى » دېيىلگەن يولمۇ بار .

ئۇنىڭدىن باشقا دۇنياغا مەشھۇر « ئات ئۇستى مەدەنىيتى » مىزمۇ بار .... !!!

مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىنلا ئىنسانىيەت مەدەنىيتى تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز زور تىكھپلەرنى قوشالايدىغان ئۇلۇغۋار ، ئىقتىدارلىق خەلق ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرمەمدۇ ؟

مۇشۇنداق بىر مىللەتنىڭ تىلى ۋە يېزىغى تەشۋىقلىنىشى ، — زادى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تونۇشتۇرۇلىشى كېرەكمۇ ياكى يوق قىلىۋېتىلىشى كېرەكمۇ ؟

زادى ، ئىنسانىيەتكە قىلچىمۇ زەرەرى يوق بەلكى ھەر جەھەتتىن يۈكسەك مەدەنىي تۇرمۇش ، ھەققىي ئىنسانلىق تۇيغۇسى بېغىشلىيالايدىغان بىر مىللەتنى چەتكە قېقىش ، خور كۆرۈشكە كىمنىڭمۇ ھەققى بار ؟؟؟

www.uyghurkitap.com

شۇ تاپتا بۇ تەخىرسىزلىك بىلەن ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن جىددىي ئەھۋالدۇر !!!

قىسقىسى ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جىددىي رەۋىشتە قوغدىلىشى ۋە قوللىنىلىشى ــــ سىياسىي جەھەتتىن بىر مىللەتنىڭ ئەقەللىي ھەق ـ ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشى ، ئىجتىمائىيەت جەھەتىدىن بۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىنسانىي مەدەنىي ھاياتىنىڭ خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىنىشى ، ئاخىرقى ھېساپتا پۈتكۈل يەرشارى خارەكتېرلىك مەدەنىي گۈللىنىش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئەھمىيەت بىرىش دېمەكتۇر .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، پۈتكۈل يەر شارى خارەكتېرلىك ئۇيغۇر تىلى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشىنى كۈندۈلۈك ئىشلار كۈن تەرتىۋىگە كىرگۈزۈشۈڭلارنى ۋە ناھايىتى يېقىنقى بىر مەزگىلدە بۇ يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشىنىڭ ئەمەلىيلىشىگە ئەھمىيەت بىرىشىڭلارنى كۆپتىن ـ كۆپ سەممىيلىك بىلەن تەشەببۇس قىلىمەن .

سىلەرگە رەھمەت !

ھۆرمەت بىلەن :

ئابدۇل قۇددۇس ھافىز

( كەلپىن ، 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى )

ئىزاھات :

1. بۇ « تەشەببۇسنامە » يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك كەلپىندە ، ئاشۇ ۋاختىتا يېزىلغان ئىدى . ئەپسۇسكى ، تۈرلۈك توسقۇنلۇقلار ۋە قولايسىزلىقلار سەۋەپلىك ئەمەلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇمكىن بولمىدى . ئەمدى بولسا ئىنشا ئاللاھ مۇمكىن بولىدۇ ، دىگەن ئۈمىتتىمەن . جەنابىي ئاللاھ بۇ ياخشى ئارزۇ ـ ئارمانىمىغا تېزرەك يەتكۈزگەي ، ئامىن !

2. بۇ « تەشەببۇسنامە » ئوخشاش مەزمۇندا « ئامېرىكا دۇنيا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق تەتقىقات يۇرتى » غىمۇ يوللاشقا تەييارلانغان ئىدى . ئەمما بىرلا ۋاختىتا چەكلىمىگە ئۇچرىدى ......

3. « تەشەببۇسنامە »لەرنىڭ مەزمۇنى ئوخشىشىدىغان بولغاچقا ، بۇ كىتاپقا ب د (م) ت غا يېزىلغىنى كىرگۈزۈلدى .

# ئىسىم ـ ناملار تەرجىمىسى ۋە فونېتىكا

**ئابدۇل قۇددۇس هافىز**

**( كەلپىن ناهىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمىيىتى)**

## قىسقىچە مەزمۇنى

بىرەر دۆلەت ( ياكى مىللەت ) كىشىلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ياكى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ نامىنى باشقا مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىشنىڭ ئىلمىي پىرىنسىپى زادى قانداق بولۇشى كېرەك ؟

بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر تىل ۋە تەرجىمەشۇناسلىق ساھەسىدە بىرلىككە كەلگەن توغرا ئىلمىي قاراش ئاساسىدا تۈزۈلگەن مۇكەممەل بىر پىرىنسىپ تېخىچە شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ھەر قايىسى مىللەت تىل ـ يېزىقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى، ئوچۇغراق قىلىپ ئېيتقاندا فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بۇزۇپ تاشلىنىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ۋە ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكى ئېغىر هالدا يوقۇتۇلۇشقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ .

ناهايىتى رۇشەنكى، تىلنىڭ جېنى دەل ئۇنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا. شۇڭا، ئەگەر تىلنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتى بۇزۇۋېتىلىدىكەن، ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن شۇ خىل تىلنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن ئەمدى شۇ خىل تىلغا ۋە بۇ تىلنى قوللانغۇچى مىللەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ــ مىللەتكە نىسپەتەن بېسىم، كەمسىتىش، هاقارەت قىلىشتەك ئېغىر ئەھۋاللار سادىر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىل مەسىلىسىدە تىلنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئىسىم ـ ناملار تەرجىمىسىگە مانا شۇ ئاساستا توغرا بولغان ئىلمىي پىرىنسىپنى دەرهال بېكىتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئۇيغۇر تىلى يېزىغى بولسا مۇكەممەل دېگۈدەك فونېتىكىلاشقان، ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىن ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋە شۇ سەۋەپلىك باشقا جەھەتلەردىن تاشقىرى، چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى ئەڭ تولۇق دېگۈدەك توغرا ئىپادىلەش ئاساسىدا يازالىشىمىزغا تولۇق ئىمكان بېرىدىغان ۋە شۇ ئەۋزەللىكى بىلەن پۈتكۈل دۇنيادىكى تىل ـ يېزىقلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالايدىغان شاھانە ئېلىپبەلىك تىل ـ يېزىقتۇر !

بۇ ماقالە مانا شۇ جەھەتتىكى پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىم ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، كونكرېتنى جەھەتتىن مۇنداق 4 خىل تېماتىك مەزمۇن بويىچە بايان قىلىنىدۇ :

1.چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا ؛

2.چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە تەرجىمە قىلىپ يېزىشنىڭ ئىلمىي پىرىنسىپى توغرىسىدا ؛

3.بىر نەچچە نوقتىلىق تەكلىپ ؛

4.خاتىمە ؛

www.uyghurkitap.com

# 1. چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا

چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا كونكېرتنى قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ :

1) باشقىلارنىڭ يازغىنىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا قارىماي ئەگەشمىچىلىك بىلەن كۆچۈرۈپ يېزىش. مەسىلەن، تىل تەۋەلىكى گېرمان ۋە يېزىلىشى < Hitler > بولغانلىقىغا ئاساسەن توغرا تەلەپپۇزى [hitlɐ:] بويىچە < هىتلېر > دەپ يېزىلىدىغان كىشى ئىسمىنىڭ رۇس تىلىدىكى يېزىلىشى بويىچە خاتا هالدا < گىتلېر > ([gitler]) دېيىلىپ يېزىلىشى؛ ئەسلى تىل تەۋەلىكى ئېنگلىز ۋە يېزىلىشى< Malthus > بولغانلىقىغا ئاساسەن توغرا تەلەپپۇزى [mæl'θju:z] بويىچە < مەلسيۇز > دەپ يېزىلىدىغان كىشى ئىسمىنىڭ خاتا هالدا < مالتۇس > ( [maltus] ) دېيىلىپ يېزىلىشى؛ ئەسلىدە تىل تەۋەلىكى ياپون ۋە يېزىلىشى < 一休 > بولغان كىشى ئىسمىنىڭ ياپونچە تەلەپپۇز قىلىنىشىغا مۇناسىپ هالدا < ئىكيۇ > ([iqkju]) دەپ يېزىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى خەتلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ئاساس قىلىنىپ خاتا هالدا < يىشيۇ > ( [jiʃju] ) دەپ يېزىلىشى؛ ئەسلىدە < لۇبنان > ( [lubnan]) ، < ئوردۇن> ([ordun]) ، < ئەل مەغرىب > ([ælmæʁrib])،< بافارىيە > ([bafarijæ]) ، < لىبىيە > ([libijæ])دەپ يېزىلىدىغان يەر ناملىرىنىڭ رۇس تىلىدىكى ئاتىلىشى بويىچە خاتا هالدا < لىۋان > ([liwan])،< ئىئوردانىيە > ([i’ordanijæ])، < ماراكەش> ([marakæʃ]) <باۋارىيە >([bawarijæ])، < لىۋىيە > ([liwijæ]) دېيىلىپ يېزىلىشى بۇنىڭ قىسقىچە دېلىللىرىدۇر .

2) ئەسلى تىل ـ يېزىقىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئېغىر هالدا خىلاپلىق قىلىپ ئوقۇش ۋە يېزىش. بۇ ، كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرى قايسى تىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ يېزىلىشىنى خۇددى لاتىن ھەرپلىرىنى ئوقۇغاندەك ۋە قالدۇرماي تولۇق ئوقۇپ يېزىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئەسلى تىل تەۋەلىكى ئىنگلىز ۋە يېزىلىشى< Arkwright > بولغان كىشى ئىسمىنىڭ خاس توغرا تەلەپپۇزى ['a:krait] بويىچە < ئاكرايت > دەپ يېزىلماي، خاتا هالدا < ئاركۋرىگخت >( [arkwright]) دېيىلىپ يېزىلىشى؛ ئەسلى تىل تەۋەلىكى فرانسۇز ( بۇ نام بىزگە خاتا هالدا ئەنە شۇنداق ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يېزىلىشىنىڭ توغرا تەلەپپۇزى < فخانسۇز > )ۋە يېزىلىشى< Henri > بولغان كىشى ئىسمىنىڭ توغرا تەلەپپۇزى [ãri] بويىچە < ئانغى > ( كىچىككىنە ئىزاھات : فخانسۇز تىلىدا < r > لىك تاۋۇش جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇشتىن كېيىن كەلسە ‹ خ › ، سوزۇق ياكى جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇشلاردىن كېيىن كەلسە ‹غ› ئوقۇلىدۇ ) دەپ يېزىلماي ، خاتا هالدا < هېنرى > ([henri]) دېيىلىپ يېزىلىشى؛ ئىسپان تىلىدىكى دۆلەت نىكارا گۇادىكى < Jinotepe > شەكلىدە يېزىلغان يەر ـ جاي نامىنىڭ توغرا ئوقۇلىشى < خىنوتېپې > ([xinotepe ])بولسىمۇ، خاتا هالدا < جىنوتېپ > ([d̠ʒinotep])دەپ يېزىلىشى بۇنىڭ قىسقىچە دېلىللىرىدۇر .

3) يەنە بەزى ئىسىم ـ ناملار باركى، ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزى ـ يېزىلىشى ھەم خاتا، ھەم قالايمىقان. مەسىلەن، George نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىنگلىز تىلىدا < جوج > ([d̠ʒo:d̠ʒ])، فرانسۇز ( توغرىسى ئۆزلەشكىچە بۇ يەردە مۇشۇنداق دەپ تۇرىمەن) تىلىدا < ژوغژ >([ ʒ or ʒ ]) ، رۇس تىلىدا بولسا < گېئورگې> ([geoerge]) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ئۇچۇن < گېئورگې> دېگەن شەكلىنى قوللىنىش، بەزىدە < جورج > دەپ يېزىش ؛ < توكيو > ([tokjo]) دېگەن

نام بەزى چاغدا شۇنداق يېزىلسىمۇ، بەزى چاغدا خەنزۇچە يېزىلىشى ( 东京) بۇيىچە < دوڭ جىڭ > ( [do ŋ d̠ʒi ŋ] ) دەپ يېزىش بۇنىڭ قىسقىچە دېلىللىرىدۇر .

مانا شۇنداق ھالەتتە يېزىلىۋاتقان ئىسىم ـ ناملار بارغانسىرى كۆپەيمەكتە .

ئۇنداقتا ، ئۇبدانراق ئويلىنىپ باقايلى، زادى مۇشۇنداق ئەھۋالغا سەل قاراپ يۈرۈۋېرىشىمىز كېرەكمۇ ياكى خاتىمە بېرىشىمىز كېرەكمۇ ؟

مېنىڭچە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكىنىمدىكىدەك، كىشى ئىسىم ـ فامىلىلىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ قالايمىقان ياكى خاتا يېزىلىشى كىشىگە نىسپەتەن كۆزگە ئىلماسلىق، خور كۆرۈش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، يەر ناملىرىغا نىسپەتەن تارىخي ۋە جۇغراپىيەلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ـ مىللەت نامىنىڭ يوقىلىشىنى، ئاخىرقى ھېساپتا زوراۋان كۈچلەرنىڭ يامان غەرىزىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش خاھىشىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئەمدى مىللىي تېرىتورىيەلىك قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەت جەھەتتە زور دەرىجىدە ئادالەتسىزلىك ۋە ھەقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ !!!

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسىم ـ ناملار مەسىلىسىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بەلكى، ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇش ئىنتايىن زۆرۈر، ئەلبەتتە .

## 2.چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بۇيىچە تەرجىمە قىلىپ يېزىشنىڭ ئىلمىي پىرىنسىپى توغرىسىدا

مەن يۇقىرىدا چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى مەسىلىلەر ۋە بۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۈم .

ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلىيەلەيمىز؟

چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بۇيىچە تەرجىمە قىلىپ يېزىشنىڭ ئىلمىي پىرىنسىپى زادى قانداق بولىشى كېرەك ؟

بۇ ئۈچۈن :

1) كىشى ئىسىملىرى ئۈچۈن ھەرپلەرنىڭ يېزىلىش شەكلىنى قارىغۇلارچە قوغلىشىپ تەرجىمە قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز ، بەلكى ھەرقايسى مىللەت تىلىدىكى يېزىقلارنىڭ ئوقۇلۇش قانۇنىيەتلىرىنى يەنى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئىگەللىشىمىز، دېمەك باشقىلارنىڭ يازغىنى بۇيىچە ياكى ھەرپمۇ ـ ھەرپ ئوقۇپ يېزىش ئەمەس، بەلكى تەلەپپۇز قىلىنىشى بۇيىچە يېزىشىمىز كېرەك .

چۈنكى، چەتئەل تىلى-يېزىقلىرى تەركىۋىدىكى ھەرپلەرنىڭ كۆپچىلىگى قارىماققا ئوخشاش كۆرۈنگەندەك قىلغان بىلەن ھەر قايسى تىللاردىكى تەلەپپۇز شەكىللىرى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن :

A a ← (1) ئىنگلىز تىلىدا: [a][a:] [i],[i:] [ei] [e] [æ] [ə:],[ə] [ ɔ :] [ɔ] ؛ بەزىدە ئوقۇلمايدۇ . (2) رۇس تىلىدا : [и][Λ][ь][ъ][a] ئوقۇلىدۇ .

مانا شۇنداق بولغاچقا، ئىنگلىز تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان 26 ھەرپنىڭ 48 خىل ، رۇس تىلىدىكى 33 ھەرپنىڭ بولسا 100 نەچچە خىل ئوقۇلىشى بار .

مۇنداق ئەھۋاللار باشقا تىللاردىمۇ مەۋجۇت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە، ئىنگلىز تىلىدا كۆپلىگەن قوشما ھەرپلىك ئىپادىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇلىشى تۆۋەندىكىدەك :

**ere** → [iə] , [ɛə]; **ure**→ [juə] , [uə] ; **ure** → [ə] , **ea** → [i:] , [e] ;] ; **ou** → [au] ; [Λ] ; **ig** , **igh** → [ai] ; **ia** , **ie** , **io** → [aiə] ; **au** , **augh** → [ɔ:] ; **ar, are** , **er** →[a:] ; **al** , **au** , **augh** , **ear**→[ɑ : ] ; **ire** , **ai** , **ie** , **io**→[aiə] ; **our** , **owe** , **ower**→[auə] ; **ar, or** , **ur** , **ure** , **ou** , **er**→[ə] ; **or** , **ir** , **ur** , **yr** , **er** , **ear**→[ə : ] ; **ar** , **al** , **au** , **augh** , **aw** , **or** , **ore** , **our** , **oor** , **oar** , **ough**→[ ɔ :] ; **ough** , **oa** , **ow**→[ou] ; **ch** →[k] , [tʃ] ; **sc**→ [s] , [sk] , [ʃ ] ; **gh** , **ph** →[f]; **gu** , **gue** → [g] ; **gu** → ; **tch** →[tʃ ] ; **th** → [θ] , [ð] , [g],[gw] ; **ch** , **ck** , **cc** →[k]; **ch**

مۇنداق ئەھۋاللار رۇس تىلىدىمۇ ئۇچرايدۇ :

مەسىلەن :

**DC** , **TC** → [ц:] [цс] [ц] ; **ЗЧ** , **СЧ**→ [ ш' :] [ ш Ч '] [ ш':] ; **ЧТ** → [ ш Т] ; **ГК** → [Х К] ; **сТл** → [ сл] ; **сТн** → [ сн ] ; **рац** → [рц] ; **здн** → [зн ] ; **лнц** → [нц] ; **всТв** → [сТв] ; **Чн** →[ шн] .

دەك .

بىر ئەمەلىي مىسال :

радостно →[рΛдосно] ; счастливый → [счΛсливый] ; сераце → [серце] ;

بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ، بەزى ھەرپلەر ئىملا ئېھتىياجى سەۋەبلىك يېزىلسىمۇ ، ئەمەلىي تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ ياكى ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

قاراڭ :

ئىنگلىز تىلى ئۈچۈن قىسقىچە ئۈرنەك :

| يېزىلىشى | | تەلەپپۇز ھالىتى | |
|---|---|---|---|
| Arkwright | (9 ھەرپلىك) | [ 'a:krait] | ( 6 ھەرپلىك) |
| Berkeley | (8 ھەرپلىك) | ['ba:kli ] | (5 ھەرپلىك) |
| Abergavenny | (11 ھەرپلىك) | ['æbəgeni ] | (7 ھەرپلىك) |
| Beauclerk | (9 ھەرپلىك) | ['bəuklɛə ] | (7 ھەرپلىك) |
| Bourchier | (9 ھەرپلىك) | ['bautʃə ] | (6 ھەرپلىك) |
| Bourke | (6 ھەرپلىك) | [bə:k] | (3 ھەرپلىك) |
| Brougham | (8 ھەرپلىك) | [bru:m] | (4 ھەرپلىك) |

فرانسۇز تىلى ئۈچۈن قىسقىچە ئۈرنەك :

| يېزىلىشى | | تەلەپپۇز ھالىتى | |
|---|---|---|---|
| accordéoniste | (13 ھەرپلىك) | [akɔrdeɔnist] | (11 ھەرپلىك) |
| accoutumance | (12 ھەرپلىك) | [akutymãn:s] | (9 ھەرپلىك) |
| achévement | (10 ھەرپلىك) | [aʃɛvmã] | (6 ھەرپلىك) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| achoppement | (11 هەرپلىك) | [aʃɔpmã] | (6 هەرپلىك) |
| cquiecement | (12هەرپلىك) | [akjɛsmã] | (7 هەرپلىك) |
| acquit | (6هەرپلىك) | [aki] | (3 هەرپلىك) |
| acquittement | (12 هەرپلىك) | [akitmã] | (6 هەرپلىك) |

Hh هەرپى ئادەتتە ئىملا ئېھتىياجى سەۋەپلىك سۆزلەملەردە يېزىلغان بىلەن ئەملىيەتتە ئوقۇلمايدۇ ، ئەمما ئافرىقىنىڭ فرانسۇز تىلىدىكى رايۇنلاردا [χ] (خ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

يەنە، S s هەرپىمۇ سۆز ئاخىرىدا كەلسە ئوقۇلمايدۇ. ئەمما فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە ئوقۇلىدۇ. مەسلەن : ‹Aups› نى ‹ ئوپس › دەپ ئوقۇيمىز .

ئەمدى ياپۇن تىلى يېزىغىنىڭ ئالاھىدىلىگىگە كېلىدىغان بولساق، بۇ تىلنىڭ يېزىغىنىڭ باشقا تىللارنىڭ يېزىغىغا نىسپەتەن تېخىمۇ كۆپلىگەن پەرقلىق تەرەپلىرى بار. جۈملىدىن ياپۇنىيەلىكلەر 4 خىل يېزىق قوللىنىدۇ . بۇلار تۆۋەندىكىچە :

**1) خىراگانا**

بۇ يېزىق ياپۇنلار ئۆزلىرى ئىجات قىلغان قەدىمي ، تارىخىي يېزىق بولۇپ ، كىنو ، تىياتېر ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، تېلۋىزىيە ۋە نەشرىيات ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ .

**2) كاتاكانا**

بۇ يېزىق ئادەتتە ياپۇنىيىگە چەتتىن كىرگەن كىشى ئىسىملىرى ، يەر ـ جاي نامىلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى يېزىشتا قوللىنىلىدۇ ،

**3) لاتىن يېزىغى**

بۇ يېزىق پوچتا ـتېلگىراف ساھەلىرىدە ، شۇنداقلا چەتئەللىكلەرنىڭ ياپۇن تىلىنى تېزرەك ئۆگىنىۋالىشىغا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن ياپۇن تىلشۇناسلىرى ئىجات قىلغان يېزىق .

4) ياپۇنلار قوللىنىۋاتقان يېزىقلارنىڭ يەنە بىرخىلى خەنزۇچە خەت شەكلىگە ئوخشايدىغان يېزىقتىن ئىبارەت. ئەمما بۇ يېزىقنى ياپۇنلار خەنزۇلارغا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىپ قوللانماستىن، بەلكى نىسپەتەن پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىپ قوللىنىدۇ .

كۆرىدىغان بولساق، بەزى خەتلىرى تاۋۇش شەكلىگە يېقىنلاشتۇرۇلۇپراق ئوقۇلىدۇ. بەزى خەتلىرى مەناسى بويىچە ئوقۇلىدۇ .

مەسلەن : ‹ 人 › خىتنى خەنزۇلار [ren] دەپ ئوقۇسا ، ياپۇنلار [ʤin] دەپ ئوقۇيدۇ .

مەناسى بويىچە ئوقۇش دېيىلگىنى خەنزۇچە خەتنىڭ مەنىسىگە قاراپ ۋە ياپۇنچىدىكى كانا يېزىغىنى ئوقۇش ئۇسۇلى بويىچە ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسلەن :‹ 人 › خىتنى ‹çito› [ʃ i t o] دەپ ئوقۇغاندەك .

ئەمدى بەزى خەتلىرى تاۋۇشى ۋە مەنىسى ئارىلاش ھالدا ئوقۇلىدۇ. مەسلەن، ‹ 有贺 نىڭ ariga › دېيىلىپ ئوقۇلغىنىدەك .

ئەمدى، تاۋۇشى ئوخشاش ، شەكلى ھەرخىل خەتلىرىمۇ بار . مەسلەن ، 政夫،正雄 قاتارلىقلار masao دەپلا ئوقۇلىدۇ .

丁几 儿了土 士 工 寸 义 乡 艺 曰 书 中 仁 升斤化父方文卞 功 节 业 只 以 令 代 仙 仪 玄 永 训 记 让 礼 发 驭 至 考 成 式 尧 权 机 轨 刑 曲 回 师 则 舟 后 伐 传 任 行 庆 讲 汤 寻 纪 甫 车 孝 里 肖 伯 位 似 利 启 床 应 言词 识 诏 状 阴 纳 范 枡 述 规 典 忠 图 闲 升 周 贤 明 命 知 制官 宜实 宗 学 诚 诠 法 视 陈 驾 经 威 政 珍 背 胜 品 修 律 顺 矩 宣 宪度 诰 诲 祝 祖 贺

www.uyghurkitap.com

统 恭 哲 各 致 乘 爱 伦 称 准 宽 益 论 悟 效 陛 能 恕 基 理 教  勘 略 逻 得 御 铨卿 章 庸 率 绳 续 绿 骑 敬 斯 辇 朝 期 雅 敷 答 象 智 然 敚 程 剩 鹄 谟 谦 道 登 弼 戛 载 勤 摸 鉴 雄 路 跻 稚 遥 意 誉 谨 慎 数 猷 辟 霁 模 熙 像 暹德 糊 毅 慰 稽 赖 蹑 凝 彝

قاتارلىق خەتلەر بولسا ‹ نورى › دەپلا ئوقۇلىدۇ .

مۇشۇنداق ئوقۇلىدىغان خەتلىك ئىپادىلەرمۇ ھەددى - ھېساپسىز.

ئەمدى بەزى خەتلىرى باركى، ئۇلار كۆپ خىل ئوقۇلىدۇ.

مەسلەن :

‹ 大 › نىڭ ئوقۇلىشى : ئو ، كى ، تا ، ئوي ، ئو (سوزۇلما ھالى ) ، تومو ، ناگا ، ھارۇ ، ھىرو ، فۇتو ، ماسا ، موتو ، ئوي (ئو تاۋۇشى سوزۇلما ھالەتتە ) ، ئوكى ( ئو تاۋۇشى سوزۇلما ھالەتتە ) ، تاكاشى ، تاكېشى ، ھاجىمې ، ھىروشى ، فۇتوشى ، ماسارۇ ، يۇتاكا ؛

‹ 中 › نىڭ ئوقۇلىشى بولسا : نا ، ئاس ، تادا ، ناكا ، نورى ، يوشى ، ئاتارۇ ، كانامې ، تاداشى ، ناكاچى ، ناكابا .

ئەمدى ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغەتلىرىدە ئۇچرىمايدىغان ، ياپونلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئىجات قىلغان ۋە ئوقۇلىشى كانا يېزىقىنىڭكىگە ئوخشايدىغان 烟 扱 桦 姉 匆 堀 峠 咲 قاتارلىق خەتلىرىمۇ بار .

ناھايىتى روشەنكى ، كانجى يېزىقىنىڭ يوقېرىدا دەپ ئۆتۈلگىنىدەك ھەر خىل ئوقۇلىدىغانلىقى ۋە ئوقۇلىشى ئۆزگەرسە مەنىسىمۇ ئۆزگىرىدىغانلىقى سەۋەپلىك ، مەنىسىدە ئوقۇشماسلىق ، ھەتتا خاتالىق سادىر بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ماقالە - ئەسەرلەردىكى بەزى كانجى يېزىقىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىگە مۇناسىپ تەلەپپۇز شەكلى كانا يېزىغى بىلەن يېزىپ قويىلىدۇ . مەسلەن ، تۆۋەندىكىدەك :

ちやわん　　しんゆかん　　さんみやく
茶碗　　瞬間　　山脈

يەنە باشقا چەتئەل تىللىرىنىڭمۇ مانا شۇنداق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار .

نۆۋەتتە خىتاي تىلى يېزىغا كېلىدىغان بولساق : ① خىتاي تىلى يېزىغى بوغۇملۇق يېزىق ( سۆرەتلىك يېزىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) بولۇپ ، باش ئۈزۈك تاۋۇش (声母)، سۆز ھاسىل قىلغۇچى سوزۇق تاۋۇش (韵母) ۋە ئۇرغۇ (声调) دىن تەركىپ تاپىدۇ . باش ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى b ، p ، m ، n ، f ، d ، t ، l ، g ، k ، h ، j ، q ، x ، zh ، ch ، sh ، r ، z ، c ، s لاردىن ئىبارەت . سۆز ياسىغۇچى سوزۇق تاۋۇشلىرى i ، u ، ü ، a ، ia ، ua ، o ، uo ، e ، ie ، üe ، ai ، uai ، ei ، uei ، ao ، iao ، ou ، iou ، an ، ian ، uan ، üan ، en ، in ، uen ، ün ، ang ، iang ،

uang ، eng ، ing ، ueng ، ong ، iong لاردىن ئىبارەت . بۇلاردىن بۇغۇم an دە a ھەرپى [æ] (ئە) دەپ ئوقۇلىدۇ . باشقا ئەھۋالدا [a] (ئا) دەپ ئوقۇلىدۇ . ‹i› ھەرپى بەزى بۇغۇملاردا ئۆتكۈنچى [j] (ي) ھالەتتە ئوقۇلىدۇ . ئۇرغۇ ئادەتتە مەنا پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن ، 汤 ، 糖 ، 躺 ، 烫 لارنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش قىسمى [tʻ] ، سوزۇق تاۋۇش قىسمى بولسا [aŋ] . ئەمما ئۇرغۇ سەۋەپلىك ئوقۇلۇشىدا پەرقلەر مەيدانغا كېلىدۇ ۋە خاس مەناسى ئىپادىلىنىدۇ .

ناھايىتى ئەپسۇسكى، ھەممە خەتلەر مانا شۇنداق قائىدىگە چۈشسە ئىدى ، بەك ياخشى بولاتتى . ئەمىلىيەتتە مۇنداق قائىدىلىك ئوقۇلىدىغان خەت شەكىللىرى تولىمۇ ئاز ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەتلەرنىڭ ئوقۇلۇشى كىشىنى تەتۈر قىنىۋېتىدۇ . مەسىلەن : نۇرغۇن خەتلەرنىڭ شەكلى پەرقلىق بولسىمۇ ئوقۇلۇشى ناھايىتى ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ . نۇرغۇن خەتلىرى باركى ، ئۇلار خىلمۇ - خىل تەلەپپۇز قىلىنغان ھالدا ئوقۇلىدۇ . دېمەككى ، بەزى تاۋۇشلارنىڭ كۆپ خىل خەت شەكلى ، بەزى خەتلەرنىڭ كۆپ خىل تاۋۇش شەكلى بار.

مەسىلەن :

(1) تاۋۇشى ئوخشاش ، شەكلى ھەرخىل خەتلەردىن : ← 阿 ، 啊 ، 锕 ، 腌 لار ‹ ā › دەپلا ئوقۇلىدۇ 八 ، 扒 ، 叭 ، 杈 ، 巴 ، 芭 ، 岜 ، 吧 ، 疤 ، 笆 ، 粑 ، 捌 لار ‹ bā › دەپلا ئوقۇلىدۇ . 茇 ، 拔 ، 胈 ، 魃 ، 跋 ، 茇 ، 菝 لار بولسا ‹ bá › دەپلا ئوقۇلىدۇ . 钯 , 靶 ، 鞁 لار ‹bǎ› دەپلا ئوقۇلىدۇ . ئەمدى 坝 ، 把 ، 爸 ، 耙 ، 罢 ، 霸 ، 灞 ، 鲌 ، 鲅 لار بولسا ‹ bà › دەپلا ئوقۇلىدۇ .

مۇنداق خەتلەر ھەددى - ھېساپسىز .

(2) تاۋۇشى ھەرخىل ، شەكلى بىر خىل خەتلەردىن : 啊 ← بۇ خەت يەنە ɑ ، ǎ ، à ، á دەپمۇ ئوقۇلىدۇ . ئەمدى : 把 ← ‹ bǎ › ، ‹ bà › دەپ ، 钯 ← ‹ b ǎ › ، ‹ p á › دەپ ، 耙 ← ‹ b à › ، ‹ p á › دەپ ، 鲅 ← ‹ b à › ، ‹ b ó › دەپمۇ ئوقۇلىدۇ .

مۇنداق خەتلەرمۇ ھەددى - ھېساپسىز .

ئۇلاردىن سىرت ، بەزى خەتلىرنىڭ نورمال ئالاقىدىكى ئوقۇلۇشى بىلەن ئىسىم - ناملاردىكى ئوقۇلۇشى زادىلا ئوخشاشمايدۇ .

مەسىلەن :

| خىتايچە خەتلەر | ئوقۇلۇشى | | خىتايچە خەتلەر | ئوقۇلۇشى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | نورمال ئالاقىدە | ئىسىم - فامىلىدە | | نورمال ئالاقىدە | ئىسىم - فامىلىدە |
| 区 | **qu** | **ōu** | 柏 | **bai** | **bó** |
| 华 | **huá** | **huà** | 佛 | **fó** | **bì** |
| 朴 | **pu** | **Piáo** | 秘 | **mì** | **bî** |
| 解 | **jiě** | **xiè** | 裳 | **shang** | **cháng** |
| 仇 | **chóu** | **qiú** | 治 | **zhì** | chí |
| 燕 | **yān** | **yàn** | 种 | **Zhǒng** | chóng |
| 查 | **chá** | **zhā** | | **zhòng** | |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمدى ، ختاي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ چەتئەل تىللىرىدىكى تاۋۇشلارغا نىسپەتەن ماسلىششچانلىغىنى كۆرۈپ باقايلى :

① سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى :

| خەتايچە خەتلەر | چەتئەل تىللىرىدىكى تاۋۇشلار | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | رۇسچە | ئىنگلىزچە | نېمىسچە | فرانسۇزچە | ئىسپانچە |
| 恩 (en) | [en][en’]<br>[yn]<br>[-yn’] | [en][eŋ][ə:n]<br>[ən] [əŋ ][n] | [en ][eŋ]<br>[e:n][øn][ɛn] | | [ein]<br>[en ] |
| 邦 (baŋ) | [bon ]<br>[ bon’] | [buŋ][baun]<br>[bɔn]<br>[bɔ:n] [ bʌŋ]<br>[ ba:n] | [baŋ][<br>bon]<br>[bo:n][buŋ] | [b ɑ̃]<br>[b ɔ̃] | |
| 朗 (laŋ) | | [laun][lan][lɔn]<br>[loŋ][lɔŋ][lɔ:n]<br>[raun][ran][rɔn]<br>[roŋ][rɔŋ][rɔ:n] | [laŋ][raŋ] | [lã][rã ] | |

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ختاي تىلىدا ، 〈 en 〉 بوغۇملۇق تاۋۇش رۇسچىدىكى 4 خىل ، ئىنگلىزچىدىكى 6 خىل ، نېمىسچىدىكى 5 خىل ، ئىسپانچىدىكى 2 خىل تاۋۇشنى ؛ 〈 baŋ 〉 بوغۇملۇق تاۋۇش رۇسچىدىكى 2 خىل ، ئىنگلىزچىدىكى 6 خىل ، نېمىسچىدىكى 4 خىل ، فرانسۇزچىدىكى 2 خىل تاۋۇشنى ؛ 〈 laŋ 〉 بوغۇملۇق تاۋۇش بولسا ئىنگلىزچىدىكى 12 خىل ، نېمىسچىدىكى 2 خىل ، فرانسۇزچىدىكى 2 خىل تاۋۇشنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلگەن . ناھايىتى رۇشەنكى ، ئۇ تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز شەكلى بىر - بىرىدىن ناھايىتى پەرقلىق بولۇپ ، ختايچىدا بۇ پەرقلەر ئىپادىلەنمىگەن .

② ئۈزۈك تاۋۇشلار مەسىلىسى :

| ماسلاشتۇرۇلغان چەتئەل تىلى تاۋۇشلىرى | خەتايچە ئاھاڭداش خەتلەر |
|---|---|
| [ti ] ← ====<br>[di ] ←==== | 蒂<br>===============<br>[di ] ← ====== ↕<br>地<br>=============== |
| [bo ] [po ] ← ====<br>[bo] ←==== | 波<br>===============<br>[bo] ←====== ↕<br>博<br>=============== |

مانا بۇ قاتار ئەھۋاللار چەتئەل تىللىرىدىكى ئىسىملارنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەشتە، مەيلى بىۋاستە ياكى ختاي تىلى ۋاستىسى بىلەن بولسۇن ناھايىتى دىققەت بىلەن، دەل شۇ ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك تىلنىڭ فونېتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلغان ھالدا تەرجىمە قىلىپ يېزىشنىڭ ناھايىتىمۇ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ ، ئەلبەتتە.

جۈملىدىن مۇنداق قىلىش — تىل - يېزىق تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە تولىمۇ ئۇيغۇندۇر. چۈنكى، قارايدىغان بولساق، ھازىر ئىملا ئىسلاھاتى ئۆتكەن ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئومۇمىي دائىرىگە، يۇقىرى باسقۇچقا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. بۇنىڭدىكى تۈپ نىشان، فونېتىكىلاشقان يېزىق سىستېمىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت .

چۈنكى، مۇجەللىك ۋە قىيىنچىلىق سۆزلەم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپ بولىشى ھەرگىزمۇ يېزىق تەرەققىياتىنىڭ نىشانىسى ئەمەس. بىر خىل ھەرپنىڭ بىرخىل تاۋۇش شەكلى بولۇش ياكى بىرخىل تاۋۇشنىڭ بىر خىل ھەرپ شەكلى بولۇش، — شۇ خىل تىلنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېساپلىنىدۇ . جۈملىدىن سۆزلىگەندە سۆزلەملەر ئېغىزىمىزدىن تەلەپپۇز شەكلى بويىچە چىقىدۇ، ماشىنا تەرجىمىچىلىكىدىمۇ تەلەپپۇز ئاساس قىلىنىدۇ، ئەمەسمۇ ؟؟؟

شۇڭا نۇرغۇنلىغان مەشھۇر تىلشۇناسلار ۋە ئەدىپلەر ئېتىملوگىيەچىلەر بىلەن ترانسكرىپسىيىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشتا ترانسكرىپسىيىچىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاشقان .

بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق ، ئىسپانىيىلىك ئاتاغلىق تىلشۇناس ۋە ئەدىپ ئۇنامۇنو (Unamuno) مۇنداق دىگەن ئىدى : « پەيدىنپەي تاۋۇشى بويىچە قوشۇپ يېزىشقا قاراپ ئۆزگىرىش ياساش — ئىلغارلىق ، ئەھمىيەتسىز بەلگىلەر، مەسىلەن ، harmonia دىكى h ۋە obscuro دىكى b نى زورمۇ — زور قوشۇپ يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇش چېكىنگەنلىك ». يەنە، ئىسپانىيەنىڭ بىرىنچى تۈركۈم گراماتىكا كىتاۋىنىڭ ئاپتورى نېبولىخات مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى : « تەلەپپۇز قىلىنىشى بويىچە يېزىش ، يېزىلىشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىشى لازىم » ①، ئۇلۇق، مەشھۇر ئەدىپ سېرۋانتېس ( سېرباتېس ، ئەمەس !) (M.cervantes de savedra ) ( قول يازمىلىرىدا بەزىدە مۇنداق دەپ ئىمزا قوياتتى : Serbantes Sabedra ) ۋە گونگورا لوفى دې ۋېگا قاتارلىق مەشھۇر ئەدىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگىنىمىزدە : fa bor embiado , ombere (hombere) قاتارلىق خەت نۇسخىلىرىنى ئۇچرىتىمىز .

شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ، 19 — ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئىسپانىيە خان جەمەتى تىل ئېنىستىتوتى « بىر فونېمىنىڭ بىرلا بەلگىسى بولۇشى لازىم » ، دىگەن پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن جىددىي يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ زور ئىلگىرلەشلەر مەيدانغا كېلىدۇ.②

ئەمدى كۆرىدىغان بولساق، فرانسۇز تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىدىكى مەسىلىلەرمۇ فرانسۇزلار ئۇدا دۇچ كېلىۋاتقان كونا، ھەل قىلىنىشى تەسكە چۈشۈۋاتقان مەسىلىلەر بولۇپ، مۇشۇ ئەسىردىن بۇيان بۇ جەھەتتىكى ئىسلاھاتقا جىددىي ئەھمىيەت بېرىلىپ زور ئىلگىرلەشلەر مەيدانغا كەلمەكتە. ئالايلۇق، فرانسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس ئاندرې مارتىنې « فرانسۇز تىلىغا ھەر تەرەپتىن قاراش » ناملىق كىتابىدا شۇنداق دەپ يازىدۇ: « .... فرانسۇز تىلى سۆزلەملىرىنىڭ قوشۇپ يېزىلىشى شۇ قەدەر قىيىنكى، ئەڭ تەجرىبىلىك يازغۇچىلار، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك مۇئەللىملىرىمۇ ھە دىگەندە لۇغەتلەرگە قاراپ سېلىشتۇرۇپ چىقمىسا يازغانلىرىغا ئىشەنچ قىلالمايدۇ ... ». مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىملا ئىسلاھاتىغا جىددىي ئەھمىيەت بېرىلگەن. 1989 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى فرانسىيىلىك 10 نەپەر تىلشۇناس ③ « دۇنيا گېزىتى » ( Le Monde ) دە : « فرانسۇز تىلى يېزىقىنى زامانىۋىلاشتۇرايلى » سەرلەۋھىلىك خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، « .... فرانسۇزلار ئۆز ئىملا قائىدىسىنىڭ يانىلا زامانىۋىيلاشتۇرۇلماي كېتىۋېرىشىگە يانىلا چىداپ تۇرالمايدۇ . .... فرانسىيىدە ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان نەچچە مىڭلىغان سۆزنىڭ شەكلى ئۆزگەردى .... ئەمما بۇ تۈپەيلى فرانسۇز تىل زىيانغا ئۇچرىغىنى يوق. فرانسۇز تىلى ئىملا قائىدىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى، ئۆتكەن بىر قانچە ئەسىر داۋامىدا ئۆزلۈكسىز ھالدا زامانىۋىلىششىدا كۆرىلىدۇ. بۇ خىل زامانىۋىلىشىش دەل تارىخىي مۇقەررەرلىك، ئىلىم - پەننىڭ بىزگە قويغان تەكلىۋى ۋە دۆلىتىمىز قوبۇل قىلىدىغان جەڭ ئېلان قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئېھتىياجى ....»

www.uyghurkitap.com

دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسلاھات ئالاھىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار، تىلشۇناسلار، ئاخبارات ـ نەشرىيات خادىملىرى، ئەدەبىياتچىلار، ئاسپىرانتلار، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر شەخسلەرمۇ قاتناشقان! بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆلىمى بارغانسىرى كېڭىيىپ، ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرلىرىمۇ ئىشتىراك قىلىشقان ۋە بۇ ئىملا ئىسلاھاتى ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە ۋە جىددىي تۇتۇپ ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرى كۈن تەرتىۋىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن فرانسۇز تىلىدا مەۋجۇت 50 نەچچە مىڭ سۆزلەمدىن يېزىلىشى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ بولغان 4 مىڭغا يېقىن سۆزلەم ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدەك يېزىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن.

ئايانكى، ئىنگلىز تىلى سۆزلەملىرىنىڭ يېزىلىشى بىلەن ئوقۇلىشى ئوتتۇرىسىدىمۇ چوڭ پەرقلەر بارلىغى سەۋەپلىك بۇ تىلنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشتىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت. شۇڭلاشقا ئامېرىكىلىقلاردا ئىنگلىز تىلىغا نىسپەتەن ئىسپان تىلنى ئۆگىنىش، قوللىنىش قىزغىنلىغى پەيدا بولغان بولۇپ ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ 1993 ـ يىلى 28 ـ سىنتەبىردىكى دوكىلاتىدىن قارىغاندا، 2010 ـ يىلىدا ئىسپان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئامېرىكىلىقلار بۇ دۆلەتتە نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەتكە ئايلىنىش بىلەن 21 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسپان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ نوپۇستىكى نىسپىتى بىر قاتلىنىپ، ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، نوپۇستا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بېسىپ چۈشىدىكەن.

ئەمدى كۆرىدىغان بولساق، 1995 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى رادىئو خەۋىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، نېمىس تىلى يېزىغىمۇ ئىسلاھات باسقۇچىغا يېقىنلاشماقتا. چۈنكى، نېمىس تىلىنىڭ يېزىق شەكلىدىمۇ مۇرەككەپلىكلەر مەۋجۇت. مەسىلەن،بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق ay ، ai ، ei ey لەر 〈 ئاي 〉 ahn , ann , an لار 〈ئان〉 sz . sh . sch لار 〈ش〉 zsch . cs . cz tzch . sch لار 〈چ〉 ئوقۇلىدۇ. بۇ ئەھۋال نۆۋەتتە نېمىس تىلشۇناسلارنىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغىماقتا .

مانا شۇنداق .

شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشى ئىسىملىرىغا نىسپەتەن قەتئىي ھالدا تەلەپپۇزى بويىچە يېزىش ــ بىردىن ـ بىر توغرا ئىلمىي ئۇسۇل ، ئەلبەتتە .

2) ئەمدى چەتئەل يەر ناملىرىغا نىسپەتەن، ئۇنىڭ يەرلىك مىللەت تىلىدىكى يېزىلىشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرلا ۋاختىتا « ئىسىم ئېگىسىگە بويسۇنۇش » پرىنسىپى بويىچە يەرلىك خەلقنىڭ ئاتاشتا قوللانغان نامى بويىچە يېزىشنى ئاساس قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، بەزى دۆلەت ( مىللەت ) يەر ناملىرىنى ئۇنىڭ يېزىلىشىنىڭ فونېتىكىلىق تەلەپپۇز شەكلى بويىچە يېزىشقا بولىدىغان بولسىمۇ، بەزى يەر ناملىرىنىڭ ئوقۇلۇش ـ يېزىلىش شەكلى بۇ قائىدىگە چۈشمەيدۇ. مەسىلەن ، يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدىكىدەك نۇرغۇن يەر ناملىرى رۇس تىلى بىلەن كىرىپ بۇزۇق تەلەپپۇز شەكلى بويىچە ئۆزلىشىۋاتقان بولسا، نۆۋەتتە يەنە كۆپلىگەن يەر ناملىرى خەنزۇ تىلىدىكى ئاتىلىشى بويىچە يېزىلىشى نەتىجىسىدە خاتا تەلەپپۇز ھالىتى بىلەن يېزىلماقتا. بۇ ھال خۇسۇسەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىشىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنمەكتە. مەسىلەن، < قۇم قۇدۇق > نىڭ < 沙井子> ( Shajingzi ) < ئاقسۇ كونا شەھەر> نىڭ < 温宿 > (wensu) .... دەپ يېزىلىشلىرى بۇنىڭ قىسقىچە مىسالللىرىدۇر. ئەمدى چەتئەل يەر ناملىرىغا نىسپەتەن، < قاھىرە > نىڭ ئىنگلىز تىلىدا < Cairo>، ختايچىدا < 开罗> (kayluo)، < مىسىر > نىڭ ئېنگىلىزچە < Egypt> ، ختايچە < 埃及> (Aiji) دەپ يېزىلىدۇ .

مانا بۇلاردىن مەلۇمكى ، يەر ناملىرى ئەگەر بۇ ئىككى تىلدىكى يېزىلىشى بويىچە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ ھالدا ئۇ ناملارنىڭ ئەسلىدە ئاشۇ ھەقدار جاينىڭ ئىكەنلىگىنى زادىلا بىلگىلى بولمايدۇ. بەلكى يىللار ئۆتكەندە ئۇلار : « بۇ ناملار بىزنىڭ تىلىمىزچە ئاتالغان ئىكەن، يۇرتلارمۇ مۇھەققەق بىزنىڭ » دەمدۇ ، تېخى (؟)

## ئۇيغۇر تىلى ـ يېزىغىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىپادىلەش كۈچى توغرىسىدا

ناھايىتى رۇشەنكى ، ئۇيغۇر تىلىدا ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر خىل ھەرپ كۆپ خىل تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە باشقا تىللاردىكى ئىسىملارنى خاتا ۋە قالايمىقان يېزىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئەمەس .

بۇنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكى تېماتىك مەزمۇنلار ۋە ئۇ تېمىلارنىڭ شەرھىسىدىن رۇشەن كۆرىۋالالايمىز .

### 1) فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

(1) **ئۇيغۇر تىلى ـــ** يۇمشاق ، يېپىشقاق تىل . ھازىر قوللىنىۋاتقان يېزىغىمىز ئەرەپ تىلى يېزىغى ئاساسىدا ئىشلەپ چىقىلغان ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ ، **32** ھەرپتىن تۈزۈلگەن . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى بۇ **32** ھەرپ **32** خىل تاۋۇشنىڭ بەلگىسى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ .

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ :

www.uyghurkitap.com

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسى

| فونېتىكىلىق تاۋۇش شەكىللىرى | فونېملىق تاۋۇش شەكىللىرى | ھەرپ شەكىللىرى | № | فونېتىكىلىق تاۋۇش شەكىللىرى | فونېملىق تاۋۇش شەكىللىرى | ھەرپ شەكىللىرى | № |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| [ k‘ ] | [ k‘ ] | كـ ـكـ ـك ك | 18 | [ɑ] [A] | [ɑ] | ئا ـا ا ـئا | 1 |
| [ɤ] [g] | [g] | گـ ـگـ ـگ گ | 19 | [æ] [ɛ] | [æ] | ئە ـە ە ـئە | 2 |
| [ŋ] | [ŋ] | ڭـ ـڭـ ـڭ ڭ | 20 | [b] | [b] | بـ ـبـ ـب ب | 3 |
| [l] | [l] | لـ ـلـ ـل ل | 21 | [ p‘ ] | [ p‘ ] | پـ ـپـ ـپ پ | 4 |
| [m] | [m] | مـ ـمـ ـم م | 22 | [t‘] | [t‘] | تـ ـتـ ـت ت | 5 |
| [n] | [n] | نـ ـنـ ـن ن | 23 | [ʤ] | [ʤ] | جـ ـجـ ـج ج | 6 |
| [ɦ ] [h] | [ɦ ] | ھـ ـھـ | 24 | [tʃ‘] | [tʃ‘] | چـ ـچـ ـچ چ | 7 |
| [o] | [o] | ئو ـو و ـئو | 25 | [χ] | [χ] | خـ ـخـ ـخ خ | 8 |
| [ɷ][ u ] | [u] | ئۇ ـۇ ۇ ـئۇ | 26 | [ d ] | [ d ] | د ـد | 9 |
| [ø] | [ø] | ئۆ ـۆ ۆ ـئۆ | 27 | [ r ] | [ r ] | ر ـر | 10 |
| [y] | [y] | ئۈ ـۈ ۈ ـۈ | 28 | [ z ] | [ z ] | ز ـز | 11 |
| [ w ] [ v ] | [ v ] | ۋ ـۋ | 29 | [ʒ] | [ʒ] | ژ ـژ | 12 |
| [e] | [e] | ئې ې ئېـ ېـ ـېـ ـئېـ ـې ـئې | 30 | [ s ] | [s] | سـ ـسـ ـس س | 13 |
| | | | | [ʃ] | [ʃ] | شـ ـشـ ـش ش | 14 |
| [ɪ] [i] | [ i ] [e] | ئى ى ئىـ ىـ ـىـ ـئىـ ـى ـئى | 31 | [ʁ] | [ʁ] | غـ ـغـ ـغ غ | 15 |
| | | | | [ f ] | [f] | فـ ـفـ ـف ف | 16 |
| [ j ] | [ j] | ي ـيـ ـيـ ـي | 32 | [q‘] | [q‘] | قـ ـقـ ـق ق | 17 |

جەدۋەلدىن مەلۇمكى ، 7 ھەرپنىڭ ناھايىتى بىلىنگۈسىز دىگۈدەك فونېتىكىلىق تەلەپپۇز ھالىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇمۇمىي تاۋۇش شەكلى 39. ئەمما بەزى ھەرپلەردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر شۇ ھەرپنىڭ فونىملىق تەلەپپۇز ھالىتىدىن ئۇنچىۋالا يىراقلاپمۇ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، ‹ئا› ھەرپنىڭ فونىملىق ترانسكرىپسىيىسى [α]، فونېتىكىلىق ترانسكرىپسىيىسى بولسا [α] , [A] بولۇپ، تىلىمىزدىكى ‹ ئاتا › دېگەن سۆزلەمنى [At'A]، ‹ قاغا › دېگەن سۆزلەمنى [q'αʁα] دەپ يازىمىز، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ يەردە [α], [A] لارنىڭ تەلەپپۇز ھالىتىدە ئالاھىدە چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت ئەمەس. يەنە تىلىمىزدىكى ‹گال› دېگەن سۆزلەمنى [gɑl] شەكلىدە، ‹تۆگمە› دېگەن سۆزلەمنى [t' y ɣ m ɛ] شەكلىدە يازىمىز. دېمەك بۇ يەردىمۇ ‹ گ › ھەرپىنىڭ تەلەپپۇز ھالەتلىرى ئالاھىدە چوڭ پەرق قىلىپ كەتمەيدۇ .

دېمەك ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا مانا شۇ 32 ھەرپ بار ۋە ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق 32 خىللا تاۋۇش شەكلى بار بولۇپ، باشقا ھەر قانداق يەككە ۋە قوشما ھەرپ شەكىللىرى ياكى يەككە ۋە قوشما تاۋۇش شەكىللىرى يوق. شۇ جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇ ئەدەبىي تىلى يېزىغىنى ناھايىتى قىسقا مۇددەتتە، ( 3 كۈندىلا ) مۇكەممەل ئۆگۈنۈپ بولغىلى ۋە دەرھاللا سۆز ئۆگۈنۈشكە، بىلىم ئاشۇرۇشقا كىرىشكىلى بولىدۇ .

(2) يۇقارقى جەدۋەلدە مەلۇم بولغىنىدەك، بەزى ھەرپلەرنىڭ شەكىللىرى كۆپتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ناھايىتى قائىدىلىك، جۈملىدىن ھەرپلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى ئېنىق بولغانىنىڭ ئۈستىگە كىچىككىنە ئىزاھات ئارقىلىق قايسى شەكىلنىڭ سۆزلەملەرنىڭ قانداق يېرىدە قوللىنىلىدىغانلىغىنى بىرلا ئاڭلاپ بىلىۋالغىلى ۋە مەسىلىنى دەرھاللا ھەل قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭدىمۇ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى سەۋەپلىك كومپيۇتېر ھازىر ئائىلىلەرگىچە ئومۇملىشىۋاتقان بولغاچقا نەچچە ۋاقىتتىن بۇ يانقى قول بىلەن خەت يازىدىغان دەۋر بىر يەرگە بېرىپ قالاي دېدى. شۇڭا ئەمدى ئارتۇق قائىدە سۆزلەپ ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز بولۇپ قالدى. چۈنكى، تىلىمىزدىكى ئاشۇ 32 ھەرپنىڭ جەمئىي 124 خىل شەكلى كومپيۇتېرنىڭ كونۇپكىلار تاختىسىغا ئىخچاملاشتۇرۇلۇپ يالغۇز ھەرپ شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرىۋېتىلگەن بولۇپ، سۆزلەملەرنى يازغاندا ھەرپلەر بىر - بىرىگە قوشۇلۇش جەريانىدا ئاپتوماتىك ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلغانلىقتىن، 32 خىل ھەرپنىڭ ئاشۇ 124 خىل شەكىلنىڭ بىمالال چىقىشى تېزلا ئىشقا ئاشىدۇ . بۇ يەردە ھۆرمەتلىك ئالىم ئەھەت ئەپەندىم ( جەنابىي الله بۇ مۇبارەك تەتقىقاتچىمىزنىڭ ئىككىلا دۇنيالىق ھاياتى ئۈچۈن جەننەت ھۇزۇرى بېغىشلىغاي، امىن!!!) باشچىلىغىدىكى «ئۇيغۇر سوفت شىركىتى» ئىشلىگەن كۆپ تىللىق كومپيۇتېر لۇغىتىگە ئالاقىدار ھەرپ جەدۋىلى كىشىنى بەكمۇ سۆيۈندۈرىدۇ . چۈنكى بۇ جەدۋەل **ا ، ە ، ب ، پ ، ت ، ج ، چ ، خ ، د ، ر ، ز ، ژ ، س ، ش ، غ ، ف ، ق ، ك ، گ ، ڭ ، ل ، م ، ن ، ھ ، و ، ۇ ، ۆ ، ۈ ، ۋ ، ې ، ى ، ي ، ئ ، لا** دىن ئىبارەت 34 خىل شەكىلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 32 خىل ھەرپنىڭ 124 خىل شەكىلنىڭ ھەممىسىنى چىقارغىلى بولىدۇ ۋە بىز ئۇيغۇر تىلىدىكى پۈتكۈل سۆزلەملەرنى ، ھەتتا باشقا تىلدىكى سۆزلەملەرنىمۇ ناھايىتى تېزلىكتە كەم - كۈتىسىز مۇكەممەل يېزىۋېتەلەيمىز .

(3) ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرىدە بىر سوزۇق تاۋۇش ھەرپىي بىر بوغۇم بولالايدۇ، ئەمما ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى بىلەن بىرلەشكەندىلا بوغۇم ھاسىل قىلالايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرتىلى سۆزلەملىرىنىڭ ئاڭلىنىشى شۇنچە ئېنىق، شۇنچە كەسكىن ۋە شۇنچە سالماقكى، گويا يىتىلىپ قىرانلىق دەۋرىگە كەلگەن جاسارەتلىك ژىگىت - قىزلارنىڭ ياڭراق ئاۋازىنى ئەسلىتىدۇ. ئەگەر ناخشا، شېئىر - قوشاقلاردا ياكى تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەردە ماس ھېسياتنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن يۇمشاقلىق، يېقىملىق ... كەبى تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلگەندىمۇ ياكى باشقا خىل ھالەتتە كەلگەندىمۇ سۆزلەملەر يانىلا ناھايىتى ئېنىقلىق، رۇشەنلىك دەرىجىسىنى ئەسلا يوقاتمايدۇ! شۇڭا سەزگۈسى نورمال كىشىلەرلا ئەمەس، بەلكى نورمال بولمىغان كىشىلەرمۇ شۇ سۆزلەمنى دەرھال ھېس قىلالايدۇ ۋە دەرھال

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چۈشنەلەيدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگۈچى چەتئەللىكلەرمۇ ھېچ قانداق قىنالمايلا پەرق قىلالايدۇ، دەرھال چۈشۈنۈپ كېتەلەيدۇ ۋە شۇڭا تېزلا ئۆگىنىۋالالايدۇ .

(4) تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغان چاغدا ئېنىقلىق دەرىجىسى ئاجايىپ يۇقىرى بولغانلىقى ئۈستىگە گۈزەللىك ۋە مۇزىكىلىق تۈيغۇ بېرىدۇ، باشقا بەزى تىللاردىكىدەك، سۆزلىگەندە ئېغىز ـ كۆز مايماقلاشتۇرۇلغان ياكى بوغۇز ياكى تىل تۇسالغۇلىرى پەيدا بولغانلىقى سەۋەبلىك چىراي سەتلىشىپ قالىدىغان ، دېمەك، كۆرۈمسىزلىك ۋە قوپاللىق كەبى ئەھۋاللار مەۋجۇت بولمايدۇ .

(5) نىمە دېمەكچى بولساق شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ھەرپلەر ئىشلىتىلگەنلىكىگە ئوخشاش، يازغان سۆزلەملىرىمىز قانداق ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان بولسا، ئوقۇلىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر سۆزلەش جەريانىدا سۆزلەملەردە تاۋۇشلار ئۆزگىرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا يانىلا ئۆزگەرگەن چاغدىكى تەلەپپۇزغا مۇناسىپ ھەرپ شەكىللىرىنى قوللىنىمىز، ھەرگىزمۇ ئەسلى ھەرپىنى باشقىچە تەلەپپۇز قىلىپ قويمايمىز .

(6) ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەملەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەركىن بولۇپ، رۇس تىلىدىكىدەك ئەر ـ ئايال، قىرى ـ ياشلار ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەم قوللىنىشتەك مۇرەككەپچىلىكلەر مەۋجۇت ئەمەس. ئەڭ ئەقەللىسى، كۆرسۈتۈش ئالماش ( ئۇ ) نى جانلىق، جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ سەۋەبلىك ھېچ قانداق ئۇقۇشماسلىق ياكى مەنا مۇجمەللىكى كېلىپ چىقمايدۇ.

(7) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي ساپ تىل سۆزلەملىرىنىڭ باش بۇغۇمى بىر سوزۇق تاۋۇش ياكى بىر سوزۇق + بىر ئۈزۈك تاۋۇش ( ياكى بىر ئۈزۈك + بىر سوزۇق تاۋۇش ) بىرلەشمىسىدىن تەركىب تاپىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرىنى ئاسان تەلەپپۇز قىلغىلى بولۇپلا قالماي، چەت تىللاردىن ، بولۇپمۇ ھىندى ـ ياۋروپا ۋە خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەردىن پەرقلەندۈرۈشكىمۇ ئىمكان بېرىدۇ .

(8) ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرى قوشۇمچىلىرىغىچە پۈتۈنلەي قائىدىلىك بولۇپ، ئۆگەنگۈچىلەردە ھېچ قانداق روھىي بېسىم پەيدا قىلمايدۇ .

(9) ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرىدە پەرقلىق مەنالار ئۈچۈن پەرقلىق سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. ئىسىم ـ ناملاردا بولۇپمۇ شۇنداق. مەسىلەن، كىشى ئىسىملىرى ۋە جىنسلا ئەمەس ھايۋاناتلارنىڭ نامى ۋە جىنسىمۇ پەرقلىق سۆزلەملەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما باشقا تىللاردا تولىمۇ غەلىتىلىك مەۋجۇت. كۆرىدىغان بولساق، پاختەك ۋە تۇرۇلغا خەنزۇچىدا 斑鸠 دېيىلىدۇ. ئەمما، بۇ ئىككى جانۋار تۈپتىن پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرچىدا پاختەك، تۇرۇلغا دەپ مۇشۇنداق خاس نامى بۆيىچە ئاتالغان. ئوخشاشلا كالا، بوقا، ئىنەك، ئارغۇن دېگەنلەرمۇ ئىنگلىزچىدە ‹ox› دەپلا بولدى قىلىنغان. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلارمۇ خاسلىقىغا ئاساسەن يۇقارقىدەك پەرقلىق ئىسىم قويۇلغان.

(10) ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرى قىسقا ۋە ئىخچام بولغانلىقتىن ئۆگۈنىۋېلىش، ئەستە ساقلاش ۋە قوللۇنۇش بەك ئاسان.

(11) ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرىدىكى مۇنداق ئېنىقلىق جۈملىلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانكى، بەزى چەتئەل تىللىرىدىكىدەك باشتا كەلگەن سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى داۋامىدىكى سۆزلەمنىڭ باش ھەرپى بىلەن بىرىكىپ يېڭى بىر بۇغۇم ھاسىل قىلىنىپ قالىدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى سۆزلەمنىڭ تۈزۈلۈشى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. ئالايلۇق، ئىنگلىزچىدا « **Good afternoon** »، « **Good evning** » دېگەن جۈملىلەردە سۆزلەملەر ئەنە شۇنداق ئايرىم ـ ئايرىم يېزىلىدىغان بولسىمۇ ئەمەلىي تەلەپپۇز قىلىنغان ۋاختىدىكى ئەھۋالغا دىققەت قىلىدىغان بولساق مۇنداق ئېنىقلىقنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ، يەنى بىر سۆزلەمدەك تۈيغۇ بېرىدۇ. مەسىلەن، 1 ـ جۈملىدىكى

سۆزلەملەر ئەسلدە ئايرم هالەتتە ‹ گۆد ›، ‹ ئافتېنۆن › بولسمۇ، ئەمما جۈملە شارايىتىدا ‹ گۆدافتېنۆن ›، ئوخشاشلا 2 ـ جۈملدىكى سۆزلەملەرمۇ ئەسلدە ئايرم هالەتتە ‹ گۆد › ، ‹ ئۆۋنىڭ› دېيىلدىغان بولسمۇ ، ئەمما جۈملە شارايىتىدا ‹ گۆدىۆۋنىڭ› دەپ ئوقۇلىدۇ . مۇنداق ئەهۋال يەنە باشقا جۈمللەردىمۇ ئۇچرايدۇ . ئەمدى فرانسۇز ( توغرىسى فغانسۇز ) تىلىدىمۇ مۇنداق ئەهۋال مەۋجۇت. مەسلەن : **où est il ?** نىڭ يەككە هالەتتىكى ئوقۇلۇشى ‹ ئۇ ـ ئە ـ ئىل › . ئەمما جۈملە شارايىتىدا ‹ ئۇئەتىل › ( دېمەككى، بۇ يەردە ئەمدى ئوقۇلمايدىغان هەرپ ‹ **t** › ئوقۇلىدىغان هالەتكىمۇ ئۆتۈپ قالىدۇ !) يەنە ، **Quel âge avez vous ?** دېگەن جۈملدە سۆزلەملەر ئايرم هالەتتە ‹كەل› ، ‹ئاژ› ، ‹ئاۋې› ، ‹ۋۇ› دەپ ئوقۇلىدىغان بولسمۇ ، جۈملە شارايىتىدا ‹ كەلاژاۋېۋۇ › دەپ ئوقۇلىدۇ . مۇنداق ئەهۋاللار باشقا جۈمللەردىمۇ ئۇچرايدۇ .....

**(12)** لۇغەتتىن سۆز ئىزدەش ـ تېپىش مەشغۇلاتلىرى ناهايىتى ئاددىي ۋە قولاي، يەنى تۆۋەندىكى « باش هەرپلەر جەدۋىلى » ئارقىلىق سۆزلەملەرنى ئاسانلا ئىزدەپ تاپالايمىز .

| № | هەرپلەر | № | هەرپلەر | № | هەرپلەر | № | هەرپلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا | **9** | د | 17 | ق | **25** | ئۇ |
| 2 | ئە | **10** | ر | 18 | ك | **26** | ئۆ |
| 3 | ب | **11** | ز | 19 | گ | **27** | ئۈ |
| 4 | پ | **12** | ژ | 20 | ل | **28** | ۋ |
| 5 | ت | **13** | س | 21 | م | **29** | ئې |
| 6 | ج | **14** | ش | 22 | ن | **30** | ئى |
| 7 | چ | **15** | غ | 23 | هـ | **31** | ي |
| 8 | خ | **16** | ف | 24 | ئو | | |
| | | | | **ئىزاھ :** «ڭ» هەرپى سۆزلەم بېشىدا كەلمىگەچكە جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى. | | | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(13) لۇغەت ئىشلەشتە ناھايىتى ئىقتىسادچانلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئىنگىلىز، فرانسۇز ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكىدەك ئاۋارىچىلىق، ۋاخت ئىسراپچىلىقى ۋە ھەرخىل ئىقتىسادىي زىيانلار مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىرى ئالاھىدە ترانسكرىپسىيىلىك ئىزاھلاش بولمىسىمۇ كىپايە قىلىدىغان بولغاچقا ھەر قانداق لۇغەتتە ، ــ مەيلى ئۇ ئىزاھلىق لۇغەت بولسۇن ، ياكى ھەر خىل تىللار بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ ئىشلەنگەن لۇغەتلەر بولسۇن ھەر قانداق قوشۇمچە بەلگىلەرگە جۈملىدىن ترانسكرىپسىيىنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياج يوقتۇر .

مەسىلەن :

① « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » دىن پارچە

# ئا

**ئا** I ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى · ② شۇ ھەرپىنىڭ نامى .

**ئا** II ئال «ئاۋۇ»سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى .

**ئابايا** رەۋ [ئاۋۇ+بايا] بايىدىن سەل بۇرۇن ، ئىلگىرى (ۋاقىت ھەققىدە) : ئابايا ئۇيلانمايلا ئۇلارنىڭ گېپىگە خاپا بوپتىمەن .

**ئابايىقى** سۈپ . بايىقىدىن سەل بۇرۇن يۈز بەرگەن ، سادىر بولغان : ئابايىقى گېپىڭنى يەنە دېگىنە .

**ئابخاز** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى . ئۇلار ئابخازىيەنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ : ئابخاز خەلقى .

**ئابدال** ئى [ئە] قەلەندەر ، دىۋانە ، تىلەمچى .

**ئابداللاشماق** پ . ئابدالغا ئوخشاپ قالماق ؛ ئابدالغا ئايلانماق.

**ئابداللىق** ئى . ئابداللارغا خاس ئىش ـ ھەرىكەت ، قىلىق .

**ئابدىمىلىك** ئى [ئە] <بوت> سۇتلۇك ئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق شادا غوللۇق ئۆسۈملۈك . «ئىنەكېتى»مۇ دېيىلىدۇ .

**ئابرۇي** ئى [پ] جامائەت ئىچىدە ئىگە بولغان ھۆرمەت ؛ ئىناۋەت ، نوپۇز : ئابرۇيىنى تۆكمەك . ✱ ئۇ دادىسىنىڭ ... ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتقانلىقى ئۈچۈن ، ئابرۇيى بىر پۇل بولدى .

**ئابرۇيپەرەس** سۈپ [پ] نام ـ شۆھرەت ، ئابرۇي قوغلىشىدىغان : ئۇ ئىنتايىن ئابرۇيپەرەس پادىشاھ ئىدى .

**ئابرۇيپەرەسلىك** ئى . نام ـ شۆھرەت ، ئابرۇي قوغلىشىدىغان مىجەز ، خاراكتېر : ئاچ كۆزلۈك ۋە ئابرۇيپەرەسلىك ئاخىرى ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىدۇ .

**ئابرۇيسىز** سۈپ . ئابرۇيى ، ئىناۋىتى يوق : بۇرۇن ئۇ ئابرۇيسىز باشلىق ئىدى .

**ئابرۇيسىزلاندۇرماق** « ئابرۇيسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : ئازراق غۇرۇرى بار ھەرقانداق ئادەم كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزىنى ئابرۇيسىزلاندۇرىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ .

**ئابرۇيسىزلاندۇرۇلماق** «ئابرۇيسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : بىر ئادەم ئايرىم زىيانكەشلەر تەرىپىدىن مەلۇم ۋاقىت ئابرۇيسىزلاندۇرۇلسىمۇ ، تارىخ بەرىبىر بىر كۈنى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ .

**ئابرۇيسىزلانماق** پ . ئابرۇيى كەتمەك ، ھۆرمىتى ، ئىناۋىتى يوقالماق : ئۇ شۇندىن ئېتىبارەن ئابرۇيسىزلىنىپ مەھەللە ئىچىدە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى .

**ئابرۇيسىزلىق** ئى . ئابرۇيى ، ئىناۋىتى يوقلۇق .

**ئابرۇيلۇق** سۈپ . ئابرۇيى بار؛ نوپۇزلۇق : ئابرۇيلۇق ئادەم .

**ئابزاس** ئى [ر<نېم] مەلۇم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى باش قۇر ئارىسىدىكى تېكىست : بىر ئابزاس . ئاخىرقى ئابزاس .

**ئابزاسلىق** سۈپ . ئابزاسى بار ، ئابزاسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان : بەش ئابزاسلىق ماقالە .

**ئابستراكت** سۈپ [ر] پىكىر قىلىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان ، كونكرېت تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن ؛ ئېنىق بولمىغان ، مەۋھۇم : ئابستراكت ئۇقۇم . ئابستراكت تەبىر . ئابستراكت تەپەككۇر .

**ئابستراكتلاشتۇرماق** ① « ئابستراكتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى . ② نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ مۇھىم ۋە مۇئەييەن بەلگە ، قانۇنىيەتلىرىنى ئاجرىتىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ بەزى ئەرزىمەيدىغان تەرەپلىرىنى ياكى باغلىنىشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزمەك .

www.uyghurkitap.com

**(14)** كومپيوتېر ئارقىلىق خەت يېزىش ـ خەت ئالاقە قىلىش مەشغۇلاتى جەھەتتە كونۇپكا تاختىسىنى ئىشقا سېلىپ خەتنى ۋاختى بىلەن تېز ـ تېز يازغىلى ۋە يوللىغىلى، شۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاختتا تېز ئۈچۈر يوللاش، يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش مەخسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىدىكىدەك ئوقۇلمايدىغان ( ئورۇنسىز يېزىلىپ ۋاخت ئىسراپچىلىقى پەيدا قىلىدىغان ) زىيادە ھەرپلەر مەۋجۇت ئەمەس. خەنزۇ تىلىدىكىدەك ئاۋال خەتنىڭ لاتىنچە شەكلىنى يېزىش، ئۇنىڭدىن كېيىن خەت چىقىرىش بۇيرۇغىنى بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ماس، كېرەكلىك خەتنى تاللاش قاتارلىق بىر قاتار قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بىلەن ئىشنىڭ سۈرئىتىگە ئېغىر تەسىر يېتىدىغان ئەھۋاللار تېخىمۇ مەۋجۇت ئەمەس !

سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ .

## 2) ئىپادىلەش كۈچى

سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىكى پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىمىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ تاۋۇش ئورگانلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە شۇ سەۋەپلىك غەيرى تىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنىڭ تەڭداشسىز يۇقىرى ئىكەنلىگى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتىمەن .

ناھايىتى رۇشەنكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئەڭ رۇشەن ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، تىل ـ تاۋۇش ئورگانلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىغىدۇر. بۇ، غەيرى تىللاردىكى تاۋۇشلارنى باشقا مىللەتلەردىكىلەرگە نىسپەتەن ۋاختى بىلەن دەرھال توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىغانلىغى بىلەن، دېمەك، غەيرى تىللاردىكى تاۋۇشلارنى توغرىلىغى جەھەتتىن يۇكسەك دەرىجىدە تېز ۋە توغرا ئىپادىلەش ئىختىدارى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەينى ۋاختتا بۇ ھەر قانداق غەيرى مىللەت تىلىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىمۇ دەل ۋاختىدا ئەينەن تەلەپپۇز قىلالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا قوللىنىۋاتقان سۆز ـ ئاتالغۇلارنى خاتىرلەش ئۈچۈن قوللانغان يېزىقلىرىمىزغا بىر قەدەم ئىلگىرلەپ « غەيرى مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنىمۇ توغرا يېزىشقا مۇمكىن بولسۇن »، دەپ « غەيرى تىللار يېزىقلىرىدىن ئۆلگىلەر » تەييارلاپ ئۆگىنىۋېپ قويغان بولساق، بەلكىم، تىل ـ تاۋۇش ئورگانلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ ، ـــ تەڭداشسىز دېگۇدەك يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كەم ـ كۈتىسىز ھالدا نامايان قىلار ئىكەنمىز.

خەيرىيەت، ئەمدى نۆۋەتتىكى مەۋجۇت تىل ـ يېزىغىمىز بىلەنمۇ بۇ جەھەتتە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. بۇ، ئىنشا ئاللاھ سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ باشقا تىللارغا نىسپەتەن پاساھەت ـ بالاغەتتىكى ئاجايىپ قىممەتلىك يۈكسەك ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تونۇتالىشىمىزنى نامايان قىلىدىغان « كاتتا ئىلىم دۇنياسى » نىڭ ئىشىگىنى ئاچقانلىغىمىزنىڭ بىشارىتى بولۇپ قالغۇسى !

ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن مۇشۇ مەخسەتتە ئىشلەپ چىققان « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تاۋۇشلار بىلەن كۆپ ئىشلىتىلىدىغان چەتئەل تىللىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى» جەدۋىلىگە قاراڭ :

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تاۋۇشلار بىلەن كۆپ ئىشلىتىلىدىغان چەتئەل تىللىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى

## Comparison of Sounds of Uygur Language And Common Foreign Languages

| ئۇيغۇر تىلى / تىللىرى / چەتئەل | | | 1 دۇنيا تىلى | 2 ئىنگلىزچە | 3 رۇسچە | 4 ئەرەبچە | 5 فرانسۇزچە | 6 ئىسپانچە | 7 نېمىسچە | 8 خەنزۇچە | 9 ياپونچە | 10 ئىتالىيانچە | 11 گوللاندچە | 12 پورتۇگالچە | 13 پولەكچە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا | [A][α] | [a] | [ʌ][a][ɑ:] | [a] | [a][a:] | [a][α] | [a] ≈ | [a][a:][ɐ] | [α] | [α] | [a] | [a][a:] | [a][a:] | [a] |
| 2 | ئە | [ɛ][æ] | ● | [æ][ə][ə:] | ● | [æ][ɛ] | [ə][ə:][ɛ][œ] | ● | [æ][ɛ][ɛ:] | ● | ● | [ɛ] | [ɛ] | ● | ● |
| 3 | ب | [ b ] | [b] | [b] | [б][б'] | [b] | [b] | [b] | [b] | ● | ● | [b] | [ b ] | [ b ] | [ b ] |
| 4 | پ | [p'] | [p] | [p] | [п][п'] | ● | [p] | [p] | [p] | ● | ● | [p] | [ p ] | [ p ] | [ p ] |
| 5 | ت | [t'] | [t] | [t] | [т][т'] | [t][ṭ] | [t] | [t] | [t] | ● | ● | [t] | [t] | [t] | [t] |
| 6 | ج | [ʤ] | [ʤ] | [ʤ] | ● | [ʤ] | ● | ● | ● | ● | ● | [ʤ] | [ʤ] | ● | [ʤ] |
| 7 | چ | [ʧ'] | [ʧ] | [ʧ] | [ч][ч'] | ● | ● | [ʧ] | [ʧ] | ● | ● | [tʃ] | ● | ● | [tʃ] |
| 8 | خ | [χ] | [χ] | ● | [χ][χ'] | [χ] | [r] ≈ | [χ] | [χ] | ● | ● | ● | [χ] | ● | ● |
| 9 | د | [d] | [d] | [d] | [д][д'] | [d] | [d] | [d] | [d] | ● | ● | [d] | [ d ] | [ d ] | [ d ] |
| 10 | ر | [r] | [r] | [r] | [p][p'] | [r] | ● | [r] | [r] | ● | ● | [r] | [ r ] | [ r ] | [ r ] |
| 11 | ز | [z] | [z] | [z] | [з][з'] | [ẓ][z][ð] | [z] | ● | [z] | ● | ● | [z] | [ z ] | [ z ] | [ z ] |
| 12 | ژ | [ʒ] | [ʒ] | [ʒ] | [ж][ж'] | ● | [ʒ] | ● | [ʒ] | ● | ● | ● | ● | [ʒ] | [ʒ] |
| 13 | س | [s] | [s] | [s][θ] | [c][c'] | [ṣ][s][θ] | [s] | [s][θ] | [s] | ● | ● | [s] | [s] | [s] | [s] |
| 14 | ش | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | [ш][ш'] | [ʃ] | [ʃ] | ● | [ʃ][ç] | ● | ● | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ][ç] |
| 15 | غ | [ʁ] | ● | ● | ● | [ɣ] | [r] ≈ | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |
| 16 | ف | [f ] | [f] | [f] | [Φ][Φ'] | [f] | [f] | [f] | [f] | ● | ● | [f] | [ f ] | [ f ] | [ f ] |
| 17 | ق | [q'] | ● | ● | ● | [q'] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |
| 18 | ك | [k'] | [k] | [k] | [k][k'] | [k'] | [k] | [k] | [k] | ● | ● | [k] | [ k ] | [ k ] | [ k ] |
| 19 | گ | [ɣ][g] | [g] | [g] | [г][г'] | ● | [g] | [g] | [g] | ● | ● | [g] | [g] | [g] | [g] |
| 20 | ڭ | [ŋ ] | ● | [ŋ ] | ● | ● | ● | ● | [ŋ ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● |
| 21 | ل | [l] | [l] | [l] | [л][л'] | [l] | [l] | [l] | [l] | ● | ● | [l] | [l] | [l] | [l] |
| 22 | م | [m] | [m] | [m] | [м][м'] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [ m ] | [ m ] | [m] |
| 23 | ن | [n] | [n] | [n] | [н][н'] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [ n ] | [ n ] | [ n ] |
| 24 | ھ | [ɦ][h] | ● | [h] | ● | [ħ][h] | ● | ● | [h] | ● | [h] | ● | ● | ● | [h] |
| 25 | ئو | [o][ɔ] | [ɔ] | [ɔ][ɔ:][o] | [o] | ● | [o][ɔ] | [o] | [ɔ][o][o:] | [o] | [o] | [o][ɔ] | [o][ɔ] | [o] | [o] |
| 26 | ئۇ | [ɷ][u] | [u] | [u][u:] | [y] | [u][u:] | [u] | [u][u:] | [u][u:] | ● | [u] | [u] | [u:][u] | [u] | [u] |
| 27 | ئۆ | [ø] | ● | ● | ● | ● | [ø] | ● | [ø][ø:] | ● | ● | ● | [ø] | ● | ● |
| 28 | ئۈ | [y] | ● | ● | ● | ● | [y] | ● | [y][y:] | ● | ● | ● | [y][y:] | ● | ● |
| 29 | ۋ | [w][v] | [v] | [v] | [в][в'] | [W] | [v] | [v] | [v] | ● | ● | [w] | [ v ] | [ v ] | [ v ] |
| 30 | ئې | [e] | [e] | [ə][ə:] | [э][e] | ● | [e] | [e] | [e][e:] | [e] | [e] | [e] | [e] | [ e ] | [ e ] |
| 31 | ئى | [ı][i] | [i] | [i][i:] | [и][ы] | [i][i:] | [i] | [i] | [ı][i][i:] | ● | [i] | [i] | [i:] [i] | [i] | [i] |
| 32 | ي | [j] | [j] | [j] | [й] | [j] | [j] | [j] | [j] | ● | ● | [j] | [ j ] | [ j ] | [ j ] |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| ئۇيغۇر تىلى / چەتئەل تىللىرى | | | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | چېخچە | ۋېنگىرچە | رومانىيانچە | بۇلغارچە | ئالبانىيانچە | سېربچە | گرېكچە | فىنلاندچە | شۋېتچە | نورۋېگچە | دانچە | ئىسلاندچە | مالتاچە | موڭغۇلچە | لاتۋىيچە |
| 1 | ئا | [A][α] | [a][a:] | [a] | [a] | [a] | [a] | [a] | [a] | [a][a:] | [a] | [a][a:] | [a] | [a] | [a] | [a][a:] | [a] |
| 2 | ئە | [ɛ][æ] | ● | [ɛ] | ● | ● | ● | ● | [ɛ] | [æ][ɛ] | [ɛ][æ] | [æ] | [œ][ɛ] | ● | ● | ● | ● |
| 3 | ب | [b] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [b] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [b] | [b] | [ b ] | [ b ] |
| 4 | پ | [p‘] | [ p ] | [ p ] | [p] | [ p ] | [ p ] | [p] | [p] | [p] | [p] | [p] | [ p] | [p] | [p] | [ p] | [ p ] |
| 5 | ت | [t‘] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] |
| 6 | ج | [ʤ] | [ʤ] | [ʤ] | [ʤ] | [ʤ] | [ʤ] | [ʤ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [ʤ] | [ʤ] | ● |
| 7 | چ | [tʃ‘] | [tʃ] | [tʃ] | [tʃ] | [tʃ] | [tʃ] | [tʃ] | ● | ● | ● | [tç] | [tç] | ● | [tʃ] | [tʃ] | ● |
| 8 | خ | [χ] | ● | ● | ● | [χ] | ● | ● | [χ] | ● | ● | ● | ● | ● | [χ] | [χ] | ● |
| 9 | د | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [ d ] | [ d ] | [d] | [d] | [ d ] |
| 10 | ر | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [r] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [r] | [r] | [ r ] |
| 11 | ز | [ z ] | [ z ] | [ z ] | [ z ] | [ z ] | [ z ] | [z] | [ z ] | ● | ● | ● | [ð] | [ð] | [z] | [z] | ● |
| 12 | ژ | [ʒ] | [ʒ] | [ʒ] | [ʒ] | [ʒ] | [ʒ] | [ʒ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |
| 13 | س | [s] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [s][θ] | [s] | [s][θ] | [s] | [s] | [s] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] |
| 14 | ش | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | ● | ● | [ʃ] | [ʃ][ç] | [ʃ] | ● | [ʃ] | [ʃ] | ● |
| 15 | غ | [ʁ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [ɣ] | ● | ● |
| 16 | ف | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [f] | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [ f ] | [ f ] |
| 17 | ق | [q‘] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |
| 18 | ك | [ k‘] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [k] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] |
| 19 | گ | [ɣ] [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | ● |
| 20 | ڭ | [ŋ ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [ŋ ] | [ŋ ] |
| 21 | ل | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] |
| 22 | م | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [m] | [m] | [ m ] | [m] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [m] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] |
| 23 | ن | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [n] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] |
| 24 | ھ | [ɦ ] [h] | [h] | [h] | [h] | ● | [h] | [h] | ● | [h] | [h] | [h] | [h] | [h] | ● | ● | [h] |
| 25 | ئو | [o] [ɔ] | [o][o:] | [o][o:] | [ɔ] | [o] | [o] | [ɔ] | [o] | [o][o:] | [o][ɔ] | [o][ɔ:] | [o][ɔ] | [ɔ] | [o] | [o] | [o][ɔ] |
| 26 | ئۇ | [ɷ][ u ] | [u:][u] | [u:][u] | [ u ] | [ u ] | [ u ] | [u] | ● | [u:][u] | [u][ʊ] | [u:][u] | [u] | [u] | [u] | [u:][u] | [ u ] |
| 27 | ئۆ | [ø] | ● | [ø][ø:] | ● | ● | ● | ● | ● | [ø] | [ø] | [ø][ø:] | [ø] | [ø] | ● | [ø] | ● |
| 28 | ئۈ | [y] | [y][y:] | [y][y:] | ● | ● | [y] | ● | ● | [y][y:] | [y] | [y][y:] | [y] | [y] | ● | ● | ● |
| 29 | ۋ | [w][v ] | [w] | [ v ] | [w][v] | [v] | [ v ] | [v] | [ v ] | [w] | [ v ] | [ v ] | [ v ] | [ v ] | [w][v ] | [w] | [w ] |
| 30 | ئې | [ e ] | [e][e:] | [e:] | [e][ə] | [e] | [e][ə] | [e] | [ e ] | [e][e:] | [ e ] | [ e ] | [ e ] | [ e ] | [ e ] | [ e][e:] | [ e ] |
| 31 | ئى | [ɪ] [i] | [i:][i] | [i:][i] | [i] | [i] | [i] | [i] | [i] | [i:][i] | [i] | [i:][i] | [i][i:] | [i][i:] | [i][i:] | [i] | [i] |
| 32 | ي | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [j] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] |

| چەتئەل تىللىرى / ئۇيغۇرتىلى | | | 29 | 30 | 31 | 32 | 33 | 34 | 35 | 36 | 37 | 38 | 39 | 40 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | مون - كخمېرچە | بىرمانچە | تايلاندچە | ھىندونوزىيە | تاگالوگچە | مالايچە | ھىندىچە | ئۇردۇچە | سىنگالچە | بېنگالچە | تۈركچە | فارسچە |
| 1 | ئا | [A][α] | [a][a:] | [a] | [a] | [a] | [a] | [a] | [a] | [a][aː] | [a][a:] | [a] | [a] | [a][aː] |
| 2 | ئە | [ɛ][æ] | [ə] | ● | ● | ● | ● | ● | [ə] | [ə] | [ɛ][æ] | ● | [æ] | [æ] |
| 3 | ب | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [b][b‘] | [b][b‘] | [b][b‘] | [b][b‘] | [ b ] | [ b ] |
| 4 | پ | [ p‘ ] | [p‘ ][p | [p‘][p] | [ p ] | [ p ] | [ p ] | [ p ] | [p][p‘] | [p][p‘] | [p][p‘] | [p][p‘] | [ p ] | [ p ] |
| 5 | ت | [t‘] | [t‘][t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t][t‘] | [t][t‘] | [t][t‘] | [t][t‘] | [t] | [t] |
| 6 | ج | [ʤ] | ● | [tç] | [ʤ] | [ʤ] | ● | [ʤ] | [ʤ][ʤ‘] | [ʤ][ʤ‘] | [ʤ][ʤ‘] | [ʤ][ʤ‘] | [ʤ] | [ʤ] |
| 7 | چ | [tʃ‘] | [ts‘] | [tç‘] | [tʃ] | ● | ● | ● | [tʃ][tʃ‘] | [tʃ][tʃ‘] | [tʃ][tʃ‘ | [tʃ][tʃ‘] | [tʃ‘][tç] | [tʃ] |
| 8 | خ | [χ] | ● | [χ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [χ] |
| 9 | د | [ d ] | [ d ] | [ d ] | [ d ] | [ d ] | [ d ] | [ d ] | [d][d‘] | [d][d‘] | [d][d‘] | [d][d‘] | [ d ] | [ d ] |
| 10 | ر | [ r ] | ● | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | ● | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [ r ] |
| 11 | ز | [ z ] | ● | [ z ] | ● | [ z ] | ● | [ z ] | [ z ] | [ z ] | ● | [ z ] | [ z ] | [ z ] |
| 12 | ژ | [ʒ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [ʒ] | ● | ● | [ʒ] | [ʒ] |
| 13 | س | [ s ] | [ s ] | [s][s‘] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [ s ] |
| 14 | ش | [ʃ] | ● | [ç] | ● | ● | ● | [ç] | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] |
| 15 | غ | [ʁ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [ɣ] | [ʁ][ɣ] |
| 16 | ف | [ f ] | ● | ● | [ f ] | [ f ] | ● | [ f ] | [ f ] | [ f ] | ● | [ f ] | [ f ] | [ f ] |
| 17 | ق | [q‘] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [q] | ● | ● | ● | [q‘] |
| 18 | ك | [ k ‘] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [ k ] | [k][ k‘] | [k][ k‘] | [k][ k‘] | [k][ k‘] | [ k] | [ k] |
| 19 | گ | [ɣ][g] | ● | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g][g‘] | [g][g‘] | [g][g‘] | [g][g‘] | [g] | [g] |
| 20 | ڭ | [ŋ] | [ŋ ] | [ŋ ] | [ŋ] | [ŋ ] | [ŋ ] | [ŋ ] | [ŋ ] | [ŋ ] | [ŋ] | [ŋ] | ● | ● |
| 21 | ل | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] |
| 22 | م | [m] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [ m ] |
| 23 | ن | [n] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] |
| 24 | ھ | [ɦ ][h] | [h] | ● | [h] | [h] | [h] | [h] | [h] | [h] | [h] | [h] | [h] | [ɦ ][h] |
| 25 | ئو | [o][ɔ] | [o][ɔ] | [o] | [o] | [o] | [o][ɔ] | [o] | [o][ɔ] | [o][ɔ] | [o][o:] | [o][ɔ] | [o] | [o][ɔ] |
| 26 | ئۇ | [ɷ][u] | [u][u:] | [u][u:] | [ u ] | [ u ] | [ u ] | [ u ] | [ u ] [ uː] | [ u ] | [u][uː] | [ u ][ uː] | [ u ] | [ uː] |
| 27 | ئۆ | [ø] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [ø] | ● |
| 28 | ئۈ | [y] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [y] | ● |
| 29 | ۋ | [w][v] | [v] | [w] | [w][v] | [w] | [v] | [w] | [v] | [w] | [v] | [w] | [w][v] | [v] |
| 30 | ئې | [ e ] | [e][e:] | [ e ] | [e] | [e] | [e] | [e] | [e][e:] | [e] | [ e ] | [ e ] | [ e ] | [e][e:] |
| 31 | ئى | [ı] [i] | [i] [i :] | [i][i:] | [i][i:] | [i] | [i] | [i] | [i] [i:] | [i] [i:] | [i][i:] | [i][i:] | [i] | [i:] |
| 32 | ي | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] |

www.uyghurkitap.com

| چەتئەل تىللىرى / ئۇيغۇر تىلى | | | 41 | 42 | 43 | 44 | 45 | 46 | 47 | 48 | 49 | 50 | 51 | 52 | 53 | 54 | 55 | 56 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | پۇشتۇچە | تامىلچە | فىجىچە | سۋاھىلچە | ئامھارچە | سومالىچە | ماداغاسقارچە | ئىبرايچە | خائۇساچە | بورچە | تسۋاناچە | ۋولفچە | بانتۇچە | كورىيانچە | سلوۋاكچە | مالگاشچە |
| 1 | ئا | [A][α] | [a][a:] | [a][a:] | [a] | [a] | [a] | [a][a:] | [a] | [a][a:] | [a] | [a][a:] | [a] | [a] | [a] | [a] | [a][a:] | [a] |
| 2 | ئە | [ɛ][æ] | [ə] | [æ] | [æ] | ● | [ə] | ● | ● | ● | ● | [ə][ɛ][œ] | ● | [ə] | ● | ● | ● | ● |
| 3 | ب | [ b ] | [ b ] | [ b ] | [b] | [b] | [b] | [ b ] | [b] | [b] | [b] | [b] | [b] | [b] | [b] | [b] | [b] | [b] |
| 4 | پ | [ pʻ ] | [ p ] | [ p ] | [p] | [p] | [p] | ● | [p] | [p] | ● | [p] | [p] | [p] | [p] | [p] | [p] | [p] |
| 5 | ت | [tʻ] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] | [t] |
| 6 | ج | [ʤ] | [ʤ] | ● | ● | [ʤ] | [ʤ] | [ʤ] | ● | ● | [ʤ] | ● | ● | [ʤ] | [ʤ] | ● | [ʤ] | [ʤ] |
| 7 | چ | [tʃʻ] | [tʃ] | [tʃ] | ● | [tʃ] | [tʃ] | ● | ● | ● | [tʃ] | [tc] | ● | ● | [tʃ] | ● | [tʃ] | ● |
| 8 | خ | [χ] | [χ] | ● | ● | [χ] | [χ] | [χ] | ● | [χ] | ● | [χ] | [χ] | [χ] | ● | ● | ● | ● |
| 9 | د | [ d ] | [ d ] | [ d ] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] | [d] |
| 10 | ر | [ r ] | [ r ] | [ r ] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] | [r] |
| 11 | ز | [ z ] | [ z ] | [ z ] | [z] | [z] | [z] | ● | [z] | [z] | [z] | [z] | [z] | ● | [z] | [z] | [z] | [z] |
| 12 | ژ | [ʒ] | [ʒ] | ● | ● | ● | [ʒ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [ʒ] | ● | [ʒ] | ● |
| 13 | س | [ s ] | [ s ] | [ s ] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] | [s] |
| 14 | ش | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | ● | ● | [ʃ] | [ʃ] | ● | [ʃ] | [ʃ] | [ʃ] | ● | ● | [ʃ] | ● | [ʃ] | ● |
| 15 | غ | [ʁ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |
| 16 | ف | [ f ] | [ f ] | ● | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] | [f] |
| 17 | ق | [qʻ] | ● | ● | ● | ● | [qʻ] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |
| 18 | ك | [ kʻ] | [ k] | [ k] | [k] | [k] | [k] | [k] | [k] | [k] | [k] | [k] | [k] | [k] | [k] | [k] | [k] | ● |
| 19 | گ | [ɣ][g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] | [g] |
| 20 | ڭ | [ŋ ] | ● | [ŋ ] | [ŋ] | [ŋ] | ● | ● | [ŋ] | ● | ● | ● | ● | [ŋ] | ● | [ŋ] | ● | ● |
| 21 | ل | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] | [l] |
| 22 | م | [ m ] | [ m ] | [ m ] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] | [m] |
| 23 | ن | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [ n ] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] | [n] |
| 24 | ھ | [ɦ ][h] | [h] | [h] | [h] | ● | ● | ● | [h] | ● | [h] | [h] | ● | [h] | [h] | [h] | [h] | [h] |
| 25 | ئو | [o][ɔ] | [ɔ] | [o] | [o] | [o] | [o] | [o][o:] | [o] | [o][o:] | [o] | [o][o:][ɔ] | [o] | [o] | [o] | [o] | [o] | [o] |
| 26 | ئۇ | [ɷ][u] | [u][u:] | [u] | [u] | [u] | [u] | [u][u:] | ● | [u][u:] | [u] | [u][u:] | [u] | [u] | [u] | [u] | [u] | ● |
| 27 | ئۆ | [ø] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● |
| 28 | ئۈ | [y] | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | ● | [y][y:] | ● | ● | ● | ● | [y] | ● |
| 29 | ۋ | [w][v] | [w ] | [v] | [v] | [v] | [v] | [v] | [v] | [v][w] | [w] | [v] | [v][w] | [v] | [v] | [v] | [v] | [v] |
| 30 | ئې | [ e ] | [ e ] | [ e ] | [e] | [e] | [e] | [e][e:] | [e] | [ e ] | [e] | [e] | [e] | [e] | [e] | [e] | [e] | [e] |
| 31 | ئى | [ı][i] | [i][i:] | [i] | [i] | [i] | [i] | [i][i:] | [i] | [i][i:] | [i] | [i][i:] | [i] | [i] | [i] | [i] | [i] | [i] |
| 32 | ي | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [j] | [j] | [j] | [ j ] | [j] | [ j ] | [j] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] | [ j ] |

## ئالاھىدە ئىزاھات :

ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاشۇ **56** خىل چەتئەل تىلىدىكى تاۋۇشلار بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىسىنى ئىشلەشتە تۆۋەندىكىدەك يول تۇتۇلدى :

**1** . ھەر قانداق قوشما تاۋۇشلار يەككە تاۋۇشلاردىن تەركىپ تاپىدىغان بولغاچقا، ئىخچاملىق ئۈچۈن تاۋۇشلار يەككە تاۋۇش شەكلى بويىچە سېلىشتۇرۇلدى.

**2** . سېلىشتۇرۇشتا : ① ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ چەتئەل تىللىرىدىكى ماس تەڭداشلىرى بىلەن نىسپى ، يەنى يېقىن كېلىدىغان تەڭداشلىرى بىر ئورۇندا كۆرسىتىلدى. مەسىلەن، ئىنگلىز تىلىدىكى [s] تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدىكى [s] دەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەمما [θ] تاۋۇشىنىمۇ بۇ گورۇپقا ئورۇنلاشتۇردۇم. چۈنكى، قارىماققا بۇ ئىككى خىل تاۋۇش فونېتىكا جەھەتتىن رۇشەن پەرق قىلىدىغان بولسىمۇ، فونىملىق ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بۇلار خەنزۇ تىلىدىكى قوشما ھەرپ ‹**sh**› بىلەن يەككە ھەرپ ‹**x**› نىڭ تىلىمىزدىكى ‹ش› بىلەن ئىپادىلەنگىنىدەك ئەھۋال، ئەلبەتتە ۋە بۇ بىزنىڭ چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى ئۆز تىلىمىزدا يازالماسلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن ـ بىر توغرا ئىلمىي ئۇسۇلى. ئالايلۇق، 中国 نىڭ خاس لاتىنچە يېزىلىشى ‹**Zhongguo**›. بىز بۇنى ئۆز يېزىقىمىزدا ‹ جوڭگو › دەپ يېزىپ كېلىۋاتىمىز. يەنە 上海 نىڭ خاس لاتىنچە يېزىلىشى بولسا ‹ **Shanghai** › . بىز بۇنىمۇ ئۆز يېزىقىمىزدا ‹ شاڭخەي › دەپ يېزىپ كېلىۋاتىمىز . مۇنداق ئەھۋال باشقا نۇرغۇن ئىسىم ـ ناملارنىڭ يېزىلىشىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھېچ قانداق مەنا خىرىلىگى ۋە چۈشىنىلمەسلىك كېلىپ چىققىنى يوق ! ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز تىلىمىزدىكى ‹گ› ھەرپىنىڭ فونىملىق تاۋۇش بەلگىسى [g] بولغان بولسىمۇ فونېتىكىلىق تاۋۇش شەكىللىرى **[g]** ، [ɣ] دەك ئىككى خىل يېزىلىدۇ. مەسىلەن : ‹گۈل› نى [gyl] شەكلىدە، ‹لەگلەك› نى [leɣlek] شەكلىدە يازغاندەك. دېمەككى ، سۆز ـ ئاتالغۇلارنى يېزىق بىلەن خاتىرلەشتە ئومۇمەن فونىملىق بەلگە ئاساس قىلىنىپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچى لايىقىدا جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، يەنى ھەرپىمىزنى تىلىمىزنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىجات قىلىدىغان بولساق توپ ـ توغرا **39** خىل ھەرپ ئىجات قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ **!!!** ئەگەر خەلقئارالىق تىل تاۋۇشلىرىنى مۇتلەق ئەينەن يېزىپ ئىپادىلىشىمىز كېرەك، دەيدىغان بولساق ئۇھالدا ھازىر مەۋجۇت **6600** خىلدىن ئارتۇق تىل ئۈچۈن بەلكىم **8000** ـ **9000** ئەتراپىدا يېزىق ئىجات قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، مۇنداق ئاۋارىچىلىقنى تارتماي تۇرۇپمۇ مەسىلىلەرنى يۇقارقى ئۇسۇل بويىچە ھەل قىلغىلىمۇ بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە بولىدىكى، بەزى نوپۇزلۇق ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولىشىچە، [t̠ʃ] تاۋۇشى ئىنگلىز ۋە ئىسپان تىلىدىكى ‹ ch › ھەرپىنىڭ، [d̠ʒ] تاۋۇشى بولسا ئىنگلىز تىلىدىكى ‹**j**› ۋە يۇمشاق ‹**g**› ھەرپلىرىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلسىمۇ بولىدىكەن. ئۇنداقتا، [t̠ʃ] تاۋۇشى [ʧ] تاۋۇشىنىڭ: [d̠ʒ] تاۋۇشى [ʤ] تاۋۇشىنىڭ تەڭدىشى، دېگەن سۆز. ئەمدى كۆرسەك، [ʈ] تاۋۇشى [t] تاۋۇشىنىڭ، [ɖ] تاۋۇشى [d] تاۋۇشىنىڭ، [ʆ] تاۋۇشى [ʃ] تاۋۇشىنىڭ، [ʓ] تاۋۇشى [ʒ] تاۋۇشىنىڭ تاڭلايلاشقان شەكلى (بەزىدە مەتبەئەدىكى قىيىنچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەزى بەلگىلەرنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىنقى بۇرجىگىگە كىچىك «j» نى يېزىپ قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ) بولۇپ، ئوتتۇرىدا مانا شۇنداق كىچىككىنە فونېتىك پەرقى بار. ئەمدى بۇلارنى ئەنە شۇنداق يېقىنلىق تەرىپىگە ئاساسەن ئۆز يېزىغىمىزدا قاتارى بويىچە [ت][د][ش][ژ] دەپ يېزىشقا بولىدۇ. ئەمدى، [ɫ] تاۋۇشى [l]تاۋۇشىنىڭ ، [đ] تاۋۇشى [d] تاۋۇشىنىڭ، [ƶ] تاۋۇشى [z] تاۋۇشىنىڭ تىل تۆۋلەشكەن شەكلى بولۇپ، ئۇلارنىمۇ ئۆز يېزىغىمىزدا قاتارى بويىچە [ل][د][ز] دەپ يېزىشقا بولىدۇ. ئەمدى، [δ] تاۋۇشى [θ] ياكى [s] تاۋۇشىنىڭ، [ƻ]تاۋۇشى [ð] ياكى [z]

www.uyghurkitap.com

تاۋۇشىنىڭ، [ʂ] تاۋۇشى [ʃ]تاۋۇشىنىڭ، [ʑ] تاۋۇشى [ʒ]تاۋۇشىنىڭ لەۋلەشكەن شەكلى (بەزىدە بەلگىلەرنىڭ ئاستىغا ياكى ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى بۇرجىگىگە كىچىك w نى يېزىپ قويۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.) بولۇپ، بۇلارنىمۇ ئۆز يېزىغىمىزدا قاتارى بويىچە [س][ز][ش][ژ] دەپ يېزىشقا بولىدۇ. ئەمدى، تۇمشۇق ئۈزۈك تاۋۇشلىرى يەنى ھاۋا سۈمۈرگۈچى ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن [ʘ] تاۋۇشى [p] تاۋۇشىنىڭ، [ɫ] تاۋۇشى [t] تاۋۇشىنىڭ، [c] تاۋۇشى [ʈ] تاۋۇشىنىڭ، [ʖ] تاۋۇشى [l] تاۋۇشىنىڭ ھاۋا سۈمۈرگۈچ شەكلى. ( بۇلار بەزىدە بەلگىلەرنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىنقى بۇرجىگىگە مونۇ قىزىل رەڭلىك بەلگىدەك شەكلىنى ( > ) قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ). شۇڭا بۇلارنىمۇ ئۆز يېزىغىمىزدا قاتارى بويىچە [پ][ت][ت][ل] دەپ يېزىشقا بولىدۇ . قىسقا نەپەسلىك ئۈزۈك تاۋۇشلار ، يەنى ئېغىز يېپىلغىنى بىلەن پارتىلىماي چىقىدىغان جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارمۇ بار بولۇپ ، ئۇلاردىن [ɓ] تاۋۇشى [g] تاۋۇشىنىڭ، [ʠ]تاۋۇشى[d] تاۋۇشىنىڭ ئەنە شۇنداق شەكلىدىن ئىبارەت . شۇڭا بۇلارنىمۇ ئۆز يېزىغىمىزدا قاتارى بويىچە : **[گ]** [د] دەپ يېزىشقا بولىدۇ. مۇشۇنداق قىسمەن فونېتىكىلىق پەرقى بار تاۋۇش تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق ناھايىتى يېقىنلىق تەرىپىنى نەزەردە تۇتۇپ كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى ئۆز يېزىغىمىزدا يازالايمىز. مۇنداق قىلىش ھەرگىزمۇ خاتا ئەمەس. خۇسۇسەن ، رۇسلارنىڭ تىلىمىزدىكى ‹ ئىبراھىم › دەپ يېزىلىدىغان كىشى ئىسمىنى ‹ ئىبراگىم ›، خېمىيۋىي ئاتالغۇ « hemoglobin » (‹ ھېموگلوبىن ›) نى « гемоглобин » ‹ گېموگلوبىن › دەپ ، خەنزۇلارنىڭ ‹ مۇھەممەد › دەپ يېزىلىدىغان كىشى ئىسمىنى 买买提 ‹ مەيمەيتى › ، ‹ ئامېرىكا › دەپ يېزىلغان دۆلەت نامىنى 美国 (مېيگو)، 阿美利加 (ئامېيلىيجيا)دەپ يېزىپ قويىشىدىن؛ ئامېرىكىلىق كومپيوتېر مۇتەخەسسىلىرى ‹ ئۇيغۇر › دېيىلگەن مىللەت نامىنى < uighur > دەپ يازغىنىغا يارىشا دەرھاللا < ئۇيغۇر> دەپ تەلەپپۇزمۇ قىلالمىغانلىقىدىن ئالاھىدە ياخشى ئەھۋال، دەپ قارايمەن. بولمىسا نىمە دەيلى، مۆھتەرەم خانىملار، ئەپەندىلەر ئېقىل كۆرسىتەرسىلەر(؟) ئۆز نۆۋىتىدە مېنىڭ « ئۇيغۇر تىلى يېزىغى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولمايدىغان ئىسىم ـ ناملار ۋە سۆز ـ ئاتالغۇلار يوق ، » دېيىشىمنىڭ ئاساسىمۇ دەل مانا شۇ !②②②
بەزى تىللارنىڭ چەتئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلغان تاۋۇش شەكىللىرىمۇ سىلىشتۇرۇشقا كىرگۈزۈلدى. ③ بوغۇملۇق يېزىقلارغا نىسپەتەن، باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇلارنىڭ يەككە تاۋۇش شەكىللىرى كىرگۈزۈلدى .

3 . جەدۋەلدىن مەلۇمكى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلاردىن : 1) ئىنگلىز تىلىدا ← خ ، غ ، ق ، ئۆ ، ئۈ ؛ 2 ) رۇس تىلىدا ← ئە ، ج ، غ ، ق ، ڭ ، ھ ، ئۈ؛ 3) فرانسۇز ( توغرىسى ‹ فخانسۇز › ، بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمەن ) ج ، چ ، ر ، ق ، ڭ ، ھ ؛ 4 ) ئىسپان تىلىدا ← ئە ، ج ، ز ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ڭ ، ھ ، ئۆ ، ئۈ ؛ 5 ) نېمىس تىلىدا ← ق ؛ 6 ) ئىتالىيان تىلىدا ← خ ، ژ ، غ ، ق ، ڭ ، ھ ، ئۆ ، ئۈ ؛ 7) ياپون تىلىدا ← ئە ، ژ ، غ ، ق ئۆ، ئۈ ؛ 8 ) گوللاند تىلىدا ← ژ ، غ ، ق ، ڭ ، ھ ؛ 9 ) پورتۇگال تىلىدا ← ئە ، ج ، چ ، خ ، غ ، ق ، ڭ ھ ، ئۆ ، ئۈ ؛ 10 ) پولەك تىلىدا ← ئە ، خ ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ ، ئۈ؛ 11 ) چېخ تىلىدا ← ئە ، خ ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ ←؛ 12 ) ۋېنگىر تىلىدا ← خ ، غ ، ق ، ڭ ؛ 13 ) رومانىيان تىلىدا ← خ ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ ، ئۈ ؛ 14 ) بۇلغار تىلىدا ← ئە ، غ ، ق ، ڭ ، ھ ، ئۆ ، ئۈ؛ 15 ) ئالبانىيان تىلىدا ← ئە ، خ ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ ؛ 16 ) سېربىيان تىلىدا ← ئە ، ژ ، غ ، ق ، ڭ ، ھ ، ئۆ ، ئۈ ؛ 17 ) گرېك تىلىدا ← ج ، چ ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ڭ ، ھ ، ئۆ ، ئۈ؛ 18 ) فىن تىلىدا ← ج ، چ ، خ ، ز ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ڭ ؛ 19) شۋېت تىلىدا ← ج ، خ ، ز ، ژ ، غ ، ق ؛ 20 ) نورۋېژ تىلىدا ← ج ، خ ، ز ، ژ ، غ ، ق ، ڭ ؛ 21 ) دان تىلىدا ← ج ، خ ، ژ ، غ ، ق ، ڭ ؛ 22 ) ئىسلاند تىلىدا ← ئە ، ج ، چ ، خ ، ژ ، س ، ش ، غ ، ق ، ڭ؛ 23 ) مالتا تىلىدا ←

ئە ، ژ ، ق ، ڭ ، ھ ، ئۆ ، ئۈ: 24 ) موڭغۇل تىلىدا ← ئە ، ژ ، غ ، ق ، ھ ، ئۈ : 25 ) لائۇس تىلىدا ← ئە ، ج ، چ ، خ ، ز ، ژ ، ش ، غ ، ق ، گ ، ئۆ ، ئۈ : 26 ) كخمىر تىلىدا ← ج ، خ ، ر ، ز ، ژ ، ش ، غ ، ف ، ق ، ئۆ ، ئۈ : 27 ) بىرما تىلىدا ← ئە ، ژ ، غ ، ف ، ق ، ھ ، ئۆ ، ئۈ : 28 ) تايلاند تىلىدا ← ئە ، خ ، ز ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ئۆ ، ئۈ : 29 ) ھىندىنوزىيان تىلىدا ← ئە ، چ ، خ ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ئۆ ، ئۈ: 30 ) تاگالوگ تىلىدا ← ئە ، ج ، چ ، خ ، ز ، ژ ، ش ، غ ، ف ، ق ، ئۆ ئۈ : 31 ) مالەي تىلىدا ← ئە ، چ خ ، ر ، ژ ، غ ، ق ، ئۆ ، ئۈ : 32 ) ھىندى تىلىدا ← ← خ ، ژ ، غ ، ق ، ئۆ ، ئۈ : 33 ) ئۇردۇ تىلىدا ← خ ، غ ، ق ، ئۆ ، ئۈ : 34) سنگال تىلىدا ← خ ، ز ، ژ غ ، ف ، ق ، ئۆ ، ئۈ : 35) بېنگال تىلىدا ← ئە ، خ ، ژ ، غ ، ق ، ئۆ ، ئۈ: 36) تۈرك تىلىدا ← خ ، ق ، ڭ : 37) پارىس تىلىدا ← ڭ ، ئۆ ، ئۈ : 38) پۇشتۇ تىلىدا ← غ ، ق ، ڭ ، ئۆ ، ئۈ : 39) تامىل تىلىدا ← ج ، خ ، ژ ، غ ، ف ، ج ، ئۆ ، ئۈ : 40) فىجى تىلىدا ← ج ، چ ، خ ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ئۆ ، ئۈ: 41) ئەرەپ تىلىدا ← پ ، چ ، ژ ، ڭ ، ئو ، ئۆ ، ئۈ ، ئې : 42) سۋاھىل تىلىدا ← ئە ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ھ ، ئۆ ، ئۈ: 43) ئامھارا تىلىدا ← غ ، ڭ ، ھ ، ئۆ ، ئۈ : 44) سومالى تىلىدا ← ئە ، پ ، چ ، ز ، ژ ، غ ، ق ، ڭ ، ھ ، ئۆ ، ئۈ: 45) ماداغاسقار تىلىدا ← ئە ، ج ، چ ، خ ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ڭ ، ئۇ ، ئۆ ، ئۈ : 46) ھاۋسا تىلىدا ← ئە ، پ ، خ ، ژ ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ ، ئۈ: 47) ئىبراي ( ئىبرانى) تىلىدا ← ئە ، ج ، چ ، ژ ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ ، ئۈ : 48) بور تىلىدا ← ج ، ژ ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ : 49) تسۋانا تىلىدا ← ئە ، ج ، چ ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ڭ ، ھ ، ئۆ ، ئۈ: 50) ۋولف تىلىدا ← چ ، ز ، ژ ، ش ، غ ، ھ ئۆ ، ئۈ: 51) بانتۇ تىلىدا ← ئە ، خ ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ ، ئۈ: 52) كورىئان تىلىدا← ئە ، ج ، چ ، خ ،ژ ، ش ،غ ، ق ، ئۆ ، ئۈ: 53) سلوۋاك تىلىدا ← ئە ، خ ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ: 54) مالازىيا تىلىدا ← ئە ، چ ، خ ، ژ ، ش ، غ ، ق ، ك ، ڭ ، ئۇ ، ئۆ، ئۈ : 55) « دۇنيا تىلى » (ESPRANTO) دا ← ئە ، غ ، ق ، ڭ ، ئۆ ، ئۈ : 56) خەنزۇ تىلىدا ← ژ ، غ ، ھ ، ئۆ ، ئى تاۋۇشلىرى يوق . شوڭلاشقا ئۇ تىللارنى قوللانغۇچىلار ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئەينەن، ھېچ بولمىغاندا يېقىنلاشتۇرۇپ بولسىمۇ تولۇق دېگۈدەك يازالمايدۇ .

قىسقىسى، يۇقارقى سېلىشتۇرما جەدۋەللىرى ۋە بۇ خۇلاسىسلىق بايانغا ئاساسەن شۇنى ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ئارقىلىق باشقا نۇرغۇن تىللاردىكى تاۋۇشلارنى تامامەن دىگۈدەك ئەينەن ئىپادىلەپ يازغىلى بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئاساسەن يېقىنلاشتۇرۇپ بولسىمۇ يازغىلى بولىدۇ. دېمەككى، ئۇيغۇر تىلى ( ۋە تاۋۇشلىرى) ئارقىلىق ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان كىشى ئىسىملىرى، يەر ناملىرى ۋە باشقا خىل سۆز - ئاتالغۇلار مەۋجۇت ئەمەس!

## 3.بىر نەچچە نوقتىلىق تەكلىپ ؛

مەن يۇقىرىدا چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ يېزىشنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتتۈم .

ئەمدى، تۆۋەندىكى تەكلىۋىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن :

1. پۈتكۈل دۇنيادىكى تىللاردا كۆرىلىدىغان ئومۇمىي تىل مەسىلىلىرىنى تېخىمۇ ئۆنۈملۈك ھەل قىلىش ، تىل ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيادىكى تىللارنىڭ يېزىق سېستىمىسىنى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك فونېتىكىلاشتۇرۇش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىككە كەلسەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناھايىتى رۇشەنكى، ھازىر دۇنيادا خىتايلار ۋە ياپۇنىيەلىكلەر قوللىنىۋاتقان يېزىقلار يالغۇز ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ساھەسىدىلا غايەت زور ئەقلى ۋە جىسمانىي زەيىپلىكلەرنىڭ پەيدا بولىشىنى، ئىقتىسادىي سەرپىياتلارنىڭ زور بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، باشقىلارنىڭ ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرىدىمۇ زور قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلماقتا. بۇنىڭ سەۋەبىنى يۇقىرىدا بىر ئاز ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم. ئەمدى بىرئاز تولۇقلىساق، خىتاي يېزىغىغا نىسپەتەن، خىتاي تىلىدىكى مۇنداق زور يوقۇتۇش خارەكتىرلىك ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇتلىغىنى ئالىلقاچان چوڭقۇر ھېس قىلغان، ئەمەلىي چۈشەنگەن ۋە كۆرگەن تەرەققىپەرۋەر خىتاي تىل - يېزىغى مۇتەخەسسىسلىرى قىممەتلىك تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا خىتاي تىلى يېزىغىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈرلىگىنى كەسكىنلىك بىلەن تەشەببۇس قىلىشتى. بۇلاردىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن ئاتاغلىق خىتايچە خەت ئىسلاھاتچىسى ۋە تاۋۇشلۇق يېزىق لايىھىسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان لۇجۇاڭجاڭ (卢戇章) ئەپەندى مۇنداق دەپ ياخشى ئېيتقان ئىدى: « مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەت بىلەن سۆزنىڭ بىردەكلىگىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى بولغان تاۋۇشلۇق ( ئېلىپبەلىك ) يېزىقنىڭ بولىشى لازىمدۇر . » . . . ، « دۆلەتنىڭ باي ، قۇدرەتلىك بولىشى ساپا بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ساپانىڭ ياخشى بولىشى بولسا ئەر - ئايال قېرى - ياشنىڭ ئەخلاقلىق ، بىلىملىك بولىشىغا باغلىق . بۇ ، تاۋۇشلۇق يېزىققا تايانغاندىلا تېز ئىشقا ئاشىدۇ. چۈنكى ھەرپىنى تونۇش ئاسان بولسا خەتنى ئۇستازسىزمۇ ئوقۇغىلى بولىدۇ. خەت بىلەن سۆز بىرلىككە كەلسە ئوقۇماقمۇ، يازماقمۇ ئاسان بولىدۇ،- دە، نۇرغۇنلىغان بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلارمۇ توگەپ، كۆز ئالدىمىزدا خۇددىي قۇياش كۆرۈنگەندەك بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەخلاقىي ساپاغا، شۇنداقلا، ماتىماتىكا، خىمىيە ۋە باشقا خىلمۇ - خىل پەنلەرگە ئائىت ئەمەلىي بىلىملەرنى تېزلىكتە ئۆگىنىپ كىتەلەيمىز. مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ، دۆلەت نىمە ئۈچۈن باي ۋە قۇدرەتلىك بولمايدىكەن ؟ »④

ئەمدى ئاتاغلىق يازغۇچى لۇشۇن ئەپەندى : « بىزنىڭ جۇڭگونىڭ يېزىغى كەڭ ئاممىغا مەرتىبە ۋە ئىقتىسادىي چەكلىمىلەردىن باشقا يەنە بىر ئېگىز بوسۇغا ـ قىيىنچىلىقنى قوشماقتا . مۇشۇ بوسۇغىدىن ئۆتۈش ئۈچۈنلا 10 نەچچە يىللاپ ۋاقت سەرپ قىلمىسا بولمايدۇ. »⑤ دېگەن بولسا، شاڭخەي فۇدەن ئالى مەكتىۋى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتىتىدىكىلەر ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش ئەمىلىيىتىگە ئاساسەن مونۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى : « ھازىرقى زامان خىتاي تىلى فونىما سىستېمىسىنىڭ ئاددىيلىشىشى، لۇغەت تەركىۋىنىڭ كۆپ بوغۇملىشىشى ۋە گرامماتىكىسىنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىشى بىر تەرەپتىن ھازىرقى تاق بوغۇملۇق مەنانى ئىپادىلەيدىغان كاتەكچە خىتاي يېزىغىنىڭ ھازىرقى زامانخىتاي تىلىنى توغرا خاتىرلەش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىيالمايدىغانلىغىنى ئىسپاتلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئامىللار مۇندىن كېيىنكى خىتاي يېزىغىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش زۆرۈرلىكىنى تونۇتتى . . . . . »⑥

مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن كورىيەلىكلەر بولسا 1444 ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاي يېزىغىدىن ۋاز كېچىپ ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىلىنى خاتىرلەشتە ناھايىتىمۇ ئاسان بولغان يېزىق شەكلىنى ئىجات قىلىپ ، مەدەنىي مائارىپ ، پەن - تېخنىكا ۋە باشقا ساھەلەردە ئۈچقاندەك تەرەققىياتقا ئېرىشمەكتە . ئەمما ياپونىيە تىلشۇناسلىرى خىتاي يېزىغىنىڭ شۇ قەدەر قىيىنلىغىنى بىلسىمۇ ، ئەمما نىمە ئۈچۈنكى قوللىنىشنى ئىزچىل ھالدا داۋام قىلماقتا ۋە ئەۋلاتلىرىغا قاتمۇ - قات يېزىق ئازاۋىنى چەكتۈرمەكتە . . . !!!

يېزىق سىستىمىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇش جەھەتتە ، 1886 - يىلىنىڭ بېشىدا « خەلقئارا فونېتىكا ئىلمي جەمىيىتى » ( The İnternational Phonetic Assosiation قىسقارتىلمىسى : İPA) قۇرۇلۇپ زور خىزمەتلەر ئىشلىنىپ زور ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلگەن ئىدى . بۇ جەمىيەتنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىدا

ماقالىلار بىر مەھەل خەلقئارا ترانسكرىپسىيە بويىچە ئېلان قىلىنغان ئىدى . ئەگەر مۇشۇ ئەنئەنە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتى نەقەدەر تېزلەشكەن بولار ئىدى ، ـــ ھە؟

خەيرىيەت ، ۋاقىت بوگۇنگە يەتتى . مەن ئەمدى بۇ جەمىيەتنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ۋە توسالغۇلارغا ئىلمىي قارىغان ئاساستا ، ئەينى يىللاردىكى نەشر ھالىتىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ، شۇنىڭ بىلەن يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ پروتوكول ئەللەردە بارلىققا كېلىشىگە تۆرتكە بولۇشنى سەممىي ئۈمىت قىلىمەن .

شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى ، فونېتىكىلاشقان يېزىق سىستېمىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ـــ ئىنسانىيەت ئالاقىسىنىڭ تېزلىك بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ ، تەرەققىيات ، گۈللىنىش قەدىمى غايەت زور دەرىجىدە تېزلىشىشىنىڭ ، ئىنسانىيەت ئېقىل ـ پاراستىنىڭ تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە زور ئۆنۈم قازىنالايدىغان ئالتۇن دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى دېمەكتۇر .

پاكىت ئىسپاتلايدىكى ، ـــ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى مانا شۇ جەھەتتە يادرولۇق ئۆلگە ھېساپلىنىدۇ !!!

2.بەزى تىللارنىڭ يېزىق سىستېمىسى بوغۇملۇق يېزىقتىن تۈزۈلگەنلىگى ، بەزى تىللارنىڭ يېزىغى تەركىۋىدىكى ھەرپ ـ تاۋۇشلار باشقا تىللاردىكى تاۋۇشلارنى تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەشكە يارىمايدىغانلىغى سەۋەپلىك ، مۇقەررەر ھالدا تاۋۇش ئۆزگۈرۈش ھادىسىسىنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ . ئەمدى بۇ خىل تىل ـ يېزىق ئېگىلىرى ۋەزىيەتنىڭ ، ـــ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلىشىشقا ئەھمىيەت بىرىشنى ، دېمەك خۇددى كورىيەلىكلەردەك يېزىق ئىسلاھاتىنى پائال ئېلىپ بېرىشنى سەممىي ئۈمىت قىلىمەن .

3. پروتوكول دۇنيادىكى يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىشىنى يەرلىك خەلقنىڭ ئاتىشى ۋە يېزىشى بويىچە ئاتاش ۋە يېزىشنى ئىشقا ئاشۇرىلىشنى ئىشقا ئاشۇرساق . ئۇنداق بولمايدىكەن ، شەكلى ئۆزگەرگەن تىل ـ يېزىق ئاسسىمىلاسسىيچىلىگى ئۈچۈن پۇرسەت توغدۇرۇپ بەرگەن بولىمىز . بۇ ھال ، ماھىيەتتە بىر مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا سەل قاراش ، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىغىنىڭ داۋاملىشىشىغا غەرەزلىك ھالدا دۈشمەنلىك قىلىش خاشنى ئىپادىلەپ قويىدۇ .

ناھايىتى روشەنكى ، بۇ تىلشۇناسلىقنىڭ ئىنسانىي ئاڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىغا بېرىپ تاقىلىدۇكى ، ئەگەر بۇ جەھەتتە ئازراقلا سەھۋەنلىك سادىر قىلىپ قويىدىغان بولساق ، بۈيۈك خاتالىق بەلكى زور تارىخىي جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشىنى سادىر قىلىپ قويىمىز .

## 4.خاتىمە

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇنى چۈڭقۇر ھېس قىلالايمىزكى ، ئىسىم ـ ناملار تەرجىمىسى نوقۇل ھالدا بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا خالىغانچە قىلىنىسمۇ بولىۋېرىدىغان تەرجىمە ئىشى بولماستىن ، بەلكى ، بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىگىنى ئۆلچەيدىغان ، دېمەك ، شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسى ، تىل ـ يېزىغى ، تارىخىي ۋە جوغراپىيىلىك ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى مۇھىم ۋە قىل كۆتۈرمەيدىغان نازۇك تەرجىمە ئىشىدۇر . مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ ، مىللىي مۇستەقىللىغىنى قولغا كەلتۈرگەن قايىلاردىكى خەلقنىڭ مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنى ئەسلى مىللىي تىلى بويىچە ئاتىلىشى ۋە يېزىلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ۋىجدانىي ھەرىكەتنى باشلىشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەپتىندۇر . « زېمىنابۇۋى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالى » ( مۇشۇ كىتاپنىڭ ـ بېتىگە قاراڭ ) بۇنىڭ بىر جانلىق مىسالىدۇر .

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئىسىم ـ ناملارنى تەتقىق قىلىش جەمىيەتلىرى قۇرۇلۇپ زور خىزمەتلەر ئىشلەنمەكتە . بولۇپمۇ ، فرانسىيەدە ئىسىم ـ فامىلە تەتقىقاتى مەخسۇس بىر ئىلىم بولۇپ قالدى . ئۇ « ئانتروفونىمىيە » (ئىسىم ـ فامىلىيەشۇناسلىق ئىلمى Anthrophonymie) دەپ ئاتىلىش بىلەن ئىسىم ـ فامىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدۇ . چۈنكى ، « كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەركىۋى ، كېلىپ چىقىشى ، ئۆزگىرىشى ۋە مەنىسىنى بىلىش ، ھەممىدە بۇھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ـــ بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى ، مەدەنىيىتىنى ، ئەخلاقىنى ، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە »⑦

شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ تەرجىمىسى بىلەن فونېتىكىنىڭ ئورگانىك باغلىنىشلىقى بارلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز ، بۇ تەرجىمىدە ناھايىتىمۇ ئەستايىدىل بولۇشىمىز لازىم.

## ئىزاھلار :

① ② مىۇ جيەنخۋا : « ئىسپان تىلى فونېملىرى بىلەن ھەرپلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى » ( “ چەتئەل تىلشۇناسلىقى ژورنىلى ” ) ( ختايچە ) ، 1988 ـ يىل ، 1 ـ سان ؛

③ ئۇلار :

نىنا كاتاك ( Nina Catack ) ، مەملىكەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى ( C N R S ) نىڭ مۇدىرى . ئىملا قائىدىسى مۇتەخەسسىسى ،

بەرنار سېركىلىينى ( Bernard Cerquilglini ) ، پارىژدىكى 7 ـ ئالى مەكتەپنىڭ پروفېسسورى ،

ژان كلو شەۋالىي ( Jean Claud Chevalier )، پارىژدىكى 7 ـ ئالى مەكتەپنىڭ پروفېسسورى ؛

پيېر ئانكرەۋ (Pierre Encreve) ، پارىژدىكى 8 ـ ئالى مەكتەپنىڭ پروفېسسورى ، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە فونېماشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى .

مورىس گروس (Maurice Gross) ، پارىژدىكى 7 ـ ئالى مەكتەپ (Paris ـ Ⅶ) نىڭ ھۆججەتلەرنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە تىلشۇناسلىق تەجرىبەخانىسىنىڭ مۇدىرى .

كلود ئاژېژ (Claud Hagege) ، فرانسىيە ئېنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى .

روبېر مارتان (Robert Martin) ، پارىژدىكى 4 ـ ئالى مەكتەپنىڭ پروفېسسورى .

مەشەل ماسون (Michel Masson) ، پارىژدىكى 3 ـ ئالى مەكتەپنىڭ پروفېسسورى، ئېلىپبەلىك يېزىق مۇتەخەسسىسى.

ژان كلود مىلنە (Jean Claud Milner) ، پارىژدىكى 7 ـ ئالى مەكتەپنىڭ پروفېسسورى

بەرنار كېمادا (Bernard Quemada) مەملىكەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزى (C N R S) نىڭ تەتقىقاتنۇ مۇدىرى ، فرانسۇزچە تىل ۋە دىئالېكت قامۇسىنىڭ مەسئۇلى ، مەملىكەتلىك فرانسۇز تىلى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىرى .

④ « تاۋۇشلۇق يېگى خەت » كە مۇقەددىمە ، ( « جۇڭگو قامۇسى » (ختايچە) نىڭ « تىل ـ يېزىق قىسمى » ، 1988 ـ يىلى 2 ـ ئاي ، 1 ـ نەشرى ، 265 ـ بەت )

⑤ ⑥ « تىل ھەققىدە ساۋات » ، « شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى ، 21 - 22 - بەتلەر .
⑦ مۇتەللىپ سىدىق ( قەشقەر پېداگوگىكىكا ئۇنىۋېرسىتى ) : « ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى توغرىسىدا » ( « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژورنىلى ، 1991 - يىل 3 - سان )

(بۇ ماقالە شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتىدا چاقىرىلغان
13 - قېتىملىق خەلقئارالىق فونېتىكىشۇناسلار كونگرېسىدە ئېلان قىلىنغان)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# « خەلقئارالىق ئۇيغۇر ئىنستوتى »
# تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرلىگى، بەلكى تەخىرسىزلىگى توغرىسىدا

بسم الله الرحمن الرحيم

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن!**

ئىنساننى بارچە مەخلۇقاتتىن تىل شەرىپى بىلەن ئۈستۈن ۋە سۆزلىشىش لەززەتى بىلەن يۈكسەك قىلغان ئاللاھۇ تائالاغا سانسىز تەشەككۇر ۋە تۈگمەس ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!

سۆز ئۈنچەدۇر، ئۈنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر. كۆڭۈل پۈتۈن مەنالارنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغۇچىدۇر. گەۋھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ، گەۋھەرشۇناسلار ئىچىدە ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆڭۈلدىكى سۆز ئۈنچىلىرىمۇ نۇتۇق شەرىپىگە شۇ ئىشنىڭ ماھىرلىرى ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىپ ئۆز كۆركىنى تاپىدۇ ۋە ئۆز قىممىتى ھەم مەرتىۋىسىگە قاراپ يېيىلىدۇ ۋە شۆھرەت قازىنىدۇ. گەۋھەرنىڭ قىممەت دەرىجىسى بەك كۆپتۇر، ھەتتا بىر تەڭگىدىن يۈز تۈمەن تەڭگىگىچە دېيىشمۇ بولىدۇ.»(ناۋايى)

بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلىپ دېڭىزىدىكى مۇنداق بى باھا گۆھەردەك قەدىر-قىممەتلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىتتەك سۆزلىرىلا شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تەسۋىر يەتكۈسىز بەخت خۇشاللىغىنىڭ تەسۋىر يەتكۈسىز مەنالارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ.

بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەسلىك ئۇچىغا چىققان نادانلىق.

بۇ تىرىكلىك ئالىمىدە كىشىنى ئانا تىل ئەركىنلىگىدىن مەھرۇم قىلىش ، ماھىيەتتە ئۇ مىللەت كىشىلىرىنى يۈقىرىدا تەرىپلەنگەن بى باھا گۆھەردەك قەلىپ سۆزلىرىدىن مەھرۇم قىلىش، ھەتتا ئۇ مىللەتنى يوق قىلىش دېمەكتۇر. بۇ دېمەك، ئىنسان تەبىئىتىگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان خاھىش ۋە ھەتتا كىشىنىڭ ئىنسانلىق شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان رۇشەن بىر ئىپادىسىدۇر.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى دەۋرىمىزدە مانا شۇنداق پاجىئەلىك ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە.

ئىپادىسى شۇكى، **2000** ـ يىلىدىن بۇيان ، ئۇيغۇر دىيارىدا ئاتالمىش « قوش تىل مائارىپى » يولغا قويىلىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوللىنىلىشى قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرايدىغان تەتۈر ئېقىم پەيدا بولۇپ ، دەرسلەر ئالىي مەكتەپلەردىلا ئەمەس ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ ئۇيغۇرچە ئوقۇتىلىشى چەكلەنگەنلىگى سەۋەپلىك ، مۇندىن بۇرۇن سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچە بىلەن تۈرلۈك ساھەلەر بۇيىچە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىپ خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلاردا كاتتا شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن ۋە ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان ، شۇنداقلا سان ـ ساناقسىز شاگىرتلارنى تەربىيلەپ قاتارغا قوشقان شان ـ شۆھرەتلىك ھۆرمەتلىك ئالىملىرىمىز، پروفېسسور ۋە دوكتۇرلىرىمىز ئەمدى «خەنزۇ تىلىدا دەرس بىرەلمەيدۇ» دېگەن تۆھمەت بىلەن سىنىپقا كىرىشتىن مەھرۇم بولىدىغان ھەتتا خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋېتىلىدىغان ، بۇ تۈپەيلى نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەرباپلىرىمىز قاتتىق

خورلۇق ھېس قىلىپ يۈرەك ۋە يۈقىرى قان بېسىم كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار يۈز بەردى .....!!!

مانا شۇ ئاتالمىش « قوش تىل مائارىپى » دېيىلگەن ساختا ھەرىكەت نەتىجىسىدە ، مىللىي مائارىپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتى جىددىي ھالدا ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى. باي ناھىيىسىنىڭ مىرچىغ يېزىسىدىكى بىر مەكتەپنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش نەتىجىسىنىڭ « 0 » بولغانلىغى بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالى !!!

بۇ دەرت ئاز بولۇپ قالغاندەك، بىزنىڭ خېلە ئوقۇمۇشلۇق قارالغان زىيالىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئىنگلىز تىلى قىزغىنلىغىمۇ بولىشچە كۈچىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ تۈپەيلىدىن ياش ئەۋلاتلىرىمىز ئاڭسىزلارچە ئەگىشىپ ئانا تىلىدىن ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ.

ئۇنداق بولسا چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، ـــ زادى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى ھەقىقەتەن ئىلمىي قىممىتى يوق ، تارىخىي رولىغا ئەھمىيەت بىرىشكە ئەرزىمەيدىغان تىل ـ يېزىقمىدۇ ؟؟؟

زادى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى ھەقىقەتەن ئەمەلدىن قېلىشى كېرەكمىدۇ؟

ياق!

مۇقەررەركى، بۇ ئازىراقلا ئىمانى ، ۋىجدانى بار ھەر قانداق ئىنساننى قاتتىق ئويلاندۇرىدۇ!

ئەلبەتتەكى، ـــ بىزنى ۋە بىزنىڭ تىل ـ يېزىغىمىزنى « تۇسالغۇ » دەپ قاراش ۋە بىزنىڭ ئىلىم ئەرباپلىرىمىزنىڭ دەرس مۇنبەرلىرىدە خاس ئانا تىلىنى قوللىنىشىنى چەكلەپ، قوللانسا «گۇناھكار » ھېساپلاپ ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىش ، ھەتتاكى پەرزەنتلىرىمىزنى ئانا تىلىدىن مەھرۇم قىلىۋېتىش ـــ بىز ئۈچۈن قاتتىق ۋىجدان ئازابى چەكتۈرگەن ۋە چەكتۈرىۋاتقان ھاقارەتلىك ھادىسە .......!

ئەمما، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتتا مۇتلەق ئۈستۈنلىگىمىزنى ئەبەدىي ساقلىيالايدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىزچىل ھالدا ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ئەبەدىي زور تۆھپىلەرنى قوشالايدىغان ئېقىل ـــ پاراسەتلىك ، چىدام ـــ جاسارەتلىك مىللەت ئىكەنلىگىمىزدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ھەرقانداق بانايى ـــ سەۋەپلەر بىلەن يوق قىلىۋېتىش ئەسلا ۋە ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ۋە مەن قۇياشنىڭ نۇرىدەك پارلاق ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ ھۆكمى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا ئىمانىم كامىلكى ، بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىز خەلقئارالىق ۋە باشقا خىل تىللاردىن ( جۈملىدىن شۇ تىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېزىقلاردىن ) زادىلا قالغۇچىلىگى يوق تىل ـ يېزىق بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇشتا ھەر قانداق تىل ـ يېزىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالىغان ۋە مەڭگۈ تۇرالايدىغان ئالەمشۇمۇل ئىلمىي قىممەتكە ۋە ئۇلۇغۋار تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە شۇڭا قوللۇنۇلۇش قىممىتى ئاجايىپ يۇكسەك ھەقىقىي دۇنياۋىي تىل ـ يېزىقتۇر !!!

مۇشۇ تىل ـ يېزىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار بولسا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي جاسارەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە داھىيانە يېتەكچىسىدۇر !!!

ئەمما ناھايىتى كۆپ ئەپسۇسكى ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئانا تۇپرىغىمىزنى ئىشغال قىلغان 60 يىلدىن بۇيان ، يىلدىن ـ يىلغا ئەسەبىيلىشىپ دىنىمىز، تىلىمىز، تارىخىمىز ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن ۋاستىلارنى قوللۇنۇپ يوقۇتۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلمەكتەكى، بۇ جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈپ ئېلان قىلغان مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇننى ئىجرا قىلمايلا قالماي، خەلقئارالىق قانۇنلارنىمۇ ئاياق ـ ئاستى قىلىۋاتقاچقا ، خەلقىمىز خاتىرجەم ھالدا ئىسلامىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشتىن ، ئانا تىلىمىزدا بىلىم ئېلىشتىن ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىدىن ۋە پارلاق تارىخىدىن تامامەن مەھرۇم قىلىنىشقا باشلىدى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئۈچۈن ، نۆۋەتتە چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ، « خەلقئارالىق ئۇيغۇر ئىنىستوتى » دىن ئىبارەت بىر ئىلمىي ئورگاننى تەسىس قىلىش ____ قىلچمۇ ئارقىغا سۈرۈشكە بولمايدىغان، بەلكى تەخىرسىز بىر تارىخىي ۋەزىپىگە ئايلاندى.
شۇ جۈملىدىن بىز ناھايىتى تېزلىكتە «خەلقئارالىق ئۇيغۇر ئىنىستوتى» دىن ئىبارەت بىر ئىلمىي ئورگاننى تەسىس قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان زور يوقۇتۇشلارغا قەتئىي خاتىمە بىرىش ئاساسىدا ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تارىخىي تۆھپە تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك..

**ـ 2 ـ**

تەسىس قىلماقچى بولغان «خەلقئارالىق ئۇيغۇر ئىنىستوتى» نىڭ قارمىغىدا باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ بولىدۇ.
ئەگەر شارايىت يار بەرسە ، باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپنى بۇ ئورۇندا بىر يۈلى تاماملاپ جەمىيەتكە چىقىش ئىشقا ئاشۇرىلىدۇ.
ئەگەر شارايىت يار بەرمىسە ، يەنى، كېلىپ ـ كېتىش قۇلاي بولمىسا (باشقا دۆلەت ، رايونلاردا بولغانلىغى ئۈچۈن يىراق كۆرۈلسە) ، باشلانغۇچ مەكتەپنى تۇرۇشلۇق دۆلەت ، رايوندا ئوقۇپ پۈتتۈرۈش، ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ مۇتلەق بۇ ئىنىستوتقا كېلىپ ئوقۇشنى باشلايدۇ.

**ـ 3 ـ**

دەرسلەر باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە مۇتلەق ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتىلىدۇ.
ئەمما ، ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ چەتئەل تىللىرىنى ئۆگۈنۈشمۇ يولغا قويىلىدۇ. بۇنىڭدا : ئىنىستوت تەسىس قىلىنغان دۆلەتنىڭ دۆلەت تىلىنى ئۆگۈنۈش ئالدىنقى شەرت قىلىنىپ ، باشقا چەتئەل تىللىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ.
ئوقۇتۇشتا پەننى دەرسلەر بىلەن دىنىي دەرسلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.
رۇشەنكى، پەننىي دەسلەرنىڭ شاخلىرى كۆپ بولغىنىدەك ، دىنىي دەرسلەرنىڭ شاخلىرىمۇ ئوخشاشلا كۆپ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئوتتۇرا مەكتەپ شارايىتىدا دىنىي دەرسلەر بىلەن پەننىي دەرسلەرنىڭ ۋاختى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتىشىدا ئىلاھىيەت دەرسلىرى بۆلۈمى بىلەن پەننىي دەرسلەر بۆلۈمى ئايرىم ـ ئايرىم قىلىنىدۇ . ئەمما ئىلاھىيەت دەرسلىرىنى ئوقۇتۇشقا پەننىي دەرسلەردىن ئومۇمىي ساۋات خارەكتىرلىك دەرسلەر، پەننىي دەرسلەر بۆلۈمىگە بولسا ئىلاھىيەت دەرسلىرىدىن ئومۇمىي ساۋات خارەكتىرلىك دەرسلەر ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ.
شۇ ئاساستا ئوقۇتۇشتا پەن بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىپ تاشلايدىغان خاتا خاھىشقا قەتئىي خاتىمە بىرىلىپ، ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېلوگىيە ۋە پەننىي مەلۇمات جەھەتتىن مۇكەممەل، يېڭىچە ئىلىم ـ مەرىپەت ئەرباپلىرى يېتىشتۈرىلىدۇ.
ئەلبەتتە بۇ بىر يېڭىچە ئالىي مەلۇماتلىق ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۇسۇلىدۇر ۋە مۇنداق ئۇسۇل پۈتكۈل ئىلىم يۇرتلىرىدا ئومۇملاشتۇرىلىشى كېرەك.
چۈنكى، چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، جەمىيەتكە ھەر يىلى مىڭلىغان ، مىليونلىغان ئالىي مەلۇماتلىق ئاتالغان ئىلىم ئەھلى تارقىلىپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئەمما نىمە ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىق، ئىقتىسادىي بۇلاڭچىلىق ھەتتا قانخورانە تەجاۋۇزچىلىق تۈگىمەيدۇ؟

تۇپكى سەۋەپ بىرلا. ئۇ بولسىمۇ بۇ «يېتىشكەن» ئەرباپلارنىڭ كاللىسىدا ئىسلامىي ئاڭ - ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بىلىم - چۈشەنچە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ تۈپەيلى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ يارىتىش غايىسىنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. شۇڭلاشقا كاللىسى شەخسى مەنپەئەتپەرەستلىكتىن باشقىغا ئەسلا ئىشلىمەيدۇ. نەتىجىدە «سەن نىمە بولساڭ بول، مەن ھۇزۇر - ھالاۋەت ئىچىدە ياشىسام بولمىدىمۇ؟» دېگەننىلا ئويلايدۇ ، - دە، مۇناسىۋەتتە يالغانچىلىق، تۆھمەتخورلۇق، قۇۋلۇق ، شۇملۇق، بۇزۇقچىلىق ، بۇلاڭچىلىق، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگىچە بولغان ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. ئۇلار ھالال - ھارامنى پەرق قىلمايدۇ. پەقەتلا ھايۋاندەك يېيىش، ئىچىشنىلا ئويلايدۇ. بۇ ھال، ئۆزگە تەئەللۇق بولمىغان يۇرت - ماكانلارنىڭ خىلمۇ باھانە - سەۋەپلەر بىلەن ئىگەللەپ ئېلىنىپ يەرلىك خەلقلەرنى تۈرلۈك ئالدامچىلىقلار بىلەن ئاياق - ئاستى قىلىش، بۇلاپ - تالاشتا ، ھەتتا يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلەن مەيدانغا كېلىۋاتقان ئاتوم بومبىلىرى، خىمىيۋىي قوراللار قاتارلىق ۋەھشىيانە قىرغىن قوراللىرىنىڭ ياسىلىپ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش - تەجاۋۇز قىلىشلاردا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىليونلاپ ، تىرلىيونلاپ تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان ئىلىم ئەھللىرى پەننى دەرسلەرنىڭ قايسى بۆلىمىدە ئوقۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئەگەر ئىسلامىي ئاڭ - ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن مۇكەممەل تەربىيىلىنىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان بولسا ، ئۇ ھالدا ئوقۇغان كەسپىنى توغرا مەخسەت - نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان ۋە شۇ ئاساستا يۇقىرىدا ئىپادىلەپ ئۆتكەن تۈرلۈك ۋەيرانچىلىق پەيدا بولمىغان بولاتتى!

قۇرۇق شۆھرەت، ماختىنىش ئۈچۈن قىلىنغان بارلىق ئۇرۇنۇشلارمۇ ماھىيەتتە غاپىللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

دېمەككى، سىز ئىجتىمائىي ئىلىم - پەن ساھەسىدە كاتتا شائىر ، ياغۇچى، ياكى تارىخشۇناس بولۇپ كىتىڭ، ئەگەر كاللىڭىزدا ئىسلامىي ئاڭ - ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى چۈشەنچە بولمىسا ، سىزنىڭ يازغانلىرىڭىز يالغانچىلىق بىلەن گىرەلەشكەن بولىدۇ. ئەگەر تەبىئىي پەنچى بولسىڭىز، بۇ ساھەدىمۇ قانچىلىك ئىلگىرلىگەن بولۇڭ، سىز يانىلا ئۆزىڭىزنى كاتتا كەشپىياتچى چاغلاشقا ھەققىڭىز يوق. چۈنكى، ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادىتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى بولغان قۇرئانى كەرىمدە گۈزەل ئەخلاق بىلەن جەمىيەتنى تۈزەش ناھايىتى رۇشەن بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە ئىلىم - پەن كەشپىياتى مەسىلىسىمۇ قۇرئانى كەرىمدە ناھايىتى بۇرۇنلا ناھايىتى ئوبدان بايان قىلىنغان. سانىسىزلىغان غەرپ ئالىملىرىنىڭ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىشى بۇنىڭ رۇشەن دېلىلىدۇر.

دەل شۇنداق بولغاچقا، تەسىس قىلىنغۇسى «خەلقئارالىق ئۇيغۇر ئېنىستوتى» پەن بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ گۈش بىلەن ياغدەك زىچ مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بىرىشتىن ئىبارەت يېگىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى تۈپ شەرت قىلىدۇ ۋە شۇ ئاساستا يېڭى ئەۋلات ئىلىم ئەرباپلىرىنى يېتىشتۈرۈپ قاتارغا قوشىدۇ.

**- 4 -**

ئېنىستوت قارمىغىدا :

1) ئىلمىي تەتقىقات بۆلۈمى؛

2) ئاخبارات ، نەشرىياتچىلىق بۆلۈمى؛

3) قىسقا مۇددەتلىك چوڭلار مائارىپى بۆلۈمى؛

4) كۇتۇپخانا؛

5) ئىجتىمائىي ئالاقە بۆلۈمى ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6) تېلېفون ، فاكس ۋە ئىنتېرنېت ئالاقىسى بۆلۈمى؛
7) قوغداش بۆلۈمى؛
قاتارلىقلار تەسىس قىلىنىدۇ.

ـ 5 ـ

ئوقۇتۇش قۇلايلىقى ئۈچۈن، ئىنستوت ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ۋە تاماقخانىسى ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ.

ـ 6 ـ

ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ، ياتاق ـ تاماقخانىسى ئايرىم ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ.

ـ 7 ـ

يۇقارقى پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئادەم كۈچى ۋە مالىيە جەھەتتىن يېتەرلىك تەييارلىق بولىشى كېرەك، ئەلبەتتە.
بۇ جەھەتتە :
1) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مەسلىسى ؛
2) باشقا ئىلمىي خادىملار مەسلىسى؛
(1) تەتقىقاتچىلار ؛ (2) دەرسلىك تۈزگۈچىلەر؛ (3) ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلار مەسىللىرى؛ (4) فاكس، تېلېفون ۋە ئىنتېرنېت ئالاقىسى مەسىللىرى؛
3) كىتاپ ـ ماتېريال مەسلىسى؛
4) ئىشخانا ، دەرسخانا ، ياتاق ، تاماقخانا مەسىللىرى؛

قاتارلىقلارنىڭ ھەل قىلىنىشى جىددىي تەقەززا قىلىدۇ.

بۇ جەھەتتە ھازىرقى ئېھتىياج ئۈچۈن :
1) ئىنستوتنىڭ مۇدىرى 1 نەپەر. ياردەمچى مۇدىر 2 نەپەر ، كاتىۋات بۆلۈم ئۈچۈن 2 نەپەر ، دىنىي ۋە پەننىي دەرسلەرگە مەسئۇل ئوقۇتقۇچى 20 نەپەر، تەتقىقات ۋە دەرسلىك تۈزگۈچىلەر ئۈچۈن 6 نەپەر، قوغداش بۆلۈمى ئۈچۈن 6 نەپەر، ئىجتىمائىي ئالاقە ئۈچۈن 2 نەپەر، فاكس، تېلېفون ۋە ئىنتېرنېت ئالاقىسى ئۈچۈن 2 نەپەر ؛ مالىيە ئىشى ئۈچۈن 3 نەپەر، كۇتۇپخانا ئۈچۈن 2 نەپەر، مۇھىت گۈزەللىگى ۋە تازىلىق ئۈچۈن 5 نەپەر ، جەمئىي 51 كىشى يېتەرلىك.
2) ئىشخانا 4 ئېغىز، سىنىپ 8 ئېغىز، تەتقىقات ۋە دەرسلىك تۈزگۈچىلەر ئۈچۈن 2 ئېغىز، قوغداش بۆلۈمى ئۈچۈن 2 ئېغىز، ئىجتىمائىي ئالاقە ئۈچۈن 2 ئېغىز، فاكس، تېلېفون ۋە ئىنتېرنېت ئالاقىسى ئۈچۈن 2 ئېغىز، مالىيە ئىشى ئۈچۈن 2 ئېغىز، كۇتۇپخانا ئۈچۈن 2 ئېغىز، مۇھىت گۈزەللىگى ۋە تازىلىق ئۈچۈن 2 ئېغىز ، تاماقخانا ئۈچۈن : زال 2 ئېغىز ، ئاشخانا 2 ئېغىز، ياتاق 6 ئېغىز، جەمئىي 36 ئېغىز يۇرۇشلەشكەن بىنالىق كۋادرات مېتىرلىق ئورۇن كېپايە .

3) ئىشخانا ، سىنىپ ... قاتارلىقلارغا كېرەكلىك ئۈستەل ئورۇندۇق ، ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىققا كېرەكلىك ئېلېكترونلۇق جىھازلار ، قوغداش ، مۇھەت گۈزەللەشتۈرۈش ۋە تازىلىق قوراللىرى مەسىلىسىمۇ بار.

بۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنسا ، ئىنشا ئاللاھ «خەلقئارالىق ئۇيغۇر ئىنستوتى» نىڭ تەسىساتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ، ئوقۇشنى ناھايىتى قىسقا مۇددەتتە باشلىغىلى بولىدۇ، ئەلبەتتە.

ھۆرمەت بىلەن :

ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

**15 . 11 . 2013**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خەلقئارالىق يېڭى ئۇقۇمدىكى «دۇنيا تىلى» ئىلمىي مۇھاكىمە قورۇلتىيى چاقىرىش زۆرۈرلىگى توغرىسىدا

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ!

پەزىلەتلىك شەيخ ،ئۇستاز يۇسۇف ئەل قەرداۋىي ھەزرەتلىرىگە:

مەلۇمكى، ھازىر دۇنيادا 7000 خىلدىن ئارتۇق تىل بار بولۇپ، بۇلاردىن ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، ئەرەپچە ، ئىسپانچە ، نېمىسچە ، خەنزۇچە قاتارلىق تىللار ب د ت نىڭ دائىملىق خىزمەت تىللىرى سۈپىتىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. باشقا يەنە بىر مۇنچە تىللارنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى بارغانسىرى كىچىكلەيمەكتە.

ئەمما نىملا بولمىسۇن، تىل ـ يېزىق قوللىنىش ، خەلقئارالىق ھەتتا دۇنياۋىي تىللارنى تاللاش جەھەتتىكى پىكىر ـ مۇلاھىزىلەرگە قارىغىنىمىزدا ئېغىر ھالدىكى خاتا خاھىشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

بۇ يەردە قىسقىچە قىلىپ ئېيتساق ، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە گېرمانىيىلىك پەيلاسوف لېيبنىتس، چېخوسلوۋاكىيىلىك پېداگوك كوامېنيۇس ۋە فرانسىيىلىك پەيلاسوف دېكار قاتارلىقلار بۇ جەھەتتە تۇنجى ئىزدەنگۈچى كىشىلەر ئىدى. ئەمما كېيىنرەك پولشالىق كۆز دوكتورى زامېنخوفنىڭ «دۇنيا تىلى» لايىھىسى بىر قەدەر «كۆڭۈلدىكىدەك» ھېساپلىنىپ، ب د ت تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنىپ ، نۇرغۇن جايلاردا «دۇنياتىلى» («ESPERANTO») ئىلمىي جەمىيەتلىرى قۇرۇلدى ۋە زامېنخوف كەشىپ قىلغان «دۇنيا تىلى» («ESPERANTO»)نى دۇنيا خەلقى ئورتاق قوللىنىشقا بولىدىغان تىل سۈپىتىدە ئىشلىتىش تەشەببۇس قىلىندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەمدى بەزى ئىنسانلار «21 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىنگلىز تىلى پۈتكۈل دۇنيانى بويسۇندۇرىدۇ»، «ئىنگلىز تىلى ــ دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار، ئالدىنقى قاتاردا تۇرالايدىغان دۇنياۋىي تىل بولىدۇ»، دېيىشمەكتە.

نۆۋەتتە، ختاي تىلشۇناسلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، « خەنزۇچە خەت 21 ـ ئەسىردە دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان كۈچلۈك ئالاقە قورالى بولىدۇ »③ ، دېگەن مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىلىنگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا:

1) « ESPRANTO »تىلى تەرەپدارلىرى، بۇ تىلنىڭ ھەرپ شەكىللىرى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئاددىي، شۇڭلاشقا ئۆگىنىش، قوللىنىش ئاسان، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

2) ئىنگىلىز ۋە ختاي تىل ـ يېزىغى تەرەپتارلىرى بولسا سودا ـ سانائەت، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە ئۇلارنىڭ نىسپەتەن تەرەققىي قىلغۇاتقانلىغى ۋە شۇڭا تەسىر ـ دائىرىسىنىڭمۇ بارغانسىرى كېڭىيىۋاتقانلىغىنى ۋە بۇ سەۋەپلىك بۇ تىلنى قوللانغۇچىلارنىڭ سانىنىڭمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقانلىغىنى تىلغا ئېلىشماقتا.

شۇنداق قىلىپ كىشىلەر دۇنياۋىي تىلنى تاللاش ـ بېكىتىشتە بىر تەرەپتىن ئۆگۈنۈش ۋە ئالاقە قولايلىغىنى نەزەردە تۇتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نوقۇل ھالدىكى «تەرەققىيات» ۋە «قوللانغۇچىلارنىڭ سانى» نى نەزەردە تۇتۇشتى.

ئۇنداق بولسا ئاشۇ تىللار ھەقىقەتەن «دۇنيا تىللىرى» بولۇشقا مۇناسىپمۇ؟

قەتئىي ياق!

چۈنكى ، دۇنيانى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «دۇنيا تىلى»نى تاللاش ۋە بېكىتىشتە ئالدى بىلەن دۇنيانى ياراتقان مۇبارەك زات ئاللاھۇ تائالانى نەزەردە تۇتماسلىققا ھېچ كىمنىڭ ھەققى يوق، ھەم بولماسلىغى كېرەك!!!

ئەمدى يەنە شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، بۇ دۇنيا ئىنسانلارنىڭ شىرىن خىيالىي چۈشلىرى بىلەن بىرلەشكەن ئاللىقانداقتۇر «تەرەققىيات» ۋە «كېڭەيمىچىلىك» بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان مەئىشەتلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ سەھنىسى ئەمەس! بەلكى، مۇشۇ دۇنيانى ياراتقان تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھۇ تائالاغا تەسبىھ، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللۇنۇش ئاساسىدا ئۇ دۇنيا ئۈچۈن، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا كەلگەندە بېرىدىغان ھېساپ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان فانى، ئىمتىھان دۇنياسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق تەرەققىيات ۋە كېڭەيمىچىلىكنىڭ يۈزەكى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى تەرەققىيات ۋە كېڭەيمىچىلىكنىڭ قانداق ئۇسۇللار بىلەن مەيدانغا كېلىۋاتـ ـقانلىغىنى چوڭقۇرراق چۈشۈنۈپ ئاندىن بېكىتىشكە بىرىشكە ئەھمىيەت بىرىش كېرەك.

كۆرىدىغان بولساق، بۇ پايانسىز دۇنيا ئىككى خىل ئاق ـ ئىدېلوگىيە بىلەن گىرەلەشكەن دەھشەت ئېغىر ۋە كەسكىن زىددىيەت ۋە تۇقۇنۇش بىلەن تولغان دۇنيا بولۇپ، ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىگىنى، ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى يارىتىش غايىسىنى تونىغان ۋە ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتىنى ئويلىغان ئىمانلىق ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەر تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىم يادرولىغىدىكى ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېلوگىيىنى يېتەكچى قىلىپ ئىنسانىيەتنى تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھۇ تائالاغا تەسبىھ، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللۇنۇش ئاساسىدا ياشاشقا، ئىسلامى ئاڭ ـ ئىدېلوگىيىنى ئاساس قىلغاندىلا دۇنيانى گۈللەندۈرۈشكە ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈ ـ رۈشكە بولىدىغانلىغىدەك توغرا يولغا يېتەكلەۋاتقان بولسا، ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىگىنى، ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى يارىتىش غايىسىنى تونىمىغان ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاساسىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى چۈشەنمىگەن جاھانگىر بۇلاڭچى ياۋۇز قارا كۈچلەر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە قول ئۇزارتىپ ئۆزىدىن ئاجىز قارالغان دۆلەت ۋە رايونلارنى تۈرلۈك ھىلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق ياكى قۇرال كۈچى بىلەن نومۇسسىزلارچە ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئىسلامغا يات دىنىي ئەقىدىلەر ۋە ئاتالمىش «ئىزىم»لارنى يېتەكچى قىلىپ، ئاتالمىش «ياردەم» نىقاۋى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قەدىمى يەتكەنلا يەردە سىياسىي جەھەتتىن زورلۇق ـ زومبۇلۇقنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھەق ـ ھوقۇقىنى بوغۇپ، يەرلىك مىللەت خەلقىنى دىنىدىن، تىلىدىن، تارىخىدىن ۋە مىللىي مەدەنىيىتىدىن مەھرۇم قىلىش قارا قۇيۇننى چىقىرىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقى جەھەتتىن جىنسى پەسكەشلىك، ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقنى ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىلمۇ ـ خىل باھانە ـ سەۋەپلەر بىلەن ئەسەبىي بۇلاڭچىلىق، خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەتتا بەزى مىللەتلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوللىكتىپ ھالدا قىرغىن قىلىپ، ئۇلارنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىشقا ۋە شۇ ئاساستا ئۆز مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن، «سەن ئۆل، مەن ياشاي»نى بىردىن ـ بىر نىشان قىلغان «كېڭيىش»، «تەرەققىيات» قەدىمنى ئۆزلۈكسىز تېزلىتىپ، خەلقنى نادانلىق، قۇللۇق، يوقسۇللۇق ۋە ۋەيرانچىلىق دېڭىزىغا ئىتتىرمەكتە ۋە مانا شۇنداق رەزىل قىلمىشلار بىلەن بېيىماقتا، تەرەققىي قىلماقتا....

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلبەتتەكى بىرەر ئەل، بىرەر مىللەتنىڭ ئاتالمىش «تەرەققىياتى» ۋە «كېڭەيمىچىلىكى»گە قاراپ، «ھە ئۇلار تەرەققىي قىلغان ئەللەر، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ» دەپ ئاخمىقانىلارچە ئەگەشمىچىلىك قىلماي، بەلكى، تەرەققىياتنىڭ قانداق سەۋەپلەر بىلەن مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئەتراپلىق كۆزۈتۈپ ئاندىن باھا بېرىشىمىز كېرەك.

ئۇنداق بولسا زادى قانداق تىل «دۇنياۋىي تىل» بولالايدۇ؟

«دۇنيا تىلى» بولالايدىغان تىلنىڭ شەرتى زادى نىمە؟

بۇ جەھەتتە كونكرىتنى ۋە تەپسىلىيرەك قىلىپ ئېيتقاندا، «دۇنيا تىلى» بولىدىغان تىل تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بولۇشى كېرەك:

1) ئالدى بىلەن «دۇنيا» دىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇداتنى ياراتقان، ــــ دېمەك ئەزەلدىن ـ ئەبەتكىچە بار ۋە بىر بولغان ئاللاھنى ئاۋانگارتلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئېتراپ قىلغان، تونىتالىغان ۋە ئىزچىل ھالدا تونىتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

(2) ئاللاھنىڭ دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى يارىتىش غايىسىنى ئاۋانگارتلىق بىلەن ئېتراپ قىلغان، تونىتالىغان ۋە ئىزچىل ھالدا تونىتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

(3) ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ دۇنياۋىي پەيغەمبەر سۈپىتىدە تاللىغان ئەڭ ئۇلۇق ۋە ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز ئىكەنلىكىنى ئاۋانگارتلىق بىلەن ئېتراپ قىلغان، تونىتالىغان ۋە ئىزچىل ھالدا تونىتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

(4) قۇرئانى كەرىم يادرولىغىدىكى ئىسلامىيەتنىڭ پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت قورغىنى ئىكەنلىكىنى ئاۋانگارتلىق بىلەن ئېتراپ قىلغان، تونىتالىغان ۋە ئىزچىل ھالدا تونىتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

(5) ئىسلامىيەتنى چۈشەندۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، قىلىۋاتقان مەشھۇر ئىسلام قەھرىمانلىرىنى ئاۋانگارتلىق بىلەن ئېتراپ قىلغان، تونىتالىغان ۋە ئىزچىل ھالدا تونىتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

(6) پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى مىسلىسىز ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىم يادرولىغىدىكى ئىسلامىيەتكە، ــــ ئادالەت، ھەقىقەتكە يېتەكلىگەن ۋە ئىزچىل ھالدا يېتەكلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

**بۇ جەھەتتە پەقەت ۋە پەقەت ئەرەپ تىلى، تۈرك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى يادرولۇق يېتەكچى تىللار ھېساپلىنىدۇ. ۋە دېمەك**، ئېقىل ۋە ئىنساپ بىلەن ئويلانغاندا، پەقەت ۋە پەقەت ئەرەپ تىلى، تۈرك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭلا ھەقىقەتەن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك دۇنياۋىي تىللار بولالايدىغانلىقىنى، «دۇنيا تىلى» ئاتالغان «ESPERANTO» ۋە «دۇنيا تىلى» بولۇپ ئاتىلىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان ئىنگلىز ۋە خىتاي تىللىرىنىڭ «دۇنيا تىلى» بولغىدەك ئەۋزەللىگى يوق ئىكەنلىكىنى، ئېتراپ قىلىشىمىزكېرەك، دەپ قارايمەن.

بۇ كۆز قارىشىمنى ئىسپاتلىغان ئاساستا ئەسلىكى ھەقىقىي دۇنيا تىلى قايسى تىل بولىدىغانلىقىنى تەشۋىقلەش ئۈچۈن «خەلقئارالىق يېڭى ئۇقۇمدىكى«دۇنيا تىلى» ئىلمىي مۇھاكىمە قورۇلتىيى چاقىرىش زۆرۈرلىگىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن. ۋە بۇ قورۇلتايدا مۇھاكىمىگە قويۇش ئۈچۈن «قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟» ماۋزۇلۇق بىر كىتاپ تەييارلىۋاتىمەن.

چۇڭقۇر ئىشىنىمەنكى، ئىنشا ئاللاھ بۇ كىتاپتا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار بىلەن پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي دۇنياۋىي تىلغا بولغان چۈشەنچىسى يېڭىلىنىش-ياخشىلىنىش بىلەن ھەقىقەتەن پاساھەت بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەن، «دۇنيا تىلى» بولىدىغان تىللارنىڭ ئەرەپ ، تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى چۇڭقۇر تونۇپ يېتەلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامىي ئاڭ-ئېتىقادى ئاجىز بولغانلارنىڭ ئىمانى كۈچلىنىپ، ئىسلام بىلەن شەرەپلىنىشنىڭ نەقەدەر ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى چۇڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سىلىنىڭ بۇتەشەببۇسۇمنى ئويلىنىپ كۆرۈشلىرىنى سەممىي ئۈمت قىلىمەن.

ئەي ئۇلۇق ئاللاھىم!

ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن، بىلىپ تۇرغۇچىسەن. سېنىڭ تەلىم-نەسىھەتلىرىڭدىن يېتەرلىك خەۋەردار بولالماي ئاجىز - ئىقتىدارسىز ئورۇندا تۇرۇپ قېلىۋاتقان بەندىلىرىڭنى گۈزەل ۋە پاساھەتلىك ئەرەپ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ ياردىمىدە پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن يارامىلىق ئىنسان بولۇپ ياشىشىنى نېسىپ ئەيلىگەيسەن!

شۇ ئاساستا تۆرلۈك تىللارنىڭ ئۆز قىسمىتىگە، — سەن ئاتا قىلغان ئىقتىدارىغا مۇناسىپ ھالدا توغرا باھالىنىشىغا ۋە ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشىغا ئىلھام ئاتا قىلغايسەن، ئامىن !

ھۆرمەت بىلەن:

كەمىنە ئابدۇلقۇددۇس ھافىز          2013 . 7 . 10

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئۇيغۇر يېزىغى ئۈستىدە ئويىنلىۋاتقان رەزىل ئويۇنلار

(«ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى»نىڭ 4 ـ قېتىملىق «دۇنيا ئانا تىلى كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان يىغىنىدا ئېلان قىلىندى)

## 1 ـ مەسىلىنىڭ قويۇلىشى

ئايانكى، ئىككى ئالەملىك تىنچ، بەختىيار ۋە گۈزەل ھاياتىمىزنىڭ نۇرى ۋە مەشئىلى بولغان ئۇلۇغ قۇرئانى كەرىمدە جەنابىي ئاللاھ : « اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ » (ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن.) ، «اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ» (ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر.) ،«الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ» (ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى.) (96 ـ سۈرە «ئەلەق»، 1 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ئايەتلەر) دەپ تەلىم بېرىپ، ئىنسانلارنى ئوقۇشقا ، بىلىملىك بولۇشقا ۋە شۇ ئاساستا مىسلىسىز بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ ياراتقۇچىسى كەرەملىك ئۇلۇغ ئاللاھۇ ـ تائالانى تونۇش ، بار ۋە بىر دەپ بىلىشىمىزنى خىتاپ قىلىدۇ. دېمەككى، يېزىق ــــ ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق، بىلىمسىزلىك ۋە ئىخلاس ـ ئەقىدىسىزلىك دەۋرىگە خاتىمە بېرىدىغان، ھەتتا مەدەنىي ئىنسانىي ھاياتنى باشلاشقا ، شۇ ئاساستا يارىتىلىش غايىسىنى تونۇپ يېتىشكە يېتەكلەيدىغان قىممەتلىك مۆجىزەۋىي ۋاستەدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يېزىق مەسىلىسىگە ھەرگىزمۇ ئاددىي، يۈزەكى چۈشەنچە بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ھەرگىزمۇ بولمايدۇ.

كۆپ ئەپسۇس، ـ نۆۋەتتە مۇشۇنداق نازۇك، ئېنچكە ، مۆجىزىۋىي ۋاستە بىلەن مۆجەسسەملەنگەن ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ قوللىنىلىشى جىددىي ئېغىر تەھدىتلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ . بۇ بولسىمۇ، بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان مۇشۇ ئەرەپ تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان يېزىغىمىزنى « جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ» ، «تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ» ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ماس كەلمەيدۇ»، دەپ ، بۇ يېزىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، لاتىنچىلاشقان يېزىقنى ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان لايىھەلەردىن ئىبارەت.

رۇشەنكى بۇ، ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك ، ھاماقەتلىك، ئەخمەقانىلىق ، ھەتتا قىلچىمۇ مەنتىقىغە ياتمايدىغان ، ئېقىلغا سىغمايدىغان ۋە ھەتتا بىر مىللەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ نابۇت قىلىۋېتىدىغان خەتەرلىك قىلمىشتۇر!

ماقالە مانا شۇ يامان ئاقىۋەتكە خاتىمە بېرىش، ھەققەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەخسىتىدە يېزىلدى ۋە تۆۋەندىكى تېماتىك مەزمۇن بويىچە بايان قىلىندى:

1) ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ كاتتا رولى ۋە سېھرى كۈچى توغرىسىدا؛
2) ئۇيغۇر يېزىغى ئۈستىدە ئويىنلىۋاتقان رەزىل ئويۇنلار؛
3) تەكلىپ ـ تەشەببۇسلار؛

### 1) ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ كاتتا رولى ۋە سېھرى كۈچى توغرىسىدا

خوش ، ئۇنداق بولسا ئۇبدانراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، ــــــــــــــــ
ئۇيغۇر يېزىغى ھەقىقەتەن تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەمدۇ؟

ئۇيغۇر يېزىغى ھەقىقەتەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ماسلىشالامدۇ؟
ئۇيغۇر يېزىغى ھەقىقەتەن تەرەققىياتقا ماسلىشالامدۇ؟
نۇمۇسسىز گەپلەر يۈزسىز ئادەملەرنىڭلا ئاغزىدىن چىقىدۇ.

«كۆزنى يۇمۇۋېلىپ، تىمسقىلاپ قۇشقاچ تۇتۇش»قا ئۇرۇنۇپ قالايمىقان جۆيلىگۈچىلەر ھۇشىنى يىغىۋېلىشى ، كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ، ئاغزىنى چايقىۋېتىپ ، ئەمەلىيەتكە قاراپراق گەپ قىلىشى كېرەك!

قېنى ، ئۇلار قاراپ بېقىشسۇن، بىزنىڭ يېزىغىمىز ھەقىقەتەن ئۇلار ئېيتقاندەكمىكەن؟

تارىخ شاھىتكى، ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي ھاياتى يېزىق بىلەن باشلانغان ئىكەن، شۇ مەدىنىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر يېزىغى ئەڭ زور تۆھپىكارلىغى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان. ئىنسانلارنىڭ يىراق قەدىمىي ، تارىخىي ماكانى بولغان «مۇ» قىتئەسىدە مەيدانغا كەلگەن مەدىنىيەت بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

تەتقىقاتلار دۇنيادا مەۋجۇت **7000** خىلدىن ئارتۇق تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىي ھايات سەۋىيىسى ئۇزۇن جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ۋە تۆۋەندىكى سېخىمىلىق باغلىنىشتىكىدەك ئىكەنلىگىنى روشەن كۆرسەتتى :




بۇ سېخىمىداكۆرۈنگەن مانا شۇ « مۇ » غا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتى ئۈچۈن **50** نەچچە يىللىق ھاياتىنى سەرپ قىلىپ پۈلاتتەك دېلىللارنى توپلىغان ئىنگلىز تارىخشۇناسى،ئارخېئولوگ جەيمز چېچۋورد **(JamesChurchward)**نىڭ «مۇ قۇرۇغلۇقى» ناملىق كىتاۋىدا ، ئىنسانىيەت تەخمىنەن بۇنىڭدىن **200** مىڭ يىل بۇرۇن« مۇ قۇرۇغلۇقى » دا پەيدا بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئاپتور بۇ كىتاۋىدا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى دەلىللىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ دەلىللەر مەشھۇر ئىنگلىز تارىخشۇناسى جەيمز چېرچۋودنىڭ 50 يىللىق ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ تەتقىق قىلىپ يېزىپ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان تارىخىي كىتاپلىرىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇلاردىن « مۇنىڭ قۇتسال سىمۋوللىرى » ناملىق كىتاۋىدا : « پۈتكۈل مۇ مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئۇيغۇرلارنىڭكىنى ئاساسلىق ھالدا تاللىغان . ....... ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم ، ئېتىقات ، ئىجتىمائىي ھايات ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ، ئىنسان بىلەن كائىنات ئارىسىدىكى قۇرۇلمىلار جەھەتتىن قالدۇرۇپ كەتكەن ئاساسلار ناھايىتى توغرا »، دەپ يازىدۇ .

ئاپتور ئەمدى « ئۇلۇق ئۇيغۇر ئېمپىرىيىسى » ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دەيدۇ : « ئۇيغۇرلار مۇندىن 20000 يىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسگە چىققان . ئۇلار ئاسترونومىيە ، كانچىلىق ، توقۇمىچىلىق، ئارخېئولوگىيە ، ماتېماتىكا ، يېزا ئىگىلىگى ، يېزىق ، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا پەنلەرنى بىلەتتى . ئۇلار يىپەك ، مېتال ۋە ياغاچتىن ھەشەمەتلىك بۇيۇملارنى تەييارلاشقا ماھىر ئىدى .ئالتۇن ، كۈمۈش ، برونزا ۋە لايدىن ھەيكەللەرنى ياسىيالايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىسىر مەدەنىيىتى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن . قەدىمىي گرېك ، خالدېي ، ۋاۋىلونلار ، پارسلار ، مىسىرلىقلار ۋە ھىندىلارنىڭ مەدەنىيىتى قەدىمىي « مۇ »دەۋرىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا پەيدا بولغان .» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 14 ـ بەت )

ئۇيغۇرلار مانا شۇنداق ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپلا يېزىق قوللۇنۇپ سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ ئىنسانىي ياشاشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىۋاتقاندا ، باشقىلار خىلمۇ ـ خىل دەت ـ تالاش ، جەڭگە ـجىدەللەر بىلەن ئاۋارە ئىدى . بۇ ھەقتە تۈركچە ئىشلەنگەن « بوز قىرنىڭ ئويغىنىشى »ناملىق خەرىتىدە تەپسىلى چۈشەنچىلەر بېرىلىپ ، ئۇيغۇرلارغا نىسپەتەن ، « ئۇرۇش ـجىدەلنىڭ ئورنىغا ئەدەبىيات » ماۋزۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئىنسانىي ھاياتىنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغانلىقى ، قەدىمى تەككەنلا يەردە ئىلىم ـ مەرىپەت گۈللىرىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىقى قىزغىن مەدھىلىنىپ ، « ....شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلار تۈرك ،مۇڭغۇل قەۋملىرى ئىچىدە بۈيۈك ، ئىلغار بىر قەۋم ئىكەنلىگىنى نامايان قىلدى ،چىڭگىزخان زامانىغا كەلگەندىمۇ ئۇلار قەۋملەرنىڭ تەربىيچىلىرى بولغان ئىدى . ....» دېيىلىدۇ . بۇ باھاغا ناھايىتى يېقىن ھالدا فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس تارىخچى گراسېر ئەپەندىمۇ 1930 ـ يىللىرى يازغان « يايلاق ئىمپىرىيىلىرى » ناملىق كىتاۋىدا قېدىمقى ئۇيغۇرلار ئۇستىدە توختۇلۇپ ، « ئۇيغۇرلار تۈرك ، مۇڭغۇل خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ ، چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندىمۇ يانىلا تەربىيىلىگۈچىلەردىن ئىدى » دەپ يازغان بولسا ، ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى دېنىس سنور ئەپەندى 1960 ـ يىللىرى يازغان« ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا » ناملىق كىتاۋىدا ئۇيغۇرلارنى «تۈرك تىللىداسۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە ھېچ قايسىسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن » دەپ تەرىپلىگەن ئىدى. دەرۋەقە تارىختا چىڭگىزخاندەك قۇدرەتلىك جاھانگەشتىلەرمۇ بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە ئۇيغۇر كاتىپ ـ باخشىلىرىنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى .شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىغى مۇڭغۇللارنىڭ دۆلەت يېزىغى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىلىم ھەقىقەتكە ئوتەنەك مۇھەببەتلىك يەنە قانچىلىغان ئالىملارمۇ باركى ، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ناھايىتى يۈكسەك باھالارنى بەرگەن . بۇلاردىن شۋېتسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس گۇننار ياررىڭ « ئۇيغۇر تىلى » ناملىق 4 توملۇق كىتاۋىنى يازغان بولسا ، گېرمانىيىلىك پروفېسسور گابائىن خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ، دىنىي ئېتىقادى ، تىل ـ يېزىغى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى بېغىشلىغانكى ، ئۆمۈرۋايەت تۇرمۇشلۇق بولماي ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئاجايىپ قىممەتلىك ئىلمىي نەتىجىلەرنى ياراتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ « قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى » ، « قېدىمقى تۈركىي تىللار » ، « ھازىرقى زامان تۈركىي

تىللىرى»...... قاتارلىق **10** نەچچە پارچە ئىلمىي ئەسىرى ، **200** پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ۋە تەقرىزلىرى بار .

ئۇلاردىن باشقا تۈرك ئالىم ، پروفېسسورلاردىن ئوكتاي سىنان ئوغلى مۇنداق دەيدۇ : « ئۇيغۇر تۈركلىرى دۇنيانىڭ ھازىرقى ۋەئۆتمۈشىدىكى ئەڭ بۈيۈك ، ئەڭ ئىنسانىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدى . ئىنساننىڭ باياشاتلىغى ، ھۇزۇرى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت ھاكىمىيتى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۈرت سورىغانلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر . باشقا تۈرك دۆلەتلىرى ۋە ئاخىرىدا ئوسمانلىقلارمۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە داۋاملاشتۇرغان . » (« پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى ۋە تۈركچە » ، **252** ـ بەت ) ، « تۈرك دۇنياسى ، ھەتتاپۈتكۈل ئىنسانلار ئۇيغۇرلارغا كۆپ جەھەتتىن قەرزدار . ئۇيغۇرلار ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن . دۇنيا بويىچە ئىنساننىڭ بەخت ـسائادەتلىك بولىشىنى ئالدىنقى رەتتە قويغان دۆلەت باشقۇرۇش ئېڭىنى ۋە تۈزۈلمىسىنى، نۇرغۇنلىغان سەنئەت ۋە تېخنىكىنى ، ئەڭ ئىلغار تېرىقچىلىق ۋە سۇغۇرۇش ۋە بوستانلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۇلار ئىجات قىلغان . ئوسمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېيىنكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋاپپىقيەتلىرى مانا شۇ ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن... **20** يىل بۇرۇن ياپونىيىدىكى جىددىي ئىزدىنىشلىرىم جەريانىدا ياپونلارنىڭ دىققىتى قوزغالدى .ھازىر ئۇلار تەتقىقاتىنى باشلىۋەتتى . بىز ياپونلار بىلەن بىرلىشىپ **«ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش مەركىزى»** نى قۇرىشىمىزلازىم . ئوسمانلىق ئارخىپ بەلگىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر بىلىم قوشۇنىنىڭ يېنىدا يەنە ئۇيغۇر تىلى ،يېزىغى ۋە تارىخى بويىچە كۆپلىگەن مۇتەخەسسىلەرنى تېزلىكتە يېتىشتۈرىشىمىز لازىم.» ( شۇ كىتاپ ، **283** ـ بەت )

يەنە ، مەشھۇر تارىخشۇناس مورگان ئەپەندى : «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەريا ۋادىسىغا كۆمۈلگۈلۈكتۇر . قاچان شۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرىمۇ شۇ چاغدا ئېچىلىدۇ .»دېگەن بولسا ، رۇس ئالىمى كوزنىتسوف : « ئوتتۇرا ئاسيانى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئوچىغى دەيدىكەنمىز، شۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى ئونۇتماسلىغىمىز كېرەك .»دەپ ئالاھىدە ئىزاھلايدۇ .

مۇنداق مىساللار ھەددى ـ ھېساپسىز.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار مانا شۇ ناھايىتى قېدىمقى زاماندىلا يېزىق مەدەنىيىتىنى ئەڭ ئالدى بىلەن باشلىغان بولۇپ، زامانىمىزغا كەلگىچە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ **30** نەچچە خىل يېزىق قوللانغان ۋە ئىنسانىيەت مەدىنىيتى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدىنىي تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ جەھەتتە يېزىلغان كىتاپ ـ ماتېرىياللار ھەددى ـ ھېساپسىزكى، ساناپ ئەمەس تونىنلىق تارازىلار بىلەن تارتىپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ!!!

ئەگەر ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ شۇ قەدەر كاتتا ئىلمىي قىممىتى بولمىغان بولسا، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ پەخىرلىنەرلىك مەدھىيىۋىي باھالىرى مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنمىدى؟

ئەلبەتتە بۇنداق بولىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇندىن كېيىنمۇ تەرەققىيات مەيلى قانداق يۇقىرى باسقۇچقا قاراپ ئىلگىرلىسە ئىلگىرلەۋەرسۇن،

ئۇيغۇر يېزىغى قىممەتلىك تارىخىي رولىنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇشتا تامامەن قادىركى ، بۇ جەھەتتە ھەر قانداق مىللەتنىڭ يېزىغىدىن ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇرالايدىغانلىغىنى نامايان قىلالايدۇ. ئۇيغۇر يېزىغى مانا شۇنداق سېھرى كۈچكە ئىگە مۇكەممەل يېزىقتۇر.

بۇنى يېزىغىمىزنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە ئالاھىدىلىگى ئاساسىدا ئىسپاتلاپ ئۆتىمەن:

**1)** بۇ يېزىغىمىز ئەرەپ تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىشلەپ چىقىلغان **32** ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ **32** ھەرپ **32** خىل تاۋۇشنىڭ بەلگىسى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ . **7** ھەرپىنىڭ ناھايىتى بىلىنگۈسىز دېگۈدەك فونېتىكىلىق تەلەپپۇز ھالىتىنى نەزەردە تۇتقاندا ، ئۇمۇمىي تاۋۇش شەكلى **39** خىل. مەسلەن:

## هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | ھەرپ شەكلـ ـلىرى | فونېملىق تاۋۇش شەكىللىرى | فونېتىكىلىق تاۋۇش شەكىللىرى | № | ھەرپ شەكلـ ـلىرى | فونېملىق تاۋۇش شەكىللىرى | فونېتىكىلىق تاۋۇش شەكىللىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا ـا ا ـئا | [ɑ] | [ɑ][A] | 18 | كـ ـكـ ـك ك | [k‘] | [ k‘] |
| 2 | ئە ـە ە ـئە | [æ] | [æ][ɛ] | 19 | گـ ـگـ ـگ گ | [g] | [ɣ][g] |
| 3 | بـ ـبـ ـب ب | [b] | [b] | 20 | ڭـ ـڭـ ـڭ ڭ | [ŋ] | [ŋ] |
| 4 | پـ ـپـ ـپ پ | [ p‘] | [ p‘] | 21 | لـ ـلـ ـل ل | [l] | [l] |
| 5 | تـ ـتـ ـت ت | [t‘] | [t‘] | 22 | مـ ـمـ ـم م | [m] | [m] |
| 6 | جـ ـجـ ـج ج | [ʤ] | [ʤ] | 23 | نـ ـنـ ـن ن | [n] | [n] |
| 7 | چـ ـچـ ـچ چ | [tʃ‘] | [tʃ‘] | 24 | ھـ ـھـ | [ɦ] | [ɦ][h] |
| 8 | خـ ـخـ ـخ خ | [χ] | [χ] | 25 | ئو ـو و ـئو | [o] | [o] |
| 9 | د ـد | [d] | [d] | 26 | ئۇ ـۇ ۇ ـئۇ | [u] | [ɷ][u] |
| 10 | ر ـر | [r] | [r] | 27 | ئۆ ـۆ ۆ ـئۆ | [ø] | [ø] |
| 11 | ز ـز | [z] | [z] | 28 | ئۈ ـۈ ۈ ـۈ | [y] | [y] |
| 12 | ژ ـژ | [ʒ] | [ʒ] | 29 | ۋ ـۋ | [v] | [w][v] |
| 13 | سـ ـسـ ـس س | [s] | [s] | 30 | ئې ې ئېـ ېـ ـېـ ـئېـ ـې ـئې | [e] | [e] |
| 14 | شـ ـشـ ـش ش | [ʃ] | [ʃ] | | | | |
| 15 | غـ ـغـ ـغ غ | [ʁ] | [ʁ] | 31 | ئى ى ئىـ ىـ ـىـ ـئىـ ـى ـئى | [i] | [ı][i] |
| 16 | فـ ـفـ ـف ف | [f] | [f] | | | | |
| 17 | قـ ـقـ ـق ق | [q‘] | [q‘] | 32 | ي يـ ـيـ ـي | [j] | [j] |

ئەمما بەزى ھەرپلەردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر شۇ ھەرپنىڭ فونېملىق تەلەپپۇز ھالىتىدىن ئۇنچىۋالا يىراقلاپمۇ كەتمەيدۇ . مەسىلەن ، ‹ئا› ھەرپنىڭ فونېملىق ترانسكرىپسىيىسى [ɑ] ، فونېتىكىلىق ترانسكرىپسىيىسى بولسا [ɑ] , [A] بولۇپ ، تىلىمىزدىكى ‹ ئاتا› دېگەن سۆزلەمنى [At’A] ، ‹ قاغا› دېگەن سۆزلەمنى [q’ɑʁɑ] دەپ يازىمىز ، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ يەردە [ɑ] , [A] لارنىڭ تەلەپپۇز ھالىتىدە ئالاھىدە چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت ئەمەس . يەنە كۆرسەك ، تىلىمىزدىكى ‹گال› دېگەن سۆزلەمنى [gɑl] شەكلىدە ، ‹تۈگمە› دېگەن سۆزلەمنى [t’ y ɣ m ɛ] شەكلىدە يازىمىز . دېمەك بۇ يەردىمۇ ‹ گ › ھەرپىنىڭ تەلەپپۇز ھالەتلىرى ئالاھىدە چوڭ پەرق قىلىپ كەتمەيدۇ .

شۇ جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يېزىغىنى ناھايىتى قىسقا مۇددەتتە مۇكەممەل ئۆگىنىۋېلىش بولغىلى ۋە دەرھاللا سۆز ئۆگىنىۋېلىشكە ، بىلىم ئاشۇرۇشقا كىرىشكىلى بولىدۇ .

ئەمما باشقا تىللارنىڭ يېزىق سىستېمىسىدا ئەھۋال بەكمۇ مۇرەككەپ. مەسىلەن:

| İndian | ئىندىيان | İndian weed | تاماكا |
| Russian | رۇس | Russian olive | جىگدە |
| Spain | ئىسپانىيە | castles in Spain | ئۇخلىماي چۈش كۆرۈش |
| Spanish | ئىسپانچە | Spanish athlete | لاپچى |

..... دېگەندەك .

I saw a man saw a saw with a saw

مەن بىر ئادەمنىڭ بىر تال ھەرە بىلەن بىر تال ھەرىنى ھەرىدىگەنلىگىنى كۆردۈم.

Don't trouble trouble untill trouble troubles you . ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالما.

2) باش ھەرپلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك يېزىلىشى بىلەن مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

مەسىلەن :

| | | | |
|---|---|---|---|
| Afghan | ئافغانىستانلىق | afghan | ئىلمە ـ توقۇلمىلىق يۇمشاق يۇڭ ئەديىال |
| Black | بىلەك | black | قارا رەڭلىك |
| China | جۇڭگو | china | ساپال قاچا |
| Japan | ياپونىيە | japan | ياپونىينىڭ ساپال قاچىسى |

## 2. رۇس تىلى

### A. فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىگى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1) بۇ تىل 37 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ ، تاۋۇش شەكىللىرى تېخىمۇ كۆپ . مەسىلەن ، ئېلىپبە جەدۋىلىگە قاراڭ :

| № | روسچە ھەرپلەر | ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى | فونېتىكىلىق ناملىرى | № | روسچە ھەرپلەر | ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى | فونېتىكىلىق ناملىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | А а | ئا | и, ъ, ь, ʌ , а | 17 | П п | پ | б , б' п , п' |
| 2 | Б б | ب | б', б , п , п' | 18 | Р р | ر | р , р' |
| 3 | В в | ۋ | ф' . ф , в', в | 19 | С с | س | с , с' , з , з' , ж , ш, |
| 4 | Г г | گ | х', х , к', к , г', г , в | 20 | Т т | ت | т , т' , д , д' |
| 5 | Д д | د | т', т , д', д | 21 | У у | ئۇ | у |
| 6 | Е е | يې | и , ь , ъ , jэ , ы , э , iи , iъ , iь , | 22 | Ф ф | ف | в , в' , ф , ф' |
| | | | | 23 | Х х | خ | х , х' |
| 7 | Ё ё | يو | jo , o | 24 | Ц ц | تس | Ц , |
| 8 | Ж ж | ژ | ж , ш | 25 | Ч ч | چ | ч , ч' |
| 9 | З з | ز | с', с , з' , з , ж , ш | 26 | Ш ш | ش | ж , ш |
| 10 | И и | ئى | и | 27 | ш Щ | شش | ш , ш , ч |
| 11 | Й й | ي | i , j | 28 | Ъ ъ | قاتتىق تاۋۇش بەلگىسى | |
| 12 | К к | ك | г , г' , к' , к | 29 | ы Ы | ئى | ы |
| 13 | Л л | ل | л , л' | 30 | Ь ь | يۇمشاق تاۋۇش بەلگىسى | |
| 14 | М м | م | м , м' | 31 | Э э | ئې | э , ы |
| 15 | Н н | ن | н , н' | 32 | Ю ю | يۇ | iy , y , jy |
| 16 | О о | ئو | о , ʌ , ъ | 33 | Я я | يا | ja , ъ , ь , a , iъ , iь , и |

2) Яя ، Ю ю دەك بۇغۇملۇق ھەرپلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار سۆزلەملەرنىڭ بېشىدا كەلگىنىدە قاتار ى بۇيىچە ‹ يا ›، ‹ يو › دەپ ئوقۇلىدىغان بولسىمۇ ، ئۆزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىدىن كېيىن كەلسە يۇمش اق‹ ئا› ، ‹ ئو › ئوقۇلىدۇ.

ئۇلاردىن باشقا بىرمۇنچە ھەرپ گورۇپپىلىرىمۇ باركى، ئۇلارمۇ خىلمۇ ـ خىل ئوقۇلىدۇ.

3) مۇشۇنداق ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن ،بۇ تىلدىكى سۆزلەملەرنىڭ يېزىلىشى بىلەن ئوقۇلىشى ئارىسىدا چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تىلنى ئۆگۈ نۈشتىمۇ ھەرپ نامىنى ئۆگىنىش بىلەنلا سۆز ئۆگىنىش باسقۇچىغا ئۆ تكىلى بولمايدۇ.

4) رۇس تىلى يېزغىدىكى بۇ خىل ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن لۇغەت ـ قامۇسلارنى تۈزگەندىمۇ نۇرغۇن ئىقتىسا ـ دىي زىيانلار پەيدا بولىدۇ.

**B**. لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىگى:

1) رۇس تىلىدا پەن ـ تېخنىكا ، كەسپ ۋە دىئالېكتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە سۆزلەملەردىن
سىرت 120 مىلڭ 723 سۆزلەم بار بولۇپ ، مەنبە جەھەتتىن تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، ئىپتىدائىي ھىندى ـ
ياۋ ـ رۇپا تىللىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان سۆزلەملەردىن ، ئىپتىدائىي سلاۋيان ۋە شەرقىي سلاۋيان
تىلى مەزگىلىدىكى سۆزلەملەردىن شۇنداقلا 14 ـ ئەسىردە ، يەنى ، مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشقا باشلى
غاندىن كېيىنكى سۆزلەملەردىن ئىبا ـ رەت. خۇسۇسەن،رۇس تىلىدىكى پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ زور
كۆپچىلىگى 18 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا كۆپۈنچە گېرمان تىلىدىن،19 ـ ئەسىردە كۆپۈنچە فىرانسۇز تىلىدىن،
20 ـئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان بولسا كۆپۈنچە ئىنگلىز تىلىدىن ( ئاساسلىغى ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى
دىن ) قوبۇل قىلىنغان. دېمەك % 70 سۆزلىمى باشقا تىللاردىن ئېلىنغان بولۇپ، ساپلىق دەرىجىسى نا
ھايىتىمۇ تۆۋەن.
2) رۇس تىلىدىكى سۆزلەملەر كۆپ ھەرپلىك بولۇپ ، 10 ـ 18 ھەرپلىك ئەتراپىدا . شۇنداقلا سۆز
بېشىدا قاتار كېلىدىغان بىر نەچچە ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى بار سۆزلەملىرىمۇ خېلە كۆپ.
3) سۆزلەملىرى كۆپ ھەرپلىك بولغاچقا جۈملە قۇرۇلمىسىمۇ بىھۆدە ئۇزۇن.

## 3. خىتاي تىلى

دىيارىمىزدا خىتاي تىلى دەرسلىكلەر قاتارىدا ئوقۇتۇلۇۋاتقان بولغاچقا ئەملىي ئەھۋال مۇتلەق كۆپ
ساندىكى مۇئەللىملىرىمىز ۋە تەرجىمانلىرىمىزغا ناھايىتىمۇ ئايدىڭ. شۇڭا مەن بۇ يەردە تەپسىلى توختالماي
مەن. ئەمما، قىسقىچە قىلىپ دەيدىغىنىم، بۇ تىلدا يەككە خەت سانى 60 مىڭدىن ئارتۇق بولغاننىڭ
ئۈستىگە چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەملىرىمۇ 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. يەنە كېلىپ يېزىلىشى ناھايى
تى مۇرەككەپ بولۇپ، بەزى خەتلىرى ھەتتا 32 سىزىقچە.
ئۇنىڭدىن باشقا ، بىر خىل تاۋۇشنىڭ كۆپ خىل خەت شەكلى ، ياكى بىر خەتنىڭ كۆپ خىل
تاۋۇش شەكلى بولغاچقا ، بۇ تىلنى ئۆگىنىشتە تازا ۋايىغا يەتكەن كىشى بولمىسا، خەتلەرنىڭ شەكلىنى
كۆرۈپلا ئوقۇغىلى، تاۋۇشنى ئوقۇپلا مەنىسىنى دەرھال چۈشەنگىلى بولمايدۇ . شۇ جۈملىدىن ، ئالىي
مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇ ـ غۇچىلارمۇ يەنىلا ساۋادىنى چىقىرالماي مەكتەپتىن ئايرىلىدۇ . مۇشۇنداقلى
غىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغان ئاتاغ ـ لىق يازغۇچى لۇشۈن ئەپەندى : «بىزنىڭ جۇڭگونىڭ يېزىغى كە
لڭ ئامىمغا مەرتىۋە ۋە ئىقتىسادىي چەكلىمىلىر ـ دىن باشقا يەنە بىر ئىگىز بوسۇغا ـ قىيىنچىلىقنى قوشماقت
ا. مۇشۇ بوسۇغىدىن ئۆتۈش ئۈچۈنلا 10 نەچچە يىللاپ ۋاقىت سەرپ قىلمىسا بولمايدۇ.» دىگەن بولسا
، شاگخەي فۇدەن ئالىي مەكتىۋى تىل ـ ئەدەبىيات فوكۇلتىتىدى ـ كىلەر ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلى
يىتىگە ئاساسەن مونۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى : « ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى فونېما سېستىمىسىنى
ڭ ئاددىيلىشىشى، لۇغەت تەركىۋىنىڭ كۆپ بوغۇملىشىشى ۋە گىراماتىكىسىنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىشى
بىر تەرەپتىن ھازىرقى تاق بوغۇملۇق مەنانى ئىپادىلەيدىغان كاتەكچە شەكلىدىكى خەنزۇ يېزىغىنى
ڭ ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنى توغرا خاتىرلەش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىيالمايدىغانلىغىنى ئىسپاتلىدى.
يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئامىللار مۇندىن كېيىنكى خەنزۇ يېزىغىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش زۆرۈرلىگىنى تونۇت
تى....».
مانا شۇنداق.
ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن مۇشۇنچىلىكىراق ئوتتۇرىغا قويىمەن ، تەپسىلى بايان ۋە مۇلاھىزىلەر ئۈچۈن
«قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ ؟؟؟» ناملىق كىتاۋىمغا قارىغايسىلەر.
ناھايىتى رۇشەنكى، خەلقىمىز ھەقىقەتەنمۇ ئېقىل ـ پاراسەتلىك ۋە چىدام ـ جاسارەتلىك خەلق بولغاچ
قا چۇ ـ شۇنۇش ۋە مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارىمۇ ئەڭ يۇكسەك. شۇڭا ھېچ قانداق جاپا ـ مۇشەققەت
لەر ئەسلا باش ئەگدۈرەلمەيدۇ ، ئەلبەتتە . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۇقىرىدىكىدەك قىيىن تونۇلغان تىللارنى شۇ
تىللارنىڭ ئېگىلىرىدىنمۇ ياخشىراق ئۆگىنىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە پارلاق نەتى

www.uyghurkitap.com

جىلەرنى ياراتماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەمدى قىينچىلىقتىن ۋايساپ قالايمىقان سۆزلىگۈچىلەر«مەن ئۇيغۇر
» دىگەن سۆزنى ئەسلا ئاغزىڭلارغا ئالماڭلار ! بولمىسا شەرەپلىك نامىمىزغا بوھتان ۋە ھاقارەت قىلغان بو
لىسىلەر !!!

خوش، ئەمدى كېلەيلى ، ياپۇنلارنىڭ يېزىق قوللۇنۇش ئەھۋالى قانداق ؟

ئۇلار خىتايچە خەت شەكلىدىكى يېزىقنى، ئۆزلىرى ئىجات قىلغان كانا يېزىغى دىگەن يېزىقنى ۋە كې
يىن ئېھتىياج يۈزىسىدىن لاتىن يېزىغىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتىكى ، بىرنى كۆرۈپ بىردىن ۋاز كەچكىنى
يوق. بىر ئاز تەپسىلىرەك كۆرىدىغان بولساق، ئەسلى ياپۇن يېزىغى ـــ خىتايچە خەت بىلەن كانا يېزىغى
نىڭ بەلگىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ ، ئۇلار ئارىلاش ئىشلىتىلىدۇ. خىتاي يېزىغى مىلادى 4 ـ 5 ـ
ئەسىرلەردە كورىيە ئارقىلىق ياپۇنىيىگە كىرگەن ۋە ياپۇنىيىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىغى بولۇپ قالغان . كېيىن
ياپۇنلار كانا يېزىغىنى كەشىپ قىلغان.

بۇ يېزىقنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇلار كاتاكانا، خىراگانا دېيىلىدۇ. كاتاكاناسى كۆز
دىلىك خەت ـ ئالاقە ۋە باسما ساھەلىرىدە ، خىراگاناسى تېلىگرامما يوللاش ـ قوبۇل قىلىشتا، چەتتىن
كىرگەن سۆزلەرنى خاتىرلەشتە ، ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە شۇنىڭدەك باشقا ئالاھىدە سۆزلەردە ئىشلىتىلىدۇ. لا
تىن ھەرپلىرى بولسا ئاساسلىغى كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى يېزىشتا ياكى خەلقئارالىق تېلىگرامما
ئىشلىرىدا قوللىنىلىدۇ.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغىنى قوللۇنۇش پرىنسىپىمۇ دەل مانا شۇنداق ئاكتىۋال پرىنسىپتۇر.
دېمەككى، ئۇنىڭدا قانداقتۇر يېزىق ئىسلاھاتى مەسىلىسى تەكىتلەنمىگەن . بەلكى ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى
كونا يېزىققا قوشۇمچە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، دەپ ئېنىق بېكىتىلگەن . ئەرەپ تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى
ھەرپىمىزنى خالىمىغۇچىلار مانا بۇ پرىنسىپقا ئۇيغۇنلىشىپراق بىر نېمە دېسە ياخشىراق، ئەلبەتتە .
شۇنىڭدىمۇ، ھەرپ شەكىللىرىنى تاللاش جەھەتتە ئورتاق تۈرك ئېلىپبەسى ئاساس قىلىنىشى زۆرۈر. چۈنكى
، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىل ـ تاۋۇش ئالاھىدىلىكلىرى باشقا مىللەتلەرگە نىسپەتەن خېلىلا يېقىن ۋە ھەرپ
شەكىللىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بىر خىل تاۋۇش ئۈچۈن بىر خىل ھەرپ ئىشلىتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇل
غان. ( ئەمما ناھايىتى ئەپسۇسكى، «ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى» نى ئىشلىگۈچىلەر بەزى ھەرپ شەكىللىرد
نى توغرا ھەل قىلمىغان ! ( بۇ توغرىدا ئايرىم توختىلىمەن).

5. يېڭى يېزىقنى خىتاي، ئىنگلىز تىللىرىنى ئاسان ئۆگۈنۈشكە پايدىلىق ، كومپيوتېردا قوللۇنۇشتىمۇ
ئىلغارلىغى بار، دەپ ماختاشقان ھەتتا بۇ يېزىقنى قوللۇنۇشنى ئەۋلاتلارنى كۆزدە تۇتۇشنىڭ شەرتى قىل
غان.

مېنىڭ چىرايلىق مەسلىھەتىم ، سىز ھەقىقى ئۇيغۇر بولسىڭىز دەرۋەقە بىر ئاز جاسارەتلىك بولۇڭ .
خەلقىمىزنىڭ مونۇ قىممەتلىك سۆزى سىزگە يار بولسۇن : «قىين ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان
ئادەمگە.» يەنە ئېيتسام ، دۇنيادا 6600 خىلدىن ئارتۇق تىل بار . شۇ تىللارنىڭ ئېگىلىرى باشقا تىللار
نى ئۆگۈنۈش ئۈچۈن مەخسۇس تىل ئۆگۈنۈش يېزىغى كەشىپ قىلغانمىدۇ ؟ قاراڭ ، گېرمانىيىلىك شول
تىسىر ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلىق دوكتۇر 200 خىل تىلدا راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن. چۈنكى ، ئۇنىڭ كى
چىك ۋاقتىدىلا بىلىم ئىگەللەش ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا ، ئۇ دەسلەپ گوللاند تىلىنى، ئاند
دىن كېيىن دان، شۋېت،نورۋېژ ۋە ئىنگلىز تىللىرىنى ئۆگەنگەن .«مىڭ بىر كېچە» ناملىق كىتاپنىڭ
بىر پارچە كونا تېكىستى ئارقىلىق ئەرەپ تىلىنى ئۆگەنگەن ۋە ئوتتۇرا شەرق زىيارىتىدە بولغاندا ئەرەپ
تىلىدا 6 سائەت راۋان سۆزلەپ ئەرەپلەرنى ھەيران قالدۇرغان. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا 39
خىل تىل بويىچە دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، 20 پروفېسسورنىڭ سۇئاللىرىغا دەلمۇ ـ دەل جاۋاپ
بەرگەن . ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىراھمان ، قېدىمقى سۈرىيە ، قېدىمقى جىرات ،
ئۆكرايىنا تىللىرىنى ۋە كىشلەر تەسەۋۋۇر قىلالمىغان باشقا 10 نەچچە خىل تىلنى ئۆگەنگەن. مۇن
داق مىساللار ناھايىتمۇ كۆپ . دېمەكچىمەنكى ، چەتئەل تىللىرىنى ئۆگۈنۈشكە ئاسان بولىدۇ ، دى
گەن ھۇرۇنلارچە گەپلەرنى قىلغاندىن ، جەنابىي ئاللەتىن ئەقىل ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىش ئەڭ توغرا يول

دۇر كى ، خاتا ھالدا زورۇقۇپ يېزىق ئۆزگەرتىش قارا قۇيۇننى چىقىرىپ گۆھەردەك يېزىغىمىزنى دەپ ـ سەندە قىلىش خاھىشنى پەيدا قىلسىڭىز ناھايىتمۇ ئوسال ئاقىۋەتكە دۇچار بولىسىز، يېزىقنى ھۆرۈنلۈق نىڭ قۇربانى قىلىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ، ئەپەندىم !!!

خوش، ئەمدى يېزىغىمىزنى كومپيوتېردا قوللۇنۇش مەسلىسىگە كەلسەك، بۇمۇ سىزنىڭ ھۆرۈنلىغىڭىز ۋە ساۋاتسىزلىغىڭىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھەرگىزمۇ ۋايساپ، قاخشاپ يۈرمەي، بىر ئازلا غەيرەت قىلسىڭىز ئىشنىڭ ھەقىقەتتىگە يېتەلەيسىزكى، كومپيوتېردا قوللۇنۇشتا مۇنداق ئاسان يېزىقنى ھىچ يەردىن تاپالمايسىز. مەن مەملىكەتتىكى چېغىمدا ماقاللىرىمنى گۆلباھار ئىسىملىك بىر قىزغا بىرەتتىم. ئۇ قىز شۇنداق تېز يازاتتىكى، ئۇستا تەمبۇرچى زەخمەك بىلەن تارىنى قانداق رېتىملىق ۋە تازا قاملاشتۇرۇپ چەكسە كونۇپكىلارنى شۇنداق ياخشى چېكەتتىكى، ھەيرانلىقتىن ئاغزىم ئېچىلىپلا قالاتتى. بۇ يەردە سىز شۇنى بىلىپ قويۇڭكى ، بىزنىڭ بۇ يېزىغىمىز ئاپتوماتېك ئۆزگۆرۈش ھاسىل قىلالايدۇ . شۇڭا خالىغان ھەرپ شەكىللىرىنى ھايت ـ ھۇيت دىگۈچە «مانا مەن !» دىگۈزىۋەتكىلى بولىدۇ.

مانا شۇنداق.

يىغىپ ئېيتقاندا ، ھە دىگەندە ساۋاتسىزلارچە جۆيلۈپ يېزىق ئۆزگەرتىش قاراقۇيۇننى چىقىرىشقا ئۇرۇنماي، ئەڭ ئەۋۋەل كىملىگىمىزنى راۋۇرۇس كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى ۋە كەچمىش ـ كېچىرمىشلىرىمىز نى، ئاچچىق ساۋاقلىرىمىزنى ئۇنۇتمايلى، تەجرىبىلەرنى توغرا يەكۈنلەپ ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھىغا قەتئىيلىك بىلەن ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئىلگىرلەيلى.

**ھاسىل كالام :**

**ئەرەپ تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىغىمىز كۆزىمىزنىڭ گۆھىرى ۋە نۇرىدۇر !**

مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !

گۈلنىڭ گۈلگە خاس تەرىپلىنىشى، تىكەننىڭمۇ تىكەنگە خاس تەرىپلىنىشى بىر ئەمىلىيەت، ئەلبەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى گەپلىرىم قۇپالراق چىقىپ قالغان بولسا ئەپۇ قىلغايسىلەر. ئەمما بىز ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاخساققا سەۋرى، يىغىرغا جەۋرى» دېگەن ناھايىتى قىممەتلىك ئەقلىيە سۆزىمىز بار. شۇڭا مەن قىلغان گەپلەر ھەر قانچە ئاچچىق بولسىمۇ سەۋر بىلەن ئويلۇنۇپ كۆرگەيسىلەر، رۇشەنكى ، بۇ ئېيتقانلىرىم بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى يىغىر قىلىۋېتىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ تەكرارلانماسلىغى ئۈچۈن بىر شە پاگەر مەلھەم بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس (؟)

23 .6 .2006

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېزىق ئۆزگەرتىش قارا قويۇنى چىقارغۇچىلارغا بەس!

**(2)**

بۇ يازمامنىڭ ئالدىنقىسى (1 ـ قىسمى) ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خىلمۇ ـ ئىنكاسلار داۋاملىق ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. بۇ يەردە، ئەرەپ تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ئىنكاس قايتۇرغۇچى جىگەرلىك قېرىنداشلىرىمغا كۆپلەپ ئاپىرىن ئېيتىمەن، جەنابىي اللە سىزلەرگە رەھمەت نۇرىنى ياغدۇرغاي، ئامىن! ئەمما لاتىن يېزىقىنى ماختاپ جاھىللىقتا ماڭقۇرتلارچە كاپىشىپ تۇرىۋاتقانلارغا قاتتىق ئېچىنىش بىلەن نەپرەت ئوقۇيمەن،.....!

ئەجەپ ھە ؟ بۇ جاھىللارنىڭ تارىخىي كەچمىشىمىزنى بىلگىدەك ۋە ساۋاق بەرگۇدەك ئاتا ـ ئانا ياكى پۇشتى ـ پانايى يوقمىدۇ ؟

ھۆرمەتلىك قۇتغۇر ئەپەندىمنىڭ دىگەنلىرىدەكلا ئىش بولاۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلىنغان گەپلەرنى چۈشەنگۈچىلىكى ھەقىقەتەن يوق ئىكەن ۋە شۇڭا ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش خۇددىي « كالىنىڭ مۈڭگۈزىدىن گۈلىنىڭ كۆكلىشىنى كۈتۈش » تەك بىر ئىش بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ مەسىلىدە يانىلا تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ كەسكىن قارارى كېرەك (؟)

ئەمما مەن ئاخىرقى قېتىملىق سۆزۈم سۈپىتىدە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، سىلەر ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئۇيغۇر بولماقچى بولساڭلار، بۇ گۆھەردەك يېزىقىمىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن لەنىتى سولچىللىق بىلەن جەسۇرانە ئېلىشىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان ئۇلۇغۋار ئىلىم ئەربابلىرىمىزنىڭ روھىنى ئالىي ئېھتىرام بىلەن ئەسلەپ باق بىر نىمە دىيىشەرسىلەر (؟) شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ روھى قانچىلىك قورۇنۇۋاتىدىغاندۇ ؟

سىلەر زادى شۇنچىۋالا خائىنلىق پاتقىقىغا چۆكۈپ كەتكەنمىدىڭلار ؟ بىزنىڭ ئۇ مۇنەۋۋەر ئۇلۇق ئىلىم ئەربابلىرىمىز بىر ئىشنى بىلمەيتتىمۇ ؟ ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىمۇ ؟

سىلەر شۇ تاپتا ۋىژدانسىزلىق، نومۇسسىزلىقتا ئۈچىغا چىقىۋاتىسىلەر، ئەپەندىلەر!......

تازا ئەقلىڭلار بولسا، لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئەمەس، بەلكى بۇ گۆھەردەك يېزىقىمىزنى كۆزۈڭلارنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسراپ ئىشلىتىش بىلەن بىرگە تارىخىي يېزىقلىرىمىزنى ئۆگىنىشكىمۇ ئوتتەك ئىشتىياق باغلاڭلار. چۈنكى، بىزنىڭ مۇكەممەل تارىخىي خاتىرىلىرىمىز ئۇ يېزىقلار بىلەنمۇ مۇجەسسەمدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن سىرلىق ھەقىقەتلەر كۆز ئالدىڭلاردا « مانا مەن » دەپ ئاشكارە بولىدۇ ۋە ئەگەر ۋىژدانىڭلار بولغىنىدا شۇ ھەقىقەتلەرنىڭ كۆيىچىسىنىڭ شەرەپلىك جەڭچىسى بولۇپ قالىسىلەر. ئۆز نۆۋىتىدە، بىزنىڭ بۇ تارىخىي يېزىقلىرىمىز پۈتكۈل تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كىملىگىنى ۋە مۇكەممەل دۇنياۋىي تارىخىي ئورنىمىزنى چۈشۈنەلىشىمىزنىڭ ئىلمىي ئاساسىدۇر. ئەنە، مەشھۇر پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى (تۈرك ئېينىشتىيىنى دىگەن نامى بار ئىكەن، ئەگەر تاپالىسام بۇ يازمام بىلەن ئۇنىڭ رەسىمىمۇ يوللىنىشى مۇمكىن) شۇنداق دەيدۇ: « تۈرك دۇنياسى، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى كۆپ قەرزداردۇر. ئۇيغۇرلار 2 ـ 3 مىڭ يىللار بۇرۇن ھازىرقى ۋە ئۆتمۈشتىكى ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. ئىنسانىنىڭ باياشاتلىقى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئالدىنقى قاتاردا قويغان دۆلەت قۇرۇش ئېگى ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى، نۇرغۇنلىغان سەنئەت ۋە تېخنىكىنى، ئەڭ ئىلغار تېرىقچىلىق، سۇغۇرۇش ۋە بوستانلاشتۇرۇشنى ئىجات قىلغان. ئوسمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېيىنكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ بۈيۈك مۇۋاپىقىيەتلىرى ئۇيغۇرلاردىن ئۆگىنىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن........ ياپونلار بىلەن بىرلىشىپ « ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش مەركىزى » نى قۇرىشىمىز لازىم.... (تۇرغاي تۇفەكچى ئوغلى: « پروفېسسور دوكتۇر ئوكتاي سىنان ئوغلى ۋە تۈركچە »، 282 ـ

بەت)، «.... تارىخىمىزنىڭ ياخشى تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان ئەمەس، ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان مىڭلىغان مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈپ،ئۇن مىڭلىغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدۇرىشىمىز لازىم.... » (شۇ كىتاپ، 290 ـ بەت). ئەمدى، تۈركىيىنىڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەت مىنىستىرى نامىك كەمال زەيبەك ئەپەندى شۇنداق دەيدۇ: « قوللىنا ـ قوللىنا ئۆگۈنۈپ قالغان شۇ ‹ ئۇيغارلىق › دىگەن سۆزنى بىر ئاز تەھلىل قىلىپ باقايلىمۇ ؟... ‹ ئۇيغارلىق › دىگەن سۆز ئەسلىدە ‹ ئۇيغۇرلۇق › دىگەن سۆزنىڭ بىر ئازلا ئۆزگىرىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن..... بۇ ئۇيغۇرلار كىم ئىدى ؟ بىر تارىخى چۈشەنچىگە نىسپەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇندىن 12 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاسيا ۋە ياۋرۇپانى ئۇيغۇرلار باشقۇرغان ۋە پۈتكۈل خەلقلەرگە ‹ ئۇيغارلىق › (مەدەنىيەت) نى ئېلىپ كەلگەن. بىلىنگەن پۈتكۈل ئۇيغارلىقلارنىڭ تۇنجى مەنبىئىمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى.... («ئاناتولىغا قاچان كەلدۇق » ناملىق ماقالىغا قارالسۇن).

قېنى، مۇنداق تارىخى ئاساسى بار قىممەتلىك بايانلارنى لاتىن يېزىغىدىكى كىتاپلاردىن تاپالامسىلەر ؟ بۇ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ۋە شۇنى ياخشى بىلىپ قويۇڭلاركى، لاتىن يېزىغى كۆزۈڭلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن كور قىلىۋەتكەننىڭ تاشايىنىدا دۇنيادىن مىللەت سۈپىتىدە تېزرەك يوقۇلىشىمىزنىڭ كاتالىزاتورى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ!!! ئەمما سىلەر ھىچ كاللا ئىشلەتمەي، ئۇيغۇر ئەرەپ يېزىغى ۋاختىنچە ھەل قىلالماي كەلگەن مەسىلىلەر بار، دەپ چويلىدا توختىمايدىغان سەۋەپلەرنى كۆرسۈتۈپ، گۈھەردەك يېزىغىمىزغا ئەسەبىلەرچە بۆھتان ۋە ھەتتا قاتتىق ھاقارەت قىلىپ، تەكرار رەھىمسىزلەرچە زەربە بەرگۈچىلەرگە يېڭىۋاشتىن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بىرىش رەزىل ئويۇننى ئويناۋاتىسىلەر. سىلەر شۇ قەدەر نومۇسسىزمۇ زادى!!! ئەنە، ھۆرمەتلىك قېرىنداشىمىز ئالىم ئەھەت ئەپەندىم گەرچە تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئوقۇمىغان، ماتېماتىكىدا ئوقۇغان بولسىمۇ، ئىشتىياق باغلىغان كومپيوتېرلىق تېخنىكىسى ئېھتىياجى يۈزىسىدىن تىلشۇناسلىقنىڭ سىرلىق قاتلاملىرىغا جاسارەت بىلەن شۇڭغۇپ كىرىپ، تىلشۇناسلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن نازۇك تىل مەسىلىرىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ھەل قىلىپ ئاجايىپ ياخشى نەتىجىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردىغۇ ؟ قېنى، بۇنىڭدا بۇ يېزىغىمىزدا بىرەر ئىكەش ـ تاقاشلىق كۆرۈلدىمۇ ؟ خەتلىرىمىز راۋان، يولىمىز راۋان، ئىشلىرىمىز بىر ئوبدان كىتىۋاتامدۇ ؟ بەزىلىرىڭلار لاتىن يېزىغىنى ئۆگۈنۈش، قوللۇنۇش ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، دەيسىلەر، شۇنداقلا ئۈچۈر دۇنياسىغا يۈزلىنىش، يەرشارىلىشىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىش... قاتارلىق ھۇرۇن خۇتۇننىڭ پايتىمىسىدەك سېسىق گەپلەرنى قىلىۋاتىسىلەر. لاتىن يېزىغى شۇنچىۋالا قىممەتلىكمۇ ؟سىلەرگە زادى قانداق ئۈچۈر، قانداق يەرشالىشىش لازىم ئىدى ؟ ئەجەبا ھېلىلا تىلغا ئالغان تارىخىمىز، دىمەك بىزنىڭ دۇنياغا تېگىشكۈسىز مەدەنىيەت يۈكسەكلىگىمىزنى ئىپادىلەيدىغان ئالتۇن سەھىپىلىك تارىخىمىزدىن ئېشىپ چۈشكىدەك يەنە قانداق تارىخ بار، ئەخىر ؟ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ ؟ لاتىن يېزىغىنىڭ ۋاستىسى بىلەن چەتئەل تىللىرىنى ئۆگۈنۈپ قايسى راھەتكە ئېرىشمەكچى سىلەر ؟ شۇ چىكىدىن ئاشقان شەھۋانىلىكنىڭ ژۇندا ئازگېلىدا ياشاشقا تەلۋىلەرچە بىرىلىش بىلەن پەيدا بولاۋاتقان بالايى ـ ئاپەت ئەيدىز كېسىلى بىلەن ژۇقۇملىنىپ چىرىپ ئۆلۈش شۇنچە قىممەتلىكمۇ ؟ سېسىق نامى بىلەن تۆكۈرۈپ مىشقىرىپ تاشلىنىشقا مەھكۇم بولغۇچى لەنىتى خىروين بىلەن چىرىپ ئۆلۈش شۇنچە قىممەتلىكمۇ ؟..... مۇشۇمۇ سىلەرنىڭ يەرشارىلىشىش نىشانەڭلار ؟ بولمىسا چىرىكلەشكەن غەرپ دۇنياسىنىڭ ئۆگەنگۈدەك نىمە ئەۋزەللىگى بار، ئەخىر ؟ زادى ئاتام زامانىدا بولمىغان، بىلمەيدىغان ۋە ھىچ كۆرمىگەن ئەيدىز كېسىلى، خىروين... دىگەندەك غەلىتى نامىلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن چىرىپ ئۆلۈشلەر ھەققىدە سىلەر بىلەمتىڭلار ؟ زادى بىزنىڭ ھېلى ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك دۇنياغا مەشھۇر تارىخىي رولىمىز ۋە ئەڭ توغرا تاللىشىمىز بولغان ئىسلامى ئەقىدە كىپايە ئەمەسمۇ ؟

يەتەر، ئەپەندىلەر، يەتەر!!! ھوش كاللاڭلارنى ئوبدانراق يىغىۋېلىپ، 50 نەچچە يىلدىن بۇيان قوللۇنۇپ كەلگەن بۇ گۆھەردەك يېزىغىمىز بىلەن مەيدانغا كەلگەن كىتاپ ـ ماتېرىياللار ئامبىرىغا تازا ئېچكىرىلەپ كىرىپ چىقىڭلار! شۇ تاپتا باھا يەتمەس، تەسۋىرى پۈتمەس ئاجايىپ قىممەتلىك تىلسىماتلار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دۇنياسى سىلەرنى، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئالىي ئىھتىرام بىلەن كۈتمەكتە!

خۇسۇسەن شۇنى ياخشى بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ دۇنيا پەقەت بىر ئىمتىھان دۇنياسى، پانىي دۇنيا بولۇپ، ھەقىقى راھەت ـ پاراغەت جەنابىي الله بېغىشلايدىغان باقىي دۇنيالىق جەننەتتۇر. مانا شۇ بىردىن ـ بىر راھەت ـ پاراغەتلىك ماكانغا ئېرىشەلىشىمىز ئۈچۈن جەنابىي الله چۈشۈرگەن ئۇلۇغ قۇرئانىي كېرىمنى ئوقۇيالايدىغان، ۋاجىپ ئەمەللىرىنى ئورۇنلىيالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك، ئەلبەتتە. بۇ ئۈچۈن نەپسى يامانلىق قىلىپ مۇئەللەق راۋاقتىكى چۈشتەك مەزىسىز راھەتنى قوغلۇشۇپ، ئاتالمىش يەرشارلىشىش مەسلىگىدە خۇدۇڭلارنى يوقۇتۇپ ئىستىقباللىڭلارنى لاتىن يېزىقىغا باغلاپ ئۇنى ئۆگىنىشكە ماڭقۇرت ساراڭلارچە يېپىشقاندىن كۆرە ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلى ئېلىپبەسىنى ياخشى كۆرۈش ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۆگىنىش مىڭ ئەلا! چۈنكى، بۇ يېزىغىمىز قۇرئانى كېرىم ھەرپلىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا قۇرئان ساۋادىمىزنى چىقىرىشىمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ! قۇرئان كەرىمنى ياخشى ئۆگىنىپ ئۈزلەشتۈرۈپ ئەمەللىرىنى مۇكەممەللىگى بىلەن ئەمەللەشتۈرەلىسەك، ئىنشا الله جەننەت راھىتىنىڭ ھىكمەتلىرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرۈشكە باشلىماقىمۇ مۇقەررەردۇر! بىلىپ قويۇڭ ئەپەندىلەر! ـــ باشقا ھەر قانداق ئەقىدە ـــ ئىخلاسچىلىق بۈيۈك پەلاكەت، بۈيۈك يوقۇتۇشلارغا سۆرەيدۇ!

شۇنى ياخشى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈڭلاركى، جەنابىي الله بىزگە ھىچ قانداق مىللەتكە نېسىپ بولمىغان پاك ھاۋالىق، گۈزەل تەبىئەتلىك ۋە تەڭداشسىز بەرىكەتلىك بىر ماكان بېغىشلىغاندۇر! بىز مۇشۇ ماكاندا جەنابىي اللەقا سېغىنىپ، لەنىتى قوغلاندى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك بولمىغۇر ناشايان قىلمىش ـ بۇزۇقچىلىقلاردىن قەتئىي ساقلىنىپ، پەقەت ۋە پەقەت جەنابىي الله بېغىشلىغان ئېقىل ـ پاراستىمىز ۋە چىدام ـ جاسارىتىمىزنى جارى قىلدۇرىدىغان بولساقلا، مۇھەققەققكى جەننەت راھىتى مەڭگۈ بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ!!!

مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەن شەخسەن بۈگۈھەردەك يېزىغىمىزنى قوغداپ قېلىشقا ھاياتىمنى تىكتىم!!! بۇ گۆھەردەك يېزىغىمىزنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغۋار قىممىتى توغرۇلۇق ئۆمۈر بويى قەلەم تەۋرىتىمەن!!! ھەق ـ ناھەقنى، توغرا ـ خاتانى ۋە ياخشى ـ ياماننى چۈشەنمەيدىغان، ـــ بۈيۈك تۆھپىكار ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئالەمشۇمۇل خىزمەتلىرىنى قەدىرلىمەسلىك، ھەقىقىي بەخت ـ پاراغەتلىك زامان ۋە ماكاننى چۈشەنمەسلىك كەبى خائىيانە رەزىل قىلمىشلار بىلەن شوغۇللىنىشتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان جاھىللار، ئەمدى بەس!!!....

دىمەككى، ئۆگىنىدىغانلار بىزدىن ئۆگەنسۇن، ـــ بىزنىڭ يېزىغىمىزنى، ھەتتا تىلىمىزنى، ئىخلاس ـ ئېتىقادىمىزنى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمىزنى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنى ئۆگەنسۇن! ـــ ئەگەر ئىسمى جىسمىغا، نامۇ ـ شەرىپىگە خاس ئىنسان كەبى ياشايلى دىسە!!! توغرا يۈنۈلۈشلۈك ھەقىقى يەرشارىلىشىش، دۇنياغا يۈزلىنىش دەل مانا شۇ!!!

ئەلبەتتە شۇنداق!

چۈنكى تارىختا پۈتكۈل يەر شارىغا ئۇستازلىق قىلغان، مەدەنىيەت ئۆرۈگىنى چاچقان بىز ئۇيغۇر مىللىتى ھېلىمۇ ۋە مۇندىن كېيىنمۇ مۇنداق ئاكتىۋال روھى ھالەتتىن ھەرگىزمۇ يىراقتا ئەمەسمىز ۋە مەڭگۈ يىراقتا قالمايمىز. بۇ جەنابىي اللەنىڭ قان ـــ قېنىمىزغا سىڭدۈرۈۋەتكەن پاك ۋە پارلاق ئىمانىي ۋە ۋىژدانىي ئەقىدىمىزدۇر، شۇنداقلا جەنابىي الله بېغىشلىغان بۈيۈك شان ـــ شەرىپىمىزدۇر! بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە ھەقلىقمەنكى، بۇ يىل 9 ـ ماي سەھەردە ناھايىتى خاسىيەتلىك بىر چۈش كۆردۈم. ئۇ بولسىمۇ، شۇ كۈنى ناماز بومداتقا يېقىنلاشقان بىر چاغدا باش ئۇستۇمدە نىسپەتەن ئۇزاقراق بىر قارارگاھتا ناھايىتى گۈزەل ۋە نۇرلۇق بىر سىما گىرىمسەن ھالدا پەيدا بولدى، ـــ دە، ماڭا خىتابەن شۇنداق دېدى: « ئېيتقىنكى، مەن ئۇيغۇرلارنى ئالەمگە نۇر قىلىپ ياراتتىم. پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇيغۇرلاردىن ئۆگىنىشى، ئۇيغۇرلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىشى كېرەك. » گەپ مانا شۇ يەرگە كەلگەندە « ئاللاھۇ ئەكبەر! » دىگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم . مەن ناماز بومداتقا ئەزان چىققانلىقىنى پەرق ئېتىپ

دەرھال تۇرۇپ نامازغا ھازىرلىنىشقا باشلىدىم، ئەمما بۇ ئاۋازنىڭ ھېلىقى خاسىيەتلىك چۈشۈمنىڭ داۋامىغا ئۇلۇنۇپلا چىقىشى مىنى بىر غايىۋانە ھىكمەت بىلەن ئويغاتتى،.....!

مانا ئەھۋال.

**ھاسىل كالام:**

**ئىستىقبالىمىز لاتىن يېزىغىدا ئەمەس، بەلكى ئەرەپ تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يېزىغىمىزدا، ـــ ئىسلامىيەتتەدۇر!**

مانا سىلەرگە ئەڭ توغرا ئۇچۇر! ئەڭ توغرا يەرشالىشىش يۆزلىنىشى ئەپەندىلەر!
بۇنى چۈشەنمەسلىك ۋە بۇنىڭدىن غەيرىچە يولدا ماڭمەن دېيىش دەل ھالاكەت ئارخىپىغا تىزىملىنىش دېمەكتۇر!!!
جەنابىي الله ھەممىمىزگە تەۋپىق، ھىدايەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!
خەير اللەقا ئامانەت بولۇڭلار!

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى توغرىسىدا

مەلۇمكى ، دىيارىمىزدىكى ئالىم ، تىلشۇناس ، پروفېسسور ، دوكتۇر ۋە باشقا ئىختىساسلىق دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ 5 قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىش بىلەن لاتىن يېزىغى ئاساسىدا تەييارلىنىپ بېكىتىلگەن يېزىق شەكلى « ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى » دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىنىپ ئىشلىتىشكە سۇنۇلغان بولدى . ئەمما مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقات تېزىسىدا نىمە ئۈچۈن بۇ خىل يېزىقنىڭ كومپيوتېر يېزىغى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغانلىغى توغرىسىدا ئېنىق ، تەپسىلى چۈشەنچە بېرىلمىگەن .

شۇنداقتىمۇ ، بىلىنگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا ، بۇ يېزىق ئىسىم - ناملارنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ، دەپ قارىلىۋېتىپتۇ ( بۇنىڭدىن باشقا سەۋەپلەر بارمۇ - يوق ، شۇ تاپتا بىر نىمە دىيەلمەيمەن) .

بۇ ئەھۋال ، يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومتېتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان « ئۇيغۇر » ئاتالغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىدە ئېنىق ئىپادىلەندى .

بۇ ئىش ئۈچۈن مەن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن ،

چۈنكى ، بىز ئىسىم - ناملىرىمىز ياكى باشقا ئاتالغۇلىرىمىزنى لاتىنچىدا ھەرقانچە قىلىپ ، ‹ مانا مۇنداق يېزىش كېرەك › دەپ ئېلان قىلساقمۇ ، باشقىلار ھەرگىزمۇ بىزنىڭ يازغىنىمىزدەك يېزىپ قوللىنىشى ناتايىن ، بەلكى يازمايدۇ . مەسىلەن ، ‹ جۇڭگو › دېگەن نامنى جۇڭگو تەۋەلىگىدىكى مىللەتلەر شۇ خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى بويىچە يېزىپ قوللىنىۋاتقان بولسىمۇ ، رۇسلار ‹ كىتاي › (КИТАЙ) تۈركلەر ‹ چىن › (Çin ) ، ئىنگلىزلار ‹ چاينە › ( China ) دەپ قوللىنىپ كېلىۋاتقانغا ئوخشاش . ( بەلكى مەڭگۇ شۇنداق بولىدۇ ! ) ئەمدى بىز مىللەت ناممىزنى ‹ Uughur › شەكلىدە يازىمىز ، دەپ ئېلان چىقارغىنىمىز بىلەن باشقىلار دەرھال شۇنداق يازارمۇ ؟

بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى بىرەر ئىسىم - نامنىڭ ياكى باشقا خىل ئاتالغۇلارنىڭ قانداق يېزىلىشى شۇ مىللەتنىڭ تىل - تەلەپپۇز ۋە يېزىق ئىقتىدارى بىلەن ، شۇنداقلا تىل - يېزىق قوللىنىش ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . شۇنىڭچىلاپ ، نۆۋەتتە ، بىز مىللەت ناممىزنى ‹ **Uyghur** › شەكلىدە يازاتتۇق ، يېزىشىمىز كېرەك ، دەپ كاللىمىزنى تاشقا ئۇرۇپ قان قىلىۋەتسەكمۇ، يانىلا رۇسلار ‹ уйгур ›، ئىنگلىزلار ‹ Uighur › ، خىتايلار ‹ weiwuer › (维吾尔) شەكلىدە ( باشقا مىللەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە ) يېزىپ كېتىۋېرىدۇ ، بۇنىڭدىن باشقىچە نەتىجە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ !

ئەمدى شۇنىمۇ ئويلۇنۇپ كۆرەيلى ، زادى ئىنگلىزلار ، رۇسلار ۋە خىتايلار ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي يېزىغىغا بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىدىغان بىرەر قوشۇمچە يېزىغى بارمىدۇ ؟ ( ئەمما ياپونىيلىكلەرنىڭ يېزىغى مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشقا يارىمىغانلىغى ئۈچۈنلا قوشۇمچە يېزىق سۈپىتىدە لاتىنچىدىن پايدىلىنىشنى ئېلىپ بارغان بولدى . ) بىزنىڭ يېزىغىمىز نىمىگە پۇتلاشتى ؟ نىمنى ھەل قىلالمىدۇق ؟

يەتەركى ، بىز ئەخمىقانە ھالدا « كومپيوتېر يېزىغى » دەپ خۇددى گەدىنىمىزگە تاز يارىسى چىقىۋالغاندەك يېزىق شەكلىنى پەيدا قىلىپ ، قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بىلەن ۋاختىمىز ۋە ئەقلىمىزنى زايە قىلغاندىن كۆرە ، خاتىرىمىزنى جەم قىلىپ نۆۋەتتە بىر ئوبدان قوللىنىپ كېلىۋاتقان يېزىغىمىزنى ياخشى ئاسراپ ، ئەتۋالاپ قوللانغىنىمىز تۈزۈك ، بىز لاتىنچىلاشتۇرۇلغان يېزىقنى قوللانمايمۇ ھەر ساھە - ھەر كەسىپلەردە كومپيوتېرنى قوللىنىش جەريانىدا ھېچ قانداق قىيىنچىلىق ياكى قالايمىقانچىلىققا يولۇققىنىمىز يوق ! بەلكى كۆنسايىن يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى ، يېڭى - يېڭى ئىلگىرلەشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىۋاتىمىز ! بۇ ھەقتە مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كەلسە قانچىلىغان كىتاپلارنى يازغان بىلەنمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ !!!

ئەگەر بىرلىككە كەلتۈرمىز ، دىسەك ، لاتىنچە يېزىش بىلەن ئەمەس ، دەل ئۆز يېزىغىمىزدىكى يېزىلىشى بۇيىچە بىرلىككە كەلتۈرىشىمىز كېرەك . يەنى ، بىرەر ماقالە ـ ئەسىرىمىز **خىتايچە** ياكى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ  يېزىلىدىغان بولسا ، ماقالە ـ ئەسىرىمىزدىكى ئىسىم ـ نام ياكى باشقا خىل ئاتالغۇلارنى **خىتايچە** ياكى باشقا تىللاردىكى يېزىلىشىنىڭ يېنىغا تىرناق ئىچىپ ئۆز يېزىغىمىزدىكى يېزىلىشىنى كۆرسۈتۈپ قويساقلا كىپايە .

شۇ تاپتا ئەمدى شۇنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىپ تۇرىۋاتىمەنكى،لاتىن يېزىغى ئاساسىدىكى بۇ يېزىقنىڭ « كومپيۇتېر يېزىغى » دىيىلىشى بىزنىڭ نۆۋەتتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەرەپ تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى  يېزىغىمىزنىڭ ئىلمىي تارىخىي رولىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ، يوققا چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ، **1962** ـ يىلى پەيدا بولغان يېزىق ئۆزگەرتىش قارا قۇيۇنى بىلەن قىلىنغان تۆھمەتلەرگە نەرە تارتىپ ، « يېزىق ئۆزگەرتىش » ئىشىنى يېڭىۋاشتىن قوللاش بىلەن ، مىڭ بىر جاپا ۋە ھەتتا  قۇربانلار بەدىلىگە قۇتقۇزىۋېلىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان **گۆھەردەك** يېزىغىمىزغا يېڭىۋاشتىن قىلىنغان قاتتىق ئېغىر ھاقارەت ، شەكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى بىلەن  قىلىنغان  خۇپپيانە ھۇجۇم ، خالاس .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەمدى شۇنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدىكى ، بۇ يېزىقنىڭ  لايىھىلىنىشىمۇ ئەسلا ئىلمىي ئەمەس ، قوللىنىلىش قىممىتى يوق ، بىزگە ماس كەلمەيدۇ . **چۈنكى :**

**1.** ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا ئىپادىلەپ بىرەلمەيدۇ ، بەلكى  ئېغىر ھالدىكى تىل ــ تەلەپپۇز بۇزۇقلىغى پەيدا قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن تىل ـ تەلەپپۇز ئىقتىدارىمىز ۋە ئەۋزەللىكلىرىمىز زور يوقۇتۇشلارغا دۇچار بولىدۇ . كۆرىدىغان بولساق ، تىلىمىزدىكى  چ ، غ ، **ش** ، ژ ھەرپلىرىنىڭ لاتىنچە تەگدىشى ئىلمىيلىككە يات ھالدا قاتارى بۇيىچە  Ch , ch ، Gh gh ، Sh , sh ، Zh , zh ( ۋە Jj ) شەكلىدە بېكىتىلگەن. بۇ يەردە كىشىنى يانىمۇ ئويلاندۇرىدىغان بىر مەسىلە ‹ج› ۋە ‹ژ› ھەرپلىرىنىڭ تەگدىشىنىڭ مۇقىمسىزلىغىدۇر .  يەنى ، ‹ج› ھەرپى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ‹J j› **ھەرپى** ‹ژ› ھەرپى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىغى ، شۇنىڭ بىلەن ‹ژ› ھەرپىنىڭ ‹Jj › ۋە ‹ Zh  zh› دىن ئىبارەت ئىككى خىل تەگدىشى بولغانلىغى .

مۇقەررەركى ، يۇقارقىدەك بېكىتىلىشكە قاراپ ،  ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ تەلەپپۇز ھالىتىنىڭ لاتىنچىدە ئېغىر ھالدا بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىگىنى ، سۆزلەش ئىقتىدارىنىڭ ناھايىتىمۇ غەلىتى تۈس ئېلىشقا باشلىغانلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ !

چۈنكى ، —

**1) Zh  zh**

بۇ **خىتاي** ئۇمۇمىي ئەدەبىي تىلىدىكى تىل ئۇچى كەينى پارتىلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز نەپەسسىز ئۈزۈك تاۋۇش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىسى  [tʂ] .تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا ئاۋال تىل ئۇچى قايرىلىپ قاتتىق تاڭلاينىڭ ئالدىنقى قىسمىغا تېگىدۇ ، ئاندىن بۇ ئارىلىقتا بىر يوچۇق پەيدا بولىدۇ . ھاۋا ئېقىمى شۇ ئارىلىقتىن سۈركىلىپ چىقىدۇ . مۇناسىۋەتلىك بولغان 中 قاتارلىق **17** خەتنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىدا ئىشلىتىلىدۇ . ناھايىتى ئەپسۇسكى ، ئۇ ھەرپ ئەدەبىي تىلدا شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولسىمۇ ، يەرلىك تىلدا ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹ ز › ھەرپىدەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . دىمەك ، بۇنى قوش جىنسلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ شەكلى دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

رۇشەنكى ، ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق تاۋۇش تۈرى يوق .

**2) Sh sh**

بۇ خىتاي ئومۇمىي ئەدەبىي تىلىدىكى تىل ئۇچى كەينى سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش شەكلى بولۇپ ، ئۇنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىسى [ʂ] . تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا ئاۋال تىل ئۇچى قايرىلىپ قاتتىق تاڭلاينىڭ ئالدىنقى قىسمىغا يېقىنلىشىدۇ ، ئارىلىقتا بىر يوچۇق قالىدۇ . تىل ئۈستى سەل ئويمانراق ھالەتتە تۇرىدۇ. ھاۋا ئېقىمى شۇ ئارىلىقتىن سۈركىلىپ چىقىدۇ . مۇناسىۋەتلىك بولغان 山

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق 37 خەتنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىدا ئىشلىتىلىدۇ . ناھايىتى ئەپسۇسكى ، بۇ ھەرپ ئەدەبىي تىلدا شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ ، يەرلىك تىلدا ئۇيغۇرچىدىكى 〈 س 〉 ھەرپىدەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . دېمەك ، بۇنىمۇ قوش جىنسلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ شەكلى دېيىشكە بولىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق تاۋۇش تۈرىمۇ يوق .

### Ch ch (3

بۇ **خىتاي** ئومۇمىي ئەدەبىي تىلىدىكى تىل ئۇچى ئالدى پارتىلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز نەپەسلىك ئۈزۈلۈك تاۋۇش شەكلى بولۇپ ، ئۇنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىسى [tʂʻ] . تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا ئاۋال تىل ئۇچى چىش كەينىگە تىرىلىدۇ ، ئاندىن بۇ يەردە بىر چوڭ يوچۇق پەيدا بولىدۇ . ھاۋا ئېقىمى شۇ ئارىلىقتىن سۈركىلىپ چىقىدۇ . مۇناسىۋەتلىك بولغان 超 قاتارلىق 15 خەتنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىدا ئىشلىتىلىدۇ . . ناھايىتى ئەپسۇسكى ، بۇ ھەرپ ئەدەبىي تىلدا شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ ، يەرلىك تىلدا ئۇيغۇر تىلىدىكى 〈 س 〉 گە يېقىنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . شۇڭا بۇنىمۇ قوش جىنسلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ شەكلى دېيىشكە بولىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق تاۋۇش تۈرىمۇ يوق .

ئەمدى Gh gh، ھەرپىگە كەلسەك ، ئۇنىڭ قوللىنىلمىسىلا ئەيىبلىك بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىرىنىڭ قوللىنىلمىسىغا مۇۋاپىق دەپ قاراشقا ئەسلا بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىرىنىڭ ئاددىي ۋە ئىخچاملىق ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ .

ئەمدى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى 〈 چ 〉 ، 〈 ج 〉 ، 〈 ش 〉 ، 〈 غ 〉 ھەرپلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەلەپپۇز قىلىنىش ھالىتىگە كەلسەك :

1) چ

بۇ تىل ئالدى پارتىلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز نەپەسلىك ئۈزۈلۈك تاۋۇش ھەرپى بولۇپ ، بۇ ھەرپنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىسى [tʃʻ] . تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا تىلنىڭ ئۇچى ئاستىنقى كۆرەك چىشلارنىڭ تېگىگە تېگىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا قىسمى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ يۇقىرى كۆتىرىلىدۇ . نەتىجىدە تىلنىڭ ئارقا قىسمىدا كەڭ بوشلۇق پەيدا بولۇپ ، ئۆپكىدىن كەلگەن تاۋۇشلۇق ھاۋا قاتتىق تاڭلاي بىلەن تىل ئۇچى ۋە تىل ئوتتۇرىسى ئارىلىقىدا ھاسىل بولغان توسما ئارقىلىق ئۆتىدۇ . . بۇ ھەرپ ، يېڭى ئىملا قائىدىسى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى چاغلاردا بەزى ئۈزۈلۈك تاۋۇشلاردىن بۇرۇن كەلگىنىدە ‹ش› تاۋۇشىدەك تەلەپپۇز قىلىناتتى . مەسىلەن : ‹كەشكىچە› (كەچكىچە) ، ‹ئاشقۇچ› (ئاچقۇچ) دېگەندەك . ھازىر ئىسكوپكا ئىچىدىكىدەك تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولدى .

2) ج

بۇ تىل ئالدى پارتىلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ جاراڭلىق نەپەسسىز ئۈزۈلۈك تاۋۇش ھەرپى بولۇپ ، تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتىكى ئەھۋال ، ‹چ› تاۋۇشىنىڭكىگە ئوخشايدۇ . بۇ ھەرپنىڭ خالقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىسى [ʤ] ؛

3) ش

بۇ تىل ئالدى سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز ئۈزۈلۈك تاۋۇش ھەرپى بولۇپ ، تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا ، تىل ئۇچى ئاستىنقى چىش تۈۋىگە تىرىلىدۇ . تىلنىڭ ئىككى چېتى ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىش مىلىكى بىلەن قاتتىق تاڭلاينىڭ ئالدىنقى قىسمىغا يېقىنلىشىدۇ ، ئارىلىقتا بىر ئېرىقچە پەيدا بولىدۇ ، تومشۇق سەل يۇملاق ھالەتتە ئالدىغا سوزۇلىدۇ ، ھاۋا ئېقىمى شۇ ئارىلىقتىن سۈركىلىپ چىقىدۇ . بۇ ھەرپنىڭ خالقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىسى [ʃ] .

3) ژ

بۇ تىل ئالدى سىيرىلاڭغۇ جاراڭلىق ئۈزۈلۈك تاۋۇش ھەرپى بولۇپ ، تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتىكى ئەھۋال ‹ش› ھەرپىنىڭكىگە ئوخشاش . خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىسى [ ʒ ]

4) غ

بۇ كىچىك تىل سىيرلاڭغۇ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى بولۇپ ، تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتا ، تىل تۈۋى كىچىك تىلغا يېقىنلىشىدۇ ، ئارىلىقتا بىر يوچۇق پەيدا بولىدۇ ، ھاۋا ئېقىمى شۇ ئارىلىقتىن سۈركىلىپ چىقىدۇ . خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە بەلگىسى [ʁ] .

ئەمدى شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى ، sh ھەرپىنىڭ x ھەرپى ئورنىدا قوللىنىلىشى 新 بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەرنىڭ توغرا تەلەپپۇز شەكلىنى ئىپادىلەشكە ھەرگىزمۇ توغرا كەلمەيدۇ . چۈنكى ، ئېنىقكى بۇ خەتنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش قىسمى ھەرگىزمۇ sh ئەمەس x . بۇنى خىتايچە ساۋادى بار ھەر قانداق كىشى ئېنىق بىلەلەيدۇ . Xx ھەرپىنىڭ ترانسكرىپسىيلىك بەلگىسى [ɕ] ؛

بۇ يەردە ئەمدى شۇنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەنكى ، يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك ، ئەگەر ‹ Jj ›ھەرپى تىلىمىزدىكى ‹ ج › ۋە ‹ ژ › تاۋۇشلىرى ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بولسا ، تۆۋەندىكى سۆزلەملەرنى قانداق قىلىپ خاس ئوقۇلۇشى بويىچە ئوقۇغىلى بولىدۇ ؟

قېنى ، تۆۋەندىكى سۆزلەملەرنى دەرھال تەلەپپۇز قىلىپ بېقىڭ :

ja , jabdu - jabdumaқ jabdudi jabduƣan jabdusa jabdut- jabdutux jabdux- jabduxmaқ jabduқ jabduƣum jabduƣimiz jabduƣung jabduƣingiz jabduƣunglar jabduƣi jabduқlar jabdul- jabdulux jabdun- jabdunux jap japa japayim japaying japasi japasiz japakəx japakəxlik japakəxligi japaliқ japaliƣi japa-muxəққət japa-muxəққətlik jap-jap jap-japliқ jap-japliƣi japilda- japildimaқ japildat- japilditix japildax japildaxmaқ japildaқ jada jadam jading jadisi jadu jadusi jadau қilmaқ jadugər jadugərlik jadugərligi jar jarang jarang-jarang jarang-jurung jarangsiz jarangsizlax- jarangsizlixix jarangsizlaxtur- jarangsizlaxturmaқ jarangsizlaxturux jarangsizlaxturul- jarangsizlaxturulux jarangla jaranglimaқ jaranglat- jaranglitix jaranglatқuz- jaranglatқuzux jaranglax- jaranglxmaқ jarangliқ

مۇقەررەركى ، بۇ سۆزلەملەرنى كۆرۈپلا خاس تەلەپپۇزى بويىچە ئوقۇغىلى بولمايدۇ . بەلكى زور قالايمىقانچىلىق ، مۇجمەللىك ، چۈشۈنۈلمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ .

بىلىش كېرەككى ، بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى ھەر ـ بىر سۆزلەم بەلگىلىك ئوي ـ پىكرنى ئەينەن تەرىپلىرى بويىچە ئاڭلىتىش مەخسىتىدە مەيدانغا كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، تىلىمىزدىكى سۆزلەملەرنىڭ ئوقۇلىشىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش يۈزىسىدىن جىددىي ئىملا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ ، 8 سوزۇق تاۋۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئەسلىدىكى 6 سوزۇق تاۋۇش ھەرپى 8 گە يەتكۈزۈلگەن ئىدى . بۇ تولىمۇ مۇۋاپىق بولغان بولۇپ ، تەلەپپۇز قالايمىقانچىلىقى ۋە مەنا مۇجمەللىكى تۈزۈتۈلگەن ئىدى . دەل شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، تۆۋەنتىكى خاتا ئىملا پىرىنسىپى قاتتىق ئويلىنىلىشى ۋە شەرتسىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى كېرەك . بولمىسا تارىخىي جىنايەت شەكىللىنىدۇ !!!

دېمەكچىمەنكى ، خۇتاي تىلىدىكى يۇقارقى لاتىنچە ھەرپ شەكىللىرىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن شۇ ھەرپلەرنىڭ ئۇيغۇرچە شەكلىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ــ زېمىن پەرقلەر بار بولۇپ ، ئۇ ھەرپلەرنى تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىرى سۈپىتىدە قوللانساق قەتئىي توغرا بولمايدۇ . خۇسۇسەن ، ‹ Jj › ھەرپىنى ‹ ج › ۋە ‹ ژ › تاۋۇشلىرى ئۈچۈن قوللىنىشقا قەتئىي بولمايدۇ !

چۈنكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تىل – تەلەپپۇز ئىقتىدارى ۋە رۇشەن ئالاھىدىلىگى بولىدۇ. يېزىقمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىجات قىلىنىدۇ ھەم قىلىنىشى كېرەك . ئۇنداق بولمايدىكەن ئېغىر ھالدىكى تىل – تەلەپپۇز ۋە يېزىق بۇزۇقلىغى كېلىپ چىقىدۇ . مۇنداق يېزىق ئىشلىتىلىشتىن قالدۇرىلىۋېتىلىدۇ ھەمدە قالدۇرۇۋېتىلىشىمۇ كېرەك.

2 . ئېغىر ھالدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي زىيانلارنى پەيدا قىلىپ ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە تۇرلۇك ماددىي ـ مەنىۋىي ئېھتىياجلىرىمىزغا زەربە بىرىۋېتىدۇ . كۆرىدىغان بولساق ، بۇ يېزىق تەركىۋىدىكى ھەرپلەرنىڭ شەكلى ئاساسەن كۋادرات شەكلىدە بولۇش بىلەن كېرەكلىك سىزىقچىلىرى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشقان . شۇڭا ھازىرقى يېزىغىمىزدا يازغان بىر بەت خەتنى ئوخشاش چوڭلۇقتا لاتىن يېزىغى بىلەن يېزىپ قارايدىغان بولساق ، قەغەز يۈزىنىڭ ناھايىتمۇ قويۇق بويۇلۇپ كەتكەنلىگىنى ، ئۆز يېزىغىمىزدا بولسا ناھايىتى شالاڭ يېزىلغانلىغىنى كۆرەلەيمىز ۋە ئەمدى شۇنى چۈشىنىمۇز ھېس قىلالايمىزكى ، لاتىن يېزىغى بىلەن يېزىلغان بىر بەت خەت ئۈچۈن سەرپ قىلغان سىيا بىلەن ئۆز يېزىغىمىزدا 2 بەتكە يازالايمىز ۋە نۇرغۇن ۋاقىتتىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايمىز .

3. يېزىق تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدۇ .

ناھايىتى رۇشەنكى ، يېزىقنى ئاددىيلاشتۇرۇش ، بىر خىل ھەرپنىڭ بىرخىل تاۋۇش شەكلى بولۇش ياكى بىرخىل تاۋۇشنىڭ بىر خىل ھەرپ شەكلى بولۇش ، ــ شۇ خىل تىلنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېساپلىنىدۇ . بۇ جەھەتتە مۇشۇ «ئۇيغۇركومپيوتېر يېزىغى» قوللىنىشقا سۇنۇلغاندىن ئىلگىرىكى پۈتكۈل يېزىق قوللۇنۇش تارىخىمىز بۇنىڭغا شاھىت بولغاندىن تاشقىرى ، فرانسىيە ، ئىسپانىيە ۋە باشقا قانچىلىغان مەملىكەتلەردىكى تىلشۇناسلارنىڭمۇ مۇنداق ئالتۇن دەۋرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمۇ شاھىتتۇر . بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق ، ئىسپانىيىلىك ئاتاغلىق تىلشۇناس ۋە ئەدىپ ئۇنامۇنو (Unamuno) مۇنداق دىگەن ئىدى : « پەيدىنپەي تاۋۇشى بۈيىچە قوشۇپ يېزىشقا قاراپ ئۆزگىرىش ياساش ــ ئىلغارلىق ، ئەھمىيەتسىز بەلگىلەر، مەسىلەن ، harmonia دىكى h ۋە obscuro دىكى b نى زورمۇ ــ زور قوشۇپ يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇش چېكىنگەنلىك » .

شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ، 19 ــ ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئىسپانىيە خان جەمەتى تىل ئېنىستىتوتى « بىر فونىمنىڭ بىرلا بەلگىسى بولۇشى لازىم » ، دىگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن جىددىي يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ زور ئىلگىرلەشلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

ئەمدى كۆرىدىغان بولساق ، فرانسۇز تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىدىكى مەسىلىلەرمۇ فرانسۇزلار ئۇدا دۇچ كېلىۋاتقان كونا ، ھەل قىلىنىشى تەسكە چۈشىۋاتقان مەسىلىلەر بولۇپ ، مۇشۇ ئەسىردىن بۇيان بۇ جەھەتتىكى ئىسلاھاتقا جىددىي ئەھمىيەت بېرىلىپ زور ئىلگىرلەشلەر مەيدانغا كەلمەكتە . ئالايلۇق ، فرانسىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس ئاندرې مارتىنې « فرانسۇز تىلىغا ھەر تەرەپتىن قاراش » ناملىق كىتابىدا شۇنداق دەپ يازىدۇ : « .... فرانسۇز تىلى سۆزلەملىرىنىڭ قوشۇپ يېزىلىشى شۇ قەدەر قىيىنكى ، ئەڭ تەجرىبىلىك يازغۇچىلار ، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك مۇئەللىملىرىمۇ ھە دىگەندە لۇغەتلەرگە قاراپ سېلىشتۇرۇپ چىقمىسا يازغانلىرىغا ئىشەنچ قىلالمايدۇ ... » . مانا شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن ، ئىملا ئىسلاھاتىغا جىددىي ئەھمىيەت بېرىلگەن . 1989 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىسلاھات ئالاھىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئوقۇتقۇچىلار ، تىلشۇناسلار ، ئاخبارات ـ نەشرىيات خادەملىرى ، ئەدەبىياتچىلار ، ئاسپرانتلار ، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر شەخسلەرمۇ قاتناشقان ! بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆلىمى بارغانسىرى كېڭىيىپ ، ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرلىرىمۇ ئىشتىراك قىلىشقان ۋە بۇ ئىملا ئىسلاھاتى ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە ۋە جىددىي تۇتۇپ ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرى كۈن تەرتىۋىگە كىرگۈزۈلگەن . شۇنىڭ بىلەن ، فرانسۇز تىلىدا مەۋجۇت 50 نەچچە مىڭ سۆزلەمدىن يېزىلىشى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ بولغان 4 مىڭغا يېقىن سۆزلەم ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدەك يېزىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن .

ئايانكى ، ئىنگلىز تىلى سۆزلەملىرىنىڭ يېزىلىشى بىلەن ئوقۇلىشى ئوتتۇرىسىدىمۇ چوڭ پەرقلەر بارلىغى سەۋەپلىك ، بۇ تىلنى ئۆگىنىش ۋە قوللۇنۇشتىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت . شۇڭلاشقا

ئامېرىكىلىقلاردا ئىنگلىز تىلىغا نىسپەتەن ئىسپان تىلىنى ئۆگىنىش ، قوللىنىش قىزغىنلىقى پەيدا بولغان بولۇپ ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ 1993 ـ يىلى 28 ـ سىنتەبىردىكى دوكلاتىدىن قارىغاندا 2010 ـ يىلىدا ئىسپان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئامېرىكىلىقلار بۇ دۆلەتتە نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەتكە ئايلىنىش بىلەن ، 21 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسپان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ نوپۇستىكى نىسپىتى بىر قاتلىنىپ ، ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ ، نوپۇستا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بېسىپ چۈشىدىكەن .

ئەمدى كۆرىدىغان بولساق ، 1995 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى رادىئو خەۋىرىدىن مەلۇم بولىشىچە ، نېمىس تىلى يېزىقىمۇ ئىسلاھات باسقۇچىغا يېقىنلاشماقتا . چۈنكى ، نېمىس تىلىنىڭ يېزىق شەكلىدىمۇ مۇرەككەپلىكلەر مەۋجۇت . مەسلەن ،بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق ay ، ai ، ei ey لەر ‹ ئاي › ahn , ann , an لار ‹ئان› sz . sh . sch لار ‹ش› zsch . cs . cz tzch . sch لار ‹چ› ئوقۇلىدۇ . بۇ ئەھۋال نۆۋەتتە نېمىس تىلشۇناسلارنىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغىماقتا .

ئەمدى كۆرىدىغان بولساق ، ئاياغكى ، نۇرغۇن مەملىكەتلەردە (جۈملىدىن بىزدىمۇ) نۆۋەتتە ، « قىسقارتىلغان سۆزلەر لۇغىتى » تۈزۈلگەن بولۇپ ، سۆزلەر ھەتتا جۈملىلەرگىچە قىسقارتىلىپ يەككە ـ يەككە ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەنمەكتە. مەسلەن ، ج خ ئىدارىسى ( جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى) ، م . ت . س ( ماشىنا ـ تراكتور ستانسىيىسى ) دىگەندەك.

مانا شۇنداق بولغان ئىكەن ، بىز نىمە ئۈچۈن زومۇ ـ زو ياسما مۇڭگۈز تاقىۋالغاندەك تىل تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكىمىزگە يات ھەرپ شەكىللىرىنى قوبۇل قىلىمىز ؟ نىمە ئۈچۈن بىر خىل تاۋۇشنىڭ بىر خىل ھەرپ شەكلى بولمايدۇ ؟

ئەمدى كۆرىدىغان بولساق ، ‹ژ› ھەرپىنىڭ تەگدىشى ئۈچۈن Jj ، Zh zh لار كۆرسىتىلىپتۇ . بۇ زادى نىمە ئۈچۈن ؟ بۇ خۇددى بىر يوتقان بىلەن ئىككى ئايالنى ياكى ئىككى ئەركەكنى ياتقۇزۇپ قويغاندەك ناھايىتىمۇ غەلىتە ، ئوسال ئىش ئەمەسمۇ ؟

شۇ تاپتا مۇنداق بىر ۋەقە يادىمغا كىلىپ قالدى . ئۇ بولسىمۇ ، قايسى بىر يىلى ( بۇ ۋاقىت يادىمدا قالماپتۇ ، ئەپۇ قىلغايسىلەر ) ئۈرۈمچىدە بىر قېتىمقى تىل ـ يېزىق مۇھاكىمە يىغىنىدا بىر قازاق قېرىندىشىمىز : « مۇشۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى " ق " ھەرپى بىلەن " ك " ھەرپىنى بىرلەشتۈرۈپ يالغۇز بىر ھەرپ بىلەن ، يەنى " ك " ھەرپى بىلەنلا ئىپادىلىسەك بولمامدۇ ؟ » دىگەن ئىكەن ، ئارىدىن بىر ئۇيغۇر قوپۇپ ، « ئۇنداقتا ئوبدانراق ئويلىنىپ باقايلى ، " مەن ئاپتوبۇسقا چىقىپ مىغ ــ مىغ ئادەملەر ئارىسىدا ناھايىتى سىقىلىپ كەتتىم " دىگەن مەنادىكى گەپنى قانداق ئىپادىلەيمىز؟» دىگەن ئىكەن ، پۈتۈن زالدىكىلەر ئۆزىنى توختىتالماي بىر ھازا كۈلۈشكەن ئىكەن . ئەمدى ھېلىقىدەك تىل ـ تەلەپپۇز ئىقتىدارىمىز ۋە ئالاھىدىلىكىمىزگە يات ھەرپ شەكىللىرىنى،ھەتتا مەنسۇپلىقى مۇقىم بولمىغان ھەرپ شەكىللىرىنى قوللانساق ، ئۇ چاغدا قانداق « كۈلكىلىك ئەھۋاللار » نىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولامدۇ ؟

ئەلبەتتە تىل مەسىلىسى ناھايىتى نازۇك ۋە مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى . شۇنىڭ ئۈچۈن خىيالىمىزغا كەلگەنچە سۆزلەۋەرمەي ئالاھىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپراق سۆزلىگەن ياخشى ! بۇ يەردە مېنىڭ ئاخىرقى تەشەببۇسۇم ، يېڭىدىن تۈزۈپ چىقىلغان لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى « ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىقى » دىيىلگەن يېزىقنى قەتئىيلىك بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش ، نۆۋەتتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان يېزىقىمىزنى كۆزىمىزنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسراپ ئىشلىتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك .

ئەگەر لاتىنچە يېزىققا ئېھتىياجىمىز بار ، دەپ چىڭ تۇرىدىغان بولساق ، خەيرىيەت ، ئۇ ھالدا مىللىي خاسلىقىمىزغا ئۇيغۇن بولغان يېزىقنى مەيدانغا كەلتۈرىشىمىزكېرەك .

بۇ ئۈچۈن مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ :

1 . ئورتاق تۈرك ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقلاردىن ئۆرنەك ئېلىش . چۈنكى بىزگە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىل ــ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكلىرى باشقا مىللەتلەرگە نىسپەتەن خېلىلا يېقىن ۋە ھەرپ شەكىللىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولۇپ ، بىر خىل تاۋۇش ئۈچۈن بىرخىل ھەرپ شەكلىنى ئىشلىتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

2 . ئەينى يىللاردا يۈرگۈزۈلگەن سولچىللىق بىلەن مەيدانغا كەلگەن « ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى » دىگەن يېزىقنى ئاساس قىلىش . چۈنكى ، ئاشۇ يىللاردا بىزنىڭ ئېقىل ـ پاراسەتلىك ، چىدام ـ جاسارەتلىك قەلەمكەشلىرىمىز ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئاساسىدا شۇ يېزىق بىلەن بولسىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ خىل يېزىقنى ئىشلىتىش شۇ قىسقا مۇددەتتە مەيدانغا كەلگەن قىممەتلىك ئەسەرلىرىمىزنى كۆرەلىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ، ئەلبەتتە . مەلۇمكى بۇ يېزىق ، **1959** ـ يىلى « شىنجاڭ پىئونېرى » ناملىق گېزىتتا « ئۇيغۇر يېڭى يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى » نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان ۋە كېيىنرەك مەشھۇر تىلشۇناس ئابدۇسالام ئاباسنىڭ ئىشلىشى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە سۇنۇلغان « ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت » تە قوللىنىلغان بولۇپ ، ھەرپ شەكىللىرى ناھايىتى ئىخچام ۋە ئاسان ئىدىكى ، بىرخىل تاۋۇش ئۈچۈن بىر خىل ھەرپ ئىشلىتىلەتتى . مانا شۇ يېزىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە تەلەپپۇز ئالاھىدىلىگىنى ئىپادىلەشكە خېلىلا يېقىن كېلەتتى.

ئەگەر ئەمدى خىتاي تىلىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قىلچىمۇ ئوخشاشلىغى يوق تاۋۇش شەكىللىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ شەكىللىرىنى قوللانساقچۇ ؟ ئۇ ھالدا تىل ـ تاۋۇش خاسلىقىمىز مۇتلەق بۇزۇلۇش بىلەن ، باشقىلارنىڭمۇ قاتتىق مەسخىرىسىگە قالغانىنىڭ تاشايىنىدا زاماندىشلىرىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ تىل مەسىلىرىنى توغرا بىر ياقلىق قىلالىشىغا ئېغىر ھالدا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قالىمىز .

رۇشەنكى، بۇ كىشىنى جىددىي ئويغا سالىدىغان بىر ئەھۋال !

ئەلبەتتە ، يېزىق ــ مىللىي خاسلىغىمىزغا مۇناسىپ بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە ھالدا تۈزۈپ چىقىلىشى ، ـ پايدىلىنىلىش قىممىتى يۇقىرى بولۇشى كېرەك .

چۈنكى ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئاددىي ۋە ئىخچام ، تەلەپپۇز قىلىنىشى ناھايىتى ئاسان ۋە راۋان ، ھېسيات قوزغاش جەھەتتە ناھايىتى تاتلىق ۋە ئەۋرىشىم ، ــ مۇزىكىلىق ئوبرازلار بىلەن مۇجەسسەملەنگەن ۋە يۇغۇرۇلغان ناھايىتى گۈزەل ۋە مۇكەممەل ھەرپ شەكىللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ ، بەزىلەردەك دىماقتا تاۋۇش چىقىرىپ خارىلداپ قالىدىغان ياكى ئېغىز مايماقلا كىتىپ سەتلىشىپ قالىدىغان ۋە ياكى تىلىمىز ئاغزىمىزغا قاپلىشىپ قالىدىغان ياكى كەينىگە قايرىلىپ پۈكلىشىپ قالىدىغان غەلىتى ئەھۋاللار ، تەلەپپۇز قىلىش ئاۋارىچىلىقلىرى قىلچىمۇ مەۋجۇت ئەمەس . بەلكى سۆزلىگۈچىدە چاققانلىق ، تېزلىك ۋە راۋانلىق ، تاتلىقلىق ، گۈزەللىك ۋە ئۇماقلىق جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ . شۇڭا سۆيۈملۈك ئانا ئۇيغۇر تىلىمىزنى بىزنىڭ ئەۋلاتلىرىمىزلا ئەمەس ھەر قانداق مىللەت كىشىلىرى ناھايىتى تېز ئۆگىنىپ كىتەلەيدۇ !

مەلۇم بولىشىچە ، « ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى »نىڭ مۇزاكىرە قىلىنىشى جەريانىدا ئىلمىي يۇسۇندا سەلبىي پىكىرلەرنى بەرگەن قېرىنداشلىرىمىزمۇ بار ئىكەن . ئۇلار نىملەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولغىيتتىكى ، مۇمكىن بولسا بىر بىلىپ باققۇم بار ئىدى ......

شۇ تاپتا قاتتىق ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن ، ئويلىنىپ قېلىۋاتىمەن ۋە قاتتىق بىئارام بولۇپمۇ كېتىۋاتىمەن !

ــ زادى بۇ يېزىقنىڭ لايىھىسىنى كىم ئوتتۇرىغا قويدىكىنە ؟ ئەجەبا ئۇ كىشىنىڭ ئاتىسى ياكى ئاپىسى خىتاي ياكى ئىنگلىز بولۇپ ، شۇ ئائىلىدە گېپى ئۆتىدىغان بولغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ ، ئاخىرى تىل ـ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىگىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ، ئۇيغۇرلارغا خاس تىل ــ تەلەپپۇز ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىگى بۇزۇلۇپ ۋە ھەتتا يوقۇلۇپ ، ئۇيغۇر تىلى ھەرپلىرىنىڭ ئۆزگە خاس ئىلمىي يۇسۇندا تەلەپپۇز قىلىنىشى غەلىتى تۇيۇلغانلىقتىن مانا شۇنداق لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدىمۇ ، قانداق؟

ئەگەر شۇنداق بولمىسا نىمىشكە ئۇخىل غەلىتى پىكىر ـ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟

زادى بۇ لايىھىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىنىڭ سەۋەبى نىمە ، ئەخىر ؟

شۇ تاپتا ئەمدى مۇنداق بىر ئەھۋال يادىمغا كېلىپ قالدى ، ئۇ بولسىمۇ ، بىر كۈنى ھېسام ئاكام كېتىۋاتسا ، بىر ئاز ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر خانىمنىڭ پۇتى مىت ـ كوت كىتىپ قاپتۇ . ئۇ خانىم ئاغرىققا

پايلىيالماي دەرھاللا : ئەيىۇ! " دەپ ساپتۇ . ھېسام ئاكام دەرھاللا : " ۋاي خېنىم ، پۇتلىرى خەنزۇچە ئاغرىۋاتامدۇ ؟ دەپتۇ .

شۇنىڭچىلاپ نۆۋەتتە ھېلىقىدەك قىلچىمۇ ئىلمىلىگى يوق « كومپيوتېر يېزىغى » دىگەن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قـويغۇچىنىڭ تىل ـ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىگىدە ئۆزگىرىش ، ھەتتا بۇزۇقلۇق پەيدا بولغان كىشى بولمىسا ، قانداقچىمۇ ئۇ خىل لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالىدۇ ۋە بىز ئەمدى ئۇ كىشىگە ، « ۋاي ئەپەندىم ( خانىم )، سىلىنىڭ تاۋۇش ئورگانلىرى خەنزۇچىغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ كىتىپ بارامدۇ ؟ » ، دىمەي تۇرالارمىزمۇ ؟

يىغىپ ئېيتقاندا ، مىنىڭ يانىلا جىددىي ۋە ئىزچىل پىكرىم ، « كومپيوتېر يېزىغى » دىگەن باھانە بىلەن نۆۋەتتىكى يېزىغىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ، سىقىپ چىقىرىش پۈرىغى كېلىۋاتقان ئەبجەش يېزىقلارنى چىرايلىقچە « يېـزىقلار ئامبىرى » غا يولغا سېلىۋاتقىنىمىز تۈزۈك . بىز ئۇنداق يېزىقلارنى قوللانمايمۇ ئىلىم ـ مەرىپەتتە ناھايىتى ياخشى ئىلگىرلىيەلەيمىز ، بەلكى ھەممىدىن ئېشىپ كىتەلەيمىز ، ئىنشا الله !

ناھايىتى رۇشەنكى ، بىز ئۇيغۇر ، دىمەك يېزىغىمىزمۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇرلىغىمىزغا شاھىت بولالايدىغان بولىشى كېرەككى ، خوشنىمىز ئىنگلىز بولسا يېزىغىمىزمۇ ئىنگلىزچە ، خوشنىمىز رۇس بولسا يېزىغىمىزمۇ رۇسچە ، ئەگەر خوشنىمىز ختاي بولسا يېزىغىمىزمۇ ختايچە بولۇپ كەتسە ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىق بولمايدۇ !!! ئەگەر بولىدۇ ، دېگۈچىلەر بولسا ئۇنداقلار « مەن ئۇيغۇر » دەپ قەتئىي ئوتتۇرىغا چىققۇچى بولمىسۇن !!! ....

تەكرار ـ تەكرار دېيىشكە مەجبۇرمەنكى ، يېزىق قوللۇنۇش جەھەتتىكى تۇراقسىزلىقلار تۈپەيلى تارىخ ، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتە ئاز بولمىغان ئۆزۈكچىلىك ، بەلكى زور يوقۇتۇشلارغا دۇچ كەلدۇق !!! شۇنىڭ ئۆزى يىتەر !!!!! ....

25 . 10 . 2006 تۈركىيە ــ ئىستانبۇل

# نيۇتۇننىڭ مۇشۇكلىرى

« ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى توغرىسىدا بىر ئاز پىكرىم » ماۋزۇلۇق يازمام ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، خىلمۇ ـ خىل ئىنكاسلار ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى . مەن تېگىشلىك ئىپادەمنى بىلدۈرۈپ بولغىچە بەزى جىددىيچىلىكلەر تۈپەيلىدىن تورغا ۋاختىدا كىرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ، ئەمدى بىر كىرگۈدەك بولغاندا قارىسام بۇ يازمام كۆرۈنمىدى .

بۇ نىمە ئۈچۈن ؟ ..........

خەيرىيەت ، پىكىرلىرىم غەلىتە تۇيۇلغان بولسا ، بۇنى تارىخقا ئامانەت قىلىمەن . كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۇ ھەقسىزلىقنىڭ ئىزدەك ـ سورىقى بولماي ، توغرا ـ خاتا ، ھەق ـ ناھەقنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىگى ئايدىڭلاشماي قالمايدۇ . چۈنكى ، « ھەقىقەت ئەل ئارا شۆكى ، ئۇ جىمزار قىلماق ئۆكيانىنى ... » . يېزىقنى قالايمىقان ئۆزگەرتىۋېرىپ ، تارىخىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇش ، مىللىتىمىزنى ئەخمەق قىلىش ئويۇننى ئوينىغۇچىلار ، ھامان كۆرىشىمىز .....!

شۇنداقتىمۇ بەزىلەرنىڭ كۆز قارىشى توغرىسىدا بىر ئاز توختۇلۇپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ .

قارايدىغان بولسام بىر قېرىندىشىم ، سانلار سولدىن ئوڭغا قاراپ يېزىلىدىغان بولغاچقا ، ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى نوتا يېزىشتا قۇلايلىق ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ .

مەن سىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلايكى ، سىز بىر ئازلا مەشىق قىلسىڭىز بۇ مەسلىنى ھەل قىلىپ كېتەلەيسىز . يەنى ، سىز نوتا خاتىرلەشتە سانلارنى ئوڭدىن سولغا ئېلىگىرلىتىپ يېزىشنى ئۆگەنسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ . مەن بىر چاغلاردا ئاددىي نوتا توغرۇلۇق بولسىمۇ ساۋات چىقارغۇم كېلىپ كىتاپخانىغا كىرسەم ناھايىتى ياخشى بىر كىتاپقا كۆزۈم چۈشكەن ئىدى ، ئۇنىڭدا دەل مەن ئېيتقاندەك سانلار ئوڭدىن سولغا ئېلگىرلىتىپ يېزىلىپ ، ئاستىدا مۇناسىۋەتلىك تېكىستلەر بىر ئوبدان جايلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغان ئىكەن . نۆۋەتتە تور مۇلاھىزىلىرىنىڭ قېتىممۇ ئوڭدىن سولغا ئېلگىرلىتىلىپ يېزىلىۋاتىدىغۇ ؟

يەنە بىر قېرىندىشىم باشقا ئۆلكە ( ياكى دۆلەتلەر ) دىكى تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن لاتىن يېزىقى ئاساسىدا خەت ئالاقە قىلىشىپ قۇلاي چۈشۈنۈشۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ماختىنىپ سۆزلەپتۇ .

مېنىڭ سىزگە تەۋسىيەم ، سىز شۇ تونۇشلىرىڭىزغا بىز دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەتتىن ئالاھىدە گۈزەل ۋە مۇكەممەل تىل ـ يېزىقى بار مىللەت ئىكەنلىگىمىزنى ، لاتىن تىلى يېزىقىنى قوللىنىدىغان مىللەتتىن ئەمەسلىگىڭىزنى ، خۇسۇسەن لاتىن يېزىقى بىلەن مەس بولۇپ كېتىپ ئۆز تىل يېزىقىمىزنى قوللۇنۇشنى بىلمىگەندە تارىخىمىزنى ئۇنتۇش ۋە ئاخىرىدا مىللى كىملىگىمىزنى يوقۇتۇپ قويۇشتەك خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىمىزنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىر ئازلا غەيرەت قىلىپ ئۆز يېزىقىمىزنى ئۆگىنىپ ، مۇشۇ يېزىقىمىز بىلەن ئالاقە قىلىششقا ئەھمىيەت بېرىشىمىزنىڭ ناھايىتىمۇ زۆرۈرلىگىنى تەشەببۇس قىلغايسىز (؟)

نۆۋەتتە بىر قېرىندىشىمنىڭ پىكرى توغرىسىدا بىر ئاز توختالغۇم بار . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانلىرىم بەلكىم تېخىمۇ غەلىتى تۇيۇلار . ئەمما ، « دوست يىغلىتىپ ئېيتار ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ » . مۆھتەرەم قېرىندىشىمنىڭ بۇ توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىمنى ئوبدانىراق ئويلۇنۇپ كۆرۈشنى سەممىي ئۈمىت قىلىمەن .

شۇنىڭ بىلەن بۇ قېرىندىشىمنىڭ ئېيتقانلىرىغا كەلسەم ، ئۇ : « تىل ـ يېزىق كومىتېتى بۇنى بىلەلمەي ، چۈشىنەلمەي ئوتتۇرىغا قويۇپتىكەنمۇ ؟ » دېگەن گەپنى قىلغان بولدى .

مەن ، تىل ـ يېزىق كومىتېتى ھېچ نىمنى بىلمەيدۇ ، چۈشەنمەيدۇ ، دەيدىغانلاردىن ئەمەسمەن . بەلكى ، تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئالاھىدە يۇقىرى باھا بىرىش تەرەپدارىمەن . خۇسۇسەن ، ئۇلار ئىشلىگەن« ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى » ئۈچۈن ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن . ئەگەر قولۇمدىن كەلسىدى ، دۇنيا ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلار ئىدىم .... چۈنكى ، بۇ لۇغەت ، ئۆتكەن ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىگى نامايان بولىدىغان بىر ۋەزىيەت بىلەن قارشى ـ

قارشغا كەلمەكتە . بۇ بولسمۇ ، مەلۇم بولغىنىدەك ، ھازىر ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ، ئاساسى قانۇننىڭ روھىغا خىلاپ ھالدا دەرس مۇنبەرلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ ، دەرسلىكلەر خىتاي تىلىدىلا ئۆتىلىپ ، ئەۋلاتلىرىمىز خالار - خالىماس خىتاي تىلى بىلەن ساۋات چىقىرىش - بىلىم ئاشۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈلۈپ ، ئانا تىل - يېزىقىنى ئۇنتۇپ قېلىش خەۋپى كېلىپ چىقىۋاتىدۇ . مۇنداق ئەھۋالدا بۇ لۇغەت بىزگە سۆيۈملۈك ئانا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىمىزنى ئەتراپلىق ئۆگۈنۈپ ماگالىشىمىزغا تولۇق ئىمكان بېرىدۇ ، ياخشى يادەمچى بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ لۇغەتتە تىلىمىزدىكى ھەر - بىر سۆز ناھايىتى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلگەنكى ، ئارا - ئارىدا مىسال جۈمللەرگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن پۈتكۈل پۈشتى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمغا : « ھەر - بىرىڭلار ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىنى 3 پارچىدىن 5 پارچىغىچە سېتىۋېلىپ ساقلاڭلار ، بىر - بىرىڭلارغا ئۇستاز بولۇپ قېتىرقىنىپ ئۆگۈنۈڭلار ! » دەپ چاقىرىق قىلماقچىمەن .

ئەمدى ، مۇشۇنداق قىممەتلىك نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ ئالىي دەرىجىلىك ئىلمىي ئورگاننىڭ خىزمىتىدە مەسىلە يوقمۇ ؟

پاكىت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى ، مەسىلەر بار .

1 . تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ لاتىن يېزىقى ئاساسىدا بېكىتكەن ئۇيغۇر تىلى يېزىقى بۇ قېتىمقىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئىككى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان بولدى . بۇنىڭ بىرى 1962 - يىلىدىكىسى . يەنى تۆۋەندىكىسى :

« ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئېلىپبە لايىھىسى »

Aa , Bb , Dd , Ee , Ff , Gg , Hh , İi , Jj , Kk , Ll , Mm , Nn

ئا ، ب ، د ، ئې ، ف ، گ ، خ ، ئى ، ج ، ك ، ل ، م ، ن

Oo , Pp , Qq , Rr , Ss , Tt , Uu , Vv , Ww , Xx , Yy , Zz ,

، ز ، ي ، ش ،

ئو ، پ ، چ ، ر ، س ، ت ، ئۇ ، (ۋ) ، ۋ

Ƣƣ , Ңң , Ққ , Əə , Өө , Üü , Ʒʒ , NG ng

ڭ ، ژ ، ئۈ ، ئۆ ، ئە ، ق ، ھ ، غ

بۇنىڭغا ZH zh , CH ch , SH sh ، Cc قاتارلىق ھەرپ شەكىللىرىمۇ قوشۇمچە قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلار خىتاي تىلىدىكى كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى توغرا تەلەپپۇزى بويىچە يېزىشقا مۇمكىن بولسۇن ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان . ئەمدى ، ئۆز تىلىمىزدىكى ‹ ۋ › تاۋۇشى ئۈچۈن **Ww** ھەرپى ، چەت تىللاردىكى ئىسىم - ناملارنى يېزىشتا بولسا **Vv** ھەرپى قوللىنىلاتتى .

يەنە بىر خىلى تۆۋەندىكىدەك :


بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى ئېلىپبەسى

| Aa | Bb | Ch ch | Dd | Ee | Éé | Ff | Gg | Gh gh | Hh | Ii | Jj | Kk | Ll | Mm | Nn |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | ب | چ | د | ئە | ئې | ف | گ | غ | ھ | ئى | ج | ك | ل | م | ن |
| ng | Oo | Öö | Pp | Qq | Rr | Ss | Sh sh | Tt | Uu | Üü | Ww | Xx | Yy | Zz | Jj [zh] |
| ڭ | ئو | ئۆ | پ | ق | ر | س | ش | ت | ئۇ | ئۈ | ۋ | خ | ي | ز | ژ |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدىكى ، ئىلگىرى بىر ئوبدان يىنىك تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپ ‹ چ › ، ‹ ش › ، ‹ غ › لار كالامپاي قوشما ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەنگەنىنىڭ تاشايىنىدا ، ‹ ئې › ھەرپى ‹ كونۇپكا تاختىسىدا يوق ۋە ئىزدەش - يېزىش بىر مۇنچە ۋاخت ئالىدىغان ھەرپ شەكلى › بىلەن ئىپادىلەنگەن ، ھەتتا ‹ ژ › ھەرپى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ‹Jj › ھەرپى ‹ ج › ھەرپى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ، تېخى ‹ zh › ھەرپىمۇ ‹ ژ › تاۋۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ يېزىق قوللىنىشىمىزدا قالايمىقانچىلىق ۋە ‹ قوش جىنسلىق ئايال ياكى ئەركەكلەر › پەيدا قىلىنغان !!!

ئەمدى يەنە بىر بولمىغۇر ئەھۋال شۇكى ، تەشۋىقات ماتېرىيالىدا : « ئەگەر «Öö, Üü, Éé» لارنى كىرگۈزۈشكە ئىمكان بولمىغاندا ، UKY بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ماس ھالدا «Ee ,Oo, Uu» لارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. » دېگەن « پىرىنسىپ » ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بۇ زادى قانداق ئەھۋال ؟ زادى ‹ Éé › بىلەن ‹ Ee ›نىڭ ، ‹ Üü › بىلەن ‹ Uu ›نىڭ ، ۋە ‹ Öö › بىلەن‹ Oo ›نىڭ ئاسمان - زېمىن پەرقى بار ئەمەسمۇ ؟ بىز ئۆز ۋاختىدا تاۋۇشلارنىڭ پەرقلىق ھالىتىنى توغرا ئىپادىلەيمىز ، دەپ ، ئىلگىرى 8 سوزۇق تاۋۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن 6 خىل سۆزۈق تاۋۇش ھەرپىنى 8 گە چىقارمىدۇقمۇ ؟

شۇنداق ئىكەن ، قېنى سىز ئويلۇنۇپ كۆرۈڭ ، بىز قايسىسىنى توغرا دەپ قارايلى ؟ — بۇ شەكىلدىكىسىنىمۇ ، ياكى يېقىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىنىمۇ ؟ نىمە ئۈچۈن ؟ بۇ يەردە زادى قانداق چۈشۈنۈشمەسلىك بار ، ئەخىر ؟

2 . تىل - يېزىق كومىتېتى ئۇيغۇر تىلى سۆزلەملىرىنىڭ ئىملاسىنى قېلىپلاشتۇرۇش - بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگىنىگە يارىشا ئىلمىي ھالدا ئالاھىدە ياخشى نەتىجىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىغان بولسىمۇ ، چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئىملاسى جەھەتتە توغرا پىرىنسىپنى بېكىتەلمەي ، ئېغىر خاتالىقلارنى سادىر قىلدى . بۇ ئەھۋال ، كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا مەن ئىشلىگەن « خەنزۇچە - رۇسچە - ئۇيغۇرچە سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » ۋە « خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » دە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ . بۇ يەردە مىسال سۈپىتىدە مونۇ ئىككى ئىسىمنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن كىپايىلىنىمەن . كۆرۈپ باقايلى ، يېزىلىشى Л О М О Н О С О В بولغان رۇس كىشىسىنىڭ ئىسمى تەلەپپۇزى بويىچە ‹ لومونوسوف › دېيىلىپ يېزىلىشى كېرەكمۇ ياكى ھەرپمۇ - ھەرپ ھالدا ئېلىپبەلىك نامى بويىچە ‹ لومونوسوۋ › دېيىلىپ يېزىلىشى كېرەكمۇ ؟ يېزىلىشى Arkwriht بولغان ئىنگلىز كىشىسىنىڭ ئىسمى تەلەپپۇزى بويىچە ‹ ئاكرايت › دېيىلىپ يېزىلىشى كېرەكمۇ ياكى لاتىنچە ھەرپمۇ - ھەرپ نامى بويىچە ‹ ئاركۋرىخت › دېيىلىپ يېزىلىشى كېرەكمۇ ؟

ئەلبەتتىكى ، ‹ لومونوسوف › ، ‹ ئاكرايت › دېيىلىپ يېزىلىشى توغرا ئىدى . چۈنكى ، ھەر قانداق تىلنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىگى بار بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدىكىدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى ، شۇڭا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش توغرا ئەمەس ئىدى ! ............

شۇنداق قىلىپ بۇ 2 كىتاپ خاتا پىرىنسىپنىڭ قۇربانى بولۇپ كىتىپ ، « سۆيۈملۈك ئانا ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۈكسەكلىگىنى نامايان قىلىش ئاساسىدا چەتتىن كىرگەن ئىسىم - ناملارنى توغرا ئاتىلىشى بويىچە تەرجىمە قىلىنىپ ، توغرا بىرلىككە كەلگەن ھالدا قوللىنىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىمەن » دەپ ئىشلىگەن لۇغەتلىرىم ، ئەمىلىيەتتە لىقمۇ - لىق خاتالىق بىلەن تولغان ھالدا تارقىلىپ كەتتى ! ...... بۇ تۈپەيلى ، تالاي كېچىلەر ئۇيقۇسىز ، تۈمەن مىڭ ئەپسۇس بىلەن ئۆتۈپ كەتتى . ھېلىمۇ مىڭ قاتلىق شۈكرىكى ، ئەگەر مۇشۇ ئىككى لۇغەتتىكى ئىسىملىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 222 مىللەت تىل - يېزىغى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان 3 مىليونغا يېقىن كىشى ئىسىملىرىدىن تەركىپ تاپقان لۇغىتىم نەشر قىلىنىپ كەتكەن بولسا ، ئۇ چاغدا يەر يۈزىنى ۋابا كېسىلى قاپلىغاندەك ، تۈزۈتۈپ بولغۇسىز مەسىلىلەر پەيدا بولغان بۇلاتتى !....

مانا ئەھۋال .

شۇنداق ئىكەن ، بىرەر ئىلمىي ئورگان ياكى ئىلمىي خادىمغا ئۇنىڭ نامى ـ شەرىپىگە قاراپ باھا بېرىمىزمۇ ياكى ئىش ئەمىلىيىتىگىمۇ ؟

ئەگەر « مولالامنىڭ دىگىنىنى قىل ، قىلغىنىنى قىلما » بويىچە يۈرۈۋېرىدىغان بولساق ، ئۇ ھالدا سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بولسۇن . ئەگەر گەپنىڭ توغرىسىنى قىلايلى دىسەك ، قىلىنغان ئىشنىڭ ئەمىلىي نەتىجىسىنى ئوبدانراق ئويلۇنۇپراق باھا بەرگىنىمىز تۈزۈك . ئۇنداق بولمايدىغان بولسا ، نيۇتۇننىڭ مۈشۈك بېقىشىدەك كۈلكۈلۈك ئاقىۋەتلەرمۇ كېلىپ چىقىدۇ .

بۇ قانداق ئەھۋال ؟

قاراڭ ، نيۇتۇن ئەسلىدە ناھايىتى مەشھۇر فىزىكا ئالىمى بولۇپ ، ئۇ ئىككى مۈشۈك باققان ئىكەن . مۈشۈكلەرنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن چوڭراق ئىكەن . بىركۈنى نيۇتۇن : « مۈشۈكلىرىم سىرتقا چىقىپ ـ كىرەلەيدىغان بولسۇن » ، دەپ تامنىڭ بىر يېرىدىن ئىككى تۆشۈك تېشىپ قويۇپتۇ . بۇ تۆشۈكلەرمۇ چوڭ ـ كىچىك ئىكەن . بىر كۈنى بىر ئاغىنىسى زىيارەتكە كېلىپ ، تەساددىپى بۇ تۆشۈكلەرنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ھەيران بولۇپ ، نىمىشكە چوڭ ـ كىچىك ئىككى تۆشۈك تېشىپ قويغانلىقىنى سورىغان ئىكەن ، نيۇتۇن : « چوڭراق تۆشۈكنى چوڭ مۈشۈكۈم كىرىپ ـ چىقسۇن دەپ ، كىچىك تۆشۈكنى بولسا كىچىك مۈشۈكۈم كىرىپ چىقسۇن ، دەپ تېشىپ قويدۇم ، دەپتۇ . ئاغىنىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە :

قارا سىنى ، سەن ئەقلىڭنى يوقاتتىڭمۇ ؟ دەپتۇ .

ـ نىمە بولدى ؟

ـ چوڭ مۈشۈك چىققان يەردىن كىچىك مۈشۈكمۇ چىقالايتتى ئەمەسمۇ ؟

نيۇتۇن خاتا قىلغانلىقىنى دەرھاللا ھېس قىلىپ « ئاپلا » دەپتۇ ۋە پىشانىسىنى ئىسلاپ قاپتۇ .....

مانا ئەھۋال .

دىمەكچىمەنكى ، ھەر قانداق كىشىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە ، ھەر قانداق ئىشقا تەھلىلىي قارىشىمىز بىلەن مۇئامىلە قىلايلى !

بىلىشىمىز كېرەككى ، پەقەت جەنابىي الله ھەممىنى بىلگۈچى ئۇلۇق زاتتۇر ! بىز ئىنسانلار بولساق ئازغۇچى ۋە كەمچىلىك ـ خاتالىقلاردىن خالى بولالمايدىغان مەۋجۇداتمىز !

خوش ، ئەمدى يەنە بەزى قېرىنداشلىرىمنىڭ ئىنكاسلىرىمۇ بار ئىدى ، ئەمما ۋاقت ئېتىبارى بىلەن ئارتۇقچە توختالمايمەن . بۇ ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن . ئەمما ئۇلارنىڭ دىگەنلىرىگە يارىشا ئۇلاردىن ئۈمىت قىلىدىغىنىم ، « ئۈچۈر دۇنياسىغا يۈزلىنىشنىڭ قۇلاي بولىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ ....... » دىگەندەك گەپلەر بىلەن خۇدۇڭلارنى يوقۇتۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىگەيسىلەر ، پەقەت جەنابىي الله بېغىشلىغان ئېقىل ـ پاراستىمىز ، چىدام ـ جاسارىتىمىز ۋە مول بايلىق ئەۋزەللىكىمىزدىن تولۇق پايدىلىنالىساق ، ئۇ چاغدا پۈتكۈل دۇنيا بىزگە يۈزلەنمەي مۇمكىن ئەمەس ، ئىنشا الله !

**ئەسكەرتىش:**

**ئەگەر «Öö, Üü, Éé» لارنى كىرگۈزۈشكە ئىمكان بولمىغاندا، UKY بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ماس ھالدا «Ee ,Oo, Uu» لارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. «Öö, Üü, Éé» لارنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلى**

http://www.ukij.org/teshwiq/uey%20eou.HTM

www.uyghurkitap.com

# يېزىق مەدەنىيىتى بىر ئىنقىلاپقا مۇھتاج » مۇ ؟؟؟

ـــ ئاتاغلىق تىلشۇناس ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى ئەپەندىنىڭ
« يېزىق مەدەنىيىتى بىر ئىنقىلاپقا مۇھتاج »
ناملىق يازمىسنى ئوقۇغاندىن كېيىن

كۆتۈلمىگەندە « شەبنەم مۇنازىرە مۇنبىرى » دە ئاتاغلىق تىلشۇناس ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى ئەپەندىنىڭ « يېزىق مەدەنىيىتى بىر ئىنقىلاپقا مۇھتاج » ناملىق ماقالىسىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە ، دەرھال ئوقۇپ چىقىپ تېگىشلىك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە بۇ « ئىنقىلاپ » نى جىددىي توسۇشنى زۆرۈر تاپتىم . چۈنكى ، بىزدىكى ھە دىگەندە « يېزىق ئۆزگەرتىش »، « ئىملا ئۆزگەرتىش » ۋە چەتئەل تىللىرىدىن خالار ـ خالىماس ياكى تەلۋىلەرچە بىلەرمەنلىك قىلىپ ۋە ھەتتا خۇپپىيانە ئىچكى بېسىم توپەيلىدىن نۇرغۇن سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت لەنەت تەككۈر ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە مائارىپ ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەمىزدە زور قالايمىقانچىلىق ، ئۈزۈكچۈلۈك ۋە شالغۇتلىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ ، تارىختىكى « ئەڭ ئىلغار خەلق » ، « ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەت ئۇستازى » ۋە « ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇلۇغۋار مىللەت » دىگەن شان ـ شەرەپلىك نامىمىز يوقۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىۋاتىدۇ . شۇڭا ئەمدى بۇ ئەپەندىمىز نىمە دەپ قارا قويۇن چىقارماقچى بولغاندۇ ؟ دەپ جىددىيلىشىپ قالدىم .....

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يازمىنى ئوقۇپ كۆرسەم ، ياخشى يەرلىرىمۇ بار ئىكەن ، نامۇۋاپىق يەرلىرىمۇ بار ئىكەن ، ھەر ئىككى جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرى خېلىلا جىگغا ئولتۇرىدىكەن ، قىسقىسى ، بۇ يازمىنى ھەممەيلەن ئەستايىدىل كۆرۈپ مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا ۋە مۇشۇ ماقالە ئاساسىدا ، مۇندىن كېيىن يېزىق ۋە ئىملا جەھەتتىن جىددىي ۋە كەسكىن بىر قارارغا كېلىشىمىزگە توغرا كېلىدىكەن .

بۇ جەھەتتە مەن ئۆزۈمنىڭ كۆز قارىشىمنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن .

1. ئالدى بىلەن ، بۇ ماقالىنىڭ تېمىسىدىن گەپ ئاچايلى .

دېمەكچىمەنكى ، تېمىغا بىرلا قاراپ ، ھەر قانداق ئادەم : « يەنە يېزىق ئۆزگەرتىدىغان ئىش كېلىپ چىقىدىغان ئوخشايدۇ » دەپ قالىدۇ . چۈنكى ، « يېزىق مەدەنىيىتى بىر ئىنقىلاپقا مۇھتاج » دېيىلگەنىكەن ، شۇ « يېزىق » بىر « ئىنقىلاپ »قا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلىمەمدۇ ؟

ئۇنداق بولسا بىز يەنە يېزىق ئىنقىلاۋى بىلەن ئاۋارە بولىمىزمۇ ؟ بۇ زادى نىمە ئىش ئەمدى ؟ زادى ، مەلۇم بولغىنىدەك ، مۇشۇ 50 يىلنىڭ مابەينىدە ئۈچ قېتىم يېزىق ، بەش قېتىم ئىملا ئىسلاھاتى بىلەن شوغۇللىنىپ خەلقىمىزنى « ساۋاتسىزلىق دېڭىزىدا تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش » ئىشىنى پەيدا قىلغانلىرىمىز ئاز بولۇپ قالدىمۇ ؟ زادى مۇشۇ تەلۋىلەرچە ئېلىپ بېرىلغان لەنەت تەككۈر ھەركەتلەر بىلەن قانچىلىغان مەدەنىيەت ، تارىخ ئۈزۈكچىلىكىگە دۇچ كەلدۇق ؟؟؟؟؟؟؟ يەنە مۇشۇنداق تەتۈر شامال ، قارا بۇرانغا قارشى مەردانە كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققان قانچىلىغان مۇنەۋۋەر ئىلىم ـ پەن ئەربابلىرىمىز قەستەن « ئوڭچى » ، « يەرلىك مىللەتچى » قالپىغى كەيدۈرۈلۈپ دەھشەتلىك كۈرەشلەرگە تارتىلىپ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى ئەمەسمۇ ؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟!!!!!!!!

.....................

ئەمدى بولا ! بىز بۇ « ئىنقىلاپ » چى ئالدىدا « ھاي ـ ھاي تېرەك » درامىسىنى ئوينامدۇق ، ياكى بۇ « ئىنقىلاپ » قا بولدى بەس ، دەپ كەسكىن قارارىمىزنى بىرەمدۇق ؟

مېنىڭچە ئەمدى سالا ـ سۆلە قىلىشقىمۇ ۋاختىمىزمۇ يوق . كاللىمىزنى ئوبدانراق سىلكىۋېتىپ ، ئىستىماللىمىزدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئۈنچىۋالا « چۇقلاپ كەتمەي » ، قوللىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرساق ، دېمەكچىمەن .

ئەمدى قاتتىق ئەپسۇس بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەنكى ، ئەگەر ، ماقالىغا تازا چوڭقۇر دىققەت قىلىدىغان بولساق ، مەسىلە يېزىق ئۆزگەرتىش ئەمەس ، ئىملا مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلىمۇ بولىدۇ . ئەمما ھۆرمەتلىك پروفېسسور ماقالىنىڭ مەزمۇنى بىلەن تېمىنى باغلىنىشلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويالماپتۇ .

قىسقىسى ، ئىملا بولمىسۇن ، يېزىق ۋە ئىملايىمىز يەنە بىر قېتىم « ئىنقىلاپ » قا دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇرىۋېتىپتۇ . بۇ ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق بىئارام بولۇپ كىتىۋاتىمەن ....

خوش ، شۇنداق قىلىپ ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا كۆز يۈگۈرتساق :

1.ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى يازمىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزى دېئالېكتى سۈپىتىدە قەشقەر خەلقىنىڭ تىلىنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلىگەن ۋە دەلىل سۈپىتىدە بىر مۇنچە مىساللارنى كەلتۈرۈپ ، قەشقەر خەلقىنىڭ سۆزلەملىرىدە ساپلىق ، مەنا ئىپادىلەش جەھەتتە ئېنىقلىق ، رۇشەنلىك دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ، ئەينى زاماندا مەھمۇت قەشقىرى ئالەمگە مەشھۇر شاھ ئەسەر « تۈركىي تىللار دىۋانى »نى يېزىشتا ئاساس قىلغان تىل ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ماختىنىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ . مەن ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكىر ـ قاراشلىرىنى تامامەن قوللايمەن . جۈملىدىن ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندىلا ئەمەس پۈتكۈل پۈشتى ئۇيغۇر جامائەسى قوللاشقا ۋە پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ ، دەپ قارايمەن . چۈنكى ، ئالدى بىلەن ، قەشقەر خەلقىنىڭ تىلى ــ مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئانا تىلى . مەھمۇت قەشقىرى مۇشۇ تىلنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتتە ، مۇكەممەللىك ۋە گۈزەللىكتە تەڭداشسىز يۈكسەك ، ئۇلۇغۋار شان ـ شۆھرەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى ئالەمگە نامايان قىلغان . ئىككىنچىدىن ، قەشقەر خەلقىنىڭ تىلىدىكى سۆزلەملەر ھەقىقەتەن دىيارىمىزنىڭ مەركىزى ئۆرۈمچىدىكىلەرنىڭ سۆزلەملىرىگە نىسپەتەن خېلىلا يۈكسەك دەرىجىدە ساپ ! بۇ مىللىي خاسلىقىمىزنىڭ ساقلىنىپ قالالىشىنىڭ جانلىق ناماياندىسى . ئۈچىنچىدىن ، مەھمۇت قەشقىرى مانا شۇ ئىككى جەھەتتىن پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارىغا نىسپەتەن ئانا تىلىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىۋاتقان بىر قۇياش دېگۈدەك ئۇستازىمىزدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئورتاق دېئالېكتىكا سۈپىتىدە قەشقەر خەلقىنىڭ تىلىنى ئاساس قىلىشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار ، بۇنى دەرسلىرىمىزدە سۆزلەش ـ چۈشەندۈرۈشنى چىڭ تۇتساق ئەۋلادلىرىمىزغا مىللىي ئىلمي ئەنئەنە بويىچە ياشاشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتۇشقا كاتتا نەتىجە يارىتالايمىز . بۇ جەھەتتە ، ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندىنىڭ مونۇ سۆزى يادرولۇق بىر مەسىلىنىڭ ھەل بولىشىغا كۈچلۈك ئاساس . ئۇ بولسىمۇ ، « “ بىرنى بىر دېگۈلۈك ” دېگەن ئۇيغۇر سەممىيىتى بىلەن ئېيتقاندا نەچچە مىليون نوپۇسلۇق قەشقەر يەنىلا ئۇيغۇر دۇنياسىنىڭ مەركىزى رايوندۇر » دېگەن ھۆكمىدۇر . بۇنى مەن ئۆز ئەمەلىيىتىم بىلەنمۇ ئىسپاتلاشقا ئاساسىم باركى ، مەن 1995 ـ يىلى شۋېتسىيىگە ، ــ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتىدا ئېچىلغان 13 ـ قېتىملىق خەلقئارا فونېتىكا تەتقىقاتچىلىرى قورۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغىنىمدا بەزى ئالىملار دوپپامغا قىزىقىش نەزىرى بىلەن قاراپ كىم ۋە قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىمنى ، نەدىن كەلگەنلىكىمنى سوراشتۇرغىلى باشلىدى . مەن تونۇشتۇرما بەرگەندىن كېيىن ، سۆزۈمدىكى « شىنجاڭ » سۆزلىمىنىڭ ئۇيغۇرچە ئەمەسلىكىنى، بىر ئۇيغۇر دىيارىغا نىسپەتەن مۇنداق يات تىلدىكى ئىسىم ـ نامنى قوللۇنۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئەسلىكى خاس تارىخىي نامىنىڭ « قەشقەرىيە » ئىكەنلىكىنى دەپ ئۆتۈپ ، « دېگەنلىرىم توغرىمۇ ؟ » دەپ بىر تۈرلۈك سىناق نەزىرى بىلەن قارىدى . مەن ئۇلارغا بۇلارنى چۈشەندۈرمىگەندىمۇ مېنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىم بارلىقىنى ، ئەمما بىزنىڭ مىللىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ بۇ

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە ئېغىر تارىخىي خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى ئېنىزاھلاپ ئۆتتۇم ، ئەمما مۇشۇ چاغدا ماڭا ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق بولۇپ كەتتى ...... ! چۈنكى ، دەرۋەقە بىز ئىرادىمىز ۋە ئەمەلىيەتكە خىلاپ ھالدىكى نامنى قوللىنىۋاتىمىز ئەمەسمۇ ؟

دېمەكچىمەنكى ، قەشقەر خەلقىنىڭ تىلىنى مەركىزى دىيالېكت سۈپىتىدە قوللىنىشنىڭ مانا شۇنداق تارىخىي نامىمىز بىلەنمۇ زىچ باغلىنىشلىقى ۋە زور ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ئەھمىيىتىمۇ بار .

مۇشۇنداق بولغان ئىكەن ، زادى نىمە ئۈچۈن بۇ تىلنى مەركىزى ئانا تىلىمىز سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارمايمىز ؟ خاتىرلەش مەزگىللىرىدە « مەھمۇت قەشقىرى » ، « يۈسۈپ خاس ھاجىپ » ، « ئابدۇقادىر داموللام » لارنى چۈشقۇر سۆيۈنۈش ، پەخىرلىنىش ۋە ئالىي ھۆرمىتىمىز بىلەن تىلغا ئالىمىز ، ئۇلارنىڭ كىتاۋىنى ، سۆز ـ نۇتۇقلىرىنى بولسا شۇنچە پەخىرلىنىپ تۇرۇپ يادلاپ كېتىمىز . ئەمما نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۇلۇقلىرىمىزنىڭ تىلىنى دائىمىي سۆز ـ ئالاقە سۈپىتىدە قوللىنىشقا ئەھمىيەت بەرمەيمىز ؟ ئەجەبا ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ كىتاۋى ۋە تەلىماتلىرى پەقەتلا خاتىرلەش كۈنلىرى كۆتۈرىۋالىدىغان ، باشقا چاغلاردا بىر چەتكە تاشلاپ قويسىمۇ بولىدىغان زىننەت بۇيۇملىرىمۇ ؟

بۇ ئەلبەتتىكى چۇڭقۇر ئويلىنىپ كۆرىشىمىزگە ئەرزىيدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە .

2. ئەمدى ، ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندىنىڭ يازمىسىدىكى بەزى نوخسان تەرەپلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن .

1) ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى بۇ يازمىسىدا قەشقەر دىيالېكتىنى مەركىزى دىيالېكت بولىشى كېرەك دېيىش بىلەن بىرگە ئۇرۇمچى دىيالېكتىغا نىسپەتەن «تەرمە نوپۇسلۇق ئۇرۇمچى تەلەپپۇزى» دېگەن ئاتالغۇنىمۇ قوللانغان . ئەسلىدە بۇنداق دېمەسلىكى ، مەھمۇت قەشقىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا بولدى قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى . چۈنكى ، « تەرمە نوپۇس » دېگەن نام مەنچە بىر تۈرلۈك ( ھاقارەت ) مەنىسىنى بىلدۈرۈپ قويغاندىن تاشقىرى ئۇرۇمچىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ . ئەقەللىسى ، « تەرمە نوپۇس » دېگەندە ، شۇ « تەرمە نوپۇس » لارنىڭ ئىچىدە كەلپىنلىكلەرمۇ ، يەنى پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارىنىڭ بىر مۇقەددەس پارچىسىدا ياشاۋاتقان مىنىڭ يۇرتۇمدىكىلەرمۇ بار . ئۇلارنىڭ ئىچىدە توختى سابىردەك جىگەرلىك چوڭلىرىمىز ، ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە ئاجايىپ تەسىرلىك تارىخىي مەلۇمات بىرىلگەن « قاينام ئۇركىشى » ناملىق تارىخىي رومانىنى يازغان ، شۇنداقلا ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى ئاجايىپ ياخشى يورۇتۇلغان « ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۈچېرىكلار » ۋە باشقا نۇرغۇن قىممەتلىك رومان ، شېئىر قاتارلىقلارنى يازغان ئابدۇللا تالىپتەك پىداگوك ، ئەدەبىياتشۇناس ، شائىر يازغۇچىلار ، شېئىرىيەت ۋە تىلشۇناسلىق ساھەسىدە كاتتا تۆھپىكارلىقى بىلەن تونۇلغان غەنىزات غەييۇراندەك شائىر ۋە تىلشۇناسلار ، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە مۇدىر ، مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن ساندىكى ئىلىم ئەھلىلىرىمىز بار . ئۇلار بىر ياقتىن مىللىي دىيالېكتىمىز بويىچە سۆز ـ ئالاقىدە بولۇشنى تاشلىماي مىللىي خاسلىقىمىزنى ساقلاش ، نامايان قىلىشنىڭ ئۆلگىسىنى تىكلىگەن بولسا ، يەنە بىر ياقتىن قانداقلا بولمىسۇن بىرلىك ـ باراۋەرلىكنى چىقىش قىلىپ « تەرمىلەر » بىلەن بىرلىكتە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا قىممەتلىك تۆھپىلەرنى ياراتماقتا !!!

قېنى ، بۇلارنىڭ نەتىجىسىگىمۇ كۆز يۇمۇشقا بولامدۇ ؟

دېمەكچىمەنكى ، كەلپىن خەلقىمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدىغان خەلق . بۇ جەھەتتە تالانتلىق يازغۇچى مۇھەممەت باغراش ئەپەندى يازغان « كەلپىن ئۇيغۇرلىرى تېخى ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن بىر رىۋايەت » ناملىق ماقالە كەلپىن ئەھلىنى چۈشۈنۈشتە بىر ياخشى يىپ ئۇچى ، بەلكى قىممەتلىك

دەرسلىك بولالايدۇ ! كۆرۈشنى خالىغۇچىلار تۆۋەندىكى توربەت ئادرېسى بويىچە ئاشۇ يازمىنى ئوقۇپ باقسا بولىدۇ .

http://www.bilik.cn/bbs/blog.php?tid=17463

بۇ يەردە قىسقىچە بولسىمۇ نەقىل ئېلىپ ئۆتۈشۈم ئارتۇقچە بولماس ، دەپ قارايمەن .

كۆرۈپ بېقىڭلار ، ــ مۇھەممەت باغراش ئەپەندى بۇ ماقالىسىدە كەلپىن خەلقىنى ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەھلىلىي قاراشلىرى ئاساسىدا تونۇشتۇرۇپ ، ئاخىرىدا يەكۈنەن ھالدا مۇنداق دەپ يازىدۇ : « ... تۆگەنچ بىر غەلىتە ۋە سىرلىق سەزگۈگە ئەگىشىپ كەلپىندىن ئىبارەت تارىخچىلار ، ئانتروپولوگلار تىلشۇناسلار ۋە سەيياھلارنىڭ نەزەرلىرىنىڭ تېشىدا قالغان چەت ـ ياقا تاغ ئىچىدىكى بۇ ئالقانچىلىك يۇرتقا كېلىپ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز كۆڭۈل خوشلىقىغا ئېرىشتىم . مەن بۇ يەر ئادەملىرىنىڭ ۋۇجۇدى ۋە روھىدىن ئاشۇ بۈيۈك ئۇيغار ـ مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭ ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مەدەنىيەت بوستانىنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغان كرورەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋە ئۆلمەس روھىنى تېپىۋالدىم . بۇ روھ ـ قەيسەرلىك ۋە ئۆملۈكنى ئۆزەك قىلغان پۈكۈلمەس ، سۇنماس ياشاش ئىرادىسى ئىدى ! بۇ روھ ـ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىغى ئۈچۈن تولىمۇ شەپقەتسىز ھەم مۇدھىش تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر بىلەن ئارسلانلارچە ئېلىششى ، ئاخىرىدا ھازىر كەلپىن دەپ ئاتىلىۋاتقان ئاشۇ ئۈچ تاغ ئارىسىدىكى نەچچىلا بۇلاق سۈيى بىلەن كۆكىرىپ تۇرىدىغان قۇتقۇزغۇچ زېمىنگە ئۇلاشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۈلپەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك ئۇزاق سەپەر داۋامىدا يېتىلدۇرگەن ، كەلپىن ئۇيغۇرلىرىنى ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن ھالقىتىپ ، بەرجەس ، ساغلام ۋە ئەينى پېتى شەرەپلىك بۈگۈنگە ئۇلاشتۇرغان بىر مۇقەددەس ئۇلۇغۋار روھ ئىدى !

كەلپىن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپلىگەن خارەكتىر خاسلىغى ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ ئەزگۈ ۋە ئەڭ كىشىلىك سۆيۈنۈش ـ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان يارقىن خارەكتىرى ئۇلارنىڭ ئىناقلىق ، ئۆملۈك ، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەش ، ھەممىدىن ئەلا بىلىش ۋە سۆيۈش خارەكتىرىدۇر . بۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمىيتى ، ھەر ـ بىر ئۇيغۇر ئوغلانى بىلىشكە ۋە ئىنتىلىشكە ھەم ئۆرنەك قىلىشقا تېگىشلىك گۈزەل خارەكتىر ۋە ئاددىي لېكىن تولىمۇ ئۇلۇغ رۇشەن ھەقىقەتتۇر .

شۈبھىسىزكى ، مانا مۇشۇ قەيسەرلىك ۋە ئۆملۈك ئۆز قونۇقىنى ھەم مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى بايراق قىلغان مىللەت شەرەپ ۋە ماختاشقا لايىق ، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە تالىق ، ئۆلمەس ، يىتمەس ۋە شەرەپلىك مىللەتتۇر . مەلۇم بولدىكى ، كەلپىن ئۇيغۇرلىرى بىز تېخى ئاڭلاپ تۈگىمىگەن ، ئاڭقىرىپ پۈتمىگەن ، ئۆلگە قىلىپ ئۆلگۈرۈپ بولالمىغان بىر ئەزگۈ ۋە گۈزەل رىۋايەتتۇر !»

مانا شۇنداق .

ناھايىتى رۇشەنكى ، ئۇرۇمچىدە يەنە كەلپىندىن باشقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەرمۇ بار ۋە ئۇلارنىڭمۇ تىللاردا داستان بولغىدەك ناھايىتى قىممەتلىك ئەجر ـ تۆھپىلىرى بار .... !!!

قىسقىسى ، ئۇلار « تەرمىلەر » بولسىمۇ پۈشتى ئۇيغۇر قېرىنداشىمىز ئىدى ، شۇڭلاشقا ئۇلارغا قارىتا ئۇنداق ھاقارەتلىك سۆز ئىشلىتىش ئەلبەتتە توغرا ئەمەس ئىدى (؟) جۇملىدىن ، ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندىگە بۇ يېقىندا يىتىپ كەلگەن « پىكىر ئېلىش تەكلىپنامىسى » قەشقەردىن ئەمەس ، بەلكى دەل « تەرمىلەر » ماكانى بولغان ئۇرۇمچىدىن ئىبەرتىلگەنىدى . شۇنداق ئىكەن، ئەمدى ، « تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭغا .... » دېيىلسە زادى توغرا بۇلارمۇ ؟

2) ئەمدى ، « تىل ـ ئىملادا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر » توغرىسىدىكى پىكىر ـ ئىنزاھاتلىرىغا كەلسەم ، بۇنى مۇنداق 4 جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن :

www.uyghurkitap.com

**(1)** مەنتىقسىز ھالدا قوشما سۆزلەملەرنى پەيدا قىلىش مەسىلىسى . بۇلار ـــ سۆز ـ كەلىمە ، ئۇل ـ ئاساس ، گەپ ـ جۈملە ... دېگەنلەرگە ئوخشاش .

رۇشەنكى ، ① « سۆز ـ كەلىمە » دىكى « كەلىمە » دېيىلگىنى ئەرەپچە بولۇپ ، ئۇيغۇرچە مەنىسى « سۆز » دېگەنلىكتۇر . شۇنداق ئىكەن ، قاراپ تۇرۇپ مەنىداش ، تەگدىشى بار سۆزلەملەرنى بىرىنى ئۇيغۇرچە ، بىرىنى ئەرەپچە قىلىپ « قوشما سۆز » ياساش نە ھاجەت ؟ بۇ يەردە ئۇلاردىن « سۆز » دېيىلگىنىنىلا قوبۇل قىلساق نىمىمىزمۇ كەم بولۇپ قالار ؟ ئۇنى تىلىمىزدا زامان ـ زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل قوللىنىپ ، دېمەكچى بولغانلىرىمىزنى قىسقا ۋە راۋان ئىپادىلەپ كېلىۋاتاتتۇققۇ ؟ ئەمدى قاراپ تۇرۇپ « كەلىمە » نى چاپلاپ ، راۋان ئېقىۋاتقان سۇغا تاش تاشلاپ ئېقىشىغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلغاندەك ئىشنى قىلغانىنىڭ زادى نىمە زۆرۈرىيىتى بار ؟

ئايانكى ، تىلىمىزدا شۇ « سۆز » نىڭ بىر ۋارىيانتى « سۆزلەم » دېيىلىدىغىنىمۇ بار . « سۆزلەم » بولسا لۇغەتشۇناسلىقتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئاتالغۇ بولۇپ ، لۇغەتتە قاتار ـ قاتار تىزىلغان يەككە سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنداقتا ئەمدى بۇ سۆزلەرنى « سۆزلەم ـ كەلىمەم » دەيمىزمۇ؟

② ئۇل ـ ئاساسى ـــ بۇمۇ مەنتىقسىز ياسالغان « قوشما سۆز » ھېساپلىنىدۇ . چۈنكى تىلىمىزدا : « بۇ تامنىڭ ئۇلى زەي تاتىپ قاپتۇ ( قېلىپتۇ ) » دەيمىزكى ، ھەرگىزمۇ « بۇ تامنىڭ ئۇل ـ ئاساسى زەي تاتىپ قېلىپتۇ » دېمەيمىز . ئوخشاشلا « بۇ گەپنىڭ ئاساسى نىمە؟ » دەيمىزكى ، ھەرگىزمۇ « بۇ گەپنىڭ ئۇل ـ ئاساسى نىمە؟ » دېمەيمىز . « بۇ تامنى ئۇلداپ قويايلى » دەيمىزكى ، ھەرگىزمۇ « بۇ تامنى ئۇل ـ ئاساسلاپ قويايلى » دېمەيمىز . قاراڭ : « تامنى ئۇلدىسا **10** يىل ، يۆلىسە **100** يىل پايلايدۇ » ( خەلق ماقالىسى ) .

دېمەككى ، « ئۇل » ۋە « ئاساس » سۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىتىلىش ئورنى بار ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ « قوشما سۆز » ياساشنىڭ قىلچىمۇ توغرا تەرىپى يوق ،

③ گەپ ـ جۈملە ـــ بۇمۇ مەنتىقسىز ياسالغان « قوشما سۆز » . چۈنكى ، تىلىمىزدا ئەزەلدىن « بىر جۈملە گەپ » ، « ئاساسسىز گەپ قىلما ! » دېگەنگە ئوخشاش جۈملە شەكىللىرى بار . دېمەككى ، « جۈملە » ـــ بىر ياكى بىر نەچچە سۆزدىن تەركىپ تېپىپ بەلگىلۈك ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان گراماتىكىلىق قۇرۇلما بولۇش بىلەن بىللە يەنە قىلىنىۋاتقان گەپنىڭ مىقتارىنىمۇ كۆرسىتىدۇ . « گەپ » بولسا بىر ياكى بىر نەچچە سۆزدىن تەركىپ تېپىپ بەلگىلۈك ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان گراماتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ نەخ ئۆزى . دېمەك بىرى « مىقتار » نى ، بىرى بەلگىلىك « ئوي ـ پىكىر » نى ئىپادىلەيدۇ .

بۇ يەردە بىز « ئامرىغىم كۆڭۈل شادى » ناملىق ناخشىدىكى مونۇ تېكىستكە قاراپ باقايلى :

ئامرىغىم كۆڭۈل شادى ،
ساڭا بىر گېپىم بادى .
كۆڭلۈمگە ئارام يوقكەن ،
ئۇنى ئېيتمىسام زادى .

بۇ تېكىستتىكى « گېپىم » دېگەننى ئەمدى « گەپ ـ جۈملە » پورمىسى بويىچە ئۆزگەرتىدىغان بولساق « ساڭا بىر گېپىم ـ جۈملەم بادى » ياكى « ساڭا بىر گەپ ـ جۈملەم بادى » (؟) دېيىشكە توغرا كېلىدۇ . ئۇچاغدا قانچىلىك تېتىقسىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولمامدۇ ؟

(2) ئەمدىكى مەسىلە « كونا خامانىنى سورۇش » تا كۆرىلىدۇ . مەسىلەن ، « بارغاندۇ ، كەلگەندۇ ، بولۇپتۇ ... » سۆزلىرىنىڭ ( خۇداغا شۈكرى ، بۇ يەردە « سۆز ـ كەلىمەلەرنىڭ » دەپ سالماپتۇ! ) ئەسلىدە « بارغاندۇر ، كەلگەندۇر ، بولۇپتۇر ...» شەكلىدىكى « ر » لىك سۆزلەر ئىدى

، « ـ دىكەن » قوشۇمچىسى ئەسلىدە « ـ دۇر ئەكەن » شەكلىدە ئىدى ، « كېلەتتى ، باراتتى ، قىلاتتى ... » قاتارلىق سۆزلەر بولسا ئەسلىدە « كەلەر ئەردى ، بارار ئەردى ، قىلۇر ئەردى ،،،» شەكلىدە ئىدى ، دەپ ، ئاللىقاچان ئىستىمالدىن قالغان قوشۇمچە ۋە سۆز شەكىللىرىنى قوللۇنۇشنى تەشەببۇس قىلىشى بۇنىڭ رۇشەن ئىپادىسىدۇر .

دەرۋەقە ، بىزنىڭ كونا تىلىمىزدا مۇنداق سۆز شەكىللىرى قوللىنىلغان . ئەمما ، مەن ئەقلىمگە كېلىپ ئوقۇش يېشىمغا تولغىچىلىك ۋە تولغاندىن كېيىنمۇ ئاتا ـ ئانام ، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىمنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق سۆز تۈرلىرىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىدىم ، شۇ ھالدا 50 نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن كىتاپلارنى ئوقۇدۇم ، ئۇلاردىمۇ مۇنداق سۆز تۈرلىرىنى زادىلا ئۇچراتمىدىم . ئەمما مۇشۇنداق بولىشىغا قارىماي ، باشقىلارغا ئوخشاشلا مەنمۇ ئاتا ـ ئانام ، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىم ۋە ھەتتا ئاشىق ـ مەشۇقلىرىم ۋە ئۆيلەنگەندىن كېيىن خوتۇن ـ باللىرىم بىلەن قانا ـ قانا سۆزلىشىپ ، سىردىشىپ ، يۈرەكنىڭ چوڭقۇرىدىكى تۇيغۇلىرىمىزنى دېيىشىپ مۇڭدىشىپ تاتلىق ـ تاتلىق مىنۇتلار ئىچىدە ياشاپ كەلدىم ھەم كېلىۋاتىمەن .

مۇشۇنداق بولغان ئىكەن ، ئەمدى زادى نىمە ئۈچۈن ئاللىقاچان ئىستىمالدىن قالغان كونا سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىمىز ؟ ئەگەر مۇشۇ خىل سۆزلەر ئومۇملىشىپ ، ئۇزۇن يىلدىن بۇيان ھېچ قانداق مەنا مۇجمەللىگى ، ئۇقۇم خاتالىغى كۆرۈلمىگەن ھالدا بىر ئوبدان ئېھتىياجىمىزدىن چىقىپ كېلىۋاتقان سۆز ـ ئاتالغۇلار چىقىرىۋېتىلسە مۇشۇ 50 نەچچە يىلدىن بۇيان نەشر قىلىنغان كىتاپ ـ ماتېرىياللىرىمىزنى ئەۋلاتلىرىمىز ئوقۇپ چۈشۈنەلىشى مۇمكىنمۇ ؟ زادى قاراپ تۇرۇپ يېڭىۋاشتىن مەدەنىيەت ئۈزۈكچىلىگى ، ساۋادسىزلىق باش كۆتۈرمەمدۇ ؟

ھاي ـ ھاي !!!!

ئەمدى بولا ، مۇشۇ تىل ـ ئىملا جەھەتتە ئىسلاھات ، يېڭىلاش ئېلىپ باردۇق ، دەپ تارتقان زىيانلىرىمىزمۇ يېتەر ! سۆز ئويۇنغا ئەمدى بەس !!!

زامانغا ئوبدانراق نەزەر سالايلى ، بىز تىل ـ ئىملا جېدىلى بىلەن بولۇپ كىتىپ ۋاختىمىزنى ئىسراپ قىلىپ « ھارىۋىدا توشقان ئولايدىغان نوچى بىز » دەپ يۈرگەن بىلەن ، ھازىر ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ ، خەخلەر گەپنى ئاز ، ئىشنى ساز قىلىپ راكىتاغا ئولتۇرۇپ تاشقى پىلانىتلارنى گۈزۈتۈش ، تەتقىق قىلىش ۋە سەيلى قىلىشقا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ !

قارىغاندا ، ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى ئەرەپچە بىلىدىكەن ، بەلكىم قارىلىقنىمۇ خېلىلا قاملاشتۇرىدىغانمۇ ئوخشايدۇ . بۇ ئۈچۈن تەشەككۇر ئېيتىمەن . ئەمما ، ئۆزى ئۆيغۇردىن ئىبارەت خاس بىر مىللەتنىڭ تىل خادىمى بولغان ئىكەن ، مۇشۇ مىللەتنىڭ تىلىنى يۇقارقىدەك مەنتىقسىز ياسالما ، كۆچۈرمە ۋە ۋاختى ئۆتكەن سۆزلەملەرنى ئەۋج ئالدۇرۇپ بۇزۇپ قويىدىغان ئىشنى پەيدا قىلماي ، سۆزى كەم ، مەنىسى كۆركەم سۆزلەملەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى ، يەنى سۆز ـ جۈملىلەرنى « يېڭىۋاشتىن ياساپ » قۇرۇق ئاۋارە بولماي ، بەلكى مىللىتىمىزنىڭ راۋان تىللىق ، يۇقىرى سۈرئەتلىك ۋە زور نەتىجىلىك مىللەت ئىكەنلىگىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىشىنى ئۈمىت قىلىمەن . قارىلىقنىمۇ قۇرئان ياكى ناماز ئوقىغاندا قىلىشى ، « گۆشنى مۈشۈككە يۈگۈزۈۋەتمەسلىگى » كېرەك . بۇ يەردە مۇنداق بىر قىزىق رىۋايەتمۇ ئىسىمگە كېلىپ قالدى . ئۇ بولسىمۇ ، بىر قارىم بازاردىن بىر كىلو گوش ئېلىپ قايتىپ كېلىپ قارىسا ئايالى تاھارەت ئېلىۋاتقان ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۆزى دەرھال ئاشخانىدا قويۇپ قايتىپ چىقىشىدا ئايالى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە : « ئىيىييي خاتۇۇۇۇۇن ! مــــــــــن بازاردىيىيىيىين بىر كىلوووووووو گوش ئەكەلدىيىيىيىم . ئۇنىيىيىيىيي ئاشخانىدا قويدۇۇۇۇۇۇۇم . نامازدىن كىيىننننننننننننننن تازززززززززززززززززززززا ئوخشۇتۇۇۇۇۇۇپ چۆچۈرەەەەەەەەەەەەە ئىتىڭلەەەەەەەەەەەە ! » دەپتۇ . دەل شۇ چاغدا ئاشخانىدىن مۈشۈكنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىر نەرسە يەۋاتقاندەك تۇۋشى ئاڭلىنىپ قاپتۇ . ئەمما ئايالى قارىنىڭ گېپىگە جاۋاپ قايتۇرمەن دەپ قارىچىلاپ : « ئىيىيىيىيى قارىيىيىيىيى ! مۇشۇكمىيىيىيىيىيىز كىلىچ ـ كىلىچ قىلىۋاتىدۇۇۇۇۇۇۇۇۇ ! گۆشنىيىيىيىيىيى مۇشۇكمىيىيىيىز يەۋاتامدىكىيىيىيىيىيىيىيىيىن ! » دەپلا ئاشخانىغا كىرسە مۇشۇك گۆشنى يەپ بولۇپ بۇرۇتلىرىنى يالاپ ھىچنىمە كۆرمىگەندەك تۇرغىدەك . ئەگەر ئۇلار نورمال گېپىنى قىلىشقان بولسا بۇ كەلگۈلۈكمۇ بولماستى ، ئىنشا ئاللاھ ۋە تامىقىنىمۇ مەززىلىك يىيىشەتتى .

مۇشۇنىڭ ئۆزىلا نورمال شارائىتتا گەپنى تىز ۋە قىسقا قىلىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرمەمدۇ ؟

تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، دۇنيادا گەپنى ئەڭ تىز قىلىدىغانلار فرانسۇزلار بولۇپ ، مىنۇتىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 350 بوغۇم ، ئۇنىڭدىن قالسا ياپۇنلار مىنۇتىغا 310 بوغۇم ، نېمىسلار مىنۇتىغا 250 بوغۇم ، ئىنگىلىزلار مىنۇتىغا 220 بوغۇم ، ئامېرىكىلىقلار 150 ـ 175 بوغۇملۇق گەپ قىلىدىكەن . پولىنىزىيەلىكلەر ، مىلانىزىيەلىكلەر ۋە مىكرونوزىيەلىكلەر بولسا ئاران 50 بوغۇملۇق گەپ قىلىدىكەن .

ئەمدى ، مەلۇم بولۇشىچە ب د ت نىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى ، مەنا مۇجمەللىگى ئانچە كۆرۈلمەيدىغان ساپ تىل سۈپىتىدە فرانسۇز تىلى بىلەن يېزىلىپ ساقلىنىدىكەن . دېمەك ، سۆز ـ ئالاقە راۋانلىغى ۋە مەنا ئىپادىلەشنىڭ مۇكەممەللىگى بىلەن فرانسۇز تىلى ئالدىنقى قاتاردىكى تىل ھېساپلىنىدىكەن . ئەمما ئاخىردا تىلغا ئېلىنغان ئاۋۇ ئۈچ خىل تىلنىڭ ئەھۋالىچۇ ؟

بۇ جەھەتتە مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىز ئاسانلا توغرا خۇلاسىسگە كېلەلەيدۇ ، ئەلبەتتە !

ئەمدى كۆرىدىغان بولساق ، نۇرغۇن مەملىكەتلەردىكى تىل تەتقىقات ئورگانلىرى « قىسقارتىلما سۆزلەر لۇغىتى »نى ئىشلىگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ رولىمۇ ئىنتايىن ياخشى بولماقتا .

مەسىلەن ، ھۆرمەتلىك مۆئمىن ئابدۇللا ئەپەندىم تۈزگەن « تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت » تىن مەلۇم بولۇشىچە تۈرك تىلىدا نۇرغۇن قىسقارتىلما سۆزلەملەر بار ئىكەن . بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق :

**a** = alay پولك (ئەسكەريي بىرلىك )

**AA** = Anadolu Ajansı ئاناتولىيە ئاگېنتلىغى

**a.a** = atom ağırlığı ئاتوم ئېغىرلىغى

**A B D** = Amerika Birleşik Devletleri قوشما شتاتلىرى ئامېرىكا

**adr** = adres ئادرېس

**AET** = Avrupa Ekonomik Topluluğu ياۋرۇپا ئىقتىسادى بىرلىگى

**ahl** = ahlakbilimi ئەخلاقىيەت

**Akust** = Akustik ئاكوستىكا

**Alm** = Almanca نېمىس تىلى ، نېمىسچە

**Amer** = Amerikanca ئامېرىكا تىلى

**Ank** = Ankara ئەنقەرە

**antr** = antropoloji ئانتروپولوگىيە

**AO** = Anonim Ortaklığı ھەسسدارلار شىركىتى

**Ar** = Arapça ئەرەپ تىلى ، ئەرەپچە

**ark** = arkeoloji ئارخېئولوگىيە

**astr** = astronomi ئاسترونومىيە

**atm** = atmosper ئاتموسفېرا

**B** = Batı غەرپ

**bağ** = bağlaç باغلىغۇچى

**bahç** = bahçıvan باغۋەن

**bşk** = baş komutan باش قۇماندان

**Bulg** = Bulgarca بۇلغارچە

**CHP** = Cumhuriyet HalkPatisi جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى

**Dipl** = Diploma دىپلوم

**DMO** = Devlet Mulazimet Ofisi دۆلەت مۇلازىمەت ئورگىنى

**Doç** = Doçant دوتسېنت

**DPT** = Devlet Planlama Teşkilati دۆلەت پىلانلاش كومىتېتى

دېگەندەك .

ئەملىيەتتە ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان قىسقارتىلما سۆزلەملىرى بار . مۇنداق قىسقارتىلما سۆزلەملەر باشقا خىل تىللاردىكى لۇغەتلەردىمۇ تۇركۇملەپ ئۇچرايدۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەمدى مېنىڭ جىددىي ۋە سەممىي تەشەببۇسۇم ، ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى مەسىلىگە قىزىققانلىق بىلەن باھا بېرىش ۋە تەدبىر بېكىتىشكە بىرلىمەي ، جەمىيەت ، ۋەزىيەت ۋە تەرەققىياتنىڭ تەقەززاسىنى ئويلۇنۇپ ئاندىن بىر قارارغا كەلسىكەن .

(3) مەنىسى پەرق قىلمايدىغان سۆزلەرنى مەنتىقسىز ھالدا كۆپەيتىۋېتىشتە كۆرىلىۋاتقان ئەھۋال . مەسىلەن ، ئەسلىدە « ئۆلچەم » دېيىلگەن سۆزلەم بەزىدە شۇ شەكىلدە قوللىنىلسىمۇ ، بەزىدە « ئۆلچەك » دېيىلىپ تۈركچىلەشتۈرۈپ قوللانغىنىدەك ، يەنى ، « ئېلىپبەدە ئۆگىتىلگەن ئۆلچەم » ، « پايدا ـ زىيان ئۆلچىكى » ، « مەدەنىيەت ئۆلچىكى » شەكىلدە قوللىنىلغىنىدەك . يەنە ، تىلىمىزدا « ئۆلمەس » دېگەن سۆزمۇ تەبىئىي ھالدا ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمدى « ئۆلۈمسىز » دېگەن تۈركچە سۆزلەم بىلەن ئالماشتۇرۇپ قوللۇنۇشقا سۇنۇلۇپتۇ . خۇداغا شۈكرى ، ئابدۇرەئۇپ ئەپەندىم قارىغاندا ئەرەپچە ۋە تۈركچىنىراق بىلىدىغان ئوخشايدۇ . ئەگەر يەنە باشقا بىر نەچچە تىلنى بىلىدىغان بولسا ، ئۇ تىللاردىنمۇ بىر نەچچە سۆزلەمنى كۆچۈرۈپ كېلىپ يۇقارقىدەك ئۇسۇل ـ چارىلىرى بىلەن تىلىمىزنى ھۆپۈپنىڭ سەت قانىتىدەك « رەڭگا ـ رەڭ » قىلىپ تاشلايدىكەن .... !

بۇ توغرۇلۇق ئەمدى كۆپ توختالمايمەن . ئەمما مۇنداق شالغۇتلۇق ۋە قالايمىقانچىلىققا ئەمدى سەۋر قىلالمايمىز ، دېمەكچىمەن !

(4) ئەمدىكى مەسىلە سوزۇق تاۋۇشلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە كۆرىلىدۇ .

بۇ يەردە ئالدى بىلەن مەسىلىنىڭ خاس تېرمىن مەنىسى بويىچە قوللىنىلىشىنى تۈزۈتىۋەتەيلى . چۈنكى ، ھۆرمەتلىك ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى دېمەكچى بولىۋاتقىنى ئىملادىكى مەسىلە بولسىمۇ ، كەيدۇرگەن قالپىقى باشقىچە بولۇپ قاپتۇ . بۇ ، « ئۇيغۇر گىراممانىكىسى ۋە يېزىق ئىملاسىدا » دېگەن قويۇلۇشنى كۆرسۈتىدۇ . مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ـ مىساللارنى كۆزدە تۇتقاندا ، گەپنى ئۇنداق باشلىماي ، « ئۇيغۇر تىلى گىراممانىكىسى ۋە سۆزلەملىرىنىڭ ئىملاسىدا » دېيىلگەن بولسا « ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز » دەك ئاجايىپ ماسلىق ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى . چۈنكى ، « ئۇيغۇر گىراممانىكىسى » دېگەندە « ئۇيغۇر » ئاتالغۇسى « ئۇيغۇر » دىن ئىبارەت مىللەتنى ئىپادىلىگەن بولسا ، « گىراممانىكا » بەلگۈلۈك تىلنىڭ بەلگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىپادىلەيتتى . ئوخشاشلا ، « يېزىق ئىملاسى » دېگەندىكى « يېزىق » ـــ بەلگۈلۈك تىلنىڭ يېزىغىنىلا كۆرستىدۇ . « ئىملا » بولسا شۇ يېزىق ئارقىلىق يېزىلغان سۆزلەملەرنىڭ يېزىلىش شەكلىنى كۆرستىدۇ . شۇنداق بولغان ئىكەن ، بۇ ئىككى سۆزلەممۇ مۇۋاپىق ماسلىققا ئېرىشتۈرۈلمىگەن ھالدا بىرلەشتۈرۈپ قويۇلغان . دېمەككى ، بىزنىڭ ھەل قىلىدىغىنىمىز بەلگۈلۈك تىلنىڭ گىراممانىكىسىدىكى ، ياكى بەلگۈلۈك تىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەملەرنىڭ يېزىلىش شەكلىدىكى ، يەنى ئىملادىكى مەسىلە بولغان ئىكەن ، گەپنى ھېلىقىدەك باشلىشى مۇۋاپىق بولمىغان . ئۆز نۆۋىتىدە ، ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالىسىدىن باشقا ھېچ بىر ماقالە ـ ئەسەرلەردە « ئۇيغۇر گىراممانىكىسى » ، « يېزىق ئىملاسى » دېگەندەك مەنتىقسىز باغلانغان ئاتالغۇلارنى ئۇچراتقىلىمۇ بولمايدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئەمدى ئاشۇ باشلانما سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە كېلىدىغان بولساق ، بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرى مۇۋاپىق ئەمەسكەن . چۈنكى :

www.uyghurkitap.com

(1) « سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش مەسىلىسى » دە بىر سۆزلەمدىكى ئىككى " ئا " نىڭ كېيىنكىسى بەلگۈلۈك شارايىتتا "ئى" غا ئۆزگىرىشى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان گرامماتىكىلىق ھادىسە . ئۇنى ئەمدى " ئاجىزلىشىش " ئەمەس " ئۆزگىرىش " دەيمىز ، دېسەك خاتا بولمايدۇ . ئەمما " ئاجىزلىشىش " ( ياكى ئۆزگىرىش ) قائىدىسىگە چۈشۈرىمىز ، دەپ " ئاتا " ، " ئانا "…. لاردىكى كېيىنكى "ئا " نى شۇ خىل سۆزلەملەرنىڭ " ئى " لىشىدىغان ھالىتىنى " ئاتاسى " ، " ئاناسى " … دەك يازىمىز ، دېسەك خاتالىق سادىر قىلىمىز . چۈنكى ، گەرچە بەلگۈلۈك شارايىتتا بەزى سۆزلەملەر ئەنە شۇنداق يازسا توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ ، يەنە نۇرغۇن سۆزلەملەردە ئېغىر ھالدا مەنا مۈجمەللىكى ، ئۇقۇم خاتالىقى سادىر بولىدۇ . مەسىلەن ، " بالا " دېگەن سۆزلەمگە نىسپەتەن ئېيتقاندا " بالسى " بىلەن " بالاسى " نىڭ ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بار . ئالايلۇق ، " بۇ كىمنىڭ بالسى ؟ " دېگەن جۈملە بىر كىشىنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان بالىنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى سورىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىسە ،" بۇ كىمنىڭ بالاسى " دېگەندە ، بولىۋاتقان ياكى بولغان بالا ـ قازانىڭ كىم تەرىپىدىن يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشۈنۈشكە تىرىشىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش مەسىلىسىگە مۇتلەق بىر خىللا ئۆلچەم بېكىتمەسلىك ، " ئەركىن ئۆلچەم " بېكىتىلىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن . بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇپ ئېيتىپ ئۆتىمەنكى ، " نازۇك تىل ماشىنىسى" ھەر قانچە نازۇك بولسىمۇ ، جانلىق ئىنسانىنىڭ رولىنى تولۇق بېجىرەلمەيدۇ . ئۇ پەقەت ئاللىقاچان يۈكلەنگەن سۆزلەملەرنىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ . يۈكلەنمىگەن سۆزلەملەرنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ . جۈملىدىن يۈكلەنگەن سۆزلەملەر خاتا بولسا خاتالىقىنى كۆرسىتىپمۇ بېرەلمەيدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر سوفت شىركىتى ئىشلىگەن «كومپيوتېر لۇغىتى» گە قارىساق ، بىر يەردە " ئىلمىلىق " ، يەنە بىر يەردە " ئىلمىلىك " دېگەن سۆزلەملەرنى ئۇچرىتىمىز . ئۇنداقتا ، بۇ ئىككى سۆزلەمنىڭ قايسىسى توغرا ؟ ئەلبەتتەكى " ئىلمىلىك " دېيىش توغرا . ئەمما " ئامبار " دا ئىككىلىسىگە ئورۇن بېرىلگەچكە ، ھەر ئىككى شەكلىنى تاپقىلى بولىدۇ . يەنە ، تىلىمىزدا " ئىلمدار " دېيىلىدىغان سۆزلەم خاتا ھالدا " ئىلمىدار " دەپ قاچىلانغان . " نازۇك ماشىنا " بۇنىمۇ كۆرسىتەلىگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن جانسىز نەرسىنىڭ سىگنالىغا تىز چۆكۈش ئەمەس ، جانلىق ۋۇجۇدىمىزنىڭ ئاقىلانە تەپەككۇرىغا ئەھمىيەت بەرگىنىمىز تۈزۈك ، ئەلبەتتە .

(2) سوزۇق تاۋۇشلارنى "جاراڭلىق"، "جاراڭسىز " دەپ ئايرىۋېتىش مەسىلىسى .

بۇ بەكمۇ خاتا ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان چۈشەنچە . چۈنكى ، تاۋۇشلاردىكى "جاراڭلىق " ، "جاراڭسىز" دېگەن تەرىپلەشلەر ئۈزۈك تاۋۇشلارغىلا قارىتىلغان . بۇ يالغۇز ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئېلىپبەلىك يېزىق قوللىنىلغان پۈتكۈل تىللاردا مەۋجۇت ئومۇمىي ئەھۋال .

سوزۇق تاۋۇشلار ھەققىدىكى بۇ خاتا قاراش ئاز بولۇپ قالغاندەك ، ئەمدى يەنە بىر ئىنكاسچى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن ـ ئەبەتكە جىنسى ئەركەك جاراڭلىق تاۋۇشلاردۇركى ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆز ئىچىدىن "جاراڭلىق سوزۇق تاۋۇش " ، "جاراڭسىز سوزۇق تاۋۇش" دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنمەيدۇ ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ . ئۇنداقتا ، "سوزۇق تاۋۇشلار " نىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن ـ ئەبەتكە جىنسى ئەركەك جاراڭلىق تاۋۇشلار بولىدىغان بولسا ، ئۈزۈك تاۋۇشلار تەركىۋىدىكى "جاراڭلىق تاۋۇشلار " مۇ سوزۇق تاۋۇشلار كاتېگورىيىسىگە كىرىپ قالامدۇ ؟

كاللىمىزنى تازا سىلكىۋېتىپ پىكىر بىرلىگىمىزنى ھاسىل قىلايلىكى ، تاۋۇشلار پەقەت ئومۇمىي جەھەتتىن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشقا ، ئۈزۈك تاۋۇشلار بولسا ئېيتىلىش ھالىتىگە ئاساسەن جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ، دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ . « ئۇيغۇر تىلى » ھەققىدىكى دەرسلىك ماتېرىياللاردا بۇ ئەھۋال ئاللىقاچان ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈلگەن ۋە بۇ خىل چۈشەنچىلەر باشقا تىللاردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت . شۇنىڭ ئۈچۈن تاۋۇشلار مەسىلىسىدە قالايمىقان سۆزلەۋەرمەيلى !

ئاخىردا شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمەنكى ، ھۆرمەتلىك ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى بولسۇن ، ياكى ئىنكاسچى بۇرادىرىمىز بولسۇن ، ئۇلار « چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلىشىنىڭ ئىملا پىرىنسىپى » توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ پىكىر بايان قىلماپتۇ . قارىغاندا ئۇلارنىڭ چەتئەل تىل - يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىگى ھەققىدە مۇئەييەن بىلىم - چۈشەنچىسى يوق ياكى ، بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلمىگەندەك تۇرىدۇ .

ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ، بۇ ناھايىتىمۇ ئەپسۇس بىلەن مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە ئىكەنلىگىنى سەممىيلىك ۋە جىددىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويىمەن . چۈنكى ، گەپ ئىسىم - ناملار مەسىلىسى بولسىمۇ ، ماھىيەتتە بۇ تولىمۇ نازۇك ، تولىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە . چۈنكى ، بىز ھەر كۈنى ھەر سائەت دېگۈدەك چەتئەللىك كىشىلەر بىلەن ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ماكانلىرى بىلەن ئۇچرىشىمىز ، جۈملىدىن ، كىنو - تېلېۋىزور ، رادىئو ، گېزىت - ژورناللاردا چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى ھە دېگەندە ئۇچراپلا تۇرىدۇ . ئەمما مىڭ ئەپسۇس ، كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىشىغا ۋە ئوقۇپ ئاڭلىتىلىشىغا دىققەت قىلىدىغان بولساق ، ئاساسەن خاتا ۋە قالايمىقان يېزىلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرىۋاتىمىز . (بۇ ھەقتە يېزىلغان « ئىسىم - ناملار تەرجىمىسى ۋە فونېتىكا » ناملىق ماقالەمدە تەپسىلى توختالدىم .) دېمەكچىمەنكى ، ئەگەر ئىسىم - ناملارنىڭ توغرا تەلەپپۇزى ۋە ئاتىلىشى بويىچە يېزىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدىكەن ، ئىنتايىن ئېغىر ھالدىكى تىل - ئىملا خاتالىغى كېلىپ چىقىدۇ . جۈملىدىن ، بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى ، بىر زەررە قاندىنمۇ ھاياتلىقنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى بىلىۋالغىلى بولغاندەك ، بىرەر ئىسىم - نامنىڭ باشقا تىلدىكى ئاتىلىشىغا قاراپ ، شۇ تىل ۋە يېزىقنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا دەرھاللا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ ، ـــ ياكى ئىپادىلەش كۈچى يۈكسەك ۋە شۇجۈملىدىن قوللىنىشچانلىغى ۋە تارىخىي رولىغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ ، ياكى ئىپادىلەش كۈچى تۆۋەن ۋە شۇ جۈملىدىن قوللىنىشچانلىغى تەلەپنى قاندۇرالمايدۇ ۋە شۇ جۈملىدىن ئانچەۋالا ئەھمىيەت بەرگىدەك تىل - يېزىق ھېساپلانمايدۇ .

رۇشەنكى ، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىغى ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىن ھەر قانداق تىل - يېزىقتىن يۇقىرى ۋە تارىخىي رولى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان تىل - يېزىقتۇر . بۇ جەھەتتە ، « سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولى ۋە ئىلمىي قىممىتى » ماۋزۇلۇق ماقالەمدە تەپسىلى توختالدىم . دېمەككى ، ئەگەر تىل - يېزىغىمىزدا ئىپادىلىنىۋاتقان چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرى ئەگەر توغرا تەلەپپۇزى ۋە ئاتىلىشى بويىچە بولمايدىكەن ، ئۇ ھالدا تىل - يېزىغىمىزغا قاتتىق تۆھمەت خارەكتېرلىك ئىنكاسلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولىمىز . مەن ئىشلىگەن « خەنزۇچە - رۇسچە - ئۇيغۇرچە سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » ، « خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » قاتارلىق لۇغەتلەر مانا شۇنداق خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسىتىدە ئىشلەنگەن ئىدى . ئەمما مىڭ ئەپسۇس ! تەرجىمە ۋە ئىملا پىرىنسى ناھايىتىمۇ ئېغىر خاتالىقلار بىلەن تولغان ھالدا بىكتىلگەنلىگى ئۈچۈن ، بۇ ئىككى لۇغەت لىقمۇ - لىق خاتالىق بىلەن تولغان ھالدا نەشر قىلىنىپ تارقىلىپ كەتتى ! ئەمما بىرمۇ كىشى بۇ لۇغەتلەردىكى خاتالىقلار توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى ، بۇ ماڭا تېخىمۇ قاتتىق ئەلەم بولدى . چۈنكى بىرەر كىشى بولسىمۇ بۇ توغرۇلۇق پىكىر قىلغان بولسا ، بىر تەرەپتىن ئىنشا ئاللا نەشرىياتنىڭ خاتالىغى ئايدىڭلىشاتتى . يەنە بىر تەرەپتىن مانا شۇ ئارقىلىق كېيىنكى لۇغەتلەرنىڭ خاتالىقسىز نەشر قىلىنىپ ، ئۇيغۇر لۇغەتچىلىگىدە يېڭى يۈكسەكلىك ، يېڭى نەتىجىلەرنىڭ يارىتىلىشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلىناتتى !

مىڭ ئەپسۇس ! بۇ ياخشى يۈزلىنىش ئۈچۈن ھېچكىم دىققەت قىلمىدى . شۇنىڭ بىلەن سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىكى تەڭداشسىز يۈكسەك پاساھەت ۋە بالاغىتىنى

www.uyghurkitap.com

نامايان قىلىشقا ۋە شۇنىڭ بىلەن « ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتە ئەڭ يۈكسەك ۋە مۇكەممەل تىل ! » دىگەن تەنتەنىلىك نامۇ ـ شەرىپىنى تۇنۇتۇشقا ۋە شۇ ئارقىلىق سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ۋە ئىزىز مىللىتىمىزگە زور شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشكە بېغىشلانغان بۇ ئىككى لۇغەت ئەمدى 1962 ـ يىلى پەيدا بولغان يېزىق ئۆزگەرتىش قارا قۇيۇنى مەزگىلىدە تۆھمەت بىلەن ئېيتىلغان « تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بىرەلمەيدۇ » ، « جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ » ، « مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ » دېگەن لەنەت تەككۈر گەپلەرنىڭ تەكرار ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پۇرسەت يارىتىپ قارغىش ياغدىغان كىتاپلارغا ئايلىنىپ قالدى !!!

شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەتلىك ئەرباپلىرىمىزنىڭ چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ تىلىمىزدىكى ئىملاسى جەھەتتىمۇ بەلگۈلۈك ئىلمىي تەكلىپ ـ تەشەببۇسلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى سەممىيلىك بىلەن تەلەپ قىلىمەن .

# قۇرئانى كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى خاتالىقلار
# ۋە
# بىزنىڭ تىل ئىقتىدارىمىز

**(بۇ ، ھۆرمەتلىك مۇھەممەت سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ تەرجىمىسىدىن كېيىن باشقىلار كوللىكتىپ قىلغان تەرجىمىنى كۆرسىتىدۇ)**

## 1 ـ خاتالىقلار

مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر تەرجىمە ئەسەرنىڭ راۋان ۋە پاساھەتلىك بولىشى ئالدى بىلەن تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرنىڭ راۋان ۋە پاساھەتلىك بولىشىغا، ئاندىن تەرجىماننىڭ تىل ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى بولىشىغا باغلىق. ئەگەر ئەسلى ئەسەر راۋان ۋە پاساھەتلىك بولمايدىكەن، ئۇھالدا قىلىنغان تەرجىمىمۇ راۋان ۋە پاساھەتلىك بولماي قالىدۇ. ئەمما ئەمدى ئەگەر تەرجىماننىڭ تىل ئىقتىدارى يۇقىرى بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئەسلى ئەسەر ھەر قانچە راۋان ۋە پاساھەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ قىلىنغان تەرجىمە چۈشۈنۈكسىز، مۇجمەل ۋە مەنتىقسىز بولغاندىن سىرت ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى خاتا ئاڭلىتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھال بىر تەرەپتىن ئاپتورنىڭ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەخسەت نىشانىغا خىلاپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاڭلىغۇچىنىڭ ئالىدىغان مەنپەئەتىگە يامان تەسىر بېرىدۇ. نەتىجىدە كۆزلىگەن مەخسەت ، نىشانىغا يەتكىلى بولمايدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، قۇرئانى كەرىم بولسا ئاللاھۇ تەئالانىڭ ۋەھيى قىلىنىشى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ۋە شۇڭا زەررىچىلىك قۇسۇر بولمىغان بەلكى پاساھەت ۋە بالاغەتتە تەڭداشسىز كاتتا مۆجىزىۋىي دەستۇرىمىزدۇر. كەڭ ئۇيغۇر جامائەسى مەنبىئى شۇ قەدەر مۇكەممەللىككە ئىگە بۇ كىتاۋىمىزدىن ئۇيغۇرچە تەرجىمىلەر ئارقىلىق پايدىلىنىشقا قەدىر ئاۋال قادىر بولالىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئىنچكىلەپ قارايدىغان بولساق، كىشىنى قاتتىق ئۆيلاندۇرىدىغان پىرىنسىپال خاتالىقلارنىڭ مەۋجۇتلىغىنىمۇ ھېس قىلالايمىز.

نۆۋەتتە مەن قۇرئانى كەرىمنىڭ يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى 10 ـ سۈرىگىچە كۆرۈپلا بۇ قېتىمقى تەرجىمىدە ھەقىقەتەن ئاز بولمىغان خاتالىقلارنىڭ بارلىغىنى بايقىدىم ۋە قاتتىق ئېچىندىم ھەمدە ئۆيلاندىم، ــ ئەجىبا ئۇلار بۇ كىتاپنى نىمە كۆرۈپ قالغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ مەخسىدى زادى نىمىدۇ؟

مىنىڭ مۇنداق دېيىشىمگە ، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىسى تىنىش بەلگىلىرى ۋە تىرناقلارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە قارىتا بەكمۇ پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلىشى بىر سەۋەپ بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلەملەرنىڭ تاللىنىشى، جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلىشى ۋە باغلىغۇچىلارنىڭ مەنتىقلىق ئورۇنلاشتۇرىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خاتالىقلىرى يەنە بىر سەۋەپتۇر. كۆرىدىغان بولساق:

**1)** قوش تىرناق بەزى يەرلەردە بۇ شەكىلدە « » يېزىلغان بولسا ، بەزى يەرلەردە ‹‹ ›› شەكىلدە يېزىلغان. مەسىلەن : « ئۇ: ‹‹پەرۋەردىگارىم! ماڭا (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) بىر نىشانە ئاتا قىلغىن» دېدى. اﷲ : ‹‹ساڭا بولىدىغان نىشانە شۇكى، ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن (يەنى زىكرى تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا سۆزگە تىلىڭ كەلمەيدۇ). پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن، (نېمىتىمگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەت، كەچتە، ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيت» دېدى . ( سۈرە « ئال ئىمران» [41] . »

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەقەللىي بىر قوش تىرناقنىڭ قوللىنىلىشىمۇ ئىزچىللىقىنى ساقلىيالمىغان. بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟

2) پەش قويۇلمايدىغان يەرلەرگە پەش، چېكىت قويۇلمايدىغان يەرگە چېكىت قويۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن: «ئال ئىمران» سۈرىسىدىكى مونۇ ئايەتلەرنى كۆرۈپ باقايلى: مەريەم: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىنساننىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا (يەنى ئەرلىك بولمىسام) قانداق بالام بولىدۇ؟» دېدى. پەرىشتە: «اﷲ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ (يەنى **ئاتا ـ ئانا، ئارقىلىقمۇ** ۋە ئۇنىڭسىزمۇ يارىتىدۇ). بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» دېدى **[47]**. « ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. (ئۇ دەيدۇ) «شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن ـ دە، **اﷲ نىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ.** تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، **اﷲ نىڭ ئىزنى بىلەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن**، سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر اﷲ نىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار **[49]**.

بۇ ئايەتلەردىكى **اﷲ نىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ.** دېگەن جۈملە بىرئاز توختاپ ئاندىن داۋاملىشىدىغان، مەناسى پەرقلىنىدىغان جۈملە بۆلەكلىرىدىن تۈزۈلگەن بولماستىن ، پەقەت بىرلا ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرىدىغان جۈملىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ھەرگىزمۇ پەش ئىشلىتىلمەيتتى . **اﷲ نىڭ ئىزنى بىلەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن**، دېگەن جۈملىمۇ شۇنداق. ئەمما ھەر ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىغا زومۇ ـ زو پەش قويۇلۇپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭگە تاش تاشلاپ سۇنىڭ راۋان ئېقىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلغاندەك، جۈملىنىڭ راۋانلىقى بۇزۇۋېتىلگەن.

ئەمدى، «(ئورۇش) ھارام قىلىنغان ئاي (ئورۇش) ھارام قىلىنغان ئايغا تەڭدۇر (يەنى ئورۇش ھارام قىلىنغان. ئايلاردا دۈشمەنلىرىڭلار سىلەرگە چېقىلسا، شۇ ئايلاردا سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلساڭلار بولىدۇ.....) («بەقەرە» سۈرىسى **194** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتكە قارىساق، ئاۋۇ ئاستى سىزىلغان ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېكىتنىڭ قويۇلۇشى قەتئىي توغرا ئەمەس!

مۇنداق ئەھۋال باشقا يەرلەردىمۇ ئۇچرايدۇ.

3) بەزى سۆزلەملەرنىڭ ئىملاسى توغرا بولمىغان. بۇنىڭدا:

(1) بەزى خاس ئىسىملار بىلەن سۈپەتلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈلۈشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن : < ئابىمەنىي> دېگەندەك. روشەنكى ، بۇ بىر تۈرلۈك ئىسىم بولغاچقا ، < ئابى مەنى > شەكلىدە يېزىش كېرەك. چۈنكى، ئىسىم سۆزلەملىرىنىڭ ئاخىرىغا < ي > ھەرپى ئۇلانغاندا ئۇ ئىسىم خاسلىقىنى يوقىتىپ سۈپەت مەناسىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

(2) بەزى سۆزلەملەرنىڭ قوشۇمچىسى تومۇرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. مەسىلەن : < ئۇلار نىڭ > دېگەندەك. بۇ مۇنداق يېزىلىشى كېرەك : < ئۇلارنىڭ >؛

(3) تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق ۋە ئۆزۋەتلىشىش قانۇنىيىتى بۇزۇۋېتىلگەن. مەسىلەن : < دۇ ـ رۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى ، دۈشمەنلىكى، كىتابىغا... > دېگەندەك. ئەسلىدە بۇلار < دۇ ـ رۇسلىغى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىگى ، دۈشمەنلىگى... كىتاپىقا > دەپ يېزىلىشى كېرەك!

بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن سۆزلەملەر خاتا يېزىلغان . تۆۋەندىكىلەر پەقەت بىر قىسمى( ئىسكوپكا ئىچىدىكىسى مۇناسىۋەتلىك خاتا سۆزلەمنىڭ تۈزۈتۈلگەن شەكلى). مەسىلەن: «ئال ئىمران» سۈرىسىدە: (يەھۇدىيلار بى ـ بىرىگە ئېيتىدۇ) (...بىر ـ بىرىگە...) (72) ، قاتمۇقات **(قاتمۇ ـ قات)** ، غەنىمەتكە ، (غەنىيمەتكە)، **غەنىمەتكە)** ، يەنى سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى**(سۆز ـ**

**هەربكەتلىرى)** بىلەن كۇفرىغا شاپاشلايدىغان مۇناپىقلار ، گۇرۇھتا **(گۇرۇھتە)** ، ئۇرۇشۇۋاتقان **(ئۇرۇشۇۋاتقان)** ، ئۇپئۇچۇق **(ئوپ ـ ئوچۇق)** ، ھۆكىملىرىدۇر **(ھۆكۈملىرىدۇر)**، «نىسا» سۈرىسىدە: مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس، كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك، ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسام (شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنى) تۆلىمىسە ھېچ باك يوق، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن سىلەرگە دۈشمەن (كۇففار) قەۋمدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم.... (92) (كەچۈرۈم قىلسا)، بولغۇچە **(بولغىچە)**، بولغانلىقىنى **(بولغانلىغىنى)**، مەككى زېمىندا (مەككە)، بولالماسلىقى **(بولالماسلىغى)**، ئاياللاغا مىرىس بەرمەيتتى **(مىراس)** ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىنى **(باشقىسى)** ئىمان ئېيتمايدۇ [155]. ، الله سىلەرگە سىلەرگە **(سىلەرگە)** مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، ، چۈشلۈكى (چۈشلىگى)، بولۇشى (بولىشى)، خەۋەردارىدۇرمىز (خەۋەردارمىز)، ئۆزلىرىنىڭ (ئۆزلىرىنىڭ)، ئەيىبلەنگەن **(ئەيىپلەنگەن)**، بۇيرۇغان (بۇيرىغان)، «ئەنئام» سۈرىسىدە : ئۇنتۇيمىز (يەنى ئۇلارن **(ئۇلارنى)** دوزاختا قالدۇرىمىز) [51، ئەلچىللىرى **(ئەلچىلىرى)**، ئېپترا **(تۆھمەت)**، ئاتا ـ بوۋىللىرىمىز **(بوۋىلىرىمىز)**، ئازابى ۋە غەزپى **(ئازاۋى ۋە غەزۋى)**، (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇ **(شۇڭا)** ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق(96). مەزكۇز **(مەزكۇر)** پەيغەمبەرلەردىن كېيىن،... (103) پەيغەمنبەرلىكنىڭ **(پەيغەمبەرلىكنىڭ)** ... (134) پەرۋەردىگارىڭلار نىڭ **(پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ)**... ، كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە **يۆتكىلىش قىلماستىن** **(يۆتكەلمەستىن)**، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!(16) مەسجىدى ھەرەمغا كىرىشنى توسۇۋاتسا، **( ھەرەمگە ... توسىۋاتسا)**، الله سىنى ئۆزنىڭ **(ئۆزىنىڭ)** ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى [62]. الله مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتىڭ **(بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ)؛** لېكىن الله (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. ...ھەمراھىغا: «زەم قىلمىغىن **(غەم قىلمىغىن)**، الله ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى،

4) ئاۋام خەلق چۈشەنمەيدىغان سۆزلەملەرمۇ خېلىلا ئۇچرايدۇ . مەسىلەن : «...قۇرئانغا **تەئەررۇز** قىلىشتا»، مېنى دۈشمەنلەرگە **تەپەررۇج** قىلىپ بەرمىگىن؟ دېگەندەك.

5) بەزى سۆزلەملەرنىڭ جۈملىلەردە ئىپادىلەيدىغان مەنىسىگە يارىشا تاللىنىشى خاتا . مەسىلەن:«بەقەرە» سۈرىسىدە بىرىلگەن: « بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ [12]. ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا): «ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك (يەنى ساھابىلەردەك چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن) ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر، لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ [13]» دېگەن ئايەتى كەرىملەرگە قارىساق، بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ » ، «بىلىڭلاركى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر، لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ [13]» دېگەن جۈملىلەردە مۇناپىقلارنىڭ < بۇزغۇنچى >،<ئەخمەق> ئىكەنلىگى كۆرستىلىپ، ئاخىرقى باھا ئۈچۈن خاتا ھالدا **«ئۆزلىرى تۇيمايدۇ»**، دىگەن ئىبارە قوللىنىلغان.

ناھايىتى رۇشەنكى ، < تۇيماق > دېگەن سۆز بىرەر ئاۋاز ، شەپە قاتارلىق ھەرىكەت تۇرلىرىنى بىلىپ قېلىش مەناسىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرگىزمۇ بىرەر كىشىنىڭ < بۇزغۇنچى >،< ئەخمەق > ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا : بىرەر سۆز ـ جۈملىنى باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك قىلىشقا توغرا كەلسە، سۆزلىگۈچىنىڭ قۇلىغىغا شىۋىرلاپ : «ئاستىراق سۆزلە ، بولمىسا باشقىلار تۇيۇپ قالىدۇ.» دېيىلسە ، ئەدىبوم سۆزلەردىن : «كۆندۈزى گەپ قىلساڭ چۆرەڭگە باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ تامغا باق» دېگەن ئىبارە بار. مانا بۇلار < تۇيۇپ قېلىش > نىڭ ئەسلىكى ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، < لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ > ئەمەس، < بىلمەيدۇ > دېيىش كېرەك.

ئەمدى مونۇ ئايەتتىكى ئەھۋالغا قارىساق ھەم مەنتىقىي ، ھەم سۆز تاللاش خاتالىقى سادىر قىلىنغان. يەنى،«ئال ئىمران» سۈرىسىدىكى: «ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغانلار (يەنى ﷲ قا دەۋەت قىلغۇچىلار) نى ئۆلتۈرىدىغانلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن [21]. دېگەن ئايەتكە قارىساق، بۇ يەردە < قەبىھ ئىنسانلارغا قاتتىق ئازاپ بىلەن خۇش خەۋەر بىرىش > ئىبارىسى قوللىنىلغان.

بۇ قانداق گەپ؟ خۇش خەۋەر دېگەن بىراۋنى خۇشاللاندۇرۇش ئۈچۈن يەتكۈزىلىدىغان خەۋەر تۈرى ئەمەسمۇ؟ مەسىلەن، « (ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ.» («بەقەرە» سۈرىسى، 25 ـ ئايەت) دېيىلگەندەك. شۇنداق بولغان ئىكەن، قەبىھ ئىنسانلارغا قاتتىق ئازاپ بېرىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئۇلار ئۈچۈن < خۇش خەۋەر > دېيىش مەنتىقىلىق ئەمەس، ئەلبەتتە.

يەنە ، «ئال ئىمران» سۈرىسىدىكى «(ئى مۇھەممەد!) ئۇ (ﷲ ) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر; يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت ﷲ بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ [7]. دېگەن ئايەتكە قارىساق، < مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر > دېگەن ئىبارىنى ئۇچرىتىمىز. رۇشەنكى، < مەھكەم > دېگەن سۆزدىن ھەرگىزمۇ < ئوچۇق > دېگەن مەنا چىقمايدۇ. بەلكى بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەناسى ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ!

6) يەنە بەزى جۈملىلەردە سۆزلەملەر ئىپادىلەيدىغان مەناسىغا يارىشا توغرا تاللانمىغاننىڭ ئۈستىگە ، ئۇ جۈملىدە ئېغىر ھالدىكى مەنتىقىي خاتالىققا يول قويۇلغان. مەسىلەن: «بەقەرە» سۈرىسىدىكى : « ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ [18]» دېگەن ئايەتنى كەرىمگە قارىساق، «ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ» دېگەن ئىبارىدىكى < ياخشىلىق > دېگەن سۆزلەم سۈپەتنى، < ئاڭلىمايدۇ > دېگەن سۆزلەم بولسا بەلگىلىك تاۋۇشنى ئاڭلىمىغانلىقتەك ھەرىكەت ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ

ۋە شۇڭا < ياخشىلىق > نى ئاڭلىمايدۇ ، دېيىش مەنتىققە ئەسلا سىغمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گاس ئادەم < ياخشىلىق > نى ئاڭلىمىغان بىلەن < يامانلىق > نى ئاڭلايدۇ ، دېگەن مەنا چىقىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە گاس ئادەم ھېچ قانداق ئاۋازنى، ـ مەيلى تىللىغان ئاۋاز بولسۇن ياكى ماختاپ ئۇچۇرغان ئاۋاز بولسۇن ئاڭلىمايدىغۇ؟

ئۆز نۆۋىتىدە، تىلىمىزدا : « ئۇ ئادەم ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدۇ.» دېگەن گەپ بار، «ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ» دېگەن گەپ مەۋجۇت ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن گاسنىڭ خارەكتېرىگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ ھېچ قانداق گەپ ـ سۆزنى ئاڭلىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەنتىقىي چۈشەنچىنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك، ئەلبەتتە.

ئەمدى گاچىنىڭ ئىزاھلىنىشىغا كەلسەك، (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، دېيىلگەن. بۇنىڭدىمۇ يۇقارقىدەك خاتالىق مەۋجۇت. يەنى، گاچا < ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ > دېيىش بىلەن بولدى قىلىنىپ، < يامان ئىشنى سۆزلىيەلەيدۇ > دېگەندەك ئۇقۇمنىڭ شەكىللىنىشىگە يۇچۇق ئېچىلغان. ئەمەلىيەتتە، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمىگەن گاچا يامان ئىشنى قانداقمۇ سۆزلىيەلىسۇن؟

ئاخىرىدا ئەمدى < كور > غا بېرىلگەن تەبىرگە كېلىدىغان بولساق، بۇنىڭدىمۇ مەنتىقىي خاتالىق مەۋجۇت. چۈنكى، < يول > دېگەندە ، ئۇنىڭ ئەسلى مەناسى ماڭىدىغان يولنى كۆرسەتسە ۋە شۇڭا ئۇنى كۆرگىلى بولسىمۇ ، كۆچمە مەناسىدا كەلگەن < يول > نى كۆرگىلى بولمايدۇ، ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شۇ جۈملىدىن بۇ خىل يولنى كورنىڭ كۆرۈش سىزىمى بىلەن قارشىلاشتۇرۇش مەنتىقىي خاتالىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئەمدى ئەسلى مەنادىكى يولغا قايتىپ ، كور توغرا يولنى كۆرمەيدۇ، دېسەك، پاتقاق يولنى كۆرىدۇ، دېگەن ئۇقۇمغا يۇچۇق ئېچىلغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆر قانداقلىكى يول بولسا ھەممىسىنى كۆرەلمەيدىغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ، كورغا نىسپەتەن < ھېچ قانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ > دېيىشلا كېپايە.

بۇ ئايەتنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە بولسا « ئۇلار گاستۇر، گاچىدۇر ، كوردۇر ، شۇڭا ئۇلار گۇمراھلىقتىن قايتمايدۇ » دەپلا يېزىلغان، ھېچ قانداق ئىسكوپكىلىق ئىزاھلاش قوشۇمچە قىلىنمىغان.

7) سۆز تاللاش جەھەتتە شۇ قەدەر چەكتىن ئاشۇرىۋاتقان خاتالىقمۇ باركى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇق زات ئاللاھۇ تەئالا تارتىنچاق كىچىككىنە بىر بالىدەك قارىلىپ، «ا اللە ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، مۆمىنلەر بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەت

ناھايىتى روشەنكى، < تارتىنىپ قېلىش > تارتىنچاق كىچىك بالىنىڭ بىر تۈرلۈك مىجەزىكى ، بۇ خىل سۈپەتلەشنى ئاللاھنىڭ < مىجەزى > دەپ كۆرستىش ئەسلا توغرا ئەمەس.

8) مەنتىقىي خاتالىقتا چېكىدىن ئاشقان شۇنداق ئېغىر مەسىلىمۇ مەۋجۇتكى، ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئەڭ قاتتىق ئازاۋى ئالدىدا دوزاخ ئەھلى يىغلىمەس قەھرىمان قىلىپ كۆرستىلگەن، مەدھىيە ئوقۇلغان . مەسىلەن، «بەقەرە» سۈرىسى 175 ـ ئايەتكە قاراڭ: «ئەنە شۇلار ھىدايەتنى گۇمراھلىققا، مەغپىرەتنى ئازابقا (يەنى جەننەتنى دوزاخقا) تېگىشتى، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدېگەن چىدامىلىق!»

قارىغاندا، تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ تىل ـ تەرجىمە ئىقتىدارىلا چولتا بولۇپ قالماي، ئاللاھۇ تەئالانىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئۇلۇق زات ئىكەنلىگىنى چۈشىنىشىمۇ ناھايىتى چولتىدەك قىلىدۇ. ئۇلار ئاشۇ خاتالىغى ئۈچۈن كامىل تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپ يىغلاپ تۇرۇپ تەۋبە قىلىشى كېرەك!!!

شۇھالدا، < نىمە دېگەن چىدامىلىق! > دېيىش ئەمەس، < ھەقىقەتەن چىدىيالامدۇ؟ > دېيىش كېرەك . بۇ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىشنىڭ ھەقىقىي ئىپادىلىنىشىدۇر! ئاللاھۇ تەئالا بۇ جەھەتتە « كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، ئۇلار (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكار بەندىلەر) ياردەمگە

ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار [48](سۈرە «بەقەرە») دەپ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نەزىرىيە جەھەتتىن نامايان قىلغان بولسا، «ئەئراف» سۈرىسىدە، نوھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى بۇتپەرەسلىكتىن توسۇپ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغاندا، قەۋمىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈستىگە نوھ ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالا نوھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىمان ئېيتقان كىشىلەردىن باشقىلارنى «تۇفان بەلاسى» بىلەن ھالاك قىلغانلىقىنى، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ بۇتپەرەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ رەھمىتى ۋە شەپقىتىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىقى ھەتتا ھۇد ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۈچ يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچار قىلىپ، ئاخىرىدا يەتتە كېچە-كۈندۈز شىددەتلىك بۇران-چاپقۇن بىلەن ھالاك قىلغانلىقىنى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ بۇتپەرەستلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ياراتقان تۆگىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىقى، ھەتتا سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىش سۈيىقەستىنى پىلانلىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھۇ تەئالا ئۇلارنى قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى بىلەن ھالاك قىلغانلىقىنى، بابىللىقلار يۇلتۇز ۋە بۇتلارغا چوقۇنغانلىقى، ھەتتا پادىشا نەمرۇتنى ئىلاھ دەپ ئېتىقات قىلغانلىقىغا قارشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەكرار-تەكرار نەسىھەت قىلغاندا نەمرۇت كۆيدۈرۈپ يوق قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالا ھېكمەت كۈچى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىدە ئامان-ئېسەن ساقلاپ قالغانلىقىنى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت قەبىھ ئىشلارنى قىلغانلىقى، ھەتتا لۇت ئەلەيھىسسالامنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالا بۇ قەۋمنى ئوت يالقۇنلۇق تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلغانلىقىنى، ئاللاھۇ تەئالا فىرئەۋنگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن نەسىھەت قىلسىمۇ فىرئەۋن يانىلا ئاللاھقا ئىشەنمەسلىكتە چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ئىسرائىل ئەۋلاتلىرىغا چېكىدىن ئاشقان زۇلۇملارنى سالغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھۇ تەئالا ئاخىرى فىرئەۋننى دېڭىزدا سۇغا غەرق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئۇسۇل بىلەن ھالاك قىلغانلىقىنى تەپسىلى بايان قىلىپ خاتىرلىتىپ ، ئۆزىگە ھېچ قانداق زالىم - زوراۋان كۈچنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئەمىلىيەت جەھەتتىن نامايان قىلغان.

9) بەزى ئايەتنى كەرىملەردە ، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى شۇ ئايەتتە ئىپادىلىنىدىغان مەزمۇنغا يارىشا مەنتىقلىق بولمىغان. مەسىلەن: « ( ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار): «الله نىڭ بالىسى بار» دەيدۇ . الله (ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن) پاكتۇر، ئۇنداق ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر.)( سۈرە «بەقەرە»، 116-ئايەت) دېگەن ئايەتنى كەرىمگە قارىساق، بۇ ئايەتتىكى < ئۇنداق ئەمەس> دېگەن قوشۇمچە بۆلەكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى مۇۋاپىق بولمىغان. ئەگەر بۇ قوشۇمچە بۆلەك بولمىسا ئىدى، ئۇچاغدا بىر پۈتۈن ئايەتنى كەرىمنىڭ مەزمۇنى ئاللاھۇ تەئالانىڭ خاس سۈپىتىنى ناھايىتى ئېنىق ، توغرا ۋە راۋان ئىپادىلىگەن بولاتتى!

ئەمما، .... الله (ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن) پاكتۇر، ئۇنداق ئەمەس،.... دېگەن ئىككى قوشۇمچە بۆلەكنىڭ بىرىنچىسى ئاللاھنىڭ پاكلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ ، كېيىنكى بۆلەك ئاللاھنىڭ پاكلىقىنى ئىنكار قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ توغرىسى، < ئۇنداق ئەمەس> دېگەن قوشۇمچە بۆلەكنى قالدۇرىۋېتىش كېرەك. ئۆز نۆۋىتىدە ، بۇ ئايەتنى كەرىمنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە < ئۇنداق ئەمەس> دېگەن جۈملە بۆلىگى مەۋجۇت ئەمەس.

ئەمدى ، مۇشۇ ئەھۋالغا يېقىن كېلىدىغان مەنتىقىي خاتالىق مەۋجۇت مونۇ ئايەتنى كەرىمنى مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى:

«مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن الله نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) الله نىڭ مەسجىدلىرىنى

ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، ئۇلار دوزاختا قالىدۇ [17]. الله نىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، الله تىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ [18](سۈرە «تەۋبە»)

بۇ ئايەتنى كەرىمدىكى « مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن الله نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، دېگەن جۈملە بۆلىگىنىڭ ئىسكوپكا سىرتىدىكى قىسمى بىلەن ئىسكوپكا ئىچىدىكى قىسمى بىر-بىرىگە ئەسلا ماس كەلمەيدۇ. بۇ بۆلەك، داۋامىدىكى بۆلەك بىلەنمۇ مەنتىقىلىق گراماتىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە ئەمەس. چۈنكى، «مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق» دېگەن بۆلەكنى قانداقسىگە ۋە نىمىگە ئاساسەن بىردىنلا (يەنى كاپىرلىق بىلەن الله نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ) دەپ ئىزاھلىغىلى بولسۇن؟ شۇڭا بۇ ئايەتنى كەرىمنى تۆركچە تەرجىمىسى بۇيىچە: « مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كافىرلىقلىرىنى ئىقرار قىلغان ئىكەن، ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشقا لايىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۈتۈن ئىشلىرى بوشقا كېتىدۇ ۋە ئۇلار مەڭگۈ دۇزاختا قالىدۇ.» دەپ ئېلىش كېرەك. داۋامىدىكى ئايەتنى كەرىمنىمۇ تۈركچىسىگە يارىشا : « الله نىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى توغرا - دۇرۇست ئوقىغان، زاكات بەرگەن، الله تىن باشقىسىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ . ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر. » دەپ ئېلىش كېرەك.

10) تەرجىمىدە قىلىسىمۇ ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەملەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىلىنماسلىقى، بەلكى، تەرجىمىنىڭ ئىخچام، قىسقا بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. ئەمما بەزى ئايەتلەردە مۇنداق ئىلمىي پوزۇتسىيىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. مەسىلەن، «ئال ئىمران» سۈرىسىدىكى مونۇ ئايەتتىكىدەك: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارنىڭ (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. الله زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ (زالىملارنى دوست تۇتمايدىغان زات قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟) [57].

بۇ ئايەتتىكى < قىلغان > دېگەن سۆز ئارتۇقچە.

ئوخشاشلا، سۈرە «ئەئراف»نىڭ 179 - ئايىتىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرمۇ تامامەن ئارتۇقچە: « شەك - شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر [179].

11) ئىسكوپكىلارنى () لارنى ئارتۇقچە ۋە ئورۇنسىز قوللىنىشمۇ يەنە بىر مەسىلە. مەسىلەن ، «نىسا» سۈرىسىدىكى مونۇ ئايەتتىكىدەك: «ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ ئاياللىنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا)، تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى الله ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار [15]»

بۇ ئايەتنى كەرىمنىڭ باش قىسمىدا، بىر ئايالنىڭ پاھىشە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئالاقدار بايان مەۋجۇت ئىكەنلىگى ئايان بولغان ئىكەن، بۇ بىر مەنانى ئىپادىلەشتە ئىسكوپكا قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق . جۈملىدىن، < يەنى > دېگەن سۆزلەم باشتىكى جۈملىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەناسىنى

ئىزاھلاپ تېخىمۇ رۇشەنلەشتۈرىدىغانلىقنى كۆرستىدۇ. شۇڭا،< (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ ئايالنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا) > دېگەن جۈملە بۆلگىدىكى ( ) نى ئىشلىتىشنىڭ ھېچ قانداق زۆرۈرىيىتى يوق.

12) ئۇيغۇر تىلىدا بەلگىلىك ئوي ـ پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ھەرگىزمۇ پارچىلىنىپ بىر قىسمى ئىسكوپكا ئىچىدە ، بىر قىسمى ئىسكوپكا سىرتىدا يېزىپ كۆرستىلمەيدۇ. ئەمما، قۇرئانى كەرىم تەرجىمىسىدە بۇ قانۇنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن . مەسلەن : سۈرە « فاتىھە» نىڭ ئاخىرقى ئايىتىگە قارىساق، «غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن) [7].» دەپ يېزىلغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، < باشلىغىن > دېگەن سۆزلەم زومۇ ـ زو ئىسكوپكا ئىچىگە ئېلىنغان.

ئەمما، ئاشۇ سۆزلەم بۇ ئايەتى كەرىمدە تولۇق بىر مەنانى ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغانلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىكەن، ئەمدى ئۇ سۆزلەمنى ئىسكوپكا ئىچىدە كۆرستىشنىڭ نىمە زۆرۈرىيىتى بار؟ توغرىسى، ئىسكوپكىغا ئالماي « سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن [7].» دەپ يېزىلغان بولسا تەبىئىي راۋان جۈملە شەكلى شەكىللەنمەسمىدى (؟)

يەنە، سۈرە «بەقەرە» دىكى مونۇ ئايەتتىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال سادىر قىلىنغان : «..... مۆمىنلەر ﷲ نى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ﷲ قا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ﷲ نىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا ﷲ قا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى) [165].

بۇ ئايەتى كەرىمدىكى ئاستى سىزىلغان جۈملىنى ئىسكوپكىدىن چىقىرىش، ئىسكوپكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. چۈنكى ھېلىلا دەپ ئۆتكىنىمدەك، ئاشۇ جۈملىمۇ بۇ ئايەتى كەرىمدە تولۇق بىر مەنانى ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغانلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنغان ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىكەن، ئەمدى ئۇ جۈملىنى ئىسكوپكا ئىچىدە كۆرستىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق.

بۇ يەردە مۆھتەرەم تەرجىمان ئەرەپ تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ئۇيغۇر تىلىغا ئەينەن مۇنداق جۈملىلەرمۇ خېلە كۆپ يەردە ئۇچرايدۇ.

## 2 ـ بىزنىڭ تىل ئىقتىدارىمىز

مېنىڭ يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىم 10 سۈرىدىكى ناھايىتى ئاز بىرقىسىم مەسىلىلەردىن ئىبارەت. تەپسىلى توختىلىشقا توغرا كەلسە يەنە نۇرغۇن مەسىلە ، مىساللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. ئەمما بىرەر يازما بىلەن پۈتكۈل خاتالىقلارنى تولۇق بايان قىلىش ۋە تۈزۈتۈپ بولۇشمۇ ئاسان ئەمەس. جۈملىدىن ، ماقالە ۋاستىسى بىلەنلا بولدى قىلىپ ، قۇرئانى كەرىم يەنىلا بۇزۇلغان ئىملا ۋە مەنتىقىي خاتالىقلار بىلەن تاشلاپ قويۇلسا ، مەسىلىلەرنى بۇ ماقالىدىكىدەك ھېس قىلىش مەخسىدىگە يېتەلەيدىغانلار زادى قانچىلىك، بۇنى بىر نىمە دەپ بولغىلىمۇ بولمايدۇ.

شۇڭا بۇ يەردە شۇنى جىددى تەشەببۇس قىلىمەنكى، ۋاختىنى ھەرگىزمۇ كېچىكتۈرمەي ئىمانى كامىل، ۋىجدانى ئويغاق ۋە تىل قابىلىيىتى يۇكسەك بولغان ئىلىم ئەھلىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، قۇرئانى كەرىمنىڭ بۇ نۇسخىسىنىڭ تەرجىمە ـ تەھرىرلىگىنى قايتا قىلىش كېرەك. بۇ ئاللاھۇ تەئالانىڭ ئالدىدىكى ئەڭ سەممىي ـ ساداقىتىمىزنىڭ بىر ئىپادىسى، ئەلبەتتە!

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەردىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا بولىدىكى، قۇرئانى كەرىمنىڭ يېڭى تەرجىمىسىنى قىلغۇچىلاردا :

1) ئالدى بىلەن ، مەن قانداق بىر زاتنىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتىمەن؟ ، مەن قايسى كىتاپنى تەرجىمە قىلىۋاتىمەن، دېگەن ھېس - تۇيغۇ يوق. بەلكى، مەڭسىتمەسلىك، بىپەرۋالىق كەبى شەيتانى خاراكتېرى مەۋجۇت.

قاتتىق ھوشيار بولۇڭ ۋە كامىل تاھارەت ئېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ تەۋبە قىلىڭكى، سىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى، تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇق مېھىر شەپقەتچىمىز ئاللاھۇ تەئالانىڭ رەھمەت ۋە شەپقەت بىلەن چۈشۈرۈپ بەرگەن كىتاۋىنى تۇتىۋاتىسىز!

2) ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەرەپ تىلى سەۋىيىسى تولىمۇ يېتەرسىز. ئەگەر يېتەرلىك بولسا ئىدى يۇقارقىدەك خاتالىقلار كۆرۈلمىگەن بولاتتى. بۇ يەردە ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىنى ئەرەپ تىلىنى بىلىشنىڭ پېشىۋاسى ، دەپ كۆرسىتەر. بۇنىڭغا ماقۇلمۇ دەيلى. ئەمما ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنى مۇكەممەل بىلمىگەچكە، ئەرەپچە ئىدراك قىلىنغان سۆزلەرنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەشتە مۇناسىپ سۆز - ئاتالغۇلارنى قوللىنالمىغان.

بىلىش كېرەككى، تەرجىمە - تەھرىرلىك ئىشى يالغۇز سوبىكتىۋ قىزغىنلىق بىلەنلا قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇ ناھايىتى نازۇك ۋە مۇرەككەپ بىر ئىش تۇرى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇبىكتىۋ قىزغىنلىق ئوبىكتىۋ ئەمەلىيەت ۋە ئىلمىي پوزۇتسىيە گۈش بىلەن ياغدەك جىپسىلاشقان بولۇشى، ئەمەلىي ئىقتىدار ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن يېتەرلىك بولمىغانلار بۇ ئىشقا قول سالماسلىغى، قىسقىسى ، «قوينى قاسساپ سويىشى» كېرەك! شۆھرەتپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە مەنمەنچىلىك قىلىش كەبى مەرەز كىسەللەردىن تېخىمۇ يىراق تۇرىشى، ئاپتورغا ۋە خەلققە يۇكسەك دەرىجىدە ھۆرمىتى بولىشى كېرەك.______ سەممىي، ئاقكۆڭۈل بولۇڭكى، مېھنىتىڭىزدىن ئاللاھ ۋە خەلق سۆيۈنسۇن. ئۇ چاغدا سىز ئويلاپ يېتەلمىگەن نام - مەنپەئەت سىزنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ!

ھازىرقى ئەھۋالدا، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئەرەپچە كىتاپلارنى ، بولۇپمۇ ھەدىس كىتاپلارنى تەرجىمە قىلىش قىزغىنلىغى بەكلا يۇقىرى. بۇ ئەلبەتتە ياخشى ئەھۋال. ئەمما كۆپ ئەپسۇس، ئىلمىي ، ئەمەلىي ئىقتىدارىنىڭ بەكلا تۆۋەنلىگى سەۋەپلىك، تەرجىمىدە سۆزلەملەرنىڭ مەنىسىگە يارىشا تاللىنىشى، جۈملىلەرنىڭ مەنتىقىلىق تۈزىلىشى ئۆلچەملىك ئەمەس. بۇ بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ ئەسلىكى مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ، ھەتتا يوقىتىش رولىنى ئوينىماقتا. مۆلچەرلىنىشچە بۇ ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ، تەرجىمە - تەھرىرلىك سەۋىيىسى ئۆلچەمگە يەتمەيۋاتىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، تەرجىمە - تەھرىرلىكتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر:

1) ماقالە ، ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇسى ئورۇنسىز ھالدا ئۇزۇن.

2) باشقا تىللارنىڭ قائىدە - قائىدە قانۇنىيەتلىرىنى ئۇيغۇر تىلغا قارىغۇلارچە تەدبىقلاش نەتىجىسىدە سۆزمۇ - سۆز ، ئۆلۈك تەرجىمە قىلىشقا بېرىلىپ، سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىنىڭ قائىدە قانۇنىيىتى بۇيىچە تۈزۈلىشى ۋە باغلىنىشنى مەنتىقسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇش.

3) سۆزلەملەرنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەناغا يارىشا تاللىنىشى مۇۋاپىق بولماسلىق.

4) گراماتىكىلىق بەلگە، ئىشارەتلەرنىڭ تاللىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى مۇۋاپىق بولماسلىق.

5) گراماتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنىڭ قالايمىقان ئۆزگەرتىلىشىگە ئاڭسىزلارچە ئەگىشىپ كىتىش بىلەن سۆزلەملەرنىڭ ئىملاسىنىڭ قالايمىقانلىشىشى.

مانا شۇنداق.

بۇ مەسىلىلەر ئەرەپ تىلى ئەرباپلىرىمىزدىلا ئەمەس ، بەلكى «ئۇيغۇر تىلغا پىشقان ئەرباپ بىز» دېگەنلەردىمۇ كۆرىلىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ مەسىلىلەرنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن:

1) توغرا بولغان گىراماتىكا كىتابلىرىنى زور كۈچ بىلەن نەشر قىلىش كېرەك.

2) مەخسۇس «ئۇيغۇر تىلى كۇرسى» ئېچىپ، 100% تەرجىمە ـ تەھرىرلىك سەۋىيىسى بولمىغانلارنى 1 ـ 2 يىل راۋۇرۇس تەربىيىلەش كېرەك، ھەركىم بۇ ئىشقا ئاڭلىق قارىشى كېرەككى، مەن كىم ئۈچۈن ، نىمە ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، قىلىۋاتىمەن ۋە قىلىشىم كېرەك؟ دېگەنى چوڭقۇر ئويلىنىشى، بىپەرۋالىق، بوشاڭلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماسلىقى كېرەك.

3) ئەۋلاتلىرىمىزغا بولغان ئانا تىل تەربىيىسىنى كىچىكىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىش، ئائىلە ئانا تىل ئوقۇتىشى بىلەن توختاپ قالماسلىق لازىم، بۇ جەھەتتە مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئىلىم ئەرباپلىرىمىزنىڭ ئىزباسارى بولۇشنى تۈپ نىشان قىلىشىمىز كېرەك.

4) «نەشرىياتچىلار بىرلەشمىسى» ياكى «مائارىپچىلار ئۇيۇشمىسى» دېگەندەك ئاممىۋىي ئىلمىي ئورگاننى تەسىس قىلىپ، «بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن مۇش چىقىرىش» تەك ئورتاقلىق، ئاممىۋىلىق بولغان نەشرىياتچىلىقنى يولغا قويۇپ ، تەرجىمە ـ تەھرىرلىك خاتالىقىنىڭ سادىر بولماسلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئاخىرىدا، پۈتكۈل تەرجىمە ـ تەھرىرلىك خىزمىتىگە ئىشتىياقى بار قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك قېرىندىشىمىز ئابدۇسەمي مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ «مەرىپەت» ژورنىلىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان « تىل ۋە تەرجىمىچىلىك توغرىسىدا » ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى تولۇق كۆرۈپ چىقىشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن.

22 . 1 . 2017

# «قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟؟؟»

**(شۇ كىتاپنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى)**

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

«﴿ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ۝٢ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝٣ مَٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّينِ ۝٤ إِيَّاكَ
نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ۝٥ ٱهْدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ۝٦ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ
ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ۝٧ » **( جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر ② ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر ③ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر ④ ( رەببىمىز ) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز ⑤ بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن ⑥ غەزىبىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس ، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا ( باشلىغىن ) ⑦**

**ئەي ئۇلۇق رەببىم ئاللاھ!**

**جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ساڭىلا مەنسۇپتۇر! سەن ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبانسەن. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىسەن. مەنمۇ پۈتكۈل مۆئمىن بەندىلىرىڭ قاتارىدا مەڭگۈ ساڭىلا ئىبادەت قىلىمەن ۋە سەندىنلا ياردەم تەلەپ قىلىمەن ۋە يەنە تەلەپ قىلىمەنكى، مېنى پۈتكۈل مۆئمىن بەندىلىرىڭ قاتارىدا توغرا يولغا باشلىغايسەن، ئۆمۈر بويى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن تەۋرىنىشۋاتقان قەلىمىمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە مۇۋاپپىقىيەت ئاتا قىلغايسەن، ئامىين !**

**ئەلبەتتىكى، مەن بۇ كىتاۋىمنى ( بەلكى باشقا پۈتكۈل كىتاپلىرىمنىمۇ ) ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. پۈتكۈل ھەمدۇ ـ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، پۈتكۈل جانلىق جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى، ناھايىتى شەپقەتلىك ، مېھرىبان ئۇلۇق رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا بولسۇن، ئامىن !**

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ !

**ئىزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !**

**ئەمدىكى سۆزۈمگە كەلسەم، «قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ ؟؟؟» ناملىق بۇ كىتاپ توغرۇلۇق ئالدى بىلەن شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، مەن بۇ كىتاپنى ئاۋۋال ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئاندىن ئىجتىھات بىلەن يېزىشقا كىرىشتىم ۋە داۋاملىق تاھارەتتىم بىلەن ئولتۇرۇپ يېزىشنى داۋاملاشتۇردۇم.**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چۈنكى، بۇ كىتاپ قارىماققا تىل - يېزىق تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ماھىيەتتە تىل - يېزىقمۇ جەنابىي ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بۈيۈك بىر نېئمىتى، رەھمىتى ۋە شاپائىتىدۇر.

قارائلار، جەنابىي ئاللاھ ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق دەستۇرى قۇرئانىي كەرىمدە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ :

« الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا ﴿٢﴾ »

(ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىگىمۇ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى) ( سۈرە «فۇرقان» ، 2 - ئايەت) : «الرَّحْمَنُ ﴿١﴾ عَلَّمَ الْقُرْآنَ ﴿٢﴾ خَلَقَ الْإِنسَانَ ﴿٣﴾ عَلَّمَهُ الْبَيَانَ ﴿٤﴾» (مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشۈنۈشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى)، ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا مەخسىدىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن سۆزلەشنى ئۆگەتتى.) ( سۈرە «رەھمان» ، 1 - 4 ئايەتلەر ) : « يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ ﴿١٣﴾ » ( ئى ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، ( ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز - ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋا بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر ( يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. ( 49 - سۈرە «ھۇجۇرات» ، 13 - ئايەت ) « وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِينَ ﴿٢٢﴾» (ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىغى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ - خىل بولىشى ئاللاھنىڭ (كەمالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.) (30 - سۈرە «رۇم» ، 22 - ئايەت )

دېمەككى، ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت سۈپىتىدە يارىتىپ ئۇلارغا خاس ئانا تىلنى ئاتا قىلغان ۋە شۇ تىلدا سۆزلەش ئەركىنلىگىنى بەرگەن دەل تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، مېھر - شەپقەتلىك ئۇلۇق ئاللاھتۇر!

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلبەتتىكى، بۇ كىتاپنى ( ۋە بۇنىڭدىن باشقا پۈتكۈل كىتاپلارنىمۇ ) جەنابىي ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتىش ئاساسىدا يېزىش جەنابىي ئاللاھ ئالدىدىكى مۇقەددەس ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي بۇرچۇمدىن، ئىمانىي، ۋىجدانىي پەزىلەتنىڭ جۈملىسىدىن، دەپ بىلىمەن.

خوش، ئەمدى بۇ **«قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟؟؟»** دېگەن تېما توغرۇلۇق قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمەن.

ئۇنداق بولسا زادى نىمە ئۈچۈن بۇ تېما ئوتتۇرىغا چىقتى؟

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىنسانلارنىڭ قېدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە چەتئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان ۋاختى، زېھنى قۇۋۋىتى ۋە ئىقتىسادىي چىقىملىرىنى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئەللەردىكى تەرجىمانلار سانى ۋە ئېچىلىۋاتقان يىغىنلاردا سەرپ بولىۋاتقان ۋاقت ۋە ئىقتىسادىي

چىقىملارنى ھېساپلاپ كۆرۈپ دەھشەت چۆچۈتكىدەك سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشكەن بەزى ئىلىم-پەن ئەرباپلىرى: « ئەگەر ئىنسانلار شۇنچىۋالا كۆپ ۋاقت، زېھنى كۈچ ۋە ئىقتىسادىي چىقىملىرىنى ئۆگىنىش-بىلىم ئىگەللەش، تەرمۇش ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىگە سەرپ قىلىدىغان بولسا قانچىلىك ياخشى يۈزلىنىشلەر مەيدانغا كېلەر ئىدى؟» دەپ ئويلاپ، ھەممە ئېتراپ قىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك «دۇنيا تىلى»نى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى.

17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە گېرمانىيىلىك پەيلاسوف لېيبنىتس، چېخوسلوۋاگىيىلىك پېداگوك كۇامېنيۇس ۋە فرانسىيىلىك پەيلاسوف دېكار قاتارلىقلار بۇ جەھەتتە تۇنجى ئىزدەنگۈچى كىشىلەر ئىدى. ئەمما كېيىنرەك پولشالىق كۆز دوكتۇرى زامېنخوفنىڭ «دۇنيا تىلى» لايىھىسى بىر قەدەر «كۆڭۈلدىكىدەك» ھېساپلىنىپ، نۇرغۇن جايلاردا «دۇنياتىلى» («ESPERANTO») ئىلمىي جەمىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، زامېنخوف كەشىپ قىلغان «دۇنيا تىلى»(«ESPERANTO»)نى دۇنيا خەلقى ئورتاق قوللىنىشقا بولىدىغان تىل سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىشتى.

ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئىنسانلار «21 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىنگلىز تىلى پۈتكۈل دۇنيانى بويسۇندۇرىدۇ»،«ئىنگلىز تىلى — دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار، ئالدىنقى قاتاردا تۇرالايدىغان دۇنياۋىي تىل بولىدۇ»، دېيىشمەكتە.

نۆۋەتتە، «دۇنيا تىلى» مەسىلىسىدە ختاي تىلشۇناسلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، « خەنزۇچە خەت 21 - ئەسىردە دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان كۈچلۈك ئالاقە قۇرالى بولىدۇ »③ ، دېگەن مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىلىنگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا:

1)ESPRANTO »تىلى تەرەپدارلىرى، بۇ تىلنىڭ ھەرپ شەكىللىرى ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئاددىي شوڭلاشقا ئۆگىنىش، قوللىنىش ئاسان، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

2) ئىنگلىز ۋە ختاي تىل - يېزىغى تەرەپتارلىرى بولسا سودا - سانائەت، پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ئۇلارنىڭ نىسپەتەن تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى ۋە شۇڭا تەسىر-دائىرىسىنىڭمۇ بارغانسىرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ سەۋەپلىك بۇ تىلنى قوللانغۇچىلارنىڭ سانىنىڭمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىشماقتا.

شۇنداق قىلىپ كىشىلەر دۇنياۋىي تىلنى تاللاش-بېكىتىشتە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش ۋە ئالاقە قولايلىقىنى نەزەردە تۇتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نوقۇل ھالدىكى «تەرەققىيات» ۋە «قوللانغۇچىلارنىڭ سانى» نى نەزەردە تۇتۇشتىكى، «دۇنيا تىلى» دېگىنىگە يارىشا بۇ دۇنيانىڭ بىۋاستە ۋە ماھىيەتلىك تەبىرلىرىنى شەرھىلەشكە مۇناسىپ كېلىدىغان تىلنىڭ تاللىنىشى كېرەكلىكىنى ئازىراقمۇ ئويلۇنۇپ كۆرۈشمىدى.

بىلىش كېرەككى، دۇنيانى ياراتقۇچى ئاللاھتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «دۇنيا تىلى»نى تاللاش ۋە بېكىتىشتە ئالدى بىلەن دۇنيانى ياراتقان مۇبارەك زات ئاللاھۇ تەئالانى نەزەردە تۇتماسلىققا ھېچ كىمنىڭ ھەققى يوق، ھەم بولماسلىقى كېرەك!!!

ئەمدى شۇنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ دۇنيا ئىنسانلارنىڭ شىرىن خىيالىي چۈشلىرى بىلەن بىرلەشكەن ئاللىقانداقتۇر «تەرەققىيات» ۋە «كېڭەيمىچىلىك» بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان مەئىشەتلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ سەھنىسى ئەمەس! بەلكى، مۇشۇ دۇنيانى ياراتقان تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھۇ تائالاغا تەسبىھ، ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى شوغۇللىنىش ئاساسىدا ئۇ دۇنيا ئۈچۈن، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا كەلگەندە بېرىدىغان ھېساپ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان فانى، ئىمتىھان دۇنياسىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق تەرەققىيات ۋە كېڭەيمىچىلىكنىڭ يۈزەكى كۆرۈنىشىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى تەرەققىيات ۋە كېڭەيمىچىلىكنىڭ قانداق ئۇسۇللار بىلەن مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇرراق چۈشىنىپ ئاندىن قارار بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

كۆرىدىغان بولساق، بۇ پايانسىز دۇنيا ئىككى خىل ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيە بىلەن گىرەلەشكەن دەھشەت ئېغىر ۋە كەسكىن زىددىيەت ۋە تۇقۇنۇش بىلەن تولغان دۇنيا بولۇپ، ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى يارىتىش غايىسىنى تونۇغان ۋە ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتنى ئويلىغان ئىمانلىق ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەر تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە نۇرلۇق قۇرئانى كەرىم يادرولىغىدىكى ئىسلامىي ئاڭ ئىدېئولوگىيىنى يېتەكچى قىلىپ ئىنسانىيەتنى تەڭداشسىز ئۇلۇق ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھۇ تائالاغا تەسبىھ، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئاساسىدا ياشاشقا، ئىسلامى ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيىنى ئاساس قىلغاندىلا دۇنيانى گۈللەندۈرۈشكە ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىدەك توغرا يولغا يېتەكلەۋاتقان بولسا، ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى يارىتىش غايىسىنى تونىمىغان ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاساسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن جاھانگىر بۇلاڭچى ياۋۇز قارا كۈچلەر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە قول ئۇزارتىپ ئۆزىدىن ئاجىز قارالغان دۆلەت ۋە رايونلارنى تۈرلۈك ھىلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق ياكى قۇرال كۈچى بىلەن نومۇسسىزلارچە ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئىسلامغا يات دىنىي ئەقىدىلەر ۋە ئاتالمىش «ئىزىم»لارنى يېتەكچى قىلىپ، ئاتالمىش «ياردەم» نىقاۋى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قەدىمى يەتكەنلا يەردە سىياسىي جەھەتتىن زورلۇق ـ زۇمبۇلۇقنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھەق ـ ھوقۇقىنى بوغۇپ، يەرلىك مىللەت خەلقىنى دىنىدىن، تىلىدىن، تارىخىدىن ۋە مىللىي مەدەنىيىتىدىن مەھرۇم قىلىش قارا قۇيۇننى چىقىرىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقى جەھەتتىن جىنسى پەسكەشلىك، ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقنى ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىلمۇ ـ خىل باھانە ـ سەۋەپلەر بىلەن ئەسەبىي بۇلاڭچىلىق، خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەتتا بەزى مىللەتلەرنى كوللىكتىپ ھالدا قىرغىن قىلىپ، ئۇلارنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىشقا ۋە شۇ ئاساستا ئۆز مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن، «سەن ئۆل، مەن ياشاي»نى بىردىن ـ بىر نىشان قىلغان «كېڭىيىش»، «تەرەققىيات» قەدىمىنى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىپ، خەلقنى نادانلىق، قۇللۇق ، يوقسۇللۇق ۋە ۋەيرانچىلىق دېڭىزىغا ئىتتىرمەكتە ۋە مانا شۇنداق رەزىل قىلمىشلار بىلەن بېيىپ، ھەققەتەن ئاسمانغا تاقاشقۇدەك يۈكسەك بىنالارنى سالماقتا، كەڭ ـ كەڭرى يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللارنى ياسىماقتا ۋە تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە....!

دېمەككى ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى يارىتىش غايىسىنى تونىمىغان ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاساسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن جاھانگىر بۇلاڭچى ياۋۇز قارا كۈچلەر ئاللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ! ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى يارىتىش غايىسىنى بىلمەيدۇ! ئۇلاردا ئىنسانى ئەخلاق يوق! ئۇلاردا ئىمان ، ھايا يوق! ئۇلاردا ۋىجدان، نۇمۇس يوق! ئۇلاردا ئىنساپ، دىيانەت يوق! پەقەتلا «سەن ئۆل، مەن ياشاي»نى بىردىن ـ بىر نىشان قىلغان «كېڭىيىش»، «تەرەققىيات» بار! نومۇسسىزلىق، ۋىجدانسىزلىق نەپسانىيەتچىلىك بار! ئالدامچىلىق، بۇلاڭچىلىق ، ئاچكۆزلۈك بار ۋە شۇڭا پۇرسەتپەرەستلىك بىلەن خەلقنى ۋەيرانە ـ سەرسانە قىلىپ قان يىغلىتىپ ياشاشتىن ئىبارەت رەزىل خارەكتىر بار، خالاس!

بۇنى ئويلانماي بولامدۇ ، ئەي ئېقىللىق ئىنسان!!!؟؟؟

ئەلبەتتە، بىرەر ئەل، بىرەر مىللەتنىڭ ئاتالمىش «تەرەققىياتى» ۋە «كېڭەيمىچىلىكى»گە قاراپ، «ھە ئۇلار تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ» دەپ ئاخمىقانىلارچە ئىش كۆرىشىمىز ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن «دۇنيا تىلى» ھېساپلانماقچى بولغان تىللار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ جەھەتتىكى خاتا چۈشەنچىنى تۈزۈتۈش، توغرا يۆنىلىشكە ئىگە قىلىش ئاساسىدا ھەققىي «دۇنيا تىلى»نىڭ قانداق بولىشى كېرەكلىكىنى شەرھلەشنى ئويلۇنۇپ، ئاخىر بۇ «قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟؟؟» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا قەلەم تەۋرىتىشكە تۇتۇندۇم.

شۇنىڭ بىلەن، كۆرىسىلەركى، مەن مانا شۇ «قايسى تىل دۇنيا تىلى بولالايدۇ؟؟؟» ناملىق ماۋزۇ ئاساسىدا يازغان بۇ كىتاپ ئارقىلىق جەنابىي ئالللاھ ئاتا قىلغان ئەقىل ۋە تىلدىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك نېئمىتنىڭ ۋاستىچىلىغى بىلەن يەنە بىر بۈيۈك نېئمىتى، ـــ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل ئەرەپ ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تونۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن سۆزلىمەكچىمەنكى، يىللاردىن بۇيان ئەرەپ تىلى توغرىسىدىكى مۇجمەل قاراشلار ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان رەھىمسىزلەرچە ھاقارەت، ئەسەبىي بوھتان ۋە مۆتىھەملەرچە يەكلەش ھەتتا چەكلەش خارەكتىرىنى ئالغان قەتئىي سەۋر قىلغىلى بولمايدىغان ناھايىتى ئېغىر ھەقسىزلىقلار ئۈستىدىن قەتئىي ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئىلمسىزلىكنىڭ، ئۇستازغا بولغان ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ۋە ھەتتا زورلۇق ـ زومبۇلۇقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان، ئەسلىدە بولسا ئەڭ يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئىززەت كۆرسۈتۈپ قەدىرلەپ، ئالەمشۇمۇل شەرەپ ئورۇننى تەقدىم قىلىشقا ئەرزىيدىغان بۇ ئۇلۇغۋار تىللارنى ھەقىقىي دۇنيا تىلى، دەپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەنتەنە بىلەن جاكارلىماقچىمەن !

مانا شۇ مەخسەتتە يازماقچى بولغان بۇ كىتاپ بەش بۆلۈمدىن تەركىپ تاپتۇرۇلۇپ تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە يېزىلدى:

بىرىنچى بۆلۈمدە «دۇنيا تىلى»نىڭ شەرتلىرىگە مۇناسىپ ھالدا، ئالللاھنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىگى شۇنداقلا بۇ زاتى مۇبارەكنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى، قۇدرىتى ۋە نامۇ ـ شەرىپى بىلەن ئىسلامىي ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيە جەھەتتە مەلۇمات سۇنۇلدى.

ئىككىنچى بۆلۈمدە «دۇنيا تىلى» بولالايدۇ ، دەپ قارىغان ئەرەپ ، تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا قەدىر ئاۋال مۇكەممەل مەلۇمات بېرىلدى. بۇنىڭدىمۇ يالغۇزلا تىل ـ يېزىق ئاساس قىلىنىپ قالماي، ئەرەپ ، تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيە، تارىخ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئەھۋالىمۇ ئىمكان قەدەر تولۇق تونۇشتۇرۇلدى. چۈنكى، تىل دېگەن ئالتۇن ئاچقۇچ. بىرەر تىلنى ئۆگەنگەن ئادەم مۇقەررەركى شۇ تىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن شۇ تىلنى قوللانغۇچى مىللەتنى ھەر جەھەتتىن چۈشۈنۈشكە ئەھمىيەت بەرمەي مۇمكىن ئەمەس. خۇسۇسەن ، مەن ئەرەپ ، تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنى دۇنياۋىي تىل بولىدۇ، دېگەن ئىكەنمەن، مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر بۇ تىللار بىلەن بۇ تىللارنى قوللانغان ئاشۇ مىللەتلەرنى ھەر جەھەتتىن چۈشۈنۈپ ئاندىن باھا بېرىشنى ئويلايدۇ، ئەلبەتتە(؟)

شۇڭا بۇ بۆلۈمدە مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ئەرەپ ، تۈرك ۋە ئەرەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاياتى توغرۇلۇقمۇ كەڭرەك مەلۇماتقا ئېرىشتۈرۈشنى مەخسەت قىلىپ، قابىلىيىتىمنىڭ يېتىشىچە توختۇلۇپ ئۆتۈش بىلە بىرگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنياۋىي تىل بولالايدىغانلىغىنىڭ شەرھىسىنىمۇ ئىمكان قەدەر تولۇق بايان قىلىشقا تىرىشتىم.

ئۈچىنچى بۆلۈمدە، «تۈركولوگىيە»مۇ، «ئۇيغۇرلوگىيە»مۇ؟ «تۈركىي تىللار»مۇ؟ «ئۇيغۇرىي تىللار»مۇ؟ «تۈركىي مىللەتلەر»مۇ؟ «ئۇيغۇرىي مىللەتلەر»مۇ؟ «تۈرك قەبىلىلىرى»مۇ؟ «ئۇيغۇر قەبىلىلىرى»مۇ؟ ـــ مانا بۇ جەھەتتە توغرا ئىلمىي يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تارىخىي، ئىلمىي ھەقىقەت ۋە ئادالەت يۇرۇقلۇققا چىقىرىلدى. بۇمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنياۋىي قەدىر ـ قىممىتى بارلىغىنىڭ، ھەقىقەتەن «دۇنيا تىلى» بولالايدىغانلىغىنىڭ پاكىت ـ دەلىللىرى ۋە كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسى بولالايدۇ، ئەلبەتتە.

تۆتىنچى بۆلۈمدە بولسا «ESPERANTO»، ئىنگلىز ۋە خىتاي تىللىرىنىڭ «دۇنيا تىلى» بولالمايدىغانلىغىنىڭ سەۋەپلىرى تونۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭدا، بۇ تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە بۇ تىللارنى قوللانغۇچىلارنىڭ ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى ئاساس قىلدىم. باشقا جەھەتلەردە تونۇشتۇرما بېرىپ ئوقۇرمەنلەرنى ئارتۇقچە بىئارام قىلىشنى خالىمىدىم.

بەشىنچى بۆلۈمدە بولسا بىرمۇنچە قىممەتلىك مەلۇماتلار قوشۇمچە قىلىندى. بۇلار بەزى مۇھىم دەپ قارالغان تىللار ۋە خەلقئارالىق قانۇن ـ نىزاملاردىن ئىبارەت بولۇپ، مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇلدى.

www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يەنە بۇ كىتاپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوفتىك دېسكىلىق فىلىملەردىن ئالللاھ تەئالانىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىگىنىڭ ماددىي دەلىللىرى، ئالللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنى، دۇنيانى يارىتىش غايىسى، قۇرئان مۆجىزىلىرى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ساھابىلىرىمىزگىچە بولغان ئىسلام ئۆلىما ـ ئالىملىرىنىڭ ۋە ئىسلام قەھرىمانلىرىنىڭ ھايات ـ پائالىيەتلىرى ، جەننەت ـ جەھەننەم ، قەۋملەرنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەپلىرى، ، كوممۇنىزىم ۋە دارۋىنىزىمنىڭ بەربات بولىشى، . . .قاتارلىقلارنىمۇ تۈركچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىپ تەييارلاپ ھەدىيە قىلدىم. بۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز دېمەكچى بولغانلىرىمنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، مۇكەممەل چۈشۈنۈپ، بىر ياقتىن ھەقىقىي دۇنياۋىي تىلغا بولغان چۈشەنچىسى يېڭىلىنىش ـ ياخشىلىنىش بىلەن ھەقىقەتەن پاساھەت بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەن، «دۇنيا تىلى» بولىدىغان تىللارنىڭ ئەرەپ ۋە ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتەلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامىي ئاڭ ـ ئېتىقادى ئاجىز بولغانلارنىڭ ئىمانى كۈچلىنىپ، ئىسلام بىلەن شەرەپلىنىشنىڭ نەقەدەر ئەۋزەل ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ.

شۇ ئاساستا ئالللاھنىڭ يارىتىش غايىسىنى مۇكەممەل چۈشىنىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىنىڭ بەخت ـ پاراغەتلىك بولۇشىدەك شان ـ شەرەپكە مۇيەسسەر بولىدۇ، ئىنشا ئالللاھ!

ئەمدى سۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمەنكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنياۋىي تىل، «دۇنيا تىلى» بولىدىغانلىغى توغرۇلۇق گەپ ـ سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىققاندا، بەزىلەر: «ۋەتىنى يوق مىللەتنىڭ تىلى قانداقمۇ دۇنيا تىلى بولالايدۇ، بۇ بىر ئەخمىقانىلىق»، دېيىشتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغۋار مىللەت ئىكەنلىگى توغرۇلۇق گەپ قىلغىنىمدا بولسا، بەزىلەر: «ئارىمىزدا ئىنتايىن رەزىل خائىن، ساتقىنلار بار تۇرۇغلۇق يەنىلا مىللىتىمىزنى ماختاپ يۈرەمدۇق؟؟؟»، دېيىشتى.

قېنى ئەمدى مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىم!

سەۋىرچانلىق بىلەن بۇ كىتاپنى كۆرۈپ چىققىلار، ئىنشا ئالللاھ ھەر قانداق «نىمە ئۈچۈن»لەرگە جاۋاپ تاپالايسىلەر. شۇنىڭدىمۇ بۇ يەردە ئۆلاردىن مۇنداق بىر سوئالنى سورىغۇم كېلىدۇ: زادى بىزنىڭ ئارىمىزدىكى خائىن، ساتقىنلار كۆپمۇ، ياكى ئىمان ـ ھايالىق، ۋىجدان ـ جاسارەتلىك كىشىلەر كۆپمۇ؟ خوسۇسەن تارىختىن بۇيان تىللاردا داستان بولۇپ ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇستازى بولۇپ تونۇلغان ۋە تونىلىۋاتقان ئالەمگە مەشھۇر كىشىلىرىمىز بار ئەمەسمۇ؟ بۇلارنى ئازسانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان خائىن، ساتقىنلارنىڭ ۋە باشقا رەزىل ئىنسانلارنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىمىزمۇ؟

ھەقىقەتەن، مىللىتىمىزنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا ئەمەل ـ مەنسەپ، پۇل ـ پىچەككە ئېرىشىش تاماسىدا بولغان رەزىل، پەسكەش مۇناپىق خائىن ، جاسۇسلار تارىخىمىزدا، ھەتتا ھېلىمۇ مەۋجۇت. مەن بۇلارنى ئويلىماي قالمىدىم. ئەمما ئۆتكۈر ئېقىل ـ پاراسەتلىك خەلقىمىز ئۇنداقلارنىڭ بەزىلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا بىلىۋالدى ۋە تېگىشلىك جازاسىنىمۇ بەردى. مۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مىللىتىمدىن يانىلا پەخىرلىنىمەن ۋە بېشىمغا ئېلىپ كۆتىرىمەن!!!

دېمەك، مەن جەنابىي ئالللاھنىڭ رازى ـ رىزالىغىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم ۋە ئەرەپ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى قەدىرلەش، قوغداش ۋە جەنابىي ئالللاھنىڭ بۇ تىللارغا سىڭدۈرگەن ئاجايىپ سىرى ۋە ھېكمىتىنى پۈتۈن ئالەمگە سەممىيەت ۋە چىدام ـ جاسارەت بىلەن يەتكۈزۈشنى ۋە بۇ تىللارنى ھەقىقىي دۇنياۋىي تىللار ، دەپ تونۇش ۋە ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىشنى بىردىن ـ بىر ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي بۇرچۇم، شان ـ شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپەم، دەپ بىلدىم

كىتاپنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتسىز بولۇپ قالماسلىغى، كىتاپ ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ يىمىرىلمەس بەلكى ھەر قانداق كىشىنى قايىل قىلارلىق بولىشى ئۈچۈن بولسا جەنابىي ئالللاھنىڭ: « كىمكى ئالللاھقا ( ئالللاھنىڭ دىنىغا ) مەھكەم يېپىشىدىكەن ، ئۇ توغرا يولغا

يېتەكلەنگەن بولىدۇ» (3 ـ سۈرە «ئال ـ ئىمران» 101 ـ ئايەت) دىگەن ئەمرىگە مۇناسىپ ھالدا باشتىن ئاياققىچە ئىنسانلارغا رەھمەت ۋە شاپائەت يۈزىسىدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن ئۇلۇق قۇرئانى كەرىمنى يېتەكچى، مۇل ئىلمىي تارىخىي ماتېرىياللارنى پاكىت ـ دەلىللەرنىڭ ئاساسى قىلدىم ۋە ھەر ـ بىر جۈملە گەپ ھەتتا ھەر ـ بىر ئېغىز سۆزنىڭمۇ ئىمان نۇرى بىلەن پارلىشىغا ئىنچىل ئەھمىيەت بەردىم. شۇنىڭ بىلەن مەن دېلىل ـ ئىسپاتلارنى زور دەرىجىدە توپلاشقا قاتتىق كۈچ سەرپ قىلدىم ۋە ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىشنى ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئانا يۇرتى بولغان «مۇ» قىتئەسىدىن باشلاپ تاكى ئەڭ چەت غەربىي ئەللەرگىچە بولغان بى پايان زېمىندىكى ئاساسلىق، تۇنۇلغان مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى دېگۈدەك كۆرۈپ چىقىشقا تىرىشتىم. بۇ جەھەتتە، بىر يۈرۈش گېزىت ـ ژورنال، كىتاپ ـ ماتېرىياللارنى كۆرۈپلا قالماي، يەنە ھەرخىل فىلىم CD لىرى، ھەتتا ئۇنئالغۇ كاسېتلىرىگىچە كۆز سالدىم ۋە مەن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن قىممەتلىك مۆجىزە خارەكتىرلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارنى توپلۇدۇم.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ كىتاپ ئىنشا ئاللاھ نانىنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرىنى پەرق قىلالايدىغان ئىمانلىق، ۋىجدانلىق كىشلەرنى قايىل قىلىدۇ ۋە ئەرەپ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ دۇنياۋىي تىللاردىن ئىكەنلىگىنى سەممىيەت بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە بۇ تىللارنى ئۆگۈنۈش ـ قوللۇنۇشقا ئوتلۇق ئىشتىياقى بىلەن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەلبەتتە.

ئەي ئۇلۇق ئاللاھىم!

ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن، بىلىپ تۇرغۇچىسەن. سېنىڭ تەلىم ـ نەسىھەتلىرىڭدىن يېتەرلىك خەۋەردار بولالماي ئاجىز ـ ئىقتىدارسىز ئورنۇندا تۇرۇپ قېلىۋاتقان بەندىلىرىڭنى گۈزەل ۋە پاساھەتلىك ئەرەپ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ ياردىمىدە پايدىلىق ئىلملەرنى ئۆگۈنۈپ، سېنىڭ رازىلىغىڭ ئۈچۈن يارامىلىق ئىنسان بولۇپ ياشىشنى نېسىپ ئەيلىگەيسەن!

شۇ ئاساستا تۇرلۇك تىللارنىڭ ئۆز قىسمىتىگە، ــ سەن ئاتا قىلغان ئىقتىدارىغا مۇناسىپ ھالدا توغرا باھالىنىشىغا ۋە ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشىغا ئىلھام ئاتا قىلغايسەن، ئامىن !

« رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ ﴿٨٣﴾ وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ ﴿٨٤﴾ وَاجْعَلْنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ ﴿٨٥﴾ »

( پەرۋەردىگارىم ! ماڭا ئىلىم ـ ھىكمەت ئاتا قىلغايسەن، مېنى ياخشىلارغا قوشقايسەن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغايسەن. مېنى نازۇ ـ نىمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغايسەن ) (26 ـ سۈرە «شۇئەرا »، 83 ـ 84 ـ 85 ـ ئايەتلەر )

ئامىين !

www.uyghurkitap.com

# توغرىسىنى ئۆگىنەيلى، توغرىسىنى ئۆگىتەيلى، ئەۋلاتلىرىمىزنى خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ قۇربانى قىلىۋەتمەيلى

## ئۇيغۇر تىل-يېزىغى ئىملا بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىماقتا، ھۇشيار بولايلى!!!

مەلۇمكى، ئانا ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇھاجىرەتتە ياشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۇنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەنمەكتە. بۇ خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرى ئانا تىل-يېزىغىمىز بويىچە ساۋاتلىق بولۇش-بىلىم ئاشۇرۇش جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ .

ئەلبەتتەكى، بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. چۈنكى، جەنابىي ئاللاھ ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت ۋە ئۇرۇق سۈپىتىدە يارىتىش بىلەن بىللە ھەر مىللەتكە خاس ئانا تىلىنىمۇ ئاتا قىلغان. دېمەككى، ئانا تىل ھەر-بىر مىللەتكە ئاللاھۇ تەئەلا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان مۆجىزىۋىي نىئمەت ۋە رەھمەتتۇر. بۇ ھەقتە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتلىك ھاياتىمىزنىڭ ئۇلۇق دەستۇرى قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ» **(ئى ئىنسانلار ! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا،بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز-ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋابولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى ، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولىشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ) ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.) (سۈرە ھۇجۇرات ، 13 - ئايەت)** «وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِينَ» **(ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىغى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇ - خىل بولىشى ئاللاھنىڭ (كەمالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئۇنىڭدابىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.(سۈرە رۇم ، 22 - ئايەت) .**

شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا تىل ھەر-بىر ئىنساننىڭ ئانىسىنىڭ سۈتىدەك پاك ۋە ھالالدۇركى، ئۇنى ئەزىزلەپ، قەدىرلەپ قوللۇنۇش ــ ئاللاھۇ تەئالانىڭ ھىكمەتلىك ئورۇنلاشتۇرىشىغا نىسپەتەن كاتتا ساداقەتتۇر ۋە شۇڭا ئەگەر ئىنسان ئانا تىلىدىن مەھرۇم ھالدا ياشىماقچى، ياشاتماقچى بولىدىكەن، بۇ، ئاللاھۇ تەئالانىڭ نەزىرىدە خىيانەت ۋە جىنايەتتىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ. ئانا تىلنى قوللۇ- نۇش-قوللانماسلىق مانا شۇنداق ناھايىتى نازۇك ۋە مۇھىم مەۋقەگە بېرىپ تاقىلىدۇ، ھەر-بىر ئىنسان بۇ نۇش جەھەتتە قىلچىمۇ دەلغوللۇق قىلماسلىغى، بەلكى ئانا تىلغا بولغان تونۇشنى غايەت زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەر - بىر سۆز - ھەرىكىتىدە ئانا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى مۇكەممەل جارى قىلدۇرغان ھالدا قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ناھايىتمۇ زۆرۈر. مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت قەشقەرى، مەشھۇر پەيلاسوف شائىر يۇسۇف خاس ھاجىپ ۋە مەشھۇر قۇرئانشۇناس، تەرجىمەشۇناس دىنىي ئالىم مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم قاتارلىقلار بۇ جەھەتتە كاتتا

ئۆلگىمىزدۇر. چۈنكى، مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى، مەشھۇر پەيلاسوف شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالەمشۇمۇل شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نى ۋە مەشھۇر قۇرئانشۇناس، تەرجىمەشۇناس دىنىي ئالىم مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتلىك ھايات دەستۇرىمىز «قۇرئانى كەرىم»نىڭ تەرجىمىسىنى ۋە باشقا مەشھۇر ئىلىم ئەرباپلىرىمىز قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا روياپقا چىقىرالىشى دەل ئانا تىلىمىزنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. يەنى ئۇلار «ئېلىپبە» ساۋادىنى چىقىرىش بىلەنلا توختاپ قالماي ، بەلكى ئانا تىل سەۋىيىسىنى ئالاھىدە يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشقان. ئاندىن باشقا تىللارنى قەدەممۇ ـ قەدەم ياخشى ئىگەللىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئانا تىلىمىزنىڭ پاساھەت ـ بالاغىتىنى مۇكەممەل رەۋىشتە نامايان قىلىشقا قادىر بولالىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ۋە سۆزلىگەنلىرى ناھايىتىمۇ مەنتىقىلىق، چۈشىنىشلىك ۋە يۈكسەك سەۋىيىلىك بولۇپ، پۈتكۈل دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە كاتتا شان ـ شۆھرىتى بىلەن تونۇلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلارمۇ پەرزەنتلىرىنى ئەنە شۇ مەشھۇرلىرىمىزنى ئۈلگە قىلغان ھالدا تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى، دېمەك «ئائىلە ئانا تىلى» چەكلىمىسىدە تۇرۇپ قالماسلىقى لازىم، ئەلۋەتتە.

ئەمما، زامانىمىزدىكى ئىلىم ئەرباپلىرىمىز ئاتالمىش «تىل ـ يېزىق ئىسلاھاتى»نى باھانە قىلىپ، يېزىق، سۆز ۋە ھەتتا گىراماتىكىنى ئۆزگەرتىشتەك قالايمىقانچىلىقلار بىلەن شوغۇللىنىپ ، ئۇيغۇرنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيدىغان يامان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلماقتا، سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىز ئاخىرقى نەپىسىنى ئالماقتا!

بۇنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكى ئۈچ نوقتا بويىچە ئىزاھلاپ ئۆتىمەن:

1) <u>يېزىق جەھەتتە:</u>

ئايانكى، 1962 ـ يىلى ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق «تىل ـ يېزىق كومىتېتى» تەرىپىدىن «يېزىق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا سوئال ـ جاۋاپلار» دېگەن كىتاپچە ئېلان قىلىنىپ، مونۇ گۆھەردەك يېزىغىمىزغا «تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ» دېگەن تۆھمەت ـ ھاقارەتلەر چاپلىنىپ، لاتىن يېزىغى ئاساسىدىكى ئاتالمىش «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى»نى قوللىنىش بويىچە چۈشۈرۈلدى. 1966 ـ يىلى باشلانغان «بەدنىيەتلەر ئىنقىلاۋى»(بۇ شۇ چاغدىكى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نى كۆرستىدۇ) جەريانىدا بولسا بۇ يېزىغىمىز «4 كونا» قاتارىدا قاتتىق تەنقىتكە ئۇچرىدى، بۇ يېزىقنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان زىيالىلىرىمىز بولسا «ئوكچى»، «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» دېيىلىپ شىددەتلىك كۈرەش قىلىندى ھەتتا تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ پاجىئەلىك ھالدا قىناپ ئۆلتۈرۈلدى !...

ئەمما خەلقىمىز يانىلا نارازىلىقىنى تۈرلۈك يول ۋە ۋاستىلار ئىپادىلەپ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى جىددىي ۋە قاتتىق تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە ، ھۆكۈمەت قارار چىقىرىپ ، «كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقى يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىپ باقمىدى ھەم ھازىر تېخى شارايىت پىشىپ يېتىلمىدى.» (ۋېي سۈيى : «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ 1950 ـ يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتى» (مەركىزى ئاسىيا ژورنىلى ، 1993 ـ يىل 3 ـ ، 4 ـ سان، ئىنگلىزچە نەشرىگە قاراڭ) دەپ، ئەنە شۇ ئاتالمىش «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى»نى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئەمما كۆپ ئەپسۇس! زامانىمىزدىكى زىيالىلىرىمىز ئاشۇ «كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقى يېڭى يېزىقنى ئىشلىتىپ باقمىدى ھەم ھازىر تېخى شارايىت پىشىپ يېتىلمىدى.» دېگەن ئىپادىگە «پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەن ھامان ئۆز يېزىغىڭدىن ئايرىلىسەن!» دېگەن خۇپىيانە غەرەزنىڭ

uyghurkitap.com

يۇشۇرۇنـ ـغانلىغىنى ئازراقمۇ چۈشۈنۈپ يېتەلمىدى ۋە يەنە ھاماقەتلەرچە لاتىنچىدىن نۇسخا ئېلىش ئاساسىدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىغى» دېگەن باشقا بىرخىل ئەبجەش يېزىقنى پەيدا قىلدى. بۇ يېزىق «كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر نامىلىرىنىڭ يېزىلىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»نىڭ ۋاستىسى، دەپ تونۇشتۇ ـ رۇلدى. كېيىنرەك بولسا «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» دەپ بېكىتىلدى ۋە ئۆز يېزىغىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشقا سۇنۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىق كۆپ خىللىغى، ئوقۇش قالايمىقانچىلىغى ۋە ئۇقۇشماسلىق ـ چۈشۈنۈشمەسلىك كېلىپ چىقتى. چۈنكى بىر چاغلاردا قوللانغان «ئۇيغۇر يېڭى يېزىق ئېلىپبەسى» دىكى بەزى ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلىشى بىلەن «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىغى» ياكى «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» دىكى ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلىشى زادىلا ئوخشاش ئەمەس ئىدى. مەسلەن تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىغا قاراڭ:

| № | ئۇيغۇر يېزىغى | ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى | ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى | № | ئيغۇر يېزىغى | ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى | ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا | A a | A a | 17 | ق | **Ⱪ ⱪ** | **Q q** |
| 2 | ئە | **Ə ə** | **Ee** | 18 | ك | K k | K k |
| 3 | ب | B b | Bb | 19 | گ | G g | G g |
| 4 | پ | P p | Pp | 20 | ڭ | NG ng | NG ng |
| 5 | ت | T t | Tt | 21 | ل | L l | L l |
| 6 | ج | J j | Jj | 22 | م | M m | M m |
| 7 | چ | **Q q** | **Ch ch** | 23 | ن | N n | N n |
| 8 | خ | **H h** | **Xx** | 24 | ھ | **Ⱨ ⱨ** | **H h** |
| 9 | د | D d | D d | 25 | ئو | O o | O o |
| 10 | ر | R r | Rr | 26 | ئۇ | U u | U u |
| 11 | ز | Z z | Zz | 27 | ئۆ | **Ɵ ɵ** | **Ö ö** |
| 12 | ژ | **Ⱬ ⱬ** | **Jj (zh)** | 28 | ئۈ | Ü ü | Ü ü |
| 13 | س | S s | Ss | 29 | ۋ | W w | W w |
| 14 | ش | **X x** | **Sh sh** | 30 | ئې | **E e** | **É é** |
| 15 | غ | **Ƣ ƣ** | **Gh gh** | 31 | ئى | İ i | İ i |
| 16 | ف | F f | F f | 32 | ي | Y y | Y y |

**ئىزاھات:**

**1)** «ئۇيغۇر يېڭى يېزىغى» ھەرپلىرى تەركىۋىدە **Sh sh، Ch ch ،Zh zh** قاتارلىق قوشما ھەرپلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار خىتاي تىل ـ يېزىغىدىكى ئىسىم ـ ناملارنى توغرا يېزىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، دېيىلگەن.

**2)** «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» تەركىۋىدىكى «Öö, Üü, Éé» لارنى كىرگۈزۈشكە ئىمكان بولمىغاندا، **UKY** («ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىغى»)بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ماس ھالدا « **Oo, Uu, Ee**» لارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دېيىلىپ، يەنە بىر خىل خاتالىق ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىنغانلىقىنىڭ ئۈستىگە . «Öö, Üü, Éé» لارنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى تور بەتتە تەپسىلى بايان قىلىنىپ ، ئېغىر ھالدىكى ئۆزگىنىش ۋە قوللىنىش خاتالىغىغا يول ئېچىلغان :

**http://www.ukij.org/teshwiq/uey%20eou.HTM**

3) [zh] ھەرپى بولسا [zhurnal] (ژۇرنال) دىكى < ژ > ھەرپىنىڭ يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تولۇقلىما سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ،دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن Jj ھەرپىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىمۇ مۇقىم بولمىغان.

بۇلاردىن ئايانكى، «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» ياكى «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىغى» دېگەنلەردە ھەرپـ ـلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى بەكمۇ مۇرەككەپ ۋە قالايمىقان بولۇپ، قىلچىمۇ ئىلمىيلىك مەۋجۇت ئەمەس!

شۇنىڭ بىلەن ئەمدى :«Mening balam nahayiti yahxi qong boldi.» دېگەن جۈملىنى «يېڭى يېزىق»تا ساۋاتلىق بولغانلار «مېنىڭ بالام **ناخايىتى** ياخشى چوڭ بولدى.» دەپ ئوقىسا، «ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى» ياكى «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى»دا ساۋاتلىق بولغانلار «مېنىڭ بالام ناھايىتى **ياھخى قوڭ** بولدى.» دەپ ئوقۇيدىغان بولدى....

مانا شۇ ھالدا ئۇيغۇر ئۇيغۇرنىڭ سۆزىنى چۈشۈنۈشتە كىكەش بولۇپ ۋە گاڭگىراپ قالىدىغان يامان ئاقىۋەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى!

ئەمدى، بۇ دەرت ئاز بولۇپ قالغاندەك، ئۆز يېزىغىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئۇزىمايلا «يېڭى يېزىق»بىلەن يېزىلغان كىتاپلار يوق قىلىۋېتىلىدىغان تەلۋىلەرچە ھەرىكەت پەيدا بولدى.

بۇ ھەقتە، ئەسئەت سۇلايمان ئەپەندىم «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتاۋىنىڭ « خانلىق كۇ ـ

تۇپخانىدا ئانا يۇرتنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن مۇڭدىشىش» ناملىق ماۋزۇسى (20 ـ باپ، 318 ـ بەت) بىلەن يازغانلىرىدا، شۋېتسىيە خانلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق تونۇشتۇرما بىرىپ، بۇ كۇتۇپخانىدىن كىتاپ ئارىيەت ئېلىشنىڭ بەكمۇ مۈشكۈللىگىنى، چۈنكى سىرتقا بىرىلگەندە يوقۇلۇپ كېتىدىغانلىقتەك خەۋپنىڭ مەۋجۇتلىغىنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرستىتكى كىتاپ ماتېرىيالغا بولغان مەسـ ـئۇلىيەتسىزلىكنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىغىنى، مەسئۇلىيەتسىزلىكلا ئەمەس بۇزغۇنچىلىقنىڭمۇ مەۋجۇتلىغىنى قاتتىق ئېچىنىش بىلەن تىلغا ئېلىپ، «... ھەتتا ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە ئۇنىۋېرستىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى قايتا رەتلەيمىز، دەپ 60 ـ 70 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ۋە قازاق يېڭى يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنغان كىتاپلارنى قەغەز قاتارىدا ساتقانلىغىنىمۇ كۆرگەن ئىدىم ...... » دەپ يازىدۇ.

مانا بۇنىڭغا نىمە دەيمىز؟

شۇ زاماننىڭ زىيالىلىرى «يېڭى يېزىق» قوللىنىلغان 20 يىل جەريانىدا يازغان كىتاپلار مانا شۇنداق «رەتلەش، شاللاش» نىڭ ئوبيېكتى قىلىنىپ يوقىتىۋېتىلىشى زادى نىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

كىتاپ دېگەن بىر مىللەتنىڭ تارىخى، مائارىپى، مەدەنىيىتى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ...... قاتارلىق نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ساھەلىرگە تاقىلىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىغىنىڭ مەنبئى، مول بىلىم قايىنىمى ئەمەسمۇ؟

مانا ئەمدى «شارايىت پىشىپ يېتىلگەن» ۋەزىيەت شەكىللىنىپ ئاتالمىش «ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى» («ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى») نى دەرھال ئومۇملاشتۇرۇش بۇيرىغى كەلسە ۋە ئاندىن كۆتۈلمىگەندە يېڭىۋاشتىن «رەتلەش» سىياستى چىقىپ ، نۆۋەتتىكى يېزىغىمىز بىلەن يېزىلغان 50 نەچچە يىللىق كىتاۋى بايلىغىمىز بىراقلا يوق قىلىۋېتىلسە قانداق قىلماقچىمىز؟؟؟؟؟

ھازىر بولسا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنى قوللىنىش مۇتلەق چەكلەندى . بۇ پاجىئەگە نىمە دەيمىز ؟

ئەمدى شۇنىمۇ ئوبدانىراق ئويلىنىپ كۆرەيلى، مەن يۇقىرىدا «ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىغى» «كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»نىڭ ۋاستىسى، دەپ تونۇشتۇ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رولغانلىغىنى، بۇ نام كېيىن «ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى» دەپ بېكىتىلىپ يېزىغىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشقا سۇنۇلغانلىغىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇم.

ئۇنداقتا دەپ باقايلى، ماۋۇ رۇسلار تىلىمىزدىكى < ئىبراھىم > نى < ئىبراگىم >، نېمىس تىلـ ـدىكى < ھىتلېر > نى < گىتلېر > دەپ يازىدۇ، ئەجەبا ئۇلار : « بىزنىڭ يېزىغىمىزدا باشقىلارنىڭ تىلىدىكى ئىسىم ـ ناملارنى توغرا يازغىلى بولمايدىكەن» دەپ «رۇس لاتىن يېزىغى» ئىجات قىلىپ بېقىپتىمۇ؟ ئىنگلىزلار< ئۇيغۇر > ئاتالغۇسىنى «ۋىگۇي» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ ۋە <uigu>، <uygu>، <uyghu>دەپ يازىدۇ . ئەجابا ئۇلارمۇ «بىزنىڭ يېزىغىمىز باشقىلارنىڭ ئىسىم ـ ناملىرىنى توغرا يېزىشقا يارىمايدىكەن» دەپ «ئىنگلىز ئۇيغۇر يېزىغى»نى پەيدا قىپتىمۇ؟ ماۋۇ خىتايلارمۇ < ئۇيغۇر > نى < ئۇيغۇر > دېيەلمەي ۋە يازالماي < ۋېيزۇ > دەپ يازىدۇ. ئەجەبا ئۇلارمۇ «بىزنىڭ يېزىغىمىز باشقىلارنىڭ ئىسىم ـ ناملىرىنى توغرا يېزىشقا يارىمايدىكەن» دەپ «خەن ـ ئۇيغۇر يېزىغى» دېگەندەك بىر يېزىقنى ئىجات قىلىپتىمۇ؟

قەتئىي ياق !

ئۇنداق بولسا بىزگە نىمە لاۋزىلىق؟.........

زادى بىز نىمە ئۈچۈن يېزىق ئۆزگەرتىدىكەنمىز؟؟؟

زادى بىز يانىلا بىزگە تېڭىلغان ئاتالمىش« ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى»نى قوللىنىشنى داۋام قىلىمىزمۇ؟

2) <u>**سۆز ـ ئاتالغۇ جەھەتتە:**</u>

خوش، ئەمدى سۆز ـ ئاتالغۇلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، بۇ كەمگىچە نۇرغۇن تىللاردىن سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلدۇق.

بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟

ئەلبەتتە، دۇنيادا مۇتلەق مۇكەممەل، ساپ تىل مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما ئۆز تىلىدا مەخسەت ـ مۇددىئاسىنى ئىپادىلەشكە يارايدىغان سۆز ـ ئاتالغۇلار بار تۇرۇپ، ئۇنى يوق قىلىش ھېساۋىغا غەيرى تىلاردىن سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىق ئەمەس!

بۇ ھەقتە رۇس يازغۇچىسى ئا.م گوركى مۇنداق دەيدۇ: «تىلدىن ئىبارەت بۇ قۇرال قانچىلىك ئۆتكۈر، ئېنىق ۋە ساپ بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ.». ئۇيغۇر تىلى بولسا لۇغەت بايلىغىنىڭ موللىغى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۈكسەكلىگى ۋە ئالتۇندەك پاك ـ ساپلىغى جەھەتتىن ھەر قانداق تىلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ۋە شۇ قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنيا ئالىملىرىنىڭ ئاجايىپ ھاياجان بىلەن مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولغان ئالەمشۇمۇل تىل.

بۇ يەردە شۇنىمۇ دەپ ئۆتىمەنكى، ئۇيغۇر تىلى — ئالەمگە ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان، دۇنيادا تۇنجى قېتىم «ئىمپېراتور» بولۇپ تونۇلغان، دېمەك «بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېراتورلىغى»نى قۇرۇپ، پۈتكۈل ئاسىيا ـ ياۋروپانى كونترول ئاستىغا ئالغان ۋە قەدىمى يەتكەنلا يەردە ئىنسانىنىڭ باياشاتلىغى، ھۇزۇرى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت ھاكىمىيتى چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يۇرت سوراپ، ئادىل، ھەققانىي باشقۇرغۇچىلىقنى جارى قىلدۇرغان ھالدا دۇنيانىڭ ھازىرقى ۋە ئۆتمۈشىدىكى ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ ئىنسانىي مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، كاتتا ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلى بولۇپ تونۇلغان ئۇيغۇردىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مىللەتنىڭ تىلىدۇر!!!

بۇ تارىخىي ھەقىقەتنى پۈتكۈل پۈشتى ئۇيغۇر ئىسىدە مەھكەم تۇتىشى، كاتتا ئىلىم پىشۋا ـ لىرىنىڭ ئىزى بىلەن ئىلگىرلەشنى ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات داۋاملاشتۇرىشى كېرەك. بىز غەيرى تىللاردىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئەينەن قوبۇل قىلمىساقمۇ، ئۇ خىل سۆز ـ ئاتالغۇلارنى تەپەككۈرىمىزنىڭ ئۆتكۈرلىگى، تىلـ ـمىزدىكى سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ مولىغى بىلەن ئۆز تىل ـ يېزىغىمىزدا راۋۇرۇس توغرا ئىپادىلىيەلەيمىز ۋە ئىپادىلەنگىنىچە توغرا يازالايمىز.

مەسلەن، توڭلاتقۇ(冰箱)، سىئالغۇ(录像机)، كىرئالغۇ(洗衣机)، كومپيۇتېر
ئۇنداق بولسا بىز تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ساقلامدۇق ياكى ئەبجەش قىلىپ قاراپ ئولتۇرامدۇق؟

3) گراماتىكا جەھەتتە:

خوش، ئەمدىكى ئېغىر بىر مەسىلە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىسىدىكى بۇزغۇنچىلىقتا رۇشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| تۈپ سۆزلەملەر | ھازىرقى خاتا قائىدە بويىچە تۈرلىنىشى | ئەسلىدىكى توغرا قائىدە بويىچە تۈرلىنىشى |
|---|---|---|
| چاتاق | چاتىقىم | چاتىغىم |
| قىزىق | قىزىقى | قىزىغى |
| ئەللىك | ئەللىكى | ئەللىگى |
| ئۆتۈك | ئۆتۈكۈم | ئۆتۈگۈم |
| يىرىك | يىرىكى | يىرىگى |
| غەزەپ | غەزىپىم | غەزىۋىم |
| مەنسەپ | مەنسىپىڭ | مەنسىۋىڭ |

بۇ مىساللاردىكى تۈپ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى خاتا قائىدە بويىچە تۈرلىنىشى:

1) سىستېما تەۋەلىكىدىن يىراقلاشتۇرۇش بىلەن يات بىر تىلغا تەۋە قىلىش خاتالىقى سادىر بولىدۇ؛

2)ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىي قانۇنىيىتىگە تامامەن خىلاپ بولۇش بىلەن بىرگە تىل ـ تاۋۇش ئورگانلىرىمىزنىڭ نورمال ۋە راۋان تەلەپپۇز ئىقتىدارىغا بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

3) كىشىدە بىرخىل يېقىمسىزلىق، ھۇزۇرسىزلىق ۋە قوپاللىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

4) ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت خەزىنىلىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

5)ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۇمشاق ـ يېپىشقاقلىق، سىلىقلىقتەك ئالاھىدىلىگىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولـ ـمايدۇ.

ئەمما تۈپ سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى توغرا قائىدە بويىچە تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىدەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە:

1) سىستېما تەۋەلىكىگە ماسلىقىنى دەلىللەشكە بولىدۇ .

2) تىل ـ تەلەپپۇز قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن؛

3) تەلەپپۇز قىلىشقا ناھايىتى ئاسان؛

4) ئاڭلىنىشقا ناھايىتى يېقىملىق بولۇپ، ئاجايىپ ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ؛

5) ئىملا قائىدىسى ئىلمىي ھالدا ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن زامانداشلىرىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ كىتاب ماتېرىياللىرىنى خاتاسىز ۋە ۋاقتىدا ئوقۇپ چۈشىنەلـ ـىشىگە پايدىلىق؛

6) ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ يۇمشاق ـ يېپىشقاقلىق ئالاھىدىلىگىنى ھەقىقىي نامايان قىلىش، گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق؛

www.uyghurkitap.com

7) ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ھەقىقىي نامايان قىلىش، گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق؛

8) بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىغا چاپلانغان «تىلنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ»، «جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ» دېگەن لەنىتى تۆھمەت ـ ھاقارەتلەرنى ئىلمىي يوسۇندا يوق قىلىشقا پايدىلىق.

بىلىش كېرەككى، تىل قانۇنىيىتى مەسىلىسى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە قارايدىغان ۋە خالىغانچە، قىياس بىلەنلا ئۆزگەرتىسە بولىۋېرىدىغان ئەرزىمەس بىر مەسىلە ئەمەس! بەلكى ئۇ ئىنساننىڭ تىل ـ تاۋۇش ئوگانلىرىنىڭ تەلەپپۇز قۇلايلىقى ۋە راۋانلىقى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى زىل، نازۇك بىر مەسىلە. چۈنكى، ئىنساننىڭ تاۋۇش چىقىرىش قۇرۇلمىسى «بەرگى» ئۇلاپ يېڭى سورت ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان كۆچەت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزگە خاس تەڭپۇڭلىقىنى ساقلىغان ھالدا تاۋۇش چىقىرىش يۆنىلىشى بولىدۇ. شۇڭا ئەگەر بىز تاۋۇش ئورگانلىرىمىزنىڭ چىقىرىشقا تېگىشلىك تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنى چىقىرىشقا تېگىشلىك ئورنىدىن چىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلساق، زومۇ ـ زو قىيىنچىلىققا دۇچ كەلتۈرىمىز! ــــ ئۇنىڭ تاۋۇش چىقىرىش يۆنىلىشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىل ـ تەلەپپۇزغا دائىر مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ ناھايىتى ياخشى ئىلمىي نەتىجىلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە مۇناسىپ ھالدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر بېكىتىلگەن. بۇ ئۈچۈن مەن تۈزگەن « مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن دەرسلىك ــــ ئۇيغۇر تىلى» (1 ـ قىسىم) ناملىق كىتابنىڭ 12 ـ ، 13 ـ بەتلىرىدىكى «ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى» ماۋزۇسى بىلەن بېرىلگەن تەبىرلەرگە قارىساقلا مەسىلە ئۆز ـ ئۆزىدىن ئايدىڭلىشىدۇ.

دېمەككى، يۇقىرىدىكى مىسالدىكى تۈپ سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى قائىدە بىلەن تۈرلىنىشى ئىلمىي، قانۇنىيەتلىك بولۇپ، مۇنداق قانۇنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە قېرىنداش تىللاردىن تۈرك تىلىدىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن:

**ç** → **c** : ağaç→ ağacı , havuç→ havucu , kazan**ç**→ kazancı ;

**k** → **ğ** : gözlük→ gözlüğü , yatak → yatağı , çocuk → çocuğu ;

**p** → **b** : kitap→ kitabı , dolap → dolabı , sahip → sahibi ;

**t** → **d** : yurt→ yurdu , vücut → vücudu , art → ardı ;

**nk** → **ng** : ahenk→ ahengi , renk → rengi , denk → dengi ;

**nç** → **nc** : sevinç→ sevinci ;

دېگەندەك.

ئەگەر بىز تۈركچىدىكى ھەرپ ـ تاۋۇشلارنىڭ بۇ خىل قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەنمىز، ئۇھالدا تۈركچە بىلگەن بولمايمىز، بەلكىم مەسخىرىگىمۇ قالىمىز(؟)

ئەمدى بۇ يەردە شۇنىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى، ئەگەر مەن **$5+5 = 9$** ياكى، **$5 \times 5 = 9$** دېسەم ، ياكى تۇزنىڭ خېمىيۋىي فورمىلاسى $H_2Cl$ دىسەم، ياكى **$I = \frac{R}{V}$** دەپ يېزىپ ، توك كۈچى قارشىلىققا ئوڭ تاناسىپ كۈچۇنۇشقا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ، دېسەم < توغرا > دەمسىلەر؟

چۇقۇمكى، ئەسلا توغرا دېمەيسىلەر ۋە شۇڭا ئۇنداق ھېساپ نەتىجىسى ۋە فورمۇلالارنى رەت قىلىسىلەر. چۈنكى، ئاشۇ ھېساپلاش نەتىجىسى ۋە فورمۇلالار ئىلمىي قانۇنىيەتكە خىلاپ،ـ تە!؟ چۈنكى، **$5 + 5 = 10$** ياكى، **$5 \times 5 = 25$**. ئوخشاشلا تۇزنىڭ خېمىيۋىي فورمىلاسى HCl ، توك كۈچى بولسا كۈچۇنۇشقا ئوڭ تاناسىپ قارشىلىققا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ فورمۇلاسى:

$$\mathbf{I} = \frac{V}{R}$$

ئەجەبا، تەبىئى پەن بىلىملىرىدە قائىدە-قانۇنىيەتكە شۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىلىپ، توغرىسىنى قوبۇل قىلمىسا بولمايدىكەنۇ، ئىجتىمائىي پەنلەرگە، جۈملىدىن تىل-تاۋۇشلارنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىسىمۇ بولىدىغان ئىش بارمىكەن؟

زادى ھەممىسى ئوخشاشلا ئىلىم ئەمەسمۇ ۋە شۇڭا تىل - يېزىق ئىلمىگىمۇ قەتئىي ئىجابىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

ئەمدى بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەنكى، ئۇيغۇر تىلى «تۈركىي تىللار» سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، يۇمشاق ، يېپىشقاق ، ئەۋرىشىم تىل . شۇڭلاشقا سۆزلەرنىڭ بىرلىك شەكلىنى ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن مۇۋاپىق ھالدا تۈرلەپ ياكى كۆپلۈك ھالىتىدە ئېيتىپ قوللىنىشقا توغرى كەلگەندە بىرلىك شەكلىدە قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆزگىرىش بولىدۇ . مەسىلەن :

| تۈپ سۆزلەر | تۈرلىنىشى |
|---|---|
| چاتاق | چاتىقىم |
| قىزىق | قىزىقى |
| ئەللىك | ئەللىگى |
| ئۆتۈك | ئۆتۈكۈم |
| يىرىك | يىرىگى |
| غەزەپ | غەزىۋىم |
| مەنسەپ | مەنسىۋىڭ |

دېگەندەك ۋە مانا شۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن خىتاي تىلىنىڭ قاتتىقلىق ، بوغۇم ئۆزگەرمەسلىكتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىگىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى،خىتاي تىلىدا :

| كۆپلۈك | | بىرلىك | |
|---|---|---|---|
| بىز | 我们 wǒ mén | مەن | 我 wǒ |
| سىز ، سىلەر | 你们 nǐ mén | سەن | 你 nǐ |
| ئۇلار | 他们 tā mén | ئۇ | 他 tā |
| ئۇلار | 她们 tā mén; | ئۇ | 她 tā |
| كىتابلار | 书籍 shū jí | كىتاب | 书 shū |
| دەرەخزارلىق | 树林 shù lín | دەرەخ | 树 shù |
| دەرەخزارلىق | 树丛 shù cóng | | |
| دەرەخزارلىق سەنئىتى | 树艺 shù yì | | |

بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى،خىتاي تىلىدىكى بىرلىك شەخستە كەلگەن سۆزلەر كۆپلۈككە ئۆزگەرگەندە قىلچىمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈپ سۆزلەرنىڭ تۈرلەنگەن ھالىتىنىڭ ھازىرقى خاتا قائىدە بۇيىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| چاتاق | چاتقىم |
| قزىق | قزىقى |
| ئەللىك | ئەللىكى |
| ئۆتۈك | ئۆتۈكۈم |
| يىرىك | يىرىكى |
| غەزەپ | غەزىپىم |
| مەنسەپ | مەنسىپىڭ |

دەك يېزىلشىنىڭ ئۇنىڭدىن نىمە پەرقى بار؟
مىڭ ئەپسۇس!

بۇ كەمگىچە بولغان 20 يىل مابەينىدە تۈزۈلگەن ئۇيغۇر تلى دەرسلىك كتاپلىردا بۇخىل خاتالىق ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بۇھال 2010 ـ يىلى ئارسلان ئابدۇللا تەھرىرنىڭ باش تۈزگۈچىلىگى بىلەن تۈزۈلگەن، ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تلى» دەرسلىگى ، 2015 ـ يىلى ئەخمەتتوختى مۇھەممەت تۈزگەن، ئاتالمىش شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تلى گرامماتكىسى» ۋە نۇۋەتتە ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئەپەندى تۈزگەن «ئۇيغۇر تلى دەرسلىگى» ۋە «ئېلىپبە» كتاۋىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

بۇ يەردە مەن باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرى توغرىسىدا توختىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم . چۈنكى ئۇلار كۆز يەتكۈسىز ئۇزاقتا . جۈملىدىن ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش پۇرسىتىمىزمۇ يوق . شۇڭا پەقەت ئابدۇۋېلى ئايۇپنىڭ خاتالىقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ، ئۇنى مۇنازىرىگە چاقىرىمەن .

ئۇنداقتا ، ئۇ تۈزگەن ، ئېلان قىلغان ئىككى كتاۋىدىكى نوقتىلىق خاتالىقلار نىمە ؟

1) تۈنجى كتاۋىنىڭ ماۋزۇسىدىلا ئىملا خاتالىغى سادىر قىلغان . مەسىلەن «ئانا تلى دەرسلىكى» دېگەندەك . ئەمما ئەسلى: دەرسلىك ← دەرسلىگى بولىدىغان توغرا قائىدە بويىچە «ئانا تىل دەرسلىگى» دەپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى . مۇشۇنداق خاتالىق ھەممە بەتتە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ .

2) سۆزلەرنىڭ ئىستىمال مەنىسىدە مەنتىقىي خاتالىققا يول قويۇلغان . مەسىلەن شۇ كتاپنىڭ «كتاپ بوسۇغىسى» ماۋزۇسى بار بەتتىكى 3 ـ قۇرغا قارىساق «ئىقتىدارىنى تاۋلاش» دېگەن ئىبارىنى كۆرىمىز . بۇ زادى قانداق گەپ ؟ تاۋلاش دېگەن پولات ـ تۆمۈر ۋە باشقا كۆرگىلى بولىدىغان مەدەن تۈرلىرىگە قارىتىلىدۇ . ئىقتىدار دېگەن مەۋھۇم مەۋجۇتلۇق . شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە «تاۋلاش» سۆزى جايىدا ئىشلىتىلمىگەن . ئەڭ توغرىسى ، «ئىقتىدارلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش» ئىبارىسىنى قوللىنىش لازىم.

3) ھېچ قانداق تىل ئىقتىدارى يوق بالىلارنى شېئىر يېزىشقا ئۈندەشتەك ئەخمىقانىلىق سادىر قىلىنغان . بۇ قانداق ئىش ؟

بالىلار ئۈچۈن كتاپ يازغان ئىكەنمىز ، ئەۋۋەل ئۇلارنىڭ خەت ـ ساۋادىنى چىقىرىش ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى ۋە بۇ ئۈچۈن ئېلىپبە ساۋادىنى ياخشى چىقىرىش لازىم.

شۈكرىكى ، ئابدۇۋېلى ئەپەندىم «ئېپبە» كتاۋىنىمۇ تەييارلاپتۇ ، ئەمما بۇ كتاۋىدا ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشىغا يول قويۇلغان :

1) ئېلىپبەنىڭ خاس ئالاھىدىلىگى مەۋجۇت ئەمەس . ئۆزىچە مەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزىدىن ماڭدىم ، دەپتۇ ۋە سۆزلەرنى بوغۇم سانى بويىچە تىزغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ .

بۇ قانداق «ئېلىپبە» ؟ ئابدۇۋېلى ئەپەندى «ئېلىپبە» دېگەن سۆزنى چۈشىنەمدۇ ـ يوق ؟ ئۆزى قانداق ئوقۇغان ؟ بۇنى بىلەمدۇ ـ بىلمەمدۇ ؟

ئوبدان ئۆيلىنىش كېرەككى ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تۈزگىنى ئېلىپبە ئەمەس ، بەلكى يۇقىرى سەۋىيىلىك لۇغەت . ھېچ قانداق خەت ـ ساۋادى يوق باللارنى مۇنداق يۇقىرى بېسىملىق سۆزلەر ئامبىرىغا سولاپ قويساق ، قانداقمۇ راھەت ـ راھەت ساۋاتلىق قىلالايمىز ؟ ئېلىپبە شۇناسلىرىمىزنىڭ 40 ـ 50 يىللاپ نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەييارلىغان «ئېلىپبە»مىزنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى مۇشۇنداقمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇش كېرەكمۇ ؟

مەھمۇت قەشقەرى تۈزگەن ئۇ لۇغەت يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇش بىلەن بىرگە باشقا ھېچ قانداق لۇغەتكە ئوخشىمايدىغان بولغاچقا ، ئالاھىدە ئېندېكىس ئىشلەپ چىقىلىپ ، زامانىمىز ئىلىم ئەھللىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى ئاسانلاشتۇرۇلغان . شۇنىڭچىلاپ ئەمدى ئابدۇۋېلى ئايۇپ ئەپەندى تۈزگەن ئېلىپبەدىن پايدىلىنىپ ساۋات چىقىرىش ئۈچۈنمۇ مەخسۇس ئىندېكىس ئىشلەپ چىقىش كېرەكمۇ ـ قانداق ؟

ياق ، توغرىسى ، بۇخىل ئېلىپبەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، ئەنئەنىۋىي ئىلمىي ئېلىپبەنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش لازىم . چۈنكى «ئېلىپبە» دېگەنلىك :

**(1)** بىرەر تىل ـ يېزىقتىكى ھەرپلەرنىڭ بەلگىلىك تەرتىپ ـ قائىدە بويىچە تىزىلغان يىغىندىسى ، دېگەنلىكتۇر . بۇ كەمگىچە باشقىلار تۈزگەن ئېلىپبە بۇ قائىدىگە تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ .

**(2)** باشلانغۇچ مەكتەپ **1** ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساۋات چىقىرىش كىتاۋى ، دېگەنلىكتۇر .

**(3)** كۆچمە : باشلانغۇچ ساۋات ، دېگەنلىكتۇر .

مانا بۇ نوقتىلار چوڭقۇرراق ئويلىنىلىشى لازىم ، ئەلبەتتە .

**2)** كىشىنى بەكمۇ بىئارام قىلىدىغان يەنە بىر ئەھۋال ، بەزى ھەرپلەرنىڭ تەركىپداشلىرىنى زومۇ ـ زو قىسقارتىۋېتىلىشىدا كۆرىلىدۇ . مەسلەن ، < ئا > ، < ئە > ھەرپلىرىگە قارىساق ئىككى خىل ، < ئې > ، < ئى > ھەرپلىرىگە قارىساق **4** خىل شەكلى بېرىلىپ قالغانلىرى قىسقارتىۋېتىلگەن.

بۇ نىمە ئىش ئەمدى ؟

**3)** بەزى دىنىي سۆز ـ ئاتالغۇلارمۇ «كېيىن ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ» دەپ قارالغان .

مانا شۇنداق .

ئۇنداق بولسا ، يېزىق ، سۆز ۋە ئىملا ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ مۇددىئاسى زادى نىمە؟ ياكى بىزنىڭ تىل ـ يېزىغىمىز ئۇ بىرقانچە ئادەمنىڭ خالىغانچە ئۆزگەرتسە بولىۋېرىدىغان شەخسى قورالىمۇ؟ ياكى بىزنىڭ تىل ـ يېزىغىمىز ئۇلارنىڭ خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ئوينايدىغان شاخمىتىمۇ؟

ئەسلا ئۇنداق ئەمەس ۋە ئۇنداق بولماسلىغى شەرت!

چۈنكى، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى نەچچە مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجىنىڭ يەكۈنى قوللانمىسى بولۇپ، جانىجان مەنپەئەتىگە بىۋاستە تاقىلىدۇ.

شوڭلاشقىمۇ بىزنىڭ گراماتىكىمىز **1986** ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللىشىپ، باشقا جەھەتلەردىن تاشقىرى، بىر ھەرپ بىرلا تاۋۇشنىڭ بەلگىسى بولۇشتەك ئېنىقلىق، قولايلىق ۋە راۋانلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بىرلا مىسال، مۇندىن ئىلگىرى < ئو > ھەرپى < ئو > ، < ئۆ > ھەرپ (تاۋۇش)لىرى ئۈچۈن، < ئۇ > ھەرپى < ئۇ > ، < ئۈ > ھەرپ (تاۋۇش) لىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىشتەك مۈجمەللىك تۈزۈتۈلگەن ۋە شۇ ئاساستا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئالتۇن دەۋرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى!

شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر قانداق ئىلىم ئەھلى يەك دىللىك بىلەن مۇشۇ تىل ـ يېزىغىمىزنىڭ توغرا ئىملا قائىدىسى بويىچە كەڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشىغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ تىل ـ يېزىغىمىزدا ساۋادى يوقلار سەۋرچانلىق

بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ساۋادىنى چىقىرىش-بىلىم ئاشۇرۇش ئاساسىدا ئۇيغۇر بىلىم-مەرىپەت دۇنياسىغا مەردانە قەدەم تاشلىشى كېرەك!

بىزنىڭ بۇ يېزىغىمىز-گۈلدەك يېزىق ، تىلىمىز بۇلبۇلدەك تىل. سۆيۈملۈك 32 ھەرىپتىن تۈزۈلگەن مۇشۇ تىل-يېزىغىمىز بى باھا گۆھەر! مۇشۇ تىل - يېزىغىمىز بىلەن 50 نەچچە يىلدىن بۇيان سانسىزلىغان كىتاۋىي بىلىم خەزىنىسىنى بەرپا قىلدۇق! ئۇنى ئەمدى ئەخمىقانە خىياللار بىلەن يېزىق، سۆز ۋە گرامماتىكا بۇزغۇنچىلىقىغا يول قويۇپ، نابۇت قىلىۋەتسەك ئەۋلاتلىرىمىز ۋە تارىخ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنى سادىر قىلىمىز. بۇ يەردە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇمەن: ئۇيغۇر چۈشەنچىسىنى بىلەن شۇنى تەشەببۇس قىلىمەنكى، توغرىنى ئۆگىنەيلى، توغرىنى ئۆگىتەيلى! ئەۋلاتلىرىمىزنى خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ قۇربانى قىلىۋەتمەيلى! **ئۇيغۇر تىل-يېزىغى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا،ھۇشيار بولايلى!!!**

**15 . 5 . 2018**

ئىستانبۇل

# ئانا تىل قەسرىدە ياپرايدۇ ئىنسان

**ـــ قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ « ئاپا سەندىن ئاغرىنىشقا ھەققىم بار » ناملىق نەسرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن**

مانا ، تۈنىمۇ يېرىم بولۇپ كېتىپتۇ ، سۆيۈملۈك ئانا ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى چۈرىدەپ يېزىلغان ئاجايىپ قىممەتلىك بىر ئەسەر تېخىچە خىيال ئىكرانىمدىن ئۆچمىگەن بولۇپ ، مەن ھەيرانە ـ ھەسلىگىمدىن ، « ئىخ ! سۆيۈملۈك ئانا تىلىم ! سەن نەقەدەر قىممەتلىك ! سېنىڭ سېھرى كۈچۈڭ نەقەدەر سۆيىنەرلىك ؟؟؟ » دەپ ئىچ ـ ئىچىمدىن قاتتىق خۇرسۇنۇپ ئولتۇرغان ھالدا ئۇ ئەسەرنى تەكرار ــ تەكرار ئوقۇپ ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن .

شۇنداق ! .

بۇ ئەسەر ، ــ قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ « ئاپا سەندىن ئاغرىنىشقا ھەققىم بار » ناملىق ئەسىرى بولۇپ ، ئەسەرنىڭ جەزبىدارلىقىدىن ھەققەتەن بىر ئوقۇش بىلەنلا زادىلا بولدى قىلغۇم كەلمىدى ۋە تەكرار ـ تەكرار ئوقۇۋەتتىم ، بەلكى ، ھاياجان تۇيەيلى خىياللار دېڭىزىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا غەۋۋاسلارچە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتىمدە ، شۇنچىۋالا تەسرلەندۇرگەن ، ھەۋەسلەندۇرگەن ۋە جان ۋۇجۇدۇمنى لال قىلغان « مۆجەۋھەرلەر » نىڭ ھەممىسنى سۈزۈپ ئېلىپ ھەر ـ بىرىڭلار بىلەن قانا ـ قانا سىرداشقۇم كەلدى !

شۇنداق ، ئېزىز قېرىنداشلىرىم! .

بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ۋە تېگىگە يېتەلىگەن ھەر قانداق كىشى ھەرگىزمۇ بىر ئوقۇش بىلەنلا تاشلاپ قويغۇسى كەلمەيدىكەن ، بەلكى جۈملىمۇ ـ جۈملە ، سۆزمۇ ـ سۆز تەھلىل قىلىپ ، چوڭقۇر ساۋاق ، ئوتلۇق ئىلھام ۋە پارلاق غايىۋي نىشانغا ئىگە بولىدىكەن !!!

خۇسۇسەن سۆيۈملۈك ئانا ئۇيغۇر تىلىمىز جىددىي خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەسەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىۋي ئەھمىيتى غايەت زور ، ئىنشا الله !!

بۇ ئەسەرنىڭ كىشىنى مانا شۇنداق ئاجايىپ سۆيۈندۈرگۈچى بولۇپ مۇۋاپپىقىيەتلىك يېزىلىشىدا ، ئەلبەتتىكى ، قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ ئانا تىل مۇھەببىتىنىڭ ئاجايىپ چوڭقۇرلىغى ، ئانا تىل غۇرۇرىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈكلىگى ۋە شوڭلاشقا ئەدەبىي ۋە بەدەئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئاجايىپ مۇكەممەللىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىگىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ !!! قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزمانا شۇنداق ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي پەزىلتى بىلەن قەلەم تەۋرەتكەنلىكتىن ، بۇ ئەسەر تولىمۇ تەسىرلىك يېزىلغان بولۇپ ، ھەرقانداق گىرانت كاللا كىشىنىمۇ ، ئەگەر ئۇ نانىنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرىنى پەرق قىلالايدىغانلا بولسا قايىل قىلماي قالمايدۇ !

شۇنداق! .

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز بۇ ئەسەرگە ئىنكاس يازغان بەزى قېرىنداشلىرىمغا قايتۇرغان ئىنكاسىدا :

« قاناتلىرى بوغۇشلانغان قۇش ،
قانداق قانات قاقىدۇ كۆكتە
بۆشۈگىدە تۇنجۇققان ھېسلار ،

www.uyghurkitap.com

يېزىلماسكەن ئەركىن نەپەستە .
ئىزگۈ تىلەك كۆتۈرسە غەليان ،
پېقىر كۆنى ئۆتمەمدۇ تەستە ، .....»

دەپ يېزىپ ، جان ـ ۋۇجۇدى ۋە قەلپ دۇنياسىنى قاتتىق ئازاپلىغان روھىي كىشەنلەرگە نىسپەتەن يانىلا ئىجتىھات لىباسىنى كىيىپ ، چىدام بەلبېغى بىلەن بىلىنى مەھكەم باغلاپ ، « ئىسيان خەنجىرى » نى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ، ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ گۈزەل ئىستەكلەرنىڭ مۇكەممەل ئىپادىلىنىش ئاساسىنى ئاجايىپ ماھىرلىق ، ئۇستۇلۇق بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشىپ ، قەلبىدىكى ئوتلۇق تۇيغۇلىرىنى ھەققەتنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش روھى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇپ ، قەددىنى تىك تۇتۇپ ئالغا ئىنتىلىش بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ!

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز بۇ گۈزەل ئەسرىنى يىگىتنىڭ بىر قاتار قىممەتلىك ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي ئارزۇ ۋە تەلپۈنۈشلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەش ئاساسىدا جىگەرلىك ئۇيغۇر ئەۋلاتلىرىنىڭ تۆپكى روھىي ھالىتىنى جانلىق شەرھلەپ ، « بىز ئەسلىدە مانا شۇنداق ئۇيغۇر جامائەسى ئىدۇق !!! » دەپ خىتاپ قىلىپ ، رېئاللىقىمىزدىكى قاششاقلىق ۋە رەزىللىك ئىللەتلىرىدىن قەتئىي قول ئۈزۈشكە چاقىرىش بىلەن باشلاپ شۇنداق دەپ يازىدۇ:

« مەن قارىماققا ئالىي مەلۇماتلىق ئادەم بولۇپ يېتىلدىم . ئەمما تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردىن تارتىپ تەپەككۇر ئۇسۇلۇمغىچە مەندە ئاجايىپ بىر خىل پېتىرقاش ۋە ئاچچىق تۇيغۇ بار .... قەلبىمدىكى ئورنىنى تولدۇرىۋالغۇسىز بىر بوشلۇق مېنى تىنىمسىز ئازاپلايدۇ.. »

ھېس قىلىشقا بولىدىكى ، ئاللىقاچان ئۆزىنى يۇكسەك ئىلمىي مەلۇمات قوينىغا ئاتقان بۇ يىگىت ئىلىمنىڭ بى پايان زېمىنى بولغان جەمىيەت قوينىغا شۇڭغۇپ كىرىپ يۈزمىڭلىغان نىمە ئۈچۈنلەرگە دۇچ كەلگەن ۋە ھەقىقىي بىر بىلىم ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمىيەتتىكى ناھەقچىلىقلار ، بۇزۇقچىلىقلارنى كۆرۈپ يۈرىگى پۇچىلانغان بەلكى بۇ خىل ئەھۋاللار تۈپەيلى ئۆزىنى چىدىغۇسىز ئازاپ دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەندەك ھېس قىلغان !!!

دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، مەڭگۈلۈك ئۆمۈردىشىنى تاللاش مەزگىلىدە پاك ئىمانىي ۋە كەسكىن ۋىجدانىي چۈشەنچىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا ئىرادە باغلىغان .

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا يىگىتنىڭ ئۇ خىل قىممەتلىك روھىي ھالىتىنى ئالاھىدە جانلىق رەۋىشتە ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . بۇ ھالەت ، يىگىتنىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتىنى ئانا تىلىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى يالتىراپ تۇرىۋاتقان گەۋھەردەك سۈپىتى بىلەن باغلاپ يورۇتۇپ بېرىشتە جانلىق گەۋدىلىنىدۇ!!!

ئەنە ، يىگىتكە ئاپىسى بىر قىزنى تاپقاندا ، يىگىت شۇنداق دەيدۇ ... » : سەن ماڭا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان قىز ئىمان ـ ئېتىقاتلىق ، ديانەتلىك قىز بولغان بولسىغۇ مەيلى ئىدى ، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ مەن يەنىلا سېنىڭ گېپىڭنى يىرمايتتىم . لېكىن ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئانا تىلىدا ئوقۇمىغان ، تولىمۇ ئەركە ئۆسكەن ، قونچاقتەك بىر قىز تۇرسا ... » ، « ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا بىر مەكتەپدىشىمنى ، يەنى شۇنداق ئۇماق ، ئېقىللىق بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم . ئۇنىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرى ، ناھايىتى سىپتا ، ئەنئەنىمىز بويىچە كىيىنىشلىرى ، مەكتەپ سەھنىلىرىدە سۆزلىگەن جاراڭلىق نۇتۇقلىرى ، ... مېنى ئەسىر قىلىۋالدى . مەن ھاياتىمدا سۆيگۈ ئوتىنىڭ بۇ قەدەر يالقۇنلۇق دەپتىنى تۇنجى ھېس قىلىۋاتقان بولغاشقا ھەم

قەلبمنى ئۇنڭغا قانداق ئىزھار قىلىشنىمۇ بىلمىگەشكە بەكلا قىينالدىم . ئۇنڭغا خەت يازاي دىسەم ئۆزۈڭ بىلىسەن ئانا تىلىمدا ئارانلا ساۋادىم بولغان بىلەن سۆزلەرنى تازا باغلاشتۇرۇپ يازالمايمەن . مانا بۇ خېتىمنىمۇ ساڭا يەنە يات تىلدا يېزىۋاتىمەن.لېكىن مېنىڭ ئۇ قەدىرلىك مەھبۇبەم تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ «... ، ... »ئەپسۇس ، مىڭ ئەپسۇس ... ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە بولسا زۇۋانىم تۇتۇلۇپ ، بىر ئېغىز گېپىمنىمۇ ئوڭشاپ قىلالماي مولۇندەك چەكچىيىپلا تۇردۇم . توۋا دېگۈم كېلىدۇ ئاپا . ئەركەك تۇرۇپ شۇ كۈنى ئۆزۈمنى بەكمۇ ئاجىز ھەم بىئەتۋا سەزدىم ...... » ، « مەن ئۇنىڭ تۇرۇلگەن قاپاقلىرىغا ، كېتىشكە ئالدىرىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ مەغلۇپ بولغۇنۇمنى تۇيدۇم.... »

.

بۇ قىزنىڭ بۇ يىگىتنىڭ دوستىغا ئېيتقانلىرى : « بولدى قىلىڭە ئۇ ئاغىنىڭىزنى ، ... ئىگەم ئۇنى ماڭا ئىككىنچى يولۇقتۇرمىسۇن ، يىگىت چىقمىغان ھالەتتىمۇ ئۇنداق گاچىنى تاپماسمەن .....» ، « توۋا قىلدىم خۇدايىم ، ئورۇندۇقتا پۇتلىرىنى جۇپلەپ قىز بالىدەك ئولتۇرىشلىرىچۇ تېخى. تاماق يېيىشلىرىمۇ غەلىتىلا ، ماڭسا يەرنىڭ جېنى ئاغرىپ كېتىدىغاندەك ماڭىدىكەن . يىگىت دىگەن جۇشقۇن ، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولمامدۇ ؟ يەرنى گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ ، بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭمامدۇ ؟ بولدىلا .... ئۇ ئاغىنىڭىز كۆزۈمگە پەقەت سىغمىدى . ئەمدى مۇنداق شالغۇتلىشىپ كەتكەن ، زەيپانە يىگىتلەرنى ماڭا ھەرگىز سايە قىلغۇچى بولماڭ ! ئۇ مېنىڭ خىلىم ئەمەس ...... »

ژىگىتنىڭ ئاپىسىغا ئىنكاسى :

« ئاپا ئاڭلىدىڭمۇ بۇ زەھەردەك گەپلەرنى ؟

بىر يىگىت ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئۇشۇق ھاقارەت بولامدۇ ؟ مەن ئۆلىۋالايمۇ ئاپا ؟ »

!!! ........................

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز ئىجتىمائىي رېئاللىقمىزدىكى قاتتىق ئېچىندۇرىۋاتقان بەلكى قاتتىق ھەسرەت ـ نادامەتكە دۇچ كەلتۈرىۋاتقان ئەھۋاللارنى ناھايىتى ئىخچام ئەمما تەسىرلىك دېئالوگلار ئاساسىدا بايان قىلىپ ، ئۇنتۇلغۇسىز زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلەر ۋە ئىككى قۇتۇپلۇق تۇيغۇلار قايىنمى ئارقىلىق بىزنى چۇڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ ۋە سىر ـ تۇمانلىق قەلب سارايىمىزغا شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرىپ خىتاپ قىلىدۇ :

ئويغىنايلى ئېزىز قېرىنداشلار ! !

ئانا تىل ئالتۇن قەسىر ! ئانا تىل قەسرىدە يايرايدۇ ئىنسان مىڭلاپ ئەسىر !!!

شۇنداق!

چۈنكى ، ئانا تىلدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان بىچارىلەرنىڭ روھى دۇنياسى چىدىغۇسىز ئازاپ ئوقۇبەت بىلەن تولۇپ ـ تاشقان بولۇپ ، ئادەتتە بىر ھايۋانچىلىكمۇ قەدىر ــ قىممىتى بولمايدۇ ، چۈنكى ئۇلار ئالدى بىلەن مىللىي كىملىگىدىن مەھرۇم بولۇپ شەكلى ئۆزگەرگەن قۇللۇق پاتقىقىغا چۆكۈپ كېتىدۇ . شوڭلاشقا ئەمدى ئاجايىپ ئوتلۇق سۆيۈندۈرگۈچى شىرىن سۆيگۈ تىلەكلىرىنى پەقەت ۋە پەقەت قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئانا تىل ئىدراكى بىلەنلا راۋان ، مەنتىقلىق ۋە تاتلىق ـ تاتلىق ئىزھار قىلالايدىغان ئىمكانىيەتتىن تامامەن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ ۋە بۇ سەۋەپلىك ، ئۇلارنىڭ ئارمان بىلەن تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ كەلگەن ئاجايىپ گۈزەل ھاياتى سۆيگۈ ئىستەكلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىپ ، « دۇنيادىكى ئەڭ قىزىقارلىق ئىلمىي كىتاپلارمۇ ئاشىقىڭنىڭ بىر ئېغىز سۆزىچىلىكمۇ ھوزۇرنى بىرەلمەيدۇ » غان بۇران ـ چاپقۇنلۇق ، قەھرىتان سوغ زىمىستان قىشتەك كۆڭۈلسىز تۇرمۇش قىسمەتلىرى ئىچىدە قاتتىق خورلۇنۇپ ئۆتۈشكە مەھكۇم بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟؟؟

شىرىن ھاياتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش مەزگىلىدىلا مۇنداق فاجىئەلەرگە يولۇقۇشتىنمۇ ئېغىر جازا بولۇشى مۇمكىنمۇ كىشىگە ، ئەخىر ؟؟؟

كىشىنى تېخىمۇ ئويلاندۇرىدىغىنى ، ئانا تىلدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلارنىڭ پسىخىكا ۋە فىزىولوگىيىلىك مۇۋازىنىتىنىڭمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىشى ھەتتا بۇ جەھەتتىمۇ ئىنسانىي قەدىر ــ قىممەتتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدىغانلىقىدۇر!

ئەنە ، يىگىتنىڭ ئاڭلىغان تىل ـ ھاقارىتىگە ۋە بۇ سەۋەپلىك ھاياتتىن ۋاز كېچىشىگە بىرىپ يەتكەن بىچارىلەرچە پەريادىغا قاراڭلار ؟؟؟ .

شۇ تاپتا ، مەن مەملىكەتتىكى ۋاختىمدا بىر گېزىتتىن كۆرگەن » كەسلەنچۈكنىڭ مۇھەببىتى « ناملىق قىزىقارلىق بىر ۋەقە ئېسىمگە كېلىپ قالدى . ئۇ بولسىمۇ ، مەلۇم بولۇشىچە ، ياپۇنىيىدە بىر يەردە بىر كىشىنىڭ سېلىنغىلى 18 يىل بولغان ئۆيى تۇساتتىن بۇزىۋېتىلىدىكەن . ئۆيىنى بۇزغۇچىلار كەلگەندە ، بىرسى « ئۇ يەرگە قارا ! » دىگەندەك بولۇپ بىشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇسقا قارىسا بىر كەسلەنچۈكنىڭ يەنە بىر كەسلەنچۈككە ئۇزۇقلۇق بىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدىكەن . بۇ نىمە ئەھۋالكىنە ، دەپ دىققەت بىلەن كۆزەتسە ئۇزۇقلىنىۋاتقىنىنىڭ قۇيرۇغىدىن بىر يەرگە مىخلىنىپ قالغانلىقى بىلىنىدىكەن . دىمەك ، بۇ كەسلەنچۈك 18 يىلدىن بۇيان قۇيرۇغىدىن مىخلانغان پېتى قالىدىكەن . يەنە بىرى بولسا ساق بولۇپ ، ئۇ ئۇنىڭغا ئۇزۇقلۇق تېپىپ كېلىپ بېقىشقا كىرىشىدىكەن ......

مانا ئەھۋال .

بۇ يەردە ، ئالدى بىلەن جەنابىي اللەنىڭ بۇ جانىۋارلارنىڭ ھاياتىنى ھىكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئويلانماي بولمايدۇ . ئاندىن ، ھېلىقى كەسلەنچۈك گەرچە جىسمانەن ئاجىزلىققا دۇچ كەلسىمۇ ، يانىلا جەنابىي اللە بېغىشلىغان ئۆز تىلى ۋە ئۆز تۇيغۇلىرىنى يوقاتمىغان بولغاچقا ، دۇچ كەلگەن دىشۋارلىقلىرىنى راۋان ئىپادىلەپ ، مەخسەتلىرىنى چۈشۈنۈشۈپ كىتەلىگەن . شۇ سەۋەپلىك ، ئۆزلىرىگە خاس ياشاش مۇھىتىنى بەرپا قىلىش ئاساسىدا ھاياتىنى ئىنشا اللە بەختلىك ھالدا داۋاملاشتۇرالىغان . ئەگەر بىرى باشقا خىل تىل ۋە تۇيغۇدا بولغان بولسا بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمىدى ؟؟؟

ئەمدى ، ئانا تىل مۇھىتى ۋە خاس مەدەنىي ھايات شەكىللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزچۇ ؟

بۇ جەھەتتە ، ئەنە قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ چۈشقۇر مەنىلىك بايانى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنچە بىرىدىكى ، ئۇنداق مۇھىت ، ئۇنداق تۇرمۇش شەكىللىرىگە تۇتقۇن قىلىنغان ئىنسان مۇقەررەر ھالدا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ۋە چىدىغۇسىز بەختسىزلىك ۋە خورلۇقلارغا دۇچار بولىدۇ ،

خالاس ! !

شوڭلاشقىمۇ ، قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز « كوچەتتىمۇ نوتا چېغىدىن باشلاپ ئوبدان تەربىيىلىسە ياخشى ئۆسكەندەك ، ھەممە ئىشنىڭ ۋاختى بولىدىكەن . شۇنداقتىمۇ بۇ ھاياتىمدا ھەممىدىن مەھرۇم قالسامۇ ، ئانا ۋەتىنىمدە ، ئانا تىلىمدا سۆزلەپ ، بىشىمنى تىك كۆتۈرۈپ ياشاشنى ئارمان قىلدىم ،،،، » دەپ يېزىپ ، ئانا تىلنى مۇتلەقا كىچىك ۋاختىدىن باشلاپلا كۆچەپ تۇرۇپ ياخشى ئۆگۈنۈشنىڭ بەكمۇ زۆرۈرلىكىنى ناھايىتى مەنتىقىلىق ۋە تەبىئىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويىدۇ !

ئەمىلىيەتتىمۇ مۇنداق ئۇسۇپ يېتىلىش ــ تۇغۇلىشىدىنلا خاس مىللەتنىڭ بىر زەررىسى بولغان بىر ئەۋلاتنىڭ ھاياتى قەدىمنىڭ روھى ئازادىلىك بىلەن تاشلىنىشى بولۇپ ، ئەگەر بۇنىڭغا چەك قويىلىدىكەن ، بۇ ، ــ خۇددىي ئەركىن ئۆسىۋاتقان كۆچەتنى مەڭگۈلۈك باغلاق بىلەن تومۇر ـ تومۇرلىرىنى قىسىپ باغلاپ ، يىلتىزى ۋە يوپۇرماقلىرى ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ھاياتى كۈچ

ئاساسلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ ، نورمال ، تەبىئىي قانۇنىيىتى بۇيىچە بۇك - باراخسان بولۇپ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ كېرەكسىز مۇردا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇش بىلەن بارابەر دېمەكتۇر.

مۇنداق ھالەتنى ئېقىللىق ئىنسان ئەۋلادى قوبۇل كۆرىشى مۇمكىنمۇ ، ئەخىر ؟؟؟ ئەلبەتتىكى، بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس !!! .

بۇ ئەھۋال ئەسەردە گەرچە ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەندەك تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ ، ماھىيەتتە ئەدەبىي ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ پىششىقلانغان دەرسخانىسى بولغاچقا ، بۇ ئەسەر ئەلبەتتىكى رېئاللىقىمىزدىكى مۇشۇنداق ۋاقىئەلىكلەرنىڭ قىسقا ئەمما جانلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ھېچكىممۇ خالىي ئەمەس.

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز بۇ ئاساسىي ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشنى چۆرىدىگەن ئاساستا يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇتۇپلاشقان روھىي ھالىتىنىمۇ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن بايان قىلىپ ئېچىپ بىرىپ ، ئەۋلات بولغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن كۈتىغانلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ۋە ناھايىتى مۇھىم مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىرمۇ - بىر ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئىلىم — مەرىپەتتىكى يېتۈكلۈكنىڭ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ . بۇ جەھەتتە يىگىتنىڭ ھۆرمەتلىك دادىسىنىڭ ئالىجاناپ ئىلىم ئەخلاقى ۋە ئىلمىي پەزىلىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەپ شۇنداق دەپ يازىدۇ: :

« دادام سەن كۆزگە ئىلىمغۇدەك ، كەمستكۇدەك ئادەم ئەمەسكەندۇق ئاپا . ...... سىلەر مەن كىچىك چېغىمدىلا ئاجرىشىپ كېتىپ مېنى بىر پۈتۈن ئائىلە مېھرىدىن مەھرۇم قىلدىڭلار .... دادام بىر نامرات ئوقۇتقۇچى بولسىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۇلۇغۋار سۆيگۈ ، پاكىزە تۇيغۇلار ... دادام بىلەن ئۇچرىششىمىزنىڭ كۆپۈيىشىگە ئەگىشىپ روھىمغا سىڭىشكە باشلىغان ئىدى . .... شۇ چاغدا مەن ساڭا دادامنىڭ مېنى مەكتەپكە ئىزدەپ بارغىنىنى ئېيتقىنىمدا سەن مەڭسىتمىگەن بىر قىياپەتتە دادامنىڭ ماڭا نەچچە پۇل بەرگەنلىكىنى سوراپ قويغان ئىدىڭ .... راست ، دادام ماددىي جەھەتتە ماڭا سەندەك غەمخورلۇق قىلالمايدۇ . لېكىن مەنىۋىي جەھەتتە مەن تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان ، مەن ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى بېرەلەيدۇ ، ئاپا ....» ، « راست ، سەن دېگەن شەھىرىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئايال رەھبەرسەن ، قوش تىللىق ئالىي زىيالىسەن ... . بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن دادام سېنى ئۆز ۋاختىدا ئۆز ئەركىڭگە قويۇۋەتكەن بولىشى مۇمكىن . » ، « ئاپا ، مېنىڭ دادامدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگۈم بار ئىدى . بولۇپمۇ دادامدىن سەن ئۆگۈتۈپ بولالمايدىغان نەرسىلەرنى ، ئىمان — ئېتىقاتنى ، ۋۇجۇدۇمدا بولسا ھەقىقىي ئەركەكلىك خارەكتىرنى يېتىلدۈرگۈم بار ئىدى . چۈنكى مەن مۇشۇ جەھەتتە تارتقان ئازاپ ۋە خورلۇقنى مەڭگۇ ئۇنتالمايمەن ئاپا ! » ، « دادام مەن ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولغان ئەقىدىنى قەلبىمگە سىڭدۈردى . روھىي دۇنيارىمنىڭ تۈزۈك ۋە سۈزۈك بولىشى ئۈچۈن ياراتقۇچىمنى ئوبدان تونۇتتى . چۈشكۈنلۈك ، ئۈمىتسىزلىك پاتقىقىدىن تارتىۋالدى .....» ، « ئۇ يەنە ماڭا بۇ دۇنيادا قۇربان بىرىشكە ئەرزىگىدەك نىملەر بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى . سۆيۈشكە ، قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىمۇ ، ھېچ ئايانماي چۆرىۋېتىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىمۇ بىلدۈردى . شۇ قۇربان بىرىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ۋەتەن ، خەلق سۆيگۈسىنى ھەم مېنىڭ قەددىمنى پۈككەن سۆيۈملۈك ئانا تىلىمنىڭ يۈرۈگۈمدىكى نائېنىق ئورنىنى ئاجايىپ يۈكسەكلىككە كۆتۈردى ... شۇنىڭ بىلەن مەن دادام ئارقىلىق كۆڭۈل قەسرىمنىڭ خارلىقتا قالغان ، چاڭ باسقان جىم - جىت تەختىنى قايتا سۈرتۈپ تازىلىدىم ..»

پاھ !

يەنە بۇلار نىمە دىگەن قىممەتلىك بايانلار ، ھە ؟

ئەسەردىكى ھەر بىر جۈملىنى ، خۇسۇسەن ، يادرولۇق بايان بولغان (؟) « روھىي دۇنيارىمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

تۈزۈك ۋە سۈزۈك بولىشى ئۈچۈن ياراتقۇچىمنى ئوبدان تونۇتتى .» دېگەن جۈملىنى ئىزاھى بايانلار بىلەن شەرھىلەشكە توغرا كەلسە ، قىممىتىگە دۇنيا ئالتۇن تارتۇق قىلسىمۇ يەنىلا ناھايىتى كەملىك قىلىدىغان مۇكەممەل بىر رومان پۈتۈپ چىققۇسى بۇ ئەسەردىن ، ئەسىر شۇنچىۋالا چۈشقۇر مەنالار بىلەن تولغانكى ، بىر ئاتىنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۈكسەكلىك دەرىجىسىنىڭ پەقەت ۋە پەقەت ئىمانىي پاكلىق ، ۋىجدانىي سەممىيەت ئوقچىغۇچى ئىلمىي پەزىلىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىگى كۆز ئالدىمىزدا ئالتۇندەك پاكلىغى ، گەۋھەردەك سۈزۈك ۋە يالتىراقلىغى بىلەن جۇلالىنىپ كۆزلىرىمىزنى قاماشتۇرۇپ ، ئاجايىپ سۆيۈندۈرۈپ ، تۈمەن مىڭ ئاپىرىنلىرىمىزنىڭ ھايالسىز ئېيتىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ!!!

ئاپىرىن قەدىرلىك سىڭلىم ، مىڭلاپ ئاپىرىن !

ئەگەر قولۇمدىن كەلسە ئىدى ، يۈدىۋېلىپ مەككىگە ئېلىپ بارالىسام شۇنچە يايراپ كىتەرئىدىم !!!!

ئەي ئۇلۇق پەرۋەردىگارىم!

بۇ مۇبارەك ئېزىز خانقىزغا ئىككىلا دۇنيالىقى ئۈچۈن فىردەۋس جەننىتىنىڭ راھىتىنى بېغىشلىغايسەن ، ئامىن !!!

قاراڭلار!!!

ئۇ يىگىت ھۆرمەتلىك دادىسىنى ئىقتىسادىي ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن تاشلىۋەتمەي ، جەنابىي ئاللاھ ھىدايەت بىلەن بېغىشلىغان ئەقىل ـ پاراستىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ، دادىسىغا ئالاھىدە ھۆرمەت ئىكرامى بىلەن قاراپ دادىسىغا ئەگىشىپ ، ياشاشنىڭ توغرا يولىدا مېڭىشقا ، دېمەك ياراتقۇچىسىنى تونۇشقا ، مانا بۇ پاك ئېتقاتقا شۇنچە مۇھەببەت باغلايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن چوشكۇنلۇك ، ئۈمىتسىزلىكتىن ئىبارەت شەيتانىي مەغلۇبىيەتچىلىكتىن تامامەن خالىي بولۇپ ، ۋەتەن ۋە خەلق سۆيگۈسى بىلەن ، سۆيۈملۈك ئانا تىل سۆيگۈسى بىلەن ياشاشنى ئەڭ ئالىي شان ـ شەرەپلىك ھايات مىزانى قىلىدۇ.

بۇ نىمە دىگەن ئالىي جاناپلىق ، ھە ؟؟؟

ناھايىتى رۇشەنكى ، كىشىلىك ھاياتنىڭ جەنابىي ئاللاھ بېغىشلىغان خاس مەنتىقىلىق بەختلىك يولى دەل مانا شۇ !!! ۋە بۇ بىر بۈتۈن ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ پاك ــ پاكىزە ھالىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالىشىنىڭ پارلاق ، نۇرانە ئېپادىلىنىش ئاساسىدۇر! .

ئەپسۇسكى ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ، مۇنداق خاسلىقىمىزغا سادىق بولۇپ مەردانە ياشىۋاتقانلارنىڭ شەنىگە قاتتىق داغ چۈشۈرۈۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس !!!

ئەنە ، ــ ئۇنداقلار جەنابىي ئاللاھ يارىتىش بىلەنلا مەڭگۈلۈك مۇقەددەس تىل سۈپىتىدە بېغىشلىغان ئانا تىلنى قوللۇنۇشقا ئېتىبارسىز قاراپ ، مەنتىقىسىز شۇئارۋازلىققا ئاخمىقانە ئەگىشىش ، كوچا ــ كويلاردا شالغۇتلاشقان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ مەمەدانىلىق بىلەن سۆزلۈشۈش ۋە بۇنى شەرەپ دەپ بىلىش ، مىللىي ئەنئەنىگە خىلاپ كىيىنىش ۋە ياسىنىش !!!.......

قېنى بۇلاردىكى ئاللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىگىنى ۋە بىرلىكىنى تونۇش ئىرادىسى ؟؟؟

قېنى بۇلاردىكى ئىمانىي تۈزۈكلۈك ۋە سۈزۈكلۈك ؟؟؟ .

قېنى بۇلاردىكى سۆيۈملۈك ئانا تىل سۆيگۈسى ؟؟؟ .

قېنى بۇلاردىكى ئانا تىل قايغۇسى ؟؟؟ .

قېنى بۇلاردىكى ۋەتەن ۋە مىللەت سۆيگۈسى ؟؟؟ .

قېنى بۇلاردىكى ۋەتەن ، مىللەت قايغۇسى ؟؟؟

يوق ، هىچ نىمە يوق!!!
دەل مانا شۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلى بۈگۈنكى ھالىمىز نىمە بولىۋاتىدۇ ؟؟؟؟؟؟؟
بۇلار نۆۋەتتە جىددىي ئويلىنىش ۋە ئويغىنىشىمىزنى تەقەززا قىلىۋاتقان ئىنتايىن نازۇك مەسىلىلەردۇر ئېزىز قېرىنداشلىرىم!!!...
بۇ ئەسەر مانا شۇ جەھەتتە ھەر ــ بىر پۇشتى ئويغۇر ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئوقۇشلۇق ، قىممىتى بى باھا گەۋھەر كەبى گۈزەل ئەسەردۇر ، ئىنشا ئاللاھ!!! .
قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز بۇ قىممەتلىك ئەسىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ، ــ ئاخىرقى بۆلۈمىدە يەنە بىر ئاجايىپ تەسىرلىك بايانلىرى بىلەن كۆڭۈل قەسرىمىزگە ئالتۇن ھەل بىرىپ نۇرلاندۇرۇپ ، چۇڭقۇر ھاياجىنىمىزنى قوزغايدۇ!
بۇ ھال ، يىگىتنىڭ ئاپىسىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يېزىلىدۇ: .
« ... ، راست بۇ قېتىم يۇرتقا بارغىنىمدا سېنىڭ پىنسىيىگە چىققىنىڭنى ، چىرايىڭدا بالقىغان شاتلىق كۈلكىلىرىڭنىڭ سۇسلاپ قالغىنىنى ، مەغرۇر سۆلەتلىك تۇرقۇڭنىڭ خېلىلا پۈكۈلگىنىنى كۆرۈپ ساڭا ئىچىم ئاغرىپ قالدى ، ئاپا ! » ، « سەن گەرچە ئۆز ئارزۇلىرىڭ بىلەن ياشىغان بولساڭمۇ ماڭا مۇھتاجلىق دەردىنى تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن يەنىلا كۆپ بەدەل تۆلىدىڭ ئەمەسمۇ ... » ، « ئەمدى ھازىرقى ئەقلىم بىلەن ئويلاپ باقسام سەن ئانا بولغانلىقىڭ ئۈچۈن يەنىلا ئەزىزكەنسەن ئاپا ! گەرچە سەندىن ئاغرىنغان ھالەتتىمۇ سىنى رەنجىتىشكە ھەققىم يوقكەن ! ئەمدى ياشانغىنىڭدا بولسىمۇ سىنى جاپادا قويماي . ئەگەم رىسقىمنى كىمگە پۈتكەن بولسا شۇنىڭغا ئۆيلىنەي........... سەن بىزگە بەخت تىلىگىن ! دادامۇ بىزگە بەخت تىلىسۇن!
كىم بىلىدۇ ، سىلەرنىڭ دۇئالىرىڭلار بىلەن كۆكلەپمۇ قالامدىم تېخى ........
قەلبىمنى ئۇزۇندىن بېرى قامال قىلغان جۇدالىق ھەسرىتى ، ۋىسالنىڭ بەخت يامغۇرلىرىدا يۇيۇلۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس ........ .
دېمەك ،خالىمىسامۇ يەنىلا سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم ئاپا ، چۈنكى سەن دىگەن ئانا ئەمەسمۇ ؟
مانا ، بۇنىڭدىن شۇلارنى ھېس قىلالايمىزكى ، يىگىت گەرچە ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ، تەكەببۇر بىر ئايال ئىكەنلىگى سەۋەپلىك ئاپىسىدىن رەنجىسىمۇ ئەمما يانىلا ئاپىسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيمۇ قالمىغان ۋە ئوتلۇق ئانا مۇھەببىتى بىلەن تەلپۈنۈشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالمىغان ، بەلكى جەنابىي ئاللاھنىڭ ھىكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرىشىغا مۇناسىپ ھالدا دادىسى ۋە ئاپىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ئاساسىدا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنى ئۇلۇق ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي بۇرچ ، بەخت ـ تالەيلىك بولۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ چۈشەنگەن . بۇمۇ خەلقىمىزنىڭ قېنىدىكى بىر مۇقەددەس ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر ، ئەلبەتتە!
ئەمدىكى بىر مەسىلە شۇكى ، ــ قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز ناھايىتى چۇڭقۇر سەممىيەت بىلەن كىشىنى چۇڭقۇر ئويغا سالىدىغان ، ھەر ـ بىر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا قانداق ياشىشى كېرەكلىگىنى بىشارەتلەيدىغابن تۆۋەندىكى باياتلىرى بىلەن كۆڭۈل كۆزلىرىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ قەلپ سۆزلىرىمىزنى يۇمشۇتۇدۇ :
« ... ، راست بۇ قېتىم يۇرتقا بارغىنىمدا سېنىڭ پىنسىيىگە چىققىنىڭنى ، چىرايىڭدا بالقىغان شاتلىق كۈلكىلىرىڭنىڭ سۇسلاپ قالغىنىنى ، مەغرۇر سۆلەتلىك تۇرقۇڭنىڭ خېلىلا پۈكۈلگىنىنى كۆرۈپ ساڭا ئىچىم ئاغرىپ قالدى ، ئاپا !» .
مېھرىگىيا خانقىز بۇ قىسقا باياتى ئارقىلىق شۇنداق بىر ئۇلۇق ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدىكى ، ئىنسان مەڭگۈ بىر خىلدا ياشىمايدۇ ! زامان ئۆتىدۇ ، چاچ ئاقىرىدۇ ، چىش ساغىرىدۇ ، بەل مۈكچىيىدۇ ، چىراي پۈرلىشىدۇ ........ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئۈچۈن ، ۋۇجۇت ساغلام ۋە كۈچلۈك چاغدا كىشى ــ كىشىگە ھەرگىزمۇ ئازار بەرمەسلىكى ، زۇلۇم قىلماسلىقى ، ئۆكتەملىك ، ھاكاۋۇرلۇق قىلماسلىغى لازىم ! بەلكى ، خۇش پېچىم ، ئاقكۆڭۈل ، ياخشى نىيەتلىك بولۇپ ياشاش لازىم . چۈنكى ، كىشى مۇشۇ دۇنيادا قانداق ياشىسا ، قىيامەتتىمۇ شۇنىڭ قارشىلىغىنى كۆرۈپ ياشايدۇ!!! .

ماناشۇنداق !

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز ئەسرىنى شۇ قەدەر چۈشقۇر مەنىلەر بىلەن گۈيا ئۇستا نەققاش قەسىر ئايۋان مۇنارىلىرىنى گۈل ــ نەقىشلەر بىلەن ناھايىتى كۆركەم گۈزەل بېزىگەندەك ، قەلىپ گۈلزارلىغىمىزنى يۇزخىل تاۋلىنىش بىلەن ئېچىلىۋاتقان كۆز قاماشتۇرغۇچى قىزىل گۈللەر بىلەن بىزەپ ، ئۇنتۇلغۇسىز سېھرىي جەلپكارلىق بىلەن يېزىپ تاماملايدۇ!!! .

مۇنداق مۇكەممەل شاھانە ئەسەر چۈقۇمكى كەمدىن ــ كەم ئۇچرايدۇ !

مەن بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى دەرەجىلىك مۇكاپاتقا سازاۋەر بولىشىغا چىن قەلبىمدىن تىلكداشمەن ۋە بۇ گۈزەل ۋە ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەرنىڭ شەرىپى ئۈچۈن شۇ تاپتا ئاددىي بولسىمۇ **تۆۋەندىكى** بىر تال مۇنبەر گۈلى تەقدىم قىلماقچىمەن ، قوبۇل قىلغايسىز :

خەير ، جەنابىي ئاللاھ ئۆمرىڭىزنىڭ ئۇزۇن ، ئېزىز تىنىڭىزنىڭ مەڭگۇ سالامەت ، ئىجادىيىتىڭىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپ ۋە جەزبىدار بولۇپ يېزىلىشىنى ، بۇتۈن ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ مەڭگۇ شاد ــ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىشىنى نېسىپ ئەيلىگەي ، ئامىن !

تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل
2008 . 7 . 7

**ئىزاھات :**
ئەسەرنىڭ ئادرېسى:
**http://bbs.xabnam.com/read.php?tid_62713_keyword_html**

# سۆيگۈ گۈلزارىنىڭ شاھانە خۇشناۋا بۇلبۇلى

ــ قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ
« ئاخىرقى ھىكايەم » ناملىق يازمىسىدىن تۇغۇلغان ھېسلار

بىر قولۇمدا شاھى قەلەم ، بىر قولۇمدا شاھى مەي ،
شۇ ئىلھامنىڭ شەرپىدىن تەرپىچۇن نىمە دەي ... ؟
نامايانۇر كۆز ئالدىمدا زەپ گۈزەل گۈل لەيلىزار ،
ئاشىقى بۇلبۇلى جۆر كى خۇشناۋا تەمبۇرۇ نەي ... !

شۇنداق !

شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا ، قولۇمدىلا قانچىلىغان ۋەرەقلەر بىلەن پۈتۈپ چىققان بىر شاھانە ئەسەر ئۆزگىچە نۇر ـ زىبا ئىچىدە زوق ـ ھاياجىنىمنى قوزغاپ ، سۆيگۈ ئىلاھى ئالدىدا تىزلاندۇرۇپ ، ھەق ـ تائالاغا يۈزمىڭ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىشىمغا ئىلھاملاندۇرۇپ ، « يا رەب ! مېنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلغان بۇ ئاجايىپ خۇشپۇراق ، گۈزەل سۆيگۈ گۈلزارىڭ ئۈچۈن يۈزمىڭ شۈكرىلەر بولسۇن ! ساڭا چىن قەلبىمدىن رەھمىتىمنى بايان ئەيلىگەيمەن ، ئامىن ! » دېگۈزدى ۋە مەن ئارمان بىلەن « ئۇھ ! » دەۋەتتىمدە ، مۇشۇ گۈلزارلىقنىڭ شاھانە ئاشىق بۇلبۇلى مېھرىگىيا خانقىزغىمۇ مىڭ مەرتىبە دېگۈدەك رەھمەت ئوقۇدۇم .

ئەلبەتتىكى ، ئاشۇ يازمىنى كۆرگەن باشقىلارمۇ ئەگەر قەلبىدە پاكلىق ، ساداقەت ، مەرتلىك ، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان پاك ئىمان ، ئوتلۇق ۋىجدانى بار كىشىلەردىن بولىدىغان بولسا ، مۇقەررەركى ، مۇشۇنداق گۈزەل تۇيغۇلار قاينىمىغا چۆممەتتي ۋە سەممىمي كۆڭۈل ئازىنى بايان ئەيلىمەي تۇرالمايدۇ ، ئىنشا ئاللاھ !

مەن شۇنداق سۆيۈندۇم . بەلكى شۇ تاپتا ئۆزگىچە گۈزەل تۇيغۇلارنى قوزغىغۇچى بۇ ئەجايىپ گۈزەل گۈل ـ لەيلىزارلىقتا تويمىغۇرلۇق بىلەن قاراپ ھەيرانە ـ ھەس بولدۇم ، ــ دە ، بىر قولۇمغا شاھى قەلەم ، بىر قولۇمغا شاھى مەي ئېلىپ تەئەججۇپ بىلەن ئولتۇرۇپ ، شۇ گۈلزارلىقنىڭ ئىشقىدا دەم ئۇرۇپ سايراۋاتقان شاھانە بۇلبۇل ، قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزغا بىرئاز بولسىمۇ مەدھىيىۋي نەسرى كۈيلىرىم بىلەن جۆر بولغۇم كەلدى . بۇ تۈپەيلى ، يەنە بىر غايىۋانە پاكلىق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇلىرى جۆر بولغاندەك ، قەلپ ئاسمىنىمنى لەرزىگە سالىدىغان بىر شىرىن نەزمى كۈي قۇلۇغۇم تۈۋىدىلا ياڭراشقا باشلىدى .

قېنى ئەمسە تۈۋەندىكى تور بەت ئادرېسىنى ئېچىپ ، قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز سىز ۋە باشقا ئېزىز قېرىنداشلىرىم ئاشۇ نەزمىنىڭ باشلانمىسىغا بىر پەس قۇلاق سېلىڭلار :

http://www.tudou.com/programs/view/G0b8W5xmb8o

مانا، پاك ۋىجدانىي ئاشىقلىق !!!

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز ئۆز ئەسرىدە خۇدا قوشقان بىر جۈپلاردىن بولغان ئەلى ۋە شەمسىيەدىن ئىبارەت ئىككى ئاشىقنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ دەردى ئۈچۈن مانا شۇنداق قان يىغلايدىغان ئوبرازىنى ناھايىتى يۈكسەك ئەدەبىي ماھارىتى ۋە ئەجايىپ تويۇنغان بەدەئىي قۇراشتۇرما ۋە تەسۋىرلەر بىلەن ناھايىتىمۇ تەسىرلىك بايان قىلىپ ، گوَيا پايانسىز ئالەمگە نۇر سېچۋاتقاندەك ، قەلپ ئاسمىنىمنى ھەقىقىي گۈزەللىك سىمالىرى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ ، ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ، پاك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

سۆيگۈنىڭ مەڭگۈلۈك كۈيلىرىنى ياڭرىتىشمىغا كەۋسەر بۇلغىدەك قايىنام ـ تاشقىنلىق ۋە ئىلھام ئاتا قىلدى !

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز يۈكسەك ئەدەبىي ماھارىتى بىلەن ئەسەرنىڭ بەدەئىي قۇرۇلمىسىنى كۈچلۈك جەزىبدارلىققا ئىرىشتۈرۈشتە ، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ نازۇك ، ئەڭ سىرلىق ۋە ئەڭ مەخپىي تۈگۈنلىرىگىچە شۇڭغۇپ كىرىپ ، تاش يۈرەكلەرنىمۇ ئېرىتۇۋېتەلەيدىغان دەرىجىدە تەسۋىرلەپ ، ھەققىي ئاشىقلىق ۋە ۋاپادارلىقنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىلىنىشىنى ئەجايىپ رۇشەن يورۇتۇپ بىرىپ ، مۇھەببەت بۇلغىدىن قانا ـ قانا سۇ ئىچىۋاتقانلارغا جۇرداش بولغان ، مەدھىيە ئوقۇغان بولسا ، سۇ ئىچەلمەي كۆڭلى غەش ، ـ سەكپارە ، روھى سۇنۇق بىچارىلەرگە « مانا بۇ مۇھەببەت ، مانا بۇ ساداقەت مانا بۇ بەختلىك ھايات ئۈچۈن مەڭگۈلۈك دالالەت !» دەپ خىتاپ قىلىپ ، توغرىلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ شۇنداقلا ئەجايىپ شىرىن مىنۇتلارنىڭ مۈكەممەل تەرىپىنى چۈشۈنەلىشىگە ، شۇنىڭ بىلەن تورمۇشنىڭ مەڭگۈلۈك ھۇزۇر ـ لەززىتىنى كۆرەلىشىگە كاتتا ئىلھامچى بولىدۇ .

ئەسەر مانا شۇ تەرىپلىرى بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئىجتىمائىيىتىدە ئىنسانىي ئەخلاق بىلەن ياشاشنىڭمۇ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بىرىپ ، بۇزۇقچىلىق ، نائەھلىلىك خاھىشلىرىدىن ئىنشا ئاللاھ تولۇق غالىپ كېلەلەيدىغانلىقىمىزنى جانلىق نامايان قىلىدۇ . بۇھال ئەسەردە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ :

« ..... نىمىشقىدۇر ئەلى بۈگۈن بولەكچىلا بىر ئادەمگە ئۆزگۈرۈپ قالغاندەك تۇيۇلدى . ئۇ مېنى قولۇمدىن تارتىپ ھوجرا ئۆيىمىزگە باشلاپ كىردى .

ـ شەمسىيە ، دۇنيادا سەندەك ئايالدىن يەنە بىرى بارلىغىغا ئىشەنمەيمەن . مەن ئۆزۈمنى سەن سەۋەپلىك ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن ئەركەك ، دەپ قارايمەن . سەن ئەمدى ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرمىگىن . مەن قەلبىمنى ئىككىگە بۆلەلمەيمەن . مەن ئۈچۈن ، باللىرىمىز ئۈچۈن سەن بولمىساڭ بولمايدۇ ....دىدى ، كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ . مەن گەپ قىلاي دەپ ئاغزىمنى ئۆمەللىۋىدىم ، ئۇ مېنى تۇيۇقسىزلا ئۆزىگە تارتتى ۋە ئېغىز ئاچۇرمىدى . مەن شۇنچىلىك قورۇنۇپ كەتتىم . بىراق ئۇ شۇدەم مېنى باغرىغا شۇنداق باستىكى ئاجىز گەۋدەم ئۇنىڭ بەستلىك ، قاۋۇل جىسمىغا سىڭىپلا كەتتى . شۇ مىنۇتلاردا نىمىشقىكىن شۇنچىلىك پىغانىم ئۆرلىدىكى كۆزياشلىرىمنى پەقەتلا يۇشۇرالمىدىم .

ـ شەمسىيە ، بولدى يىغلىما ، بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز . يۈر ، تېزرەك دوختۇرخانىغا بارايلى ، ـ دېدى ئۇ چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ .... »

مانا شۇنداق .

بۇ يەردە گۇھەردەك جۇلالىنىپ ئوت چاچىنىپ تۇرىۋاتقان گەۋدىلىك نوقتا ــ ئەلىنىڭ قەلبىدە ئاللاھ نامى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئوتلۇق سۆيگۈ سىزىمىنىڭ يالقۇنجاپ تۇرىشىدۇر . دەل شۇ سەۋەپتىن ئۇ بۇ رەڭگا ـ رەڭ ئازدۇرغۇچى قىسمەتلىرىدىن ھەر قاچان ھوشيار بولۇپ ، ئائىلىسى ئۈچۈن پاك ئىمان ، ئوتلۇق ۋىجدان تۇيغۇلىرى بىلەن پىداكارلىق كۆرسۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى . بۇ ھال ، نۆۋەتتە مەنئۇيىتىمىزنى چىرىتىشكە ، بۇزۇشقا ئۇرۇنغان روھى مەينەت بەد ـ بەختلەرنىڭ سېسىق پۇلنى كۆز ـ كۆز قىلىپ ، خىروين ۋە پاھىشىلىك كەبى يولدىن چىقىرىش سۇيقەستلىرىگە ئالدىنىۋاتقان ژىگىت ـ قىزلىرىمىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئىجابىي تەربىيە بىرىش رولىنى ئوينايدۇ ، ئەلبەتتە !!!

زادى ، بىر ئائىلىنىڭ مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىگى ، بەلكى بەخت ـ پاراغىتى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق توغرا نام ـ نىشانە بولىشى مۇمكىن ، ئەخىر ؟؟؟

ئەلىنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقىي ـ پەزىلىتى ئەسەرنىڭ بىر قانچە يېرىدە خىلمۇ ـ خىل تەسۋىرى بايانالار بىلەن يورۇتۇپ بىرىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل ، سېخى ، مەرت ، پۇلنى دوست تۇتمايدىغان ، دوستلۇق ـ مۇھەببەتنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويىدىغان ئىنسانپەرۋەر ، ۋاپادار ،

كۆيۈمچانلىغى ، ئىچكۇۋازلىق ، پاھشە ئويناش كەبى ناچار ، بۇزۇق ئەخلاقىي خاھشلاردىن خالىي ياشاش قاتارلىق پاك ئىنسانىي خارەكتىرى رۇشەن ئىپادىلىنىدۇ . دەل شۇنداق بولغاچقا شەمسىيەمۇ ئەلنى جېنىدىن ئېزىز بىلىپ چىن يۈرىگى ، ئوتلۇق ۋىجدانى بىلەن ئاشىقى بىقارالارچە سۆيىدۇ . شۇڭلاشقا تەساددىپى ھاياتى ئاخىرلاشقۇدەك بولسا ، ئۇنىڭ جەمىيەتتىكى ئېزىتقۇلار سەۋەپلىك بەختسىز بولۇپ قالماسلىغىنى ئويلۇنۇپ ، ھاياتلىغىدىلا ئۇنى ئۆزىدەك ياخشى بىر ئايالغا ئۆيلەندۇرۇپ قويماقچى بولىدۇ . ئەسەردە بۇ ئەھۋال ئۇزۇن جەريانلار بىلەن داۋاملاشقان بولسىمۇ ، ئەمما ۋەقەلىك تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن ، پۇتكۇل دىئالوگلار شۇنچە تەبىئىي ، شۇنچە جەلپكەرھالەتتە داۋاملاشقانلىقتىن ، ئوقۇرمەنلەر ئەسەرنى ئىزچىل قىزىقىش ، ھەۋەسلىنىش بىلەن ، ھەتتا يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقىدۇ ( ئۆزۈممۇ شۇنداق ! )

جەنابىي ئاللاھقا مىڭ قاتلىق شۈكرىلەر بولسۇنكى ، شەمسىيە جەنابىي ئاللاھنىڭ ھىكمىتى بىلەن كۆڭلىدىكىدەك ياخشى بىر ئايالنى ئۆزىمايلا تاپىدۇ ۋە مەخسىدىگە يېتىدۇ .

بۇ يەردە كىشىنى چۇڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان يەنە بىر ئېسىل ئەخلاقىي ـ پەزىلەتنى چىنارەنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بىلەلەيمىز . ئۇ بولسىمۇ چىنارەدىكى قانائەتچانلىق ، سەممىيلىك ۋە ئاقكۆڭۈللۈك پەزىلتى گەۋدىلىنىدىغان ئىمان ۋە ۋىجداندىن ئىبارەت ئەڭ قىممەتلىك روھىيەت بولۇپ ، قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز بۇ جەھەتتە يانىلا ناھايىتى ياخشى ئەدەبىي دىتى بىلەن ئەسەرگە « ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز » دېگەندەك ناھايىتى قاملاشقان تەسۋىرىي كامالەتنى جۆرلەيدۇ ! بۇ ھال ، چىنارە ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇرمۇشنىڭ ئەڭ قاتتىق بېسىملىرىغا دۇچ كەلگەندە يانىلا چىداشلىق بىرىپ ، چىقىش يولى ئىپىش ئۇچۇن پەقەت ئاللاھتىن ياردەم تىلگەنلىگى ، ھەرگىزمۇ ھەر قانداق كىشىنىڭ ھەۋەسنى قوزغايدىغان گۈزەللىگىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كوچا ـ كويلاردا ناشايان قىلمىشلار بىلەن مەشغۇل بولمىغانلىغىدا ئىپادىلىنىدۇ . چىنارە مانا شۇنداق توغرا يول بىلەن ياشاشنى بىردىن ـ بىر ياشاش مىزانى قىلغان . شۇڭا جەنابىي ئاللاھمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى ۋە دەردىنى بىلىپ تۇرغىنىغا يارىشا شەمسىيەدەك پەرىشتە سۈپەت ياخشى ئايال بىلەن ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئەلدەك ئىمانى كامىل ، ۋىجدانلىق ئەركەك بىلەن ياشاش پۇرستىگە ئېرىشتۇرگەن . دېمەك ، ئۇنىڭ ئوقىغان نامىزى ۋە قىلغان دۇئاسى مەقبۇل بولغان . بۇ دېمەك ، چىن قەلبىدىن ئاللاھنى سېغىنغان ، ئەمەلىيىتىدىمۇ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادى ۋە ساداقىتىنى ئىپادىلىگەندە ، قىلغان دۇئانىڭمۇ مەقبۇل بولىدىغانلىغىنى جانلىق ئىپادىلەيدۇ !

بۇ ئارىلىقتا ، يەنى ، چىنارە ئەلى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇشتىن ئىلگىرى تۇرمۇش قىيىنچىلىغىغا ئۇچرىغان چاغدا شەمسىيە خانىمنىڭ مېھرىۋانلىغىغا ئېرىشكەن بولسا ، كېيىن ، كۈتۈلمىگەندە ئىش تېپىلىپ خاتىرجەم ئىشلەپ تۇرمۇش قامدىيالايدىغان بولغاندا ياردەم پۇلىدىن دەرھال ۋاز كەچكەنكى ، ھەرگىزمۇ نەپسخورلۇق قىلىپ ياردەم پۇلنى ئېلىۋېرىش خىيالىدا بولمىغان .

رۇشەنكى ، مۇنداق ياخشى نىيەتلىك ، ۋىجدان ـ پەزىلەتلىك گۆھەر كاللا خانىم ـ قىزلىرىمىز دىيارىمىزنىڭ ھەر قانداق جايىدىن تېپىلىدۇ . بۇ جەھەتتە ئەسەردە ۋەقەلىك قىسقىراق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ ، تازا تەھلىل قىلىدىغان بولساق ۋەزنى مىڭ پاتمان گۆرزىدىنمۇ ئېغىردۇر !!!

چۈنكى ، قاراپ باقايلى ، نەپسى يامان جاھانكۆز بەد ـ بەخت بۇلاڭچىلار خۇددىي ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك تويمىغۇرلۇق بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خالىغانچە پېتراپ يۈرۈپ قۇرال كۈچى بىلەن زورلۇق ـ زومبۇلۇقنى ئىشقا سېلىپ ، بۇلاڭچىلىق ، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ۋەھشىيانە ھەرىكەتلەر بىلەن مىليونلىغان مەزلۇم ئىنسانلارنى قان يىغلىتىۋاتامدۇ ؟؟؟

ئەگەر ئۇلاردا ئىمان ۋە ۋىجدان بولىدىغان بولسا كىشىنىڭ ھەققىگە كۆز تىكەمتى ؟ بۇلاڭچىلىق قىلامتى ؟؟ ئۆز نەپسى ئۇچۇن باشقىلارنى ئۆلتۈرەمتى ؟؟؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مانا بۇ يەردە بىز مۇشۇ خانىمنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ، خەلقىمىزنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئاجايىپ قىممەتلىك ئىنسانىي ئىمانىي روھىي پەزىلەتنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز ، ئەلبەتتە !!!

ئەسەردە كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان يەنە بىر مۇھىم نوقتا ــ پىسخىكىمىزدىكى گۇمانخورلۇق خاھىشىدۇر .

ئەلبەتتە گۇمانخورلۇقنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ ، يامان تەرىپىمۇ بار . بۇنىڭدا ، گۇمانخورلۇق بىر ياقتىن كىشىنى ھۇشيارلاندۇرۇش رولىنى ئويناپ ،كۆتۈلمىگەندە پەيدا بولىدىغان يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىشقا ئىمكان بېرىدۇ . يەنە بىر ياقتىن گۇمانلىق قارالغان ئىشلاردا ئىنچكە گۈزىتىش بولمايدىكەن ، ياكى ئالدىراخسانلىق قىلىنىدىكەن ، ياكى ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن مەسىلە ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بىرىلمەيدىكەن ئاسانلا خاتا ھۆكۈم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ، ـ دە ، ئەلى ۋە چىنارەلەردەك ۋاختىلىق بولسىمۇ جۇدالىشىش ئاقىۋىتى يۈز بېرىدۇ . دېمەك ، بەزىدە « گۇمان ئىماننى ئۆلتۈرىدۇ » ، دىل ئازار يەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ .

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرەبىيا خانىقىز بۇنىڭغا ئالاقىدار بايانلارنىمۇ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ ، كىشىنى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ .

قىسقىسى ، بۇ ئەسەر بۇ ئىنسانلىق ئالىمىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى توغرا يۈنۈلۈشتە ئۆتكۈزۈشنىڭ گۈزەل تەرىپلىرىنى مۇكەممەل چۈشۈنۈشنىڭ خىسلەتلىك ئەينىگى ۋە نۇرلۇق ماياگى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . جەنابىي ئاللاھ قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانىقىزنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەجىر ـ مېھنىتىنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەپ بەرگەي ، ئامىن !

ئەلبەتتىكى ، مۇنداق ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سوزۇلغان بىر ئەدەبىي ئەسەرنى شۇ قەدەر تەسىرلىك قىلىپ قۇسۇرسىز ھالەتتە يېزىپ چىقىش ھەرگىزمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ ، ئالاھىدە خاتىرجەم يېزىقچىلىق مۇھىتى بولۇش تولىمۇ زۆرۈردۇر !

قارىغاندا ، بىر تەرەپتىن قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانىقىزنىڭ ئەدەبىي ۋە بەدەئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئالاھىدە يۈكسەك بولغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن يولدىشى ئالاھىدە ئاڭلىق بىر كىشى ئوخشايدۇ (؟)

سىلەرگە كۆز تەگمىسۇن ئېيىزىلىرىم !

جەنابىي ئاللاھنىڭ نۇرى سىڭگەن ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان مۇشۇنداق ياخشى ، نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىپ تۇرۇشۇڭلارنى بىر ئاللاھتىن تىلەيمەن !

جەنابىي ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئېقىل ۋە مېھنەتتە مەڭگۈ يارىدەمچىمىز بولغاي ، ئامىن !

ئاخىرىدا ، بۇ مۇنەۋۋەر شاھانە ئەسەرنىڭ ھەدىيىسى سۈپىتىدە يۇقارقى كۈينى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئالغۇم بار ، قېنى ، كۆرۈشكە مەرھەمەت !

http://www.tudou.com/programs/view/G0b8W5xmb8o

ھۆرمەت بىلە تەكرار سالام !

**تۈركىيە ــ ئىستانبۇل ، 2008 . 12 . 22**

# گۈزەل ياشلىقنىڭ ئوتلۇق نىداسى

**ـــ قەدىرلىك سىڭلىم ئايقۇت خانقىزنىڭ**
**« ئازاپلىق مۇھەببەت ، شېرىن ئارمان » ناملىق يازمىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن**

ئەسسالام قەدىرلىك سىڭلىم ئايقۇت خانقىز !

شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا تۇرىۋاتقان ناھايىتى قىممەتلىك يازمىڭىزنىڭ ئاجايىپ چوڭقۇر ھاياجانلاندۇرىشى سەۋەبلىك پەيدا بولغان سۆيۈنۈش ، كۆيۈنۈش ۋە ئۆرتۈنۈش تۇيغۇلىرىم بىلەن سىزگە ئالىي سالام يوللايمەن ، بۇ مۇۋاپپىقىيەتلىك يېزىلغان قىممەتلىك ئەسىرىڭىز مۇناسىۋىتى بىلەن سىزنى چىن قەلبىمدىن قىزغىن تەبرىكلەيمەن !

شۇنداق !

سىز پاك سۆيگۈنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاجايىپ يېقىملىق ، پاساھەتلىك سۆزلەر ۋە يۈكسەك بەدەئىي تىل ماھارىتىڭىز بىلەن تازىمۇ ئوخشۇتۇپ ئىپادىلەپ بېرىپسىز ، قارىماققا ، ئەسىرىڭىز قىسقا بايانلاردىن تەركىپ تاپقان بولسىمۇ ، ئەمما شەرھىڭىز مۆل مەزمۇنلۇق ۋە مۇكەممەل بولۇپ ، گۈزەل ياشلىقنىڭ ئوتلۇق نىداسى ، پاك مۇھەببەت گۈلزارىنىڭ جەزبىدار سەھنىسىدۇر !

قارىغاندا قەلەم قۇۋۋىتىڭىز خېلىلا كۈچلۈك ئىكەن . خۇسۇسەن ، سىز تولىمۇ ھېسىياتچان ، ھېسىياتچان بولغاندىمۇ پاك سۆيگۈنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ھەقىقىي سۈپىتى بىلەن چوڭقۇر چۈشىنىدىغان بىر پەرىشتە سۈپەت قىز ئىكەنلىكىڭىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ تۇرۇپتىمەن . بۇنى مونۇ بايانىڭىز رۇشەن ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ : **« ھەقىقىي سۆيگۈ مۇھەببەت ئۆز نۆۋىتىدە قۇربان بېرىشتىن قورقمايدۇ ھەم قورقماسلىقى كېرەك . پاك سۆيگۈ ، ــ ۋىجدان ـ غۇرۇر ، ساداقەت ، ئەقىدە ، جەڭگىۋارلىق ، باتۇرلۇق ، ئۇلۇق ئەھمىيەتلىك مۇھەببەتنىڭ جان تومۇرى بولىشى كېرەك ! مانا بۇ مېنىڭ ساغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىمنىڭ ، سۆيگۈ دىۋانىسى ـ قەلبىمنىڭ نىداسى جانانىم ؟ ! »**

ئەلبەتتەكى ، پاك مۇھەببەت ئۈچۈن مانا شۇنداق مەردانىلىق ۋە جاسارەت بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولغاندىلا كىشى ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى ھېس قىلالايدۇ ، تەمىنى تېتىيالايدۇ ۋە پەيزىنى سۈرەلەيدۇ ! مانا شۇ سەۋەپتىن ، ئەقەللىسى پەرۋانە جېنىدا ئۆزىنى ئوتقا ئېتىپ كۆيۈپ كېتىشكە رازى بولىدۇ ، ئەمەسمۇ ؟ بۇ يەردە ، جەنابىي الله بىز ئىنسانلارغا شۇ كىچىككىنە جانىۋارنىڭ ۋاستىچىلىغى بىلەنمۇ پاك مۇھەببەتكە بولغان ساداقەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېكمەت بىلەن كۆرسىتىپ تۇرىۋاتامدۇ ؟

نۆۋەتتە ، بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلالىغان قانچىلىغان ئاقىل مەرىپەتپەرۋەر زاتلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك بايانلىرى بار . بۇ يەردە قىسقىچە كۆرىدىغان بولساق ، مەشھۇر تىلشۇناس ، تالانتلىق ئەدىپ ۋە شائىر ناۋايى شۇنداق دىگەن ئىكەن : « **كىشىنىڭ دەرتلىك بولىشىغا ئىشق سەۋەپتۇر . ئىشق كىشىنى ئىككىلا دۇنيادىن ئايرىپ قويىدۇ . پەرۋاننى ئىشق مەس قىلمىسا ئۆزىنى ئوتقا ئۇرامدۇ ؟ پەرۋاننىڭ قانىتىدىكى خاللار ئىشق دېغىنىڭ نىشانلىرىدۇر » ، « ئىشقتىن يات بولغان ناپاكلار ئۆزىگە يالغاندىن ئاشىق نامىنى بېرىشسە ، شىشىدىن تۆكۈلگەن قىزىل مەيدەك كۆزىدىن قان ياش تۆككەن ئىپلاسنىڭ يولى پاسات توپانى ئىچىدە بولىدۇ . ئۇ يالغان ئاشىق يىلاندەك ئورالغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە زەھەردىن باشقا ھېچ نەرسە يوقتۇر . ئۆزىنى ساختا ئاشىق قىلىپ ، مەخسەت ـ مۇددىئاسى نەپسى بولسا ، ئۇنداق يالغانچى ئاشقنى ئەسلا مرادىغا يەتكۈزمە ! »**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

................

مانا شۇنداق !

سىز نۆۋەتتە بۇلارنى كۆرگەن ياكى غايىبانە چۈشەنگەن . شوڭلاشقا ھەر ـ بىر ھەرپىدىن مىڭلىغان « ئاھ ! » بىلەن ھەسرەتلىك نىدالار تۆكۈلۈپ ، قۇياشنىڭ ھارارىتىدىنمۇ دەھشەت كۆيدۈرگۈچى تۇيغۇلار بىلەن تولغان سۆز ـ ئۇنچىلەر بىلەن ئەسىرىڭىزنى باشلاپ ، ئۆزىڭىزنى تىپ قىلغان ھالدا بىر بىچارە ئاشىقنىڭ چىن قەلبىدىن سۆيگەن يارىغا بولغان تەشنالىق سۆيگۈ ئىنتىزارلىغىنى بايان ئەيلەشكە ئىنتىلىپسىز . دېمەككى ، سىزنىڭ بۇ يازمىڭىزدىكى بايانلار پاك قەلپلەرنى ئۆرتىگۈچى مىڭلىغان كۆيۈك ھەرپى بىلەن مۇجەسسەملەنگەن ئىشق ئەھلىنىڭ ئىنتىزارلىق يالقۇنىدۇر !!! ئەلبەتتەكى ، بۇ ھال ئۆز نامىڭىز بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ ، ماھىيەتتە مىليونلىغان پاك ئاشىقلارنىڭ ئوتلۇق نىداسىدۇر ! بۇ توغرۇلۇق بۇ يەردە بىر ـ ئىككى جۈملە نەقىل ئېلىش بىلەن كەمتۈك سۆزلەپ قويۇشقا تىلىم كۆيىدۇ ، ــــ بىر ئاشىقنىڭ ، ئاشىق بولغاندىمۇ پاك مۇھەببەتنىڭ سەممىي ، مەردۇ ـ مەردان قۇربانى بولغۇچى ئاشىقنىڭ قەلب ئىزھارىنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىتىش جەنابىي ئاللاھ ئالدىدا بۈيۈك گۇناھتۇر ! چۈنكى ، « **كۆڭۈل ئاللاھنىڭ كەبىسىدۇر !** » پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببەت مانا شۇنداق قىل كۆتۈرمەيدىغان ئىنتايىن نازۇك ۋە قىممەتلىك تۇيغۇلارنىڭ ئىلاھى قورغىنىدۇر ! بۇ قورغاننىڭ دەرۋازىسىنى پەقەتلا ئىمانى پاكلىقىدا كامىل ، ۋىجدانى ئوتلۇقلۇقتا ھەر قانداق ئۆتنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان ، مانا شۇنداق ئالاھىدە سۆيۈنۈشلۈك ئەخلاقىي پەزىلەت ئىگىسىلا ئاچالايدۇ . چۈنكى ئاللاھ مانا شۇنداق ئاشىقلار بىلەن ھەر قاچان بىللىدۇر ۋە تۈرلۈك سىناقلار ئاساسىدا ئۇلارنى مۇرات ـ مەخسىدىگە يەتكۈزىدۇ ! بۇ دەرۋازىنى نامەھرەم ، ئىمانسىز ، بى تەرەت كىشىلەر بولسا ئەسلا ئاچالمايدۇ ، شۇڭا ئۇنداقلارنىڭ بۇ قورغانغا كىرەلىشىدىن سۆز ئېچىشمۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس ! ئەگەر ئاچالىدى ، كىرەلىدى ، دېيىلسە ، ئۇ ھالدا بەد ـ بەشرە ياۋا توڭگۇزلارنىڭ گۈل ـ لەيلىزار بوستانلىقنى چەيلەشكە ئۇرۇنغىنى ، بەلكى باشلىغىنى بولىدۇ ! چۈنكى ، « **بىر تال قىزىل گۈلنىڭ رەڭگى ، پۇرىغى قانچە جان بېغىشلىغۇچى بولسىمۇ ، ئۇ قارا قوتۇر گۆرۈھىگە ۋابادىن ئىبارەتتۇر** » ( ناۋايى ) ئەمەسمۇ ؟ **زادى توڭگۇزلار ئىنسان مەنىۋىيتىنى چۈشىنەمدۇ ؟** شۇڭا ھەقىقىي ئاشىق ـ مەشۇقلار گۈزەل سۆيگۈ دىيارىنىڭ چەيلىنىپ نابۇت بولۇپ كېتىشىگە ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ ، بەلكى مىسران قىلىچىنى زەپەردەستلىك بىلەن كۆتۈرۈپ ئۇ لەنىتى ئىپلاس توڭگۇزلارنى سۈرتۈقاي قىلىپ قوغلاپ چىقىرىشقا بۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىدۇ ......!!!!!!!

مانا بۇ مۇھەببەت ، مانا بۇ پاكلىق ، ۋىجدان ئۇچقۇنى تۇرغۇچى روھىيىتىمىزنىڭ كۆز چاقناتقۇچى ئالتۇن نۇرلۇق ئۇلۇق مەيزانى !

خوش ، ئەمدى مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن ئايقۇت خانقىزنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈپ چىقىشنى سەممىي تەۋسىيە قىلىمەن .

ئىشىنىمەنكى ، سىلەر بۇ يازمىنى ئوقۇغان چاغدا ، ئىنشا ئاللاھ كۆز ئالدىڭلارغا « پەرھات ـ شىرىن » ، « لەيلى ـ مەجنۇن » ، « ۋامۇق ـ ھۆزرا» ، « غېرىپ ـ سەنەم » ، « غۇنچەم » ، ... قاتارلىق قانچىلىغان نادىر ئەسەرلەر كېلىدۇ ۋە بۇ ئەسەرلەردىكى ئىسمى ـ شەرىپى تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتىكى ئوتلۇق سەممىيتى سەۋەپلىك تولغان ھاياجانلىنىشلىرىڭلار بىلەن قەدىرلىك سىڭلىم ئايقۇت خانقىزنىڭ بۇ يازمىسىنىڭ مانا شۇنداق ئەسەرلەر بىلەن يۇرۇتۇپ بىرىشكە مۇناسىپ كېلىدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك ئەسەر ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايسىلەر .

ئايقۇت خانقىزنىڭ پاك سۆيگۈ تەسۋىرىنى شۇنچە يۇكسەك قىممىتىگە مۇناسىپ ھالدا مۇكەممەل ئىپادىلەپ بىرەلىشىدىكى ئەڭ رۇشەن ئارتۇقچىلىقىنىڭ بىرى ــ مۇھەببەتنى نوقۇل ھالدا مۇئەللىق

راۋاقتىكى چۈشتەك خىيالىي نەرسىگە ئوخشۇتۇپ قويماستىن ، بەلكى ، جەنابىي ئاللاھنىڭ ئاجايىپ ھىكمىتى ، مەرھەمىتى ۋە ئاندىن ئاللاھ ياراتقان بۇ مىسلىسىز گۈزەل دۇنيا ، ـــ رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەر ، شېرىن نەغمىچى قۇشلار ... بىلەن بىزلەرگەن گۈزەل تەبىئەت ۋە بۇ سىر ـ تىلسىماتلىق « ھەرەم باغ » دېگەن ئىنسانلار كوللىكتىۋىنىڭ مايىللىقىغا يۈكسەك سەزگۈ ۋە ماھىرلىق بىلەن باغلىيالىشىدا !

ئەلبەتتىكى ، مانا شۇنداق مۇھەببەتلا ھەقىقىي مۇھەببەت ، پاك مۇھەببەت ۋە دېمەك ئوتلۇق مۇھەببەت بولالايدۇ ۋە ئۇ كۆزلەرنى قاماشتۇرغۇچى مەڭگۈ پارلاقلىقىغى بىلەن مەڭگۈ يادلىنىدۇ ! چۈنكى بۇ يەردە مۇھەببەت ئاللاھ نامى بىلەن ۋەتەننىڭ گۈل ـ چېچەكلىرىنى ، نەغمە ـ ناۋالىرىنى ئۆزىگە مۇنبەت زېمىن قىلغان ئەمەسمۇ ؟ ۋە دېمەك ئاللاھ سۆيگۈسى بىلەن ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈ تولىمۇ قەدىر ـ قىممەتلىك ھېساپلانغان ئەمەسمۇ ؟؟؟

زادى دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شېرىن ، گۈزەل ۋە ئەڭ ئۇلۇق مۇھەببەتنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ ، ئەخىر ؟؟؟!!!

مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا ئىختىيارسىزھالدا ھاياجانلىق كۆزياشلىرىم سىرغىپ چۈشتى، ـ دە : ـ يا رەب ! بۇ مۇبارەك قىزنىڭ ، شۇنداقلا مۇشۇ قىزدەك گۈزەل ياشلىقنىڭ ئوتلۇق نىدالىرى بىلەن يېلىنىپ كاككۇكتەك يىغلاپ تۇرىۋاتقان جېمىكى بىچارىلەرنىڭ بەختىنى بالدۇرراق بەرگەيسەن ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا بالدۇرراق يەتكۈزگەيسەن ، دەپ ئىلتىجا قىلدىم .

ئىنشا ئاللاھ شۇنداق بولغاي ، ئامىن !

ناھايىتى رۇشەنكى ، ئاللاھ ۋە ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن تولمىغان قەلب ئىگىسىنىڭ نىشانلايدىغىنى ھايۋانىي جىنسلارنىڭ شەھۋانى بۇزۇقچىلىقىدىن ئىبارەت ! ئۇنداق مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر ژىركىنىشلىك ، نەقەدەر رەزىللىك ئىكەنلىگىنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئېقىل ئىگىلىرى چۈشىنىدۇ ، ئەلبەتتە !

ئەپسۇسكى ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ، تۇرمۇش غېمىنى دەستەك قىلىۋېلىپ تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلارمۇ ئانچە ئاز ئەمەس ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا نە ئاللاھ سۆيگۈسى ، نە ۋەتەن ۋە نە مىللەتنىڭ تەقدىرى باركى ؟! ـــ يوق ، ئۇلار پەقەت شېرىن ھاياتنىڭ شەرمەندە قەلەندەرى ، خالاس ! شۇ تۈپەيلى ئۇنداقلار مىللىتىمىزنىڭ نامۇ ـ شەرىپىگە قاتتىق ھاقارەت بولىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە . بۇ يەردە تېخىمۇ ئېچىنارلىقى ، مۇشۇ خىل ئەھۋالنى سۇيىئىستىمال قىلغان بەزىلەر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمىيىتىنى پاھىشىلەر ، بۇزۇقلار دۇنياسى قىلىپ تەسۋىرلەشكىمۇ نومۇس قىلماي قەلەم تەۋرەتتىكى ، بۇ خۇسۇستىكى يازمىلىرى بىلەن ئۆزىچە ئاجايىپ بىلەرمەن ، يازغۇچى بولۇپ كېتىشتى ... ئاشۇ تاپتىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنىڭ ئەسلىدە ئۆز مىللىتىنىڭ پۇل ئۈچۈن رەزىللەرنىڭ تاپىنىنى يالاشتىنمۇ نومۇس قىلمايدىغان ۋاپاسىزلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىپ ، جىنايى يولغا ئىشتىرىۋېتىلگەن بىچارىلەر ئىكەنلىگىنىمۇ ئويلاپمۇ قويۇشمىدى ...... !!!

بولمىسا مەن سوراپ باقاي ، زادى قايسىڭلار ئۇلارغا چىرايلىق ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن نەسىھەت قىلىپ ئەمىلىي ، ئىقتىسادىي يار ـ يۆلەكتە بولالىدىڭلار ؟؟؟

بۇ يەردە مەن تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلارنىڭمۇ ئىجتىمائىيەتتىكى ئورنىنى نومۇس ، خورلۇق بىلەن يوقۇتۇپ قويۇش ئەمەس ، بەلكى شەرەپ مۇنبىرىگە ئايلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشنى سەممىيلىك بىلەن ئۈمىت ۋە تەشەببۇس قىلىمەن . چۈنكى تارىخىمىزدا ئاجايىپ جەسۇر خانىم ـ قىزلىرىمىزمۇ بارغۇ ؟ ئۇلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇش ئەمەس ، بەلكى تەتۈر قىسمەتلەر ، ئوغا ـ چاپانلار بىلەن مەردانە ئېلىشىپ ، قېنى پاك ئۇيغۇر خانىم ـ

قىزلىرىنىڭ جەسۇرانە روھى پەزىلىتىنى نامايەن قىلدىغۇ ؟ ـــ ئەنە ، ئىپارخان ، يەتتە قىزلىرىم ، ....... !

ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلارغۇ ؟

ئۇلارنىڭ شۇئارى : « ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت ،

ھاياتىمدىنمۇ ئەلا مۇھەببەت .

لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن ،

ئازاتلىق ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت »

دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ ، ياشاشنى ، بەخت ـ ئىستىقبالىنى ھەرگىزمۇ رەزىللەرنىڭ ئاياق ـ ئاستىغا يىقىلىپ پەسكەشلىككە بۇلغۇنۇشتىن ئەمەس ، بەلكى زۇلۇمخورلارغا ، تەجاۋۇزچى قانخورلارغا قارشى جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش يولىدىن ئىزدىدى !!!

بۇ نىمە دىگەن ئالىجاناپ ئىنسانىي ياشاش ، ھە ؟؟؟

بۇلار ئۆلگە بولۇشقا ئەرزىمەمدۇ ؟؟؟

خەيرىيەت ، نىمىلا بولمىسۇن ، ئايقۇت خانقىز ئۆزىنى تىپ قىلغان ھالدا ، مۇشۇ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك مۇنبىرىمىزدىكى قانچىلىغان قەلەمكەش خانىم ـ قىزلىرىمىزغا جۈر بولغان ھالدا ، مىللىتىمىزنى ھە دىسە بولمىغۇر بەدناملار بىلەن سۆككۈچىلەرگە قاتتىق پەشۋا بېرىدىغان بۇ يازمىسى ئارقىلىق ، مىليونلىغان ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىمىزدا ئۈمىت ـ ئىشەنچ بارلىغىنى جانلىق ھالدا ئىپادىلەيدۇ !

ياشاپ كېتىڭ خانقىز !

سىزنىڭ بۇ يازمىڭىز ئىنشا ئاللاھ قانچىلىغان قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتقۇچى پارلاق نۇر ، قانچىلىغان ئىزتىراپلىق كۆڭۈللەرنى ھۇزۇرلاندۇرغۇچى قىزىل گۈل كەبى خىسلىتى بىلەن مەنئۇيىتىمىزنىڭ خاسلىقىغا مۇناسىپلىششىغا كاتتا رول ئوينىغۇسى !

مۇشۇنداق قىممەتلىك يازمىلىرىڭىزنى مۇنبىرىمىزدە ھەر زامان كۆرۈپ تۇرۇشتىن ئالەمچە شادلانغايمىز ، قوللىرىڭىزدىن گۈللەر ئۈنۈپ كەتكەي ، ئىلاھىم !

ئاخىردا ، بۇ قىممەتلىك ئەسىرىڭىزنىڭ شەرىپى ئۈچۈن « گۈل ۋە بۇلبۇل » ناملىق شېئىرىمنى تەقدىم قىلىمەن . ئاددىي بولسىمۇ قوبۇل قىلغايسىز .

ناھايىتى رۇشەنكى ، ئۇتلۇق يۈرەكنىڭ پىغانلىق نىداسى ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن جۇلالىنىدۇ ، ئەلبەتتە . ئۇنداق بولسا ، پاك مۇھەببەت تەشناللىغىدا ئۆرتىنىپ كۆيگەن قەلبلەرنىڭ ئۇتلۇق نىداسىغا ۋاقىت ئىتىبارى بىلەن « راك مۇقامى » نىڭ 1 ـ داستانىنى جۈر قىلىمەن، ھوزۇرلانغايسىز :

**خەير ، ئاللاھقا ئامانەت بولۇڭ !**

تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل 22 . 1 . 2008

# ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئوتلۇق مېلودىيىسى

## ـــ قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ « سۇلماس گۈل » ناملىك ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

كۈنلەر تۈنلەرنى قوغلۇشۇپ توختاۋسىز ئالمىشىپ داۋاملىشىۋاتىدۇ . شۇ ھالدا قانچە كۈننى قانچە تۈنگە ۋە قانچە تۈننى قانچە كۈنگە ئۇلىۋەتكەنلىگىمنىمۇ بىلمەيمەن . خىيال ئېكرانىمدا مېھرىگىيا خانقىزنىڭ بىر قانچە گۈزەل ئەسرى ئاجايىپ سىرلىرى ۋە جەزبىلىك ھالىتى بىلەن ئىزچىل ئەكسلىنىپ ئۆزگىچە سۆيۈنۈش ۋە ئۆرتۈنۈش تۇيغۇلىرىغا چۈمدۈرۈپ قولۇمغا قەلەم ئېلىشىمغا كۈچلۈك ئىلھامچى بولغانلىغىدىن ، گەرچە تەسۋىرى ئىقتىدارىم ئاجىز كەلسىمۇ ۋە ھەر قانچە ئالدىراش بولساممۇ ئەمما ھېسىياتىمنى بايان قىلىپ ئۆتمەسلىككە كۆڭلۈم قويمىدى ، ـــ دە ، بۇ يازمىنى تەييارلاشقا كىرىشتىم . ئەگەر كەمچىل تەرەپلەر سېزىلسە مۆھتەرەم خانقىزدىن ، شۇنداقلا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن . ئەلبەتتە ، « تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر ، تاپالمىغنى بىر باش پىياز » ـــ دە (؟)

شۇنداق !

ئەنە ، ئۆزگىچە خۇشبۇي ۋە رەڭدار گۈزەللىگى بىلەن جىلۋىلىنىپ ئاجايىپ زوق ـ ھاياجىنىمنى قوزغاپ ، ئارمان بىلەن « ئۇھ !» دىگۈزۈپ ، روھىم ۋە ئىلھامىمنى ئەرشىگە كۆتۈرۈپ قولۇمغا قەلەم ئېلىشىمغا ئىشتىياق باغلاتقۇزىۋاتقان **بىر نەچچە تال قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسى** سۆيۈملۈك ۋە گۈزەل مۇنبىرىمىز شەبنەمگە پەيدا بولغاندىن بۇيان يېزىق ئۇستىلىمدە ، كۆز ئالدىمدىلا تۇرۇپتۇ ۋە مەن گۈل ئاشىغى بۇلبۇل كەبى بۇ گۈللەرگە ھەيرانە ـــ ھەس بولۇپ تويمىغۇرلۇق بىلەن كۈندە قانچە رەت قاراپ قېلىۋاتىمەنكى ، شۇ قەدەر سۆيۈنۈش ۋە ئۆرتۈنۈش سەۋەپلىك ، تەسۋىرى بايانىم ئۈچۈن گەپنى نەدىن باشلاشنىمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن ! . . . . . . . . . . .

منى مانا شۇنداق ھەيرەتكە سېلىپ تەسىرلەندۈرگەن ، دېمەك قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك جەلپكارلىغى بىلەن « **بۇلبۇلى بىچارە** » ھالىتىگە كەلتۈرگەن ئەسەرلەر ـــ قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ شاھانە ئەسەرلىرى :

« تۇزىماس گۈل »

( http://bbs.xabnam.com/read.php?tid-41328-keyword-.html )

« پاك گۈللەرنىڭ قۇربان بولار ئاشقى بار »

( http://bbs.xabnam.com/read.php?tid-50375-keyword-.html )

ۋە يەنە بىر نەچچە ئەسىرىدىن ئىبارەت .

شۇنداق !

پاك ئىمان ، ئوتلۇق ۋىجدان بىلەن تولغان گۆھەر كاللا قەلەم ئېگىلىرىنىڭ تىلسىملىق ۋە جەزبدار ئەسەرلىرىمۇ كىشىنى گويا خۇشپۇراق گۈل ـ لەيلىزارلىقتا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇرۇپ ، بۇ گۈلزارلىقنىڭ مىسلىسىز ھۆزۈر قىسمىتى ۋە كارامەت ھىكمىتى قەلبلەرنى ئەجايىپ لەرزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېلىشىدىن ، كىشىنىڭ ئىلھام بۇلىغى قايناپ تېشىپ ، بوي بەرمەس توسۇن ئاتتەك نەلەرگىدۇ ئېلىپ قاچىدىكەن ! ..........

ناھايىتى رۇشەنكى ، بىرەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كىشىنى شۇ قەدەر تەسىرلەندۇرەلىگۈدەك كامالەتكە يەتكەن ھالدا مۇۋەپپىقىيەتلىك يېزىلىشى ، باشقا جەھەتلەردىن تاشقىرى ئاپتورنىڭ مول تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى ئاساسىدا كىشىلىك ھايات ھەققىتىنى ئاقىلانە ھالدا چىن مەناسى بىلەن توغرا تەھلىل قىلالىشى ۋە ئادىلانە ھالدا ئۆتكۈر پىكىرلىرى بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلالىشىغا باغلىق بولۇش بىلەن ، ئىنسانلارنى ئاقكۆڭۈللۈك ، ياخشىلىق ۋە ئادىللىق بىلەن مۇجەسسەملەنگەن گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاقنى قەدىرلەشكە ، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان قاراكۆڭۈللۈك ، رەزىللىك ۋە ھەققانىيەتسىزلىك ئۈستىدىن جاسارەت بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈشكە يېتەكلىيەلىشىدە ۋە يۈكسەك ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن پارلاق ، توغرى يولنى رۇشەن كۆرسىتىپ بېرەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ !

ئەلۋەتتەكى ، بۇ گۈزەل شاھانە ئەسەرلەرنى ئوقۇغان كىشى ئالدى بىلەن مېھرىگىيا خانقىزنىڭ مانا شۇ جەھەتتە يېتۈك ، ــ ئىمانىي كامىل ۋىجدانى ئۇتلۇق ، بىلىم ـ قابىلىيەتلىك بىر قەلەم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ !

بۇ يەردە قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتسەم ، قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز « تۇزىماس گۈل » ناملىق ئەسىرىدە ، بىر ۋىجدانسىز قارا يۈرەك تەرىپىدىن ناھەق ھالدا ۋە رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋېتىلگەن پاك ۋە باكىرە بىر قىزنىڭ بىچارىلىك تەقدىرىگە قاتتىق ئېچىنىش بىلەن ئۇ لەنەت تەككۈر ئەرۋانى غەزەپ نەشتىرى بىلەن تىتما ــ تالاڭ قىلغان ھالدا يازغان مونۇ كىچىككىنە بايانلا بۇ دېگىنىمگە پۈلاتتەك شاھىت بولالايدۇ : « ... ئۇ شۇ دەقىقىدە يۈرىگىنىڭ قاتتىق مۇزلىغىنىنى ، قەلبىگە قاراڭغۇلۇقنىڭ سايە تاشلىغىنىنى ، قول ـ پۇتلىرى بەختسىزلىكنىڭ تۆمۈر زەنجىرىدە قاتتىق باغلىنىپ بەكمۇ قىنالغىنىنى ھېس قىلدى . چۈنكى ئۇنىڭ پاك ـ سەممىي سۆيگۈسى بەكمۇ رەھىمسىز بىر جاللات تەرىپىدىن بىمەھەل ئۆلۈمگە ئۇزۇتۇلغان ئىدى . ....... »

كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى ، يۈرىگىدە ئىمان ، ۋىجداننىڭ زەررىچىمۇ ئۇچقۇنى بولمىغان ئۇ رەزىل شۇم « جاللات » دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىش بىلەن ، روھىيىتىدە ئادالەتسىزلىك ، رەھىمسىزلىك ئورۇن ئالغان ئىنسان تىپىنىڭ نەقەدەر ژىركىنىشلىك ، ئەشەددىي ياۋايى مەخلۇقلارچە نەپرەتلىك ئىكەنلىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان ھالدا جانلىق ئىپادىلەنگەن !

شۇنداق !!!

جاللات !!!

زادى جاللات تۇيەيلى قانچىلىغان بىگۇنا ئىنسانلار تىنىدىن جۇدا بولدى ؟؟؟

جاللات تۇپەيلى قانچىلىغان خەس كۆڭۈللەر خاساڭ بولدى ؟؟؟

ۋە يەنە شۇ جاللات تۇپەيلى قانچىلىغان ، قانچىلىغان مەردۇ ـ مەردانىلاردىن ئايرىلىپ قالدۇق !!!؟؟؟

.................................... !!!

جاللات !

جاللات !!

جاللات !!!

بۇ نەقەدەر قەھرى غەزەپلىك لەنەت ـ نەپرەتكە مەھكۇم ، تۇكۇرۇندى ، مىشقىرىندى ھەتتا بېشىدىن تاپىنىغىچە قان قاخشىتىپ توغراپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتسىمۇ كىشىنىڭ دەردى ، نەپرەتلىك تۈيغۇلىرى بېسىقمايدىغان بىر ناكەست مەلئۇننىڭ نامى ھە ؟

يۇقال نەپسىگە بالا تەككەن ئەي ئاچ كۆز ، تويمىغۇر ۋىجدانسىز رەزىل جاللات !!!!!!!!!

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز مانا شۇنداق يۈكسەك ئەقلىي ، ۋىجدانىي تەپەككۇرى بىلەن ئەسەرلىرىنى تولىمۇ شاھانە ، سۆيۈنۈشلۈك ، مۇۋاپپىقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىقالىغان !

ئاپىرىن ، قەدىرلىك سىڭلىم !

قوللىرىڭىزدىن مەڭگۈ قىزىل گۈللەر ئۈنۈپ كەتكەي ، سىزگە كۆز تەگمىگەي ، سۆز تەگمىگەي ئىلاھىم !

شۇنىڭ بىلەن ئەمدى بىز بۇ شاھانە ئەسەرلەردىن شۇ تاپتا « تۇزىماس گۈل » نى كۆرۈپ باقايلى ، ــ قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەرگە زادى قانداق قىممەتلىك ، ئاجايىپ ھۇزۇرلۇق مەنىۋىي گۈزەللىك باغچىسىنى تەقدىم قىلىۋېتىپتۇ ، بىر نەزەر سېلىپ باقايلى !

## تۇزىماس گۈل !!!

ئەنە ، « تۇزىماس گۈل » ، ــ مەڭگۈلۈك شىرىن ، خۇش ھىدى بىلەن باقىي ئالەمگە قەدەر تۇزىماستىن يورۇش قىلغان لەتاپەت گۈلى !

شۇنداق !

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز بۇ ئەسىرىنىڭ باش قىسمىدا ، ياشلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدا كۆرۈلىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇچرىشىدىغان كىشىلەرنى دەۋرى ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىپ ، ئىجتىمائىي رېئاللىققا نىسپەتەن ئالاھىدە سەزگۈر ، ھۇشيار بولۇش كېرەكلىكىنى ، كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كىتىپ بىراۋغا ئالدىراپ كۆڭۈل بىرىشنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگىمۇ ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سەممىيەت بىلەن سەممىزگە سالىدۇ ۋە ئۆزى ياڭراق سادالىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇ ۋىجدانسىز ، لەنەت تەككۈرگە قەھرى غەزىۋى بىلەن « جاللات » تامغىسىنى بېسىۋېتىدۇ ۋە ئاندىن « .... يىگىت ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشىدى . ........ ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىر ، ئوخشاش ئارزۇدىكى كاتتا ئەرباپنىڭ ئۆز ئانا تىلىنىمۇ تۈزۈكرەك بىلمەيدىغان شۇتىدەك ئىگىز ، ئورۇق قىزىغا ئۆيلەندى ....... » دەپ يېزىپ ، ھەقىقىي يىگىتلىك سالاھىيىتىنى يوقاتقان ئىمانسىز ، ۋىجدانسىز قارا قۇساقلارنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئۆز قىلمىشىنىڭ مەسخىرىلىك جازالىرىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنىمۇ بايان قىلىدۇ ، ئاقكۆڭۈل بىچارىلەرگە بولسا چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق قىلىدۇ !!!

زادى شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

قاراڭلار! ــــ ئانا تىلىنىمۇ تۈزۈكرەك بىلمەيدىغان شۇتىدەك ئىگىز ئورۇق قىز بىلەن ئۇ زادى قانچىلىك راھەتلىنىپ كىتەر ؟ ..........

چۈنكى ، تىل دىگەن سېھرىلىك ئالتۇن ئاچقۇچ ! ــــ ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلنىڭ ئۇلۇق دەرۋازىلىرىنى ئاچقىلى ۋە ئاندىن مۇھەببەتلىك ھاياتنىڭ ئەڭ شىرىن قايناملىرىغا چۆڭقۇر چۆكۈپ ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ لەززىتىدىن قانا ـ قانا بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ ..... ! ئەمما كىشى بۇ سېھرىلىك ئاچقۇچتىن مەھرۇم بولسىچۇ ؟

مەن شۇنداق بىر ھىكمەتلىك گەپنى ئاڭلىغان ئىدىم : « دۇنيادىكى ئەڭ قىزىقارلىق كىتاپلارمۇ ئاشىغىڭىنىڭ بىر ئىغىز سۆزىچىلىك ھۇزۇرنى بىرەلمەيدۇ » ....

قېنى ، ئەمدى ئۇ قانداق ياشايدىكىنە ؟ زادى ئۆز ئانا تىلىدا تۈزۈكرەك سۆزلىيەلمەيدىغان « مەشۇق » ئۇ يىگىتكە قانچىلىك ھۇزۇر بىرەلەيدۇ ، ئەخىر ؟؟؟.........

ئاللاھ ساقلىسۇن مۇنداق فاجىئەلىك قىسمەتتىن !!!!!!!!!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ياخشىكى ، بىچارە قىز تۇرمۇشنىڭ سىرلىق سوقماقلىرى ۋە قىرلىق توقماقلىرى ئالدىدا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويماستىن ، « ھاياتقا ئۈمىت بىلەن باقتى .» شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاكى ئالمىدەك گۈلدەك چىرايىغا قورۇق ، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىغا قىرو چۈشكەنلىكىنى سەزمىگەن ۋاختىغا قەدەر ، نارىسىدە باللاردەك پاك ۋە باكىرلىقى بىلەن ياشىدىكى ، رىياللىقىمىزدا يۈزلىنىۋاتقان پۈتكۈل روھى مەينەتچىلىك، روھىي بۇزۇقچۇلۇقنى ۋۇجۇدىغا ھەرگىزمۇ يېقىنلاشتۇرمىدى . بەلكى ، « خاتا باسقان قەدىمى ئۈچۈن ئۆزىنى جازالاپ ياتلىق بولۇشنى خالىمىدى .... گۈزەل ياشلىق باھارىنى جاپالىق ئىشلەش ، كىتاپ ئوقۇش ۋە تۈگمەس ئائىلە ئىشلىرى بىلەن ئۆن - تۈنسىز ئۆتكۈزىۋەتتى .... !!!!!!! »

بۇ يەردە قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز ئاشۇ قىزنىڭ روھىيىتى بىلەن ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ قەلبىدىكى ۋىجدانىي تۇيغۇ ۋە پەزىلەتنى نامايان قىلغان ئاساستا ئىمانىي ، ۋىجدانىي ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك كۆرىنىشىنى تولىمۇ قىسقا ئەمما تەسىرلىك ھالدا بايان قىلىپ ، تۇرمۇش سىناقلىرى ئالدىدا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىۋاتقان خانىم - قىزلىرىمىزنى ئېقىل - پاراسەت ۋە چىدام - جاسارەت بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدۇ !!!

ئەلبەتتە بۇ ، ھەر - بىر پۈشتى ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ چۇڭقۇر ئويلىنىشى ، ئويغىنىشى ۋە ئانىلىق بۇرچىنى ھەقىقىي ئۆتەش ئۈچۈن پېداكارلىق كۆرستىشى تەقەززا قىلىۋاتقان ناھايىتىمۇ قىممەتلىك روھى پەزىلەت !

چۈنكى ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن ئىدىكى ، « جەننەت ئانىلارنىڭ ئاياق ئاستىدا » ، « جەننەت قىلىچنىڭ ئاستىدا » .

خوش ، ئەگەر بىزنىڭ خانىم - قىزلىرىمىز ، ئىمان - ھايالىق ، ۋىجدان - نومۇسلۇق ۋە قەيسەر - جاسارەتلىك بولمىسا ئەۋلاتلىرىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۆكمىگە مۇناسىپ ھالدا جەننەت مەنزىلىگە يېتەكلەشكە قادىر بولالامدۇ ؟

بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس !!!

قېنى ئەمدى سۆز سىلەردە !!!

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز ، ئەسەر قەھرىمانى قىزنىڭ روھىيىتىدىكى قىممەتلىك پەزىلەتنىڭ يۈكسەك پەللىسنى ئۇنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىگە باغلاپ تەسۋىرلەپ :

« .............. ئۇنىڭ پاكىزە تۇيغۇلىرى قەلىمىگە قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئۇ يېزىۋەردى . ئۇ شۇ يېزىشىدا ھاياتنى شۇ قەدەر گۈزەل ئەمما رەھىمسىز ، مۇھەببەتنى شۇ قەدەر ئۇلۇغ ئەمما قەدىرسىز ، كۆڭۈلنى شۇ قەدەر پاكىز ئەمما يۈگەنسىز قىلىپ يازدى . يازغانلىرى ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. .

ئۇ يەنە ھاياتىدا تالاي كىشىلەرنىڭ قىسمەتلىرىنى كۆردى . ئۇلارنىڭ رەڭگا - رەڭ ھايات كارتىنىلىرىنى خاتىرىگە ئالدى . ئۇنى ئەجەپلەندۈرگىنى ۋە ئېچىندۇرغىنى شۇ بولدىكى قاتتىق بورانغا بەرداشلىق بېرەلىگەن چىنار قامەتلەرنىڭ مەيىن شامالدا ئۆرۈلۈپ چۈشكىنى ، قار - شىۋىرغاندا مەزمۇت تۇرغان دالا قارىغايلىرىنىڭ باھار ئاپتىۋىدا قۇرۇپ قالغىنى ، قارا ئېيىقنى يېڭىپ ھەممىنى تاڭ قالدۇرغان ئەزىمەتلەرنىڭ قەغەز يولۋاستىن يېڭىلىپ قېلىپ شەرمەندە بولغان رەسۋا كەچۈرمىشلىرى ئىدى.

ئۇ يەنە ئىسىل يىپەك كىيىملەر ئىچىدە ئەرلىكىنى يوقاتقان سەرۋى قامەتلەرنىمۇ ، جەندى - كولاھ ئىچىدە ئۆچمەس تاۋاردەك جۇلالىنىپ تۇرغان پاكىزە يۈرەكلەرنىمۇ ، غورۇرىنى ئىت يەپ كەتكەن ئەمما چىرايلىق زىننەتلەنگەن قەلبلەرنىمۇ ، تۇرمۇش قايناملىرىدا ئۆزۈپ يۈرگەن ئەجرى كۆپ ،

نېمتى ئاز غەۋۋاسلارنىمۇ كۆردى ، يازدى . ئۇ يەنە باشقىلار تەرپىدىن نەزەرگە ئىلىنماي تاشلىۋېتىلگەن قەدىرسىز گۈلنىڭ بەزىلەرنىڭ قولىدا ، شاھانە سارايلاردا قەدىرلىنىپ كۆمۈش لوڭقىلارغا سېلىنىپ ئەتىۋارلانغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. .

ئۇ ھەممىنى شۇنچە چىن ، ئېقىشلىق تەسۋىرلىدى . يازغانلىرى بارغانچە تەبىئى ، ھايات قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن چىقتى . ئېتىقاد سۆيىدە سۇغۇرۇلغان ھەر بىر ئەسەر ئۇنىڭ قەلبىدەك جۇلالاندى . بىر كۈنلەر كەلدىكى ئۇ ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدە ئۆزىنى شەرەپ سەھنىلىرىدە كۆردى.

قېرىنداشلىرى ئۇنى ئالقىشلاۋاتاتتى . تالاي كۆزلەر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ، قىزىقىش ، پەخىرلىنىش ، ھەسەت ئوتلىرىدا يېلىنجاپ تىكىلمەكتە ئىدى . ئېخىمۇ ھەيران قالارلىغى شۇ بولدىكى **45** باھارنى ئۆزاتقان ، ئۇششۇك تەككەن ياپراقلارغا ، رەڭگىنى ، خۇش - پۇرۇقىنى يوقاتقان بۇ گۈلگە بىر مۇنچە گۈل خۇمارلار قول ئۇزىتىشقا تەييار بولۇپ تۇراتتى » دەپ يېزىپ ، بىزنى ئېخىمۇ چۇڭقۇر ئويغا سېلىپ ، ئىختىيارسىز ھالدا ئاپىرىن ، تەشەككۇرلىرىمىزنىڭ ياغىرىشىغا ئىلھامچى بولىدۇ . چۈنكى ، بۇ بايانلاردا ئىجتىمائىي رىياللىقتا يۈزلىنىۋاتقان ئەخلاقى ، ۋىجدانىي قىسمەتلەر يۈرەكنى جىغلىتىدىغان ھالەتتە ناھايىتى رۇشەن ئېچىپ بېرىلگەن بولۇپ ، بۇ نۆۋەتتە مېھرىگىيا خانقىزنىڭ كىشلىك خارەكتېرىدىكى مۇھەببەت - نەپرەت تۇيغۇلىرىنىڭ ناھايىتىمۇ يارقىن ئىپادىلىنىشى بولۇش بىلەن ، بىر ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى خاسلىقىنىڭ ماھىيەتلىك سۈپىتى قانداق بولىشى كېرەكلىگى كەسكىن تەنقىدى قاراش بىلەن يۇرۇتۇپ بېرىلگەن . مانا شۇ ئاساستا قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز تىڭىرقاش ، چۈشكۈنلۈك ۋە بوشاڭلىقنىڭ ھالاكەتلىك قىسمىتىنى نەپرەت كۆزى بىلەن قامچىلاپ ، ئېقىل - پاراسەت ، چىدام - جاسارەتنى ئىشقاسىپلىشنىڭ مۇۋاپپىقيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى قىزغىن مەدھىيە بىلەن تۇگەللىنىدىغانلىغىنى رەھمەت نەزىرى بىلەن ئالقىشلىغان ..... !

بۇ ، دېمەك بىر ھەقىقىي ئوت يۈرەك ئىنسانپەرۋەر خەلق يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى ۋە تارىخىي رولىنىڭ كەمالىي شەرھىسى !

ئەمدى قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز ، بۇ قىممەتلىك شاھانە ئەسىرىنى شۇ يەرگىچە يېزىپ كېلىپ ، ھايات ھەقىقىتىگە تەشنا چاڭقاق كۆڭۈكللەرنىڭ جاراھەتلىرىگە شىپاگەر مەلھەم بولغانغا مۇناسىپ ، ئۇ جاسارەتلىك قىزنىڭ روھىيىتىدىكى بىر ئاجىزلىقنى ئاقكۆللۈك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى يەنە بىر ئۆزگىچە چۇڭقۇر ئويلۇنۇشقا يېتەكلەيدۇ . ئۇ بولسىمۇ ، قىزنىڭ يەككە - يېگانە تۇرمۇشقا « كۆنۈش » ئاساسىدا ياشاش يولىنى كەسكىن ھالەتتە تاللىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت . بۇ توغرۇلۇق شۇنداق دەپ يازىدۇ : « ئۇ كۆڭۈل دەرۋازىسىنى چېكىۋاتقان تالاي قوللارنىڭ ئېخىچە چارچىمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى . ئۇ مەڭگۈگە قۇلۇپ سالغان كۆڭۈل ئىشىگىنى ئەمدى بۇ چاققا كەلگەندە ئېچىشنى ھەرگىز خالىمايتتى . »

مەن مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قاتتىق ئازاپ تۇيغۇلىرىم بىلەن خېلىغىچە ئولتۇرۇپ قالدىم .....

ئەلبەتتە ئىنسان ھەر قانچە كەمالەتكە يەتتىم ، يېتىلدىم ، دىگەندىمۇ يانىلا تۈرلۈك خاتالىقلاردىن ، ھەتتا ئەڭ كىچىك كەمچىلىك ، نوخسان سۈپەتلەردىنمۇ خالىي بولالمايدۇ . پەقەت جەنابىي ئاللاھ ھەر نوخساندىن خالىدۇر .

دېمەكچىمەنكى ، ئۇ قىز گەرچە **45** باھارنى ئۆزاتقان بولسىمۇ ، ئەمما يەنە ئۆزگە ئوخشاش مانا شۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچ كەلگەن تالاي بىچارىلەرنىڭمۇ ( ئاياللارلا ئەمەس ئەرلەرنىڭمۇ ) بولىدىغانلىغىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا ، كۆڭۈل دەرۋازىسىنى چەككەن بىرەر ئەرنىڭ قولىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىپ ، قالغان ئۆمرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈشكە جاسارەت بىلەن قەدەم تاشلىغان بولسا، ھايات خارابىلىرىدا تەنتىرەپ يۈرگەن مىليونلىغان تەنھا قەلپلەرگە دانكو كەبى مایاكلىغى بىلەن ، ھاياتقا ئۈمىتۋارلىق بىلەن قاراش روھىنى بېغىشلىغان بولاتتى .......! بۇ جەھەتتە قەدىرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ « پاك گۇللەرنىڭ قۇربان بولار ئاشىقى بار » دىگەن بۇ قىممەتلىك شاھانە نەزمىي ئەسىرىدىكى ئاشۇ تولمۇ سۆيۈنۈشلۈك تىماتىك خىتابەن سۆزى كىپايە ، ئەلبەتتە !

بىز بۇ يەردە ئەسەر قەھرىمانىنىڭ بۇ سەلبىي تەسىرلىك (؟) خاھىشىدىن ئىجابىي نەتىجە ھاسىل قىلالايمىز . ئەلبەتتە . چۈنكى ، قارىماققا ، بىز ئۇ ئەھۋالنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ماھىيەتلىك تەرىپى يانىلا بۇ ھاياتلىق ئالىمدە « يالغۇزلۇق ئىنسانغا ياراشمايدىغان بىر خىل ياشاش مەنتىقىسى » ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . بۇ سەۋەپتىن مېھرىگىيا خانقىزنىڭ بۇ ئەسىرىنى سېھىرلىك ئەينەك ئىكەن ، دىگەن تۇيغۇغمۇ كېلىپ قالىمىز . چۈنكى ، نورمال ئەينەك پەقەتلا ئۇدۇلىدىكى مۇئەييەن كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بىرەلەيدۇ . ئەمما بۇ ئەسەر ئارقىلىق ، بىز كۆرۈنمەيدىغان « مەۋھۇم مەۋجۇتلۇق » نى ، — ئاچچىق ساۋاق تەربىيىسى ئارقىلىق ئىجابىي تەرىپىنىمۇ كۆرەلەيمىز ئەمەسمۇ ؟؟؟؟

خەيرىيەت ، ئۇ قىز ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە قەلەم تۇلپارىنى مىنىپ ھايات مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇردى ۋە تىللاردا داستان بولغىدەك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى . بۇ توغرۇلۇق قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ تەسىرلىك بايانلىرى بىزنى يەنە بىر چوڭقۇر ئويلۇنۇش قايىنىمىغا چۆكتۈردى ۋە بىز بۇ قايىنامدا « سىرلىق ھايات » نىڭ تۈرلۈك ئىپادىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز . بۇ جەھەتتە ئەرلەرنىڭ مۇھەببەت قىسمىتى بىلەن ئاياللارنىڭ مۇھەببەت قىسمىتى ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرقلەر جەنابىي ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن مۇجەسسەملەنگەن ھالدا بايان قىلىنىپ ، بىزنى قاتتىق بىر سىلكىنىشكە ئىندەيدۇ ....

قىزنىڭ ئەنە شۇ « سىرلىق ھايات » ناملىق ئەسىرى ئاخىرقى ھېساپتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبى جاراھەتلىرىگە شىپاگەر مەلھەم بولۇپ قالدۇ . ..... ۋە بۇ سەۋەپلىك ئۇ قىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياختۇرشى ، ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا نائىل بولدۇ ....... ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئارمان – ئىستىگى بويىچە ياشاپ ، ھايات بىلەن ۋاقىتسىز ۋىدالىشىدۇ !!!!!

قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىز ، بۇ قىممەتلىك شاھانە ئەسىرىنى تولمۇ ئەۋزەل ۋە ناھايىتى تەسىرلىك مونۇ بايانى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ شۇنداق دەپ يازىدۇ :

« ... ئۇ ھاياتتىن قۇرۇق قول كەتمەيدىغانلىغىدىن ئۈمىتلەندى ، قەلبى ئويغاق ، پىتنە – پاساتلاردىن يىراق ياشاشنى مىزان قىلدى .

ئۇ بۇ قېتىم دانالارنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىرىنى خاتىرىسىگە پۈتۈپ قويدى .

— « ئۆتۈپ كەتكەن ھەر – بىر پۇرسەت تەكرارلانماس گۆھەردۇركى ، ئىنسان ئۇنىڭ باھاسىنى بىلىشى كېرەك . چىقىۋاتقان ھەر – بىر نەپەسنى غەنىمەت بىلىپ ، زايە قىلماسلىق كېرەك . تىرىكلىكتە ھامان بەزى ئىشلار ئۆتىدۇ . ئەمما ئۇنى ياندۇرۇپ قولغا كەلتۈرمەك مۇمكىن ئەمەس . قىلىنماي قالغان بەزى ئىشلىرى غايىۋىلىك پەردىسى ئىچىدە ئۆزىدىن نىشان بەرمەس . ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمۈرنى غەنىمەت بىلىپ ، ۋاقىتنى زايە قىلماي ، ئاخىرەت جابدۇغىنى قىلىش كېرەك . شۇندىلا يول سەپىرىدە ئىنسان ئۆز مەنزىلىگە بىخەتەر يېتكۈسىدۇر . »

بەس ، ئەمدى يېتەر ..... بولدى توختاپ قالاي ، — دەپ ئۆز – ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ ئاخىرقى يازمىلىرىدا .

ھېلىمۇ كۆپ گۇناھتا ياشىدىم . يازغانلىرىمدا قانچىلىك ئادەم ، بىلمەيمەن . ئاخىرقى ئۆمرۈمدە قەلبىمدىن غەپلەت پەردىسىنى كۆتۈرىۋېتىپ دىلىمنى نۇرغا پۈركىگەيمەن ! ياخشى نام ۋە سۈپەتلەر بىلەن كەتكەيمەن !

ئاللاھىم ! مېنى ئۆزۈڭگە ھەم پەرىشتەلىرىڭگە يېقىن قىلغىن !

ئەتىسى ئۇ ئانا يۇرتى بىلەن ئۇن – تىنسىز خوشلاشتى . ئۇنىڭ قەلبى ئاشۇ بۈيۈك ، مۇقەددەس ماكانغا ئوتتەك تەلپۈنمەكتە ئىدى .»

مەن ئەسەرنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر پەس سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ قالدىم ۋە ئىچىمدە « ئەلھوكۈمۇللاھ !» دېدىم.... ئاندىن ، قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزغا بولغان « رەھمەت » لىك تۇيغۇلىرىم ئەرشىگە كۆتۈرۈلدى !!! چۈنكى قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ بۇ تەسىرلىك باياندا ، ئىنساني ھاياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە بولىشى كېرەكلىگى تولىمۇ رۇشەن شەرھلىنىشى بىلەن ، بىزنى ھاياتنىڭ ھەر ـ بىر مىنۇتىنىمۇ قەدىرلەش ، ئاخىرەتنى ئويلاش ئاساسدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چاقىرىدۇ ! چۈنكى ، بىز باقى ئالەمگە ، جەنابىي ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز ۋە بۇ پانىي ئالەمدىكى ھەر ـ بىر ئېغىز سۆزىمىزنىڭ ، ھەر ـ بىر ھەرىكىتىمىزنىڭ ھېسابىنى بېرىمىز ئەمەسمۇ ؟؟؟

بۇ ، دېمەك ھاياتنىڭ قىزىغى مۇشۇ دۇنيادا ، دەپ ئاخىرەتلىك مەنزىلىنى ئويلانماي ھاماقەتلىك ، تەلۋىلىك بىلەن بۇزۇق ، شەرمەندە ئوي ـ خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ ياشاشقا ، ھەتتا قانخورلۇق ، بۇلاڭچىلىق .... كەبى رەزىللىكلەر بىلەن باشقىلارنى پاراكەندە ، ۋەيرانە قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەن لەنەت تەككۈرلەرگە قىلىنغان جىددىي ئويلۇنۇش ، قاتتىق ئويغۇنۇش خىتابىدۇر !

شۇنداق قىلىپ ، كىچىگىدىلا سۆيگۈ فاجىئەسىدىن يۈرىكىگە قاتتىق دەز كەتكەن (؟) بىچارە قىز بىز بىلەن پاك ـ باكىرە ھالدا مەڭگۈلۈك خوشلاشتى . ئۇنىڭ مۇشۇ « ئېتىقات سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان » پاك ۋىجداني غورۇرلۇق كەيپى كۆز ئالدىمدا ھەقىقەتەن كەڭ تەبىئەتنىڭ سېخىلىقى بىلەن ، تېخىمۇ توغرىسى جەنابىي ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ھەر زامان كىرسىز، پاكىزە ھالەتتە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان تۈمەن مىڭ قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىلىرىنى ئەسلەتتى ، مانا ، كۆز ئالدىمدا شۇ تاپتا بىر سېھىرلىك نۇر بىلەن بىرلەشكەن گۈللۈك كەبى مەنزىرە يالتىرىماقتا ....... !

رۇشەنكى ، مانا شۇنداق پاكىزە مەنىۋىيەتلا ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ ئوتلۇق مېلودىيىسىنى مەڭگۈ ياڭرىتالايدۇ (؟؟؟) ۋە مىليونلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئەسلەش ، كۈيلەش نىشانى بولۇپ قالىدۇ ، ئەلبەتتە !

ئەلۋىدا « تۇزىماس گۈل ، ئەلۋىدا ! »

جەنابىي ئاللاھ سىزنى جەننەت راھىتى بىلەن قۇتلۇقلىغاي ۋە سىز شۇبۇ گۈلدەك ئېچىلىپ يايرىغايسىز ، امىن !

مەن قەدىرلىك سىڭلىم مېھرىگىيا خانقىزنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى داۋاملىق ئېلان قىلىپ تۇرىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىت قىلىمەن ۋە نۆۋەتتە بۇ قىممەتلىك ئەسىرنىڭ ھەدىيىسى سۈپىتىدە تەييارلىغان بىر پارچە فلاش ئەسىرىمنى تەقدىم قىلىمەن ، ئاددىي بولسىمۇ قوبۇل قىلغايسىز !

بۇ ئەسەرنى تۆۋەندىكى ئادرېس ئارقىلىق كۆرگەيسىز .

http://www.56.com/p_68301928.swf

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تىكىرقاشتىن غالىپ كەلگەن جەسۇر يۈرەك

ـ قەدىرلىك سىڭلىم گۈل سەنەم خانقىزنىڭ « ئاھ ! ئارمانلىرىم » ناملىق يازمىسنى ئوقۇغاندىن كېيىن

شۇ تاپتا كۆڭۈل ئېكرانىمدا ئاجايىپ پەخىرلىنەرلىك بىر گۈزەل سىما مىليونلارغا ھاياتنىڭ قىرلىق توقماقلىرى ۋە سىرلىق سوقماقلىرىغا دۇچ كەلگەندە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئىما قىلىپ ، « چىدام ـغەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەردەم يادىمدا » ( ل . مۇتەللىپ ) دەپ ، كۈچلۈك ئىتىقات ، ئوتلۇق ۋىجدان ۋە غۇرۇر بىلەن ياشاشنىڭ بىردىن ـ بىر ئىنسانىي ياشاش بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىۋاتىدۇ !!! ئۇ ، شوڭلاشقا بۇران ـ چاپقۇنلاردا ، جۇت شۇۋرغانلاردا ئەسلا ۋە ئەسلا ئېگىلىپ ـ پۈكۈلۈپ كەتمەيدىغان قارىغايدەك قامەتكە ، رەھىمسىز تەقدىرنىڭ قان ئىچكۈچى قىلىچلىرى سۇرلۇك ھالدا دىۋەيلەپ كەلسە دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ ئۇ قىلىچنى زەرپ بىلەن تارتىپ ئېلىپ ئۆتكۈر ئۇچىنى بۇ رەھىمسىز تەقدىر »نىڭ قاپ يۈرىكىگە تىقىپ مالتىلاپ تاشلاپ قان قۇستۇرىۋېتەلەيدىغان جاسارەتكە ۋە بۇ خىل جاسارەت ، جەڭگىۋارلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىككى دۇنيالىق جەننەتنى چۈشۈنۈپ يېتەلەيدىغان پاراسەتكە ئىگە بىر جەسۇر يۈرەك ئىدى.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ نىمىگە ئەرزىمەيتتى . ئەمما ئۇ سەزگۈر ئىدى ، ئويچان ئىدى ۋە جۇشقۇن تەلەپكار ، سەممىي ، ئەستايىدىل ئىدى . شۇڭلاشقا ئىجتىمائىي رىئاللىقنىڭ چۆكتۈرگۈچى ، مۆكتۈرگۈچى قىسمەتلىرىگە تۈنجۇقۇپ كەتمەي ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كەلمەكتە ئىدى !!! چۈنكى ئۇ سېھىرلىك دۇنيانىڭ چۈشەكلىرىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئورنىنى ئىزلىۋاتقان ۋە ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان غۇرۇرلۇق ، ئىپپەت ـ نامۇسلۇق ، ئوت يۈرەك شائىرانە تۇيغۇ جۇش ئۇرۇپ تۇرىۋاتقان ۋە شۇڭا مەغرۇر ياشاشنى قولدىن بەرمىگەن پەخىرلىنەرلىك بىر قىز ئىدى.

ئەمما ، « قىزنىڭ قەلبى ئېپەكتىن يۇمشاق ، تال ـ چىۋىقتىن نازۇك » ئەمەسمۇ ؟ شۇڭا دۇچ كەلگەن روھى غەلىيانلار ئەلبەتتە ئۇنىڭ جىسمانەن دۇنياسىغا تەسىر قىلىشى تەبىئى (؟) ۋە ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى زېدىلىمەي ، ئازاپلىماي قالمىدى ، ھەتتا بەدەن مۇۋازىنىتىنى كاردىن چىقارغان ئىدى . ئەمما ئۇ تەقدىر بېغىشلايدىغان تۇرمۇش قىسمەتلىرىنى توغرا تەھلىل قىلىپ ، توغرا يولدا جاسارەت بىلەن ئىلگىرلەشتەك ۋىجدانىي ئېتىقادىغا سادىق بولدى !!! ئەمما بۇ يول ئۇنى گاھى بىئارامچىلىقتا دۇچ كەلتۈرسىمۇ گاھى چاغلاردا كۈچلۈك دوستلۇق ھەقىقەتلىرىگە ئېرىشتۈردى ، ــ چۈشەنمىگەنلەر بەزدى ، يېتىم قالدۇرۇشتى . چۈشەنگەنلەر « بوستاننى تاپقان بۇلبۇل « دەك يايراپ چاۋاك بىلەن ئالقىشلاشتى ، دەرتلىكيۈرگىنىڭ قانلىق جاراھەتلىرىگە شىپاگەر مەلھەم بولۇشتى !!! ــ ئۇ بۇ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ پەخىرلىنىشىگە ، قەدىرلىشىگە ۋە ئالاھىدە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى ، ــ ھايات ھەقىقىتىنىڭ بۇ رۇشەن ئىپادىسى ئۇنى روھلاندۇرۇپ گۈزەل ھاياتنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىسىنى زوق ـ ھاياجان بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشىغا يېتەكلەيتتى ۋە ئۇ بۇ گۈزەللىكنىڭ مەۋھۇم دۇنياسىدا راھەتلىنىپ مەغرۇر پەرۋاز قىلاتتى . ئۇ بۇنىڭغا ھەقلىق ئىدى ، مۇناسىپ ئىدى !!!

ئۇ تېخى كىشلىكنىڭ گۈزەل ئىپادىلىنىشىنىڭ ئىخچام شەرھىسى بولىدىغان ئاقكۆڭۈللۈك ، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ، ۋاپادارلىق تۇيغۇلىرى بىلەن غوجىدارىغا ، سۆيۈملۈك قىزىغا ۋە قەدىرلىك ئانىسى ، دادىسىغا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئوتلۇق سۆيگۈ سىزىمى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىمۇ بىلەتتى ، ئۇنىڭ ئالدىدا ماددىيەت ئەسلا مۇھىم ئەمەس ئىدى ، ــ ئۆمۈردىشىغا ۋاپا ۋە مۇھەببەت بىلەن

قاراشنى ، پەرزەندىگە چىن ئانىلىق مېهرى بىلەن ، ئانا ۋە دادىسىغا سەممىي پەرزەنتلىك بۇرچى بىلەن كۆيۈنۈشنى ئىمانىي كامىللىقنىڭ ، ۋىجدانىي پاكلىقنىڭ شەرتى بىلىپ ، بۇنى ئەمەلدە كۆرسۈتۈشكە تىرىشاتتى !!!

ئۇ ياشاشنىڭ بىر مۇھىم ئاساسى ــ ۋاقت قارىشىنىمۇ ياخشى بىلەتتى . چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن شىرىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار ئىدى ، ئۆمۈر قىسقا ، يول ئەگرى ـ تۇقاي بولغاچقا ، مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاقتنى قەدىرلىمەي بولمايتتى ، ئەلبەتتە ! بەكمۇ ياخشىكى ، ئۇ تەييار ئامەتنىڭ چاپارمىنى ئەمەس ، بەختلىك هاياتنىڭ ئىجاتچىسى بولۇشنى ، هالال ياشاشنى چىن قەلبىدىن ئارزۇلايتتى . شۇڭا دەشتى ـ چۆللەردە سەرسانە كېتىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىز ئۇچرايدىغان ئامەتنىڭ نېسىپ بولىشنى ئەسلا ۋە ئەسلا كۈتمەيتتى ، خالىمايتتى ! ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن دۇچ كېلىۋاتقان تىرادىگىيىلىك قىسمەتلەر ئالدىدا تەسلىمىيەتچىلىك بىلەن ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇشتىن بەكمۇ هەزەر ئەيلەپ تۇراتتى!!!

كۈنلەر ، ئايلار ئۆتكەنسىرى بۇ غايىلىك ، ئىرادىلىك قىز چارچىمايمۇ قالمىدى ، ئۇ گەرچە تۇرمۇش داۋانلىرىنى ئېشىشتا پەخرلىنەرلىك ، خۇشاللىنارلىق قەدەملەرنى باسالىغان بولسىمۇ ئەمما « دۇنيادىكى پۈتكۈل ئىلمىي كىتاپلار سۆيگۈنۈڭنىڭ بىر ئېغىز تاتلىق سۆزىچىلىك هۇزۇرنى بىرەلمەيدۇ » (؟ (دىگەندەك ، هاياتتىكى شىرىن تۇيغۇلىرىغا هەمنەپەسلىكى بىلەن هەمراھ بولىدىغان كىشىسىنى تاپالمىغانلىغى بۇ هېسياتچان ، ئوتلۇق سىزىمغا ئىگە قىزنى ئازاپلىمايمۇ قالمىدى ، يالغۇزلۇق ئۇنى خۇشاللىقتىن مەهرۇم قىلىپمۇ قوياتتى . چۈنكى ئىنسان يەككە ـ يىگانىلىقنىڭ قۇلى ئەمەستە !؟ بەلكى كۆڭۈلدىكى جۆرىسى بىلەن تۇرمۇشنىڭ شىرىن قايناملىرىغا چۆڭقۇر چۆكۈپ ئەركىن بەهۇزۇر ياشاش هەققى بار، ــ دە ؟؟؟ هېلىمۇ ياخشىكى ، ئۇ مەۋھۇملۇقتا مانا شۇنداق بىرسىنى ئۇچراتمايمۇ قالمىدى . ....... ئەمما رېئاللىقتا ئېرىشەلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۈيۈك بىر ئىستەك ئىدى . ئۇ مانا شۇنى جان دەپ ئارزۇ قىلاتتى ، زىكرى قىلاتتى . ۋە ئۇمۇ ئۇنىڭغا ، ئۇنىڭ پىنهاندىكى غايىسىگە ماياك بولالىغان ئىدى ! ئۇنىڭ تىننىقلىرى يۈرىكىگە ئۇرۇلغان « تامغا » بولۇپ مەڭگۈلۈك يارقىن ئىزناسىغا ئايلانغان ئىدى !!! چۈنكى ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە ئادىمىلىك ئۇنى غايىۋىي ئارمانىغا يېتەكلەپ بارماقتا ئىدى!!! .

قەدىرلىك سىڭلىم ! .

مەن قىممەتلىك يازمىڭىزدىكى ئالتۇندەك قۇرلارنى ئوقۇشتىن هاسىل بولغان تۇيغۇلىرىمنىڭ خىتابەن ئېيتمىشلىرىدىن يارالغان تەسراتىمنى يېزىپ شۇ يەرگە كەلگىنىمدە كۆڭۈل ئىكرانىم بىردىنلا « پاللىدە !» قىلىپ شولالانغاندەك بولدىدە ، كۆز ئالدىمدا سىز تۇۋەندىكى كۆرىنىشىڭىز بىلەن جىلۋىلەندىڭىز ۋە مەن شۇ جاسارەت ئۇقچۇپ تۇرىۋاتقان گۈزەل سىمارىڭىزغا قاراپلا قالدىم ۋە ئىختىيارسىز هالدا : « ئىخ گۈزەل ئۇيغۇر قىزى ، تىڭىرقاشتىن غالىپ كەلگەن جەسۇر يۈرەك ! ، ئاپىرىن سىزگە !!! » دەۋەتتىم .

شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا ئەرك زات ئەپەندىم ، ئەرك هون ئەپەندىم ، جۇدۇن ئەپەندىم ، ئالپامىش ..... قاتارلىق هۆرمەتلىك ئەپەندىلەر ۋە مېهرىگىيا ، دىل رۇس ، چىن مودەن ، سائادەت، خىسلەت ، سۇمەييە ، نىگار ئاي ، جاللات خانىم ، ... قاتارلىق خانىم ـ قىزلارنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۈستىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزۈپ ، ئالقىشلىغان گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلىرىمىز ۋە ياخشى ئىش ـ ئىزلار ، نەپرەتلەنگەن ئەخلاقسىز كىشلەر ۋە ناچار قىلمىشلار هەققىدە يازغان قىممەتلىك يازمىلىرى ئەكسلەندى ۋە مېنىڭ تېخى يېقىندا سىزنىڭ « روهىمغا سەپەر » ناملىق يازمىڭىز توغرۇلۇق يازغان تەسراتلىرىم يادىمغا كەلدى . مانا بۇ جەهەتتە بىزنىڭ ئاخىرقى قارىشىمىز ۋە شۇئارىمىز بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى مىللىي خاسلىقىمىزغا مۇناسىپ ياشاشنى تەشەببۇس قىلىش بولۇپ ، پۈتكۈل چىرىكلىك ، بۇزۇقچىلىقۇقا ، مەنىۋىيىتىمىزنى چىرىتىشكە قارشى باتۇرلۇق

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈش ، ھەقىقىي ئىنسانچە ياشاشنى تەشەببۇس قىلىش ئىدى . سىز مانا شۇ جەھەتتە ئۆزىڭىزنى تىپ قىلغان ھالدا ئۇيغۇرلاردىكى ئۇيغۇرلاردىكى ئۆم - ئىناقلىق ، پاك ۋە پاراسەتلىك ، غۇرۇرلۇق ، جاسارەتلىك ، ئاقكۆڭۈل ، ئىشچان ، تىرىشچان ، ۋاپا ۋە مېھىر - مۇھەببەتلىك خارەكتىرنى گەۋدىلىك نامايان قىلغان بولدىڭىز . دېمەككى سىز ئۆز روھىيىتىڭىز بىلەن مىللىتىمىزگە پەخىرلىنىش ، شان - شەرەپ تۇيغۇسىنى بېغىشلىۋاتقان ، شۇنداق قىلىپ ھايات داۋانلىرىنى ئىنسانىي ئەقىدە بىلەن ئېشىۋاتقان ، — زورلۇق - زومبۇلۇقلار ئالدىدا تىڭىرقىماستىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توغرا يولدا كېتىۋاتقان بىر مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىڭىزنى جەزم قىلدىم .

مانا شۇ سەۋەپتىن ئاددىي بولسىمۇ بۇ تەسىراتىمنى بايان قىلىپ تۇرۇپتىمەن .

سىزنىڭ نۆۋەتتىكى يازمىڭىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە گېپىڭىز تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان گەپ بولۇپ ، مەن بۇ گېپىڭىزنى شۇنچە قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمەن . ئۇ بولسىمۇ « ئېھ تاتلىق ھەم مۇرەككەپ دۇنيا ! مېنىڭ مەۋجۇتلۇغۇمغا قايىلمۇ سەن ؟» دىگەن گېپىڭىز . بۇ گەپنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى ، سىز بۇ يەردە دۇنياغا بولغان قارىشىڭىزنى تولىمۇ ئاقلانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولدىڭىز.

شۇنداق ! .

جەنابىي ئاللاھ دۇنيانى شۇنچە گۈزەل ، تاتلىق راھەت باغچىسى قىلىپ يارىتىپ بەرگەن .

مىلىك ئەپسۇسكى ، پات - پاتلا « يالغانچى دۇنيا » ، « رەزىل دۇنيا » ... دىگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمەن ، — دە قەھرى غەزىۋىم مىلىك گەز ئۆرلەپ كېتىدۇ !!!

نىمىشقا ؟؟؟

بۇ يەردە ئۇ گەپلەرنى قىلغۇچىلار ئاڭسىز ھالدا ئاللاھ بىلەن قارشىلاشقان !!!

ئۇلار ئېيتسىپ باقسۇنچۇ ؟ بۇ يەردە يالغانچى، رەزىل دىگەن نامغا دۇنيا جاۋاپكارمۇ ياكى مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئىنسانمۇ ؟

كۆرۈۋاتىمىزغۇ !؟ — جەنابى ئاللاھ ئۇلۇق دەستۇرىمىز قۇرئانىي كەرىمدە قىلماسلىقنى ئېيتىپ ئاگاھلاندۇرغان ئىش - ھەرىكەتلەرنى شەيتاننىڭ غالچىلىرى بولۇپ كەتكەن نائەھلىلەر بولسىچە قىلىپ ، تۈرلۈك بۇزۇقچىلىق ۋە باشقا رەزىللىكلەرنى پەيدا قىلغان تۇرسا ، جەنابى ئاللاھ بىزگە تۇرمۇش لازىمەتلىرى سۈپىتىدە يارىتىپ بەرگەن بايلىقلارنى جاھانكۆز بۇلاڭچىلار شەخسى قارا نىيىتىنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن فاجىئەلىك قىرغىن قۇراللىرى ياساپ ئادالەتسىز ئۇرۇشلارنى قوزغاشقا ئىشلىتىۋاتسا ، بۇنى جەنابىي ئاللاھ ياراتقان شۇنچە تاتلىق ، گۈزەل دۇنياغا دۆڭگەپ قويۇش زادى قانداق ئېقىل ۋە پەزىلەت ، ئەخىر ؟

رەھمەت سىزگە قەدىرلىك سىڭلىم ! كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ! .

بۇ گۈزەل ۋە تاتلىق دۇنيا ئىنشا ئاللاھ سىزگە ۋە سىزدەك قانچىلىغان ئىمان - ھايالىق ، ۋىجدان ، جاسارەتلىك خانىم ـ قىزلارغا ئىللىق مېھرى بىلەن قايىل بولغۇسى ، ئەلبەتتە !

جەنابىي ئاللاھ گۈزەل ۋە شېرىن ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزغا بالدۇرراق يەتكۈزگەي ، بەخت قۇشى سىزگە بالدۇرراق يار بولغاي ، ئامىن !

ئۆمرىڭىز ئۇزۇن ، تېنىڭىز مەڭگۈ سالامەت بولغاي ، ئىلمىي ئىشلىرىڭىز زور مۇۋاپپىقيەتلەر بىلەن داۋام ئەتكەي ، ئامىن!

تۈركىيە — ئىستانبۇل

**2007 . 10 . 19**

# سېتىلماقچى بولغان ساھىپ جامال قىز

تولىمۇ چىرايلىق ، كۆزلىرى پىنھانلاردا بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاقنى ئەسلىتىدىغان خۇمالىق ، لەۋلىرى يېڭىلا ئېچىلغان قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك بۇ قىز تۇۋەندە تەقەززالىقتا ئولتۇرغان ئەركەكلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى ئوينىتىۋېتىپ باراتتى .

نىمە دېگەن كىلىشكەن پىگور بۇ دەپ بىرلىرى تىللىرىنى چاپىناشسا ، يەنە بىرلىرى قىزنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە بۇرملىنىپ تۇرغان بۇدرە چاچلىرىغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى .

كىچىك زالغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىگىزرەك سەھنىدە ئولتۇرغان بۇ قىز خۇددىي ئۆيقۇدىكى قار مەلىكىدەك ئىنكاسسىز ، پەقەت كۆزلىرى ھىچ نەرسىنى ئىلغا قىلغۇسى يوقتەك بىر نىشاندا ئىدى .

لالىنىڭ بىر بەرگىدەك تۇرغان بۇ قىز سەھنىگە نىمگە چىقىۋالغاندۇ ؟

زالنىڭ بىر تەرپىدە يۇشۇرۇن تۇرۇپ بۇ ئولتۇرغان كىشىلەرگە سەپ سالدىم .

ئەنە ئاۋۇ قارا كۆز ئەينىكىنى بېشىغا قونۇدۇرىۋالغان خەنزۇ بىزنىڭ شەھەردىكى داڭلىق پارىخور باشلىق ئەمەسمۇ ؟ ئۇنىڭ بۇ يەرگە قانداق قەدىمى يېتىپ قالدىكىنە ؟

يەنە تېخى داڭلىق كىنو ئارتىسى چىڭلوڭ قىيىسىق كۆز ئوغلى بىلەن پىچىرلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ .

بىر بۇلۇڭدا ھىجىيىشىپ ئولتۇرغان ، ھەممە يىرىنى ئالتۇن قاپلاپ كەتكەن ئاۋۇ ئەرەپ بىلەن ئافرىقىلىقمۇ خېلە چوڭ بايلاردەك قىلىدۇ .

تاماكىسىنى مايماق چىشلەپ ئولتۇرغان ئاۋۇ تۇك باش ئىنگىلىزچۇ ؟ ئۇنىڭ قۇلىدىكى تاماكىسىنىڭ بىر تېلىلا پالانچى يۈز دوللەر ... ئۇمۇ چوقۇم باي .

ۋاي قانداق قىلاي .

مانا ، ئاۋۇ يەردە ، زالنىڭ ئىشىكىگە يېقىن بىر ئورۇندۇقتا يۈرتىدىكى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر قانچە مەكتەپكە مەرتىلىك بىلەن نەچچە يۈزمىڭ يۈەنلەپ پۇل ئىئان قىلغان ، قىيىنچىلىغى بار ئائىلىلەرگە بولسا نەچچە مىڭ يۈەنلەپ يادەم قىلغان ئۇيغۇر بايلاردىنمۇ بىر نەچچىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ ؟ ئۇلار نىمە مەخسەتتە كەلگەندۇ ؟ (كېيىن مەلۇم بولدىكى بۇ قېرىنداشلىرىمىدىن بىرى بۇ يەردە بولغۇسى تېپېتقىسىز مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ، ئالاقاندىقتۇر ۋەقەلەرگە شاھىت بولۇش ۋە تېگىشلىك ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش مەخسىتىدە كەلگەن ئىكەن . ئۇ ، ئەھۋاللارنى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن زالنىڭ ئىشىكىگە يېقىنراق بىر يەردىن ئورۇن ئالغان ئىكەن ...... )

ئىم ، جىم بولۇڭلار خالايىق ، تۇۋەندە بىز يىللىق كىرىمى 150 مىڭ يۈەنلىك ئەر ئىزدەۋاتقان بىر ئۇيغۇر قىزنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتىمىز !

بۇ ، قىزنىڭ ئۆز رازىلىغى بۇيىچە بولدى . قىزغا پەقەت ياخشى تۇرمۇش بىلەن ئىسىل ماشىنا ، يەنە داچىسى بارلار كېرەك ئىكەن !

قىسقىچە ئەھۋالى ۋە شەرتىگە كەلسەك ،

بۇ قىز مۇنداق دەيدۇ :

— مەن بويۇمغا يەتكىلى بىر نەچچە يىل بولۇپ قالدى . يېقىندىن بىرى ئاتا ـ ئانام تويۇمنى بالدۇرراق قىلىشقا ئالدىراۋاتىدۇ . قارىغاندا توي قىلمىسام بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . لېكىن ئادەتتىكى ، بولۇپمۇ يېتەرلىك پۇلى يوق ئوغۇللار بىلەن توي قىلغۇم يوق . جاپالىق تۇرمۇشقا كۆنەلمەيمەن . مېنىڭ كېيىنكى ئۆمرۈمنى راھەت ئىچىدە ئۆتكۈزگۈم بار . شۇنداق بولسىمۇ مەن شۈكرى قىلىشنى بىلمەن . شۇڭا تەلىپىم بەكمۇ يۇقىرى ئەمەس . پەقەت يىللىق كىرىمى 150 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ، مۇقىم خىزمەت ئورنى بار ، 100 كۋادرات مېتىردىن چوڭراق ئۆيى بار

( ئىجارىگە ئالغان بولماسلىقى كېرەك ) ، 150 مىڭ يۈەنلەرگە سېتىۋالغان ماشىنىسى بار ئەردىن ( ئەگەر ئوغۇل بولسا تېخىمۇ ياخشى ) بىرسى بولسىلا ياخشى بولاتتى .

بەلكىم بۇ خىيالىمنى بىلگەنلەر : « سەن مۇشۇنداق يىگىتلەرگە لايىقمۇ ؟ » دەپ سورىشى مۇمكىن . مېنىڭ ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بار . مەن بۇ يىل 24 ياشقا كىرىمەن . ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن . ئۆتكە يىلى مەمۇرلۇققا ئىمتىھان بىرىپ ، ئۆرۈمچىدىكى مەلۇم بىر نازارەت دەرىجىلىك ئورۇنغا ئورۇنلاشتىم . شۇڭا خىزمىتىم مۇقىم . بويۇم 1.69 مېتىر . ئوغۇللارلا ئەمەس ، قىزلارمۇ ھەۋەس قىلغۇدەك بەدەن شەكلىم ۋە گۈزەل چىرايىم بار . ماڭا ئەر بولغان كىشى مېنى ھەر قانداق يەرگە ئېلىپ بارسىمۇ چېنىپ قالمايمەن . بىلىم دائىرەم خېلى كەڭرى . ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېتىشنى بىلىمەن . ئاق كۆڭۈل ، سەممىي ، كۆيۈمچان بىر قىزمەن . بولۇپمۇ ماڭا ئەر بولغۇچىغا قانداق كۆيۈنۈشنى بىلىمەن .»

قىزنىڭ سۆزى تۈگىشىگە باشقۇرغۇچى گەپ قىستۇرۇپ :

ــ مانا شۇنچىلىكلا ، بۇ قىز مىللەت تاللىمايدۇ . پۇلى بارلارنىڭ بۇ چىرايلىق قىزنى ۋاختىدا ئېلىۋېلىشنى سورايمىز . قېنى ئەمسە باشلاندى ، دېدى .

بىرىنچى بولۇپ گەپنى ھېلىقى پارىخور باشلىدى :

ــ بۇ قىزغا 150 مىڭ يۈەننى مەن چىقرالايمەن ! مېنىڭغۇ يوشۇرۇن ، مەجبۇرىي بولاپ ئەكىلىۋالغان چىرايلىق ئۇيغۇر خوتۇنلىرىمنىڭ سانى يوق . ئەمدى پۇل تۇرسىمۇ تۇرىدىكەن ، يا تۈگىمەيدىكەن . شۇڭا ئېلىپ قويايمىكىن ، دەيمىنا . بۇ ئۇيغۇر قىزلىرى قويىدەك يۇۋاش . تارتىپ ئەكىلىۋالسام ئاتا ـ ئانىسىمۇ غىڭ قىلالمايتى . غىڭ قىلغانلىرى تۈرمىدە ياتىدۇ ، شۇ . بۇ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن پەرى ھى ھى ھى ھى .....

ئارتۇق گەپ قىلىپ ۋاقتنى ئالماڭ ، دېدى باشقۇتغۇچى .

ئىككىنچى بولۇپ چىڭلوڭنىڭ قىيسىق كۆز ئوغلى گەپكە ئارىلاشتى :

ــ مېنىڭ بۇ قېتىم بۇ ياقلارغا ئۆتۈشۈمدىكى مەخسەتمۇ چىرايلىق بىر شىنجاڭلىق توقال ئېلىش ئىدى . ئىزدەپمۇ ئاۋارە بولمىغۇدەكمەن . 150 مىڭ يۈەن ، داچا ، ئۆي دىگەنلەر مەن ئۈچۈن ھېچنىمە ئەمەس . لېكىن تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن بولسا سەۋىيىسى بەكلا تۆۋەن ئىكەن . ھوللىۋودنىڭ چولپانلار يىغىلىشلىرىدا چېنىپ قالدۇ ھەقچان . بىلسەم ـ بىلمىسەم بىر ئېغىزمۇ ئىنگىلىزچە بىلمەيدۇ . ئۆزىنى بازارغا سېلىشتىن بۇرۇن ئىنگىلىزچە ئۆگەنسە بولمامتى ؟

چىڭلوڭ ئوغلىنىڭ بارغانسىرى سەكرەپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ بىر پەشۋا بىلەن جىم ـ جىتلا قىلىپ قويىدى .

ئۈچىنجى بولۇپ گەپكە ئارىلاشقان تۈك باش ئارتۇق گەپ قىلمايلا :

ــ ماڭا ھازىر بىر ئۆي خىزمەتچىسى كېرەك . ئايالىم ئامېرىكىدىكى داڭلىق بىر ئۇنىۋېرستىتنىڭ مۇدىرى . ئۇنىڭ ئۆيدىكى ئۇششاق ئىشلارنى قىلغۇدەك ۋاقتى يوق . يىللىقىڭىزغا 150 مىڭ يۈەن بېرىمەن . ئايالىم بىلەن ئىشقا كەتكەندە يوغان داچا ، ئىككى ماشىنا سىزگە قالدۇ . ئىتلىرىمغا ياخشى قارىغاچ خالىغانچە مىنىسىڭىز بولىدۇ . ....

بېشىنى ئورىۋالغان ئەرەپ ھېجىيىپ تۇرۇپ قوللىرىنى كۆرسۈتۈپ :

ــ ئۇنى 55 ـ خوتۇنلۇققا مەن ئالاي ، 150 مىڭنى بېرىمەن . خورلاپمۇ ، زورلاپمۇ كەتمەيمەن . مەن بىلەنلا كەتسۇن ، دېدى .

ئافرىقىلىق ، ئايالىمنىڭ كۆندەشلىگى بەك يامان . ئىككى كۆندە ئۇستىخانلىرىڭىزنىڭ ئىزىلىپ كىتىشىدىن قورقمىساڭ مەن بىلەن كەت . سەن دىگەندىن ئارتۇق پۇل بىرەلەيمەن ، دەپ مەيدىسىگە ئۇردى .

باشقا كىم بار ؟

ۋاقىرىدى باشقۇرغۇچى ۋە :

ــ بۇ قىزنىڭ تەلپى شۇ . چۈنكى بۇگۈنگىچە چىرايلىق ياسىنىپ خەقنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىمەن ، ئىشتىنىم يوق ، ئېتىم مارجان بۇۋى دەپ ، تازا مودا يۈرىمەن دېگەندەك خەقتىن بولىشىغا قەرز ئېلىپ كىيىپ ـ ئالتۇنلارنى ئاپتىكەن . ئالغان پۇلى نەچچە يۈزمىڭ ، ئاۋال شۇنى تۆلۈۋېتىپ ئېلىپ كىتىشكەيلا ! دېگەننى قوشۇپ قويىدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ بايا سەكرەپ كەتكەن بايلارنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئەمما ئارىدىن بىرسى قوپۇپ :

ــ بۇ قىز چىرايلىق بولغان بىلەن تۈزۈك ئىنۋانى يوق ئىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە يىلدىن كېيىن چىرايىدىنمۇ كېتىدۇ . يەنە كىلىپ مۇنداق كىم ئاشتىدا سېتىلغان قىزلار ئانچە بەك ئەخلاقلىق بولمايدۇ . ئۇ پۇلنىلا كۆزلەيدىغان قىز ئىكەن ، دەۋىدى باشقىلىرىمۇ تەستىقلاشقاندەك بولۇشۇپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئالمايدىغانلىغىنى بىلدۈرۈشتى .

زالدا بولسا :

ــ ئەجەپ هە ، باها قويۇپ ساتىدىغان بۇ مال بولمىسا ، بۇ قانداق ئەھۋال زادى ؟ دېگەندەك غۇلغۇلا ، ئىنكاسلار پەيدا بولدى ....

ئۆزىدە زور ئىشەنچىسى بار بۇ ساهىپ جامال قىز بايلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ بىئارام بولدى ۋە بۇلاقتەك كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى . چۈنكى ئۇ ، هازىرقى چىرايىم بىلەن هەر قانداق ئادەمنى باش ئەگدۈرەلەيمەن ، دەپ ئويلايتتى . ....

ــ باشقا ئالغۇچىلار بولمىسا باها قويۇش باشلانسۇن ، دەپ ۋاقىرىدى باشقۇرغۇچى بىردىنلا .

بولمىغۇر گەپلەرنىڭ چىقىۋىرىشىگە سەۋر ـ تاقىتى قالمىغان زالنىڭ ئىشكىگە يېقىن جايدا ئولتۇرغان هېلىقى بايۋەچچە ئۈيغۇر يىگىتى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ، ـ دە :

ــ توختا ! بۇ قىزنى مەن ئالىمەن ! مانا بىر مىليار ! دەپ ۋاقىرىدى ۋە زالنى ئىككى ياققا بۆلۈپ تۇرغان بوش ئارىلىقتا سالماق قەدەم بىلەن سەهنىگە قاراپ ماڭدى . ئۇنىڭ چىرايلىق چىمەن دوپپىسى ، يارىشىملىق كاستيۇم بۇرۇلكىسى ئۇنى تولىمۇ سالاپەتلىك قىلىپ گۈزەللىگىگە گۈزەللىك قوشۇپ « جەزىبدار سەهنە »دەك كۆرسىتۇپ ، هەممىنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى ، كۆپچۈلۈك شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئاجايىپ قىزىقىش ۋە هەيرانلىق بىلەن تىكىلىشىپ ، بولغۇسى ۋەقەنىڭ جەريانىنى كۆرۈشكە بەكمۇ تەقەززا بولۇشتى . خۇسۇسەن ، « بىر مىليار يۈەنگە مەن ئالىمەن ! » دېگەن بۇ ئاۋازنىڭ تون كۆكسىنى قاراسلاپ يارغان چاخماقتەك ياڭرىشى هېلىقى ئۆزىنى نوچى هېساپلاشقان بايۋەچچىلەرنى قاتتىق ساراسىمگە سېلىپ ، « بۇ زادى كىمكىنە ؟» دەپ ئويلاندۇرۇپ ، دەرهاللا شۇ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە كۆز تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى . هەتتا بۇ بايۋەچچىلەرنىڭ بوينىغا بىر قۇلنى ئاتىپ بىر قۇلى بىلەن تاماكا چىكىپ ، ئانچە ـ مۇنچە هاراق ـ شاراپ ئىچىپ نازلىنىپ مەسخوش ئولتۇرۇشقان خېنىملارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى ۋە « ئەجەبا بىر قىز ئۈچۈن شۇنچىۋالا پۇلنى ‹ دەتتىكام ! › دەپ ئاتالايدىغان قانداق مەرت ، سېخى بايۋەچچىدۇ بۇ ؟ » دەپ ئويلاندۇرۇپ بۇ جاسارەتلىك بايۋەچچىنىڭ كىملىگىنى بىلىشكە ، مۇشۇ پۇرسەتتە ئانچە ـ مۇنچە قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ تونۇشۇۋېلىشقا ، بىر پۇرسەت بولسا ..... دېگەندەك شەھۋانە شىرىن خىيالنى قىلىشتى . قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن ساهىپجامال قىزنىڭمۇ كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز توختاپ ، ئۇ بايۋەچچە يىگىتنى « تېزراق كەلسىكەن » دەپ ئادەتتىن تاشقىرى تەقەززا بولۇشقا باشلىدى ......

بايۋەچچە يىگىت يېقىنلاشقانسىرى ، ئۇنىڭ كېلىشكەن جەزىبدار ۋۇجۇدىدىن هەيرانە ـ هەس بولۇپ يۈرەكلىرى كۆيۈش ـ ئۆرتۈنۈشكە باشلىغان خېنىملار ئەرلىرىنىڭ بوينىدىن قوللىرىنى ئاجرىتىپ ، قەددىنى رۇسلاپ خۇدىنى بىلمىگەن هالدا سەهنىدىن پەلەمپەي بىلەن تۇۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى .

ئۆلارنىڭ بىر قولىدا بىر قەدەھتىن هاراق بار ئىدى . بىر قۆلى بولسا « كەل بۆياققا !» دېگەندەك ئىشارەتلەر بىلەن لىكىلدايتتى .

بايۆەچچە يىگىت شۇ چاغدا ھېلىقى بايۆەچچىلەرنىڭ بايانتنقى زەھەرلىك ھاقارەتلىك گەپلىرى تۆپەيلى بۆلارنى بىرمۇ - بىر چىڭ قۆچاغلاپ تۈرۈپ سۆيۈپ سۆيۈشلىپ ئۆچ ئالغۇسى كەلدىيۇ ، ئەمما ئۆنداق قىلمىدى . چۈنكى ، بىر تەرەپتىن بۆلارنىڭ ئاغزىدىن ھەتتا پۆتكۆل ۋۇجۇدىدىن كىلىۋاتقان تاماكا ۋە هاراقنىڭ سېسىق ، زەھەرلىك پۈرىغىدىن ئۆزىنى گۆيا نەچچە مىڭ يىللىق پوق - سۆيدۆك ئازگىلىغا كىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قاتتىق ژىركەنگەن بولسا ، يەنە بىرتەرەپتىن كۆچلۈك ئىماني تۆيغۆلىرى سەۋەبلىك ئۆلارغا نەزەر كۆزىنى سالماسلىققا تىرىشتى ۋە ئىككى تەرەپتىن كىلىۋاتقان بۆ بەد - بەشىرە لەنەت تەككۈر شەيتانلارغا قاراپمۇ قويماي پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا ، سەھنىگە چىقىپ كەتتى . شەيتانلارنىڭ بولسا شەرمەندە قوللىرى ھاۋادا ، ھاياسىز گەۋدىلىرى تامادا قالغىنچە پۆت - قوللىرى كالۋالىشىپ هاراقلىرىنى تۆكۆۋېلىشقانلىرىنى سەزمەي قېلىشتى ، هاراق ئۆلارنىڭ كىيىملىرىدىن سىرغىپ ئۆتۆپ يالىڭاچ تېقىملىرىغىچە ھۆللەپ چۈشۈپ كەتتى ....ئۆلارنىڭ ئەرلىرى بولسا دەلدەڭشىپ بىرىپ ئۆلارنىڭ بىخىنلىرىغا نىختاپ ، دۆشكەللەپ دېگەندەك ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆلتۆرغان جايلىرىغا ئېلىپ كىتىشتى . ئەمما ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى ئېچىرقىغان چىل بۆرىلەردەك ئاشۇ بايۆەچچە ئۆيغۆر يىگىتتە ئىدى ....

ساھىپجامال قىز بولسا ئېچىمەيدىغان ، چەكمەيدىغان بولغاچقا ئەس - ھۇشۇ جايىدا ئىدى . ئەمما شۇ تاپتا بايۆەچچە يىگىتنىڭ ساپ دىللارچە ھەرىكىتى ، يارىشىملىق سالاپىتى ۋە بۆ يەردىكى بايۆەچچىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىسىپ چۈشىدىغان سېخىلىق جاسارىتى تۆپەيلى ئۆنىڭدا ئىختىيارسىز ئاشىقلىق تۆيغۆلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى....

مانا شۇ چاغدا بايۆەچچە يىگىت سەھنىگە قويۇلغان كەنتۆر ئۈستىدە چامدانىنى ئاچتىدە ئىككى قوللاپ بىر مىليار يۈەن پۆلنى ئېلىپ كەنتۆر ئۈستىگە زەردە بىلەن تاشلىدى ۋە :

- مانا پۆل ! مانا بۆ ئىنساني قەدىر - قىممەتنى ئاياق - ئاستى قىلىۋاتقان لەنەت تەككۈر ، رەھىمسىز شەپقەتسىز قاتىل ! دېگىنچە ئۆ بايۆەچچىلەرگە غەزەپ بىلەن بىرمۇ - بىر قاراپ چىقتى .

شۇ چاغدا باشقۇرغۇچى پۆلغا قولىنى ئۆزارتىۋىدى ، بايۆەچچي ئۆيغۆر يىگىتى دەرھاللا :

- توختا ! قولۇڭنى تارت ! دەپ ۋاقىرىدى . باشقۇرغۇچى ئەندىكىپ توختاپ قالدى .

بايۆەچچە يىگىت باشقۇرغۇچىغا قاراپ غەزەپ بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۆردى :

— بۆ پۆلنى ساڭا تۆتقازمايمەن . چۈنكى سېنىڭ قوللىرىڭدىن دەللاللىق يۇندىسى پۈرايدۇ ، ئەمەسمۇ ؟ ئەمما مەن بۆ پۆلنى ھالال ، ساپ قان تەرىم بىلەن تاپقانلىقىم ئۆچۆن ، ھەقدارىغا ساپ قولۇم بىلەن تاپشۆرىمەن .

ئۆ بۆرۆلۆپ بايۆەچچىلەرگە قارىدى ۋە زەردە بىلەن شۇنداق دېدى :

— شۇنداق ! راس ئېيتىشىسەن ! ھازىر مىڭلىغان ئۆيغۆر خانىم - قىزلىرى سەنلەرگە ئوخشاش پۆلنى دەستەك قىلىۋالغان رەزىللەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ، دىدەك قۇللىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ . ئەمما بىلىپ قويۇش ، بۆ ئاچچىق كېچىرمىشلەر ھەرگىزمۇ ئۆزۆن داۋام قىلمايدۇ . چۈنكى جەنابىي الله پۆتكۆل دۆنيا خەلقىنىڭ نۆر - نىجادى سۆپىتىدە چۈشۈرۈپ بەرگەن ئۆلۆق قۇرئانى كېرىمدە : « **شۈبھىسىزكى ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرىشىدا ئېقىل ئېگىلىرى ئۆچۆن ئەلبەتتە رۇشەن دېلىللەر بار** » ( **سۈرە ئال - ئىمران ، 190 - ئايەت** ) دېگىنىدەك « جۈت شۇرغاننىڭ ئارقىسىدىن باھارنىڭمۇ كىلىشى مۇقەررەردۇر ! » مىللىتىمىز مەڭگۈ پۆلنىڭ قۆلى بولۆپ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس ! چۈنكى ئۆيغۆر قېنىدا مەڭگۈ قۇللۇق دىگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس !!!

بايۆەچچە يىگىت دەرھال ساھىپ جامال قىزغا بۆرۆلدىدە :

ــ كەل مېنىڭ ئېزىز ئۇيغۇر قېرىندىشىم ، كەل ! نىمە بولساڭ بول ، بىز يانىلا ساڭا ئىگە بولىمىز . بۇ بىزنىڭ ۋىجدانىي ، ئىمانىي بۇرچىمىز . قېنى يۈر ! دېدى ۋە ئارقېسىغا سالغىنىچە چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ سۈرلۈك قىياپەتتە زالدىن چىقىپ كەتتى .

ئۆلار سىرتقا چىقىپ ئادەم يوق يەرگە كەلگەندە ساھىپ جامال قىز بايۋەچچە يىگىتتىن قاتتىق ئىككى شاپىلاق يېدى . قىزنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئاچچىق ئەلەملىك ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

قىز ئەجەپلىنىپ سورىدى :

ــ مېنى نىمىشكە ئۇرىسىز ؟

ــ ساڭا بۇ ئاز تېخى . ئىست ، ھېلىمۇ مەن كىلىپ قاپتىكەنمەن . بولمىسا ، بىر ئۆمۈر ئاشۇ نىجىسلارغا قۇل بولۇپ كەتكەن بولاتتىڭ ! قارىغاندا ، سەن بەكمۇ ئېزىپ كىتىۋېتىپسەن ! ئەگەر مەن سېنى ئىككىنچى خۇتۇنۇم سۈپىتىدە ئالسام ، سەن تۇغقان پەرزەنتمۇ سېنى دوراپ بىر ئەخلەت بولۇپ قالماسمۇ ۋە ئۇ چاغدا مەن مىللىتىمىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن ؟ مىللىتىمىز ساڭا ئوخشاشلارنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرايدىغان بولسا كەلگۈسى تېخىمۇ قاراڭغۇ بولماسمۇ ؟؟؟ دېدى بايۋەچچە يىگىت قاتتىق غەزىۋى بىلەن .

ساھىپ جامال قىزنىڭ شۇئاندا بىر نىمە دېيىشكە ئاغزى كەلمىدى . بايۋەچچە يىگىت ئەمدى بىرئاز ئۆزىگە كەلگەندەك بولۇپ :

ــ بىزگە نىكاھ چۈشمەيدۇ ، چۈنكى مېنىڭ خۇتۇن ـ بالىلىرىم بار . سەن ئۆزۈڭگە لايىق بىرەر دىيانەتلىك ئۇيغۇر يىگىتى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغىنىڭ تۈزۈك . شۇنىڭدىمۇ سەن ئوقۇ ! باكلاۋۇرلۇقنى ئالغان بولساڭ ئەمدى ماگىستىرلىقنى ئال . ئۇنى ئالغاندى كېيىن دوكتۇرلۇقنى ئال . ھەتتا پروفېسسورمۇ بول ! مەن بارلىق چىقىمىڭنى كۆتۈرىمەن . ئەمما بۇگۈنكىدەك پەسكەشلىكنى ئىككىنچى خىيالىڭغا كەلتۈرمە ! ئويغان ۋە ياخشى ئويلان ، بىزنىڭ تارىخىمىزدا نازۇگۇم ، ئىپارخان ، يەتتە قىزلىرىم قاتارلىق قەھرىمان ئاچىلىرىڭ ئۆتكەن . ئۆلار بەخت ـ سائادەتنى زالىملارنىڭ ئاياق ـ ئاستىغا يىقىلىپ قۇللارچە باش ئىگىپ كۆرۈشنى ئەمەس ، بەلكى:

« ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت ،

ھاياتىمدىنمۇ ئەلا مۇھەببەت .

لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن ،

ئازاتلىق ، ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت !»

دېگەن ۋىجدانىي جاسارىتى بىلەن قانخۇمار جاللاتلار بىلەن قەھرىمانە كۆرەش قىلىپ ، قان تۆكۈلۈشتىن ، بېشى كىسىلىشتىن قورقماي مەرت ـ مەردانىلىق بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن . مانا شۇ ۋە باشقا قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە ئالاقىدار تارىخىي بىلىملەرنى پۇتكۈل ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشى ، ياخشى باشلامچى بولۇشلىرى كېرەك . دېمەككى ، مىللەتنىڭ ئانىلىرى پۇلغا ئەمەس بىلىمگە ھەۋەس قىلىشى كېرەك ! بولمىسا شەرمەندە ئاقىۋەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ يەر يۈزىدىن مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلۇپ كېتىمىز ! ــ دېدى .

يۇرتىدا يۈزىنى كۆتىرەلمەس بولۇپ كەتكەن پۇل خۇمار قىز ھەپتە ئۆتۈپ بۇ بايۋەچچە يىگىتنىڭ ۋەدىسى بۇيىچە قىلغان ياردىمى بىلەن ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتتى ۋە **10** يىل قاتتىق تىجەشلىك بىلەن ئوقۇپ تۇرلۇك كەسپى ئالىي ئىنۋانلارنى قازىنىپلا قالماي ، بەلكى ياپونىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپە ـ ئادەت بۇيىچە ياشاشقا ، تەلىم ـ تەربىيىنى خاس ئانا تىلى بۇيىچە ئېلىشقا قاتتىق ئەھمىيەت بىرىشتەك ۋەجدان ۋە غۇرۇر بىلەن ياشاش روھىنى كۆرۈپ ، ئىجتمائىي ھايات چۈشەنچىسىمۇ ئالاھىدە چوڭقۇرلاشقان ھالدا شەرەپ بىلەن قايتىپ كەلدى .

ئۇ كىلىپ ئالدى بىلەن ھېلىقى بايۋەچچە يىگىتنىڭ ئائىلىسىنى سوراشتۇرۇپ تاپتى . ئەمما ئەپسۇس بۇ يىگىت ئىككى يىل ئىلگىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن ئىدى . ئۇنىڭغا بولسا بىرپارچە خەت قالغان ئىدى . خەتتە قىسقىچە ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن مۇنداق گەپلەر يېزىلغان ئىدى :

« ...... مەن زامانىنىڭ زۇلمىدىن ، جەمىيەتتىكى ناھەقچىلىقتىن قاتتىق ئازار يىگەنلىگىم ئۈچۈن يۈرەك كېسىلىم ئېغىرلىشىپ يېتىپ قالدىم . رىزلىق نىسىۋەم يەنە قانچىلىك بار ، بۇنى بىلمەيمەن ، پەقەت جەنابىي الله بىلىدۇ . ئەگەر ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ ئۆلۈپ كىتىپ قالسام ، ئايالىم بىلەن ياخشى ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ ئۆتكەيسەن ، ...... »

قىز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى .....

بايۋەچچە يىگىت گەرچە شۇنچىۋالا پۇل ـ پىچەك ئېگىسى بولغان بولسىمۇ شەخسى تۇرمۇشىنى ناھايىتىمۇ ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزگەن بولغاچقا ئولتۇراق ئۆيلىرىمۇ باشقا بەزى بېيىغانلارنىڭكىدەك ئانچە ھەشەمەتلىك ئەمەسكەن . قىز بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۆزىنىڭ مۇندىن كېيىنكى ھايات مۇساپىسىنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈشكە نىيەت قىلىپ ، ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كىلىش ئۈچۈن بايۋەچچە يىگىتنىڭ ئايالىدىن قىسقىغىنە ئىجازەت ئېلىپ يۇرتىغا راۋان بولدى .

# زىمبابۋېدە يەرناملىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالى

1982 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئافرىقا قىتئەسىدىكى زىمبابۋې دۆلىتىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىغا 2 يىل تولغانلىقىنى خاتىرلەش كۈنى بولۇپ ، بۇ كۈنى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ئەنگلىيىنىڭ 90 نەچچە يىللىق مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانلىقى قىزغىن تەبرىكلەندى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەر ناملىرىدا مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مىنىستىرى بىۋاستە تەستىقلىغان « ھۆكۈمەت ئاخباراتى » دا 30 نەچچە مەھەللىنىڭ تۈزۈتۈلگەن ئاتىلىشى ئېلان قىلىندى .

مۇشۇ كەمگىچە ئېلان قىلىنغان 30 نەچچە يەر نامىنىڭ تۈزۈتۈلۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، بەزىلىرى ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن نامىلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بولۇپ ، بۇلار شۇ جايدىكى مىللەت تىلى بويىچە ئاتىلىشىغا ئالماشتۇرۇلدى . يەنە بەزىلىرى شۇ جايدىكى مىللەت تىلى بويىچە يېزىلىشىنىڭ ئىنگلىزچىدا بۇزىۋېتىلگەنلىرىنىڭ تۈزۈتۈلگىنى بولۇپ ، مەزكۇر دۆلەت يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىشىنىڭ ئۆلچەملىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1 .ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى زىمبابۋې ) كونىچە ئاتىلىشى جەنۇبى رودىزىيە ) نى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن ، دۆلەت نامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پايتەخت ، مۇھىم شەھەر ۋە بازارلار ، كۆل ۋە كۆلچەك قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرىگە ئىنگلىز تىلىدا نام قويۇلغان . بۇ قېتىم « ھۆكۈمەت ئاخباراتى » دا پايتەختنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىنگلىز تىلى بويىچە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن تۆت نام تۈزۈتۈلگەن ھالدا ئېلان قىلىندى .

ئۇلار:

سولزبېرى — ھارارې
ھاتلى — چېگۇتۇ
ئىسكسۋەيل — ئېسىگودىنى
ملسەيتې — ماندىدزۇدزۇرې

پايتەخت نامىنىڭ سولزبېرى دېيىلىشى 19 ـ ئەسرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەنگلىيىلىك مۇستەملىكىچى رودزىنىڭ ئەشۇ چاغلاردا ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ فامىلىسى بويىچە ئاتىلىشىنى نىشانلاش ئاساسىدا بېرىلگەن نام . مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالغىلى 2 يىل بولغان زىمبابۋې خەلقى غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە يانىلا يۇقۇندى بولۇپ تۇرىۋېرىشىگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 19 ـ ئەسرنىڭ كېينكى يېرىمىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلغان قەبىلە باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ پاتەختىنىڭ نامى قىلىپ تاللىۋالدۇ ۋە ھارارې دەپ ئاتايدۇ . « ھارارې » شۇ جاينىڭ تىلىدا « ئۇخلىمايدىغان ئادەم » دىگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ . ئۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ قەبىلە باشلىقى غەرپلىك مۇستەملىكچىلەر بىلەن ئۇزۇن مۇددەت باتۇرانە كۆرەش قىلىش جەريانىدا زادىلا كىرپىك قاقماي باشتىن ـ ئاياق ھۇشيارلىق بىلەن تۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇ ياخشى نامغا ئېرىشكەن . پايتەخت نامىنىڭ ھارارې دەپ ئاتىلىشىنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ ، ئۇ زىمبابۋې خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، ئىنقىلاۋىي ھوشيارلىقىنى كېچە ـ كۈندۈزلەپ ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەنگىلىيىنىڭ ئايال پادىشاسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ۋىكتورىيەبۇرگ دىگەن نامنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە بۇ شەھەردىكى شەھەرلىك كومىتېت بىلەن ھۆكۈمەت قانداق يېڭى نامنى قوللىنىش جەھەتتە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى قېتىم ئۆزگەرتىلىدىغان ناملارنى تەستىقلاپ قايتا ئېلان قىلىدىغان چاغدا يېڭى ناملار بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىشقا قالدۇرۇلدى .

نانفىبل تىلىدا بېرىلگەن باشقا بىر يەر نامى (.ئىنكىلدۇرن ) بولسا چۈۋۇ دەپ ئۆزگەرتىلدى .

2. ئەنگىلىيە مۇستەملىكىچىلىرى زىمبابۇۋېگە تەجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن ، شۇ جايدىكى يەر ناملىرىنىڭ يېزىلىش شەكلىگە سەل قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقتىن نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلغان ئىدى . زىمبابۇۋې ھۆكۈمىتى بۇ خىل يەرناملىرىنىمۇ تۈزىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى . چۈشىنىلگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا ، بۇ خىزمەت مۇندىن كېيىن داۋاملىق چىڭ تۇتۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىدىكەن . مۇشۇ قارارلىق « ھۆكۈمەت ئاخباراتى » دا تۆۋەندىكى يەر ناملىرىنىڭ تۈزۈتۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى:

| | |
|---|---|
| گۋېلو | گۋېرۇ |
| گاتۇما | كادوما |
| ماراندېلاس | ماروندېرا |
| سىنويا | چىنويى |
| ئۇمتالى | مۇتارې |
| شابانى | زۋشاۋانى |
| سېلۇكۋې | شۇرۇگۋې |
| ئۇمۋۇما | مۋۇما |
| بېلىنگۋې | مبېرىنگۋې |
| سومابۇلا | سومابخۇلا |
| ماشابا | ماشاۋا |
| مانگۇلا | مانگۇرا |
| مۇتوراشانگۇ | مۇتوراشانگا |
| ئىنيازۇرا | نيازۇرا |
| دېت | دېتې |
| بالابالا | مبالابالا |
| نۇئانېتسې | مۋېنېزى |
| چىپىنگا | چىپىنگى |
| متوكو | مۇتوكو |
| نكاي | نكايى |
| ئىنگېزى | نگېزى |
| مازوئې | مازوۋې |
| مئامى | مۋامى |
| متېپاتېما | مۇتېپاتېما |

| | |
|---|---|
| ئۇمۇوكۇپس | مۇۇرۇى |
| ئۇرۇنگۇپ | خۇرۇنگۇپ |
| زاۋى | زاۋپ |

يۇقارقىلاردىن باشقا ، زىمبابۇۋې ھۆكۈمىتى مەملىكەت بۇيىچە 1 ـ دەرىجىلىك مەمۇرى رايۇنلىرىنىڭ پىلانلىنىشىنى تەرتىپكە سېلىپ ، ئەسلىدىكى 7 ئۆلكىسىنى 8 قىلدى . ئۇلار : غەربى ماشاۋنالان ئۆلكىسى ، ئوتتۇرا ماشاۋران ئۆلكىسى ، مانىكالان ئۆلكىسى ، مەركىزى ئۆلكە ، ۋىكتورىيە ئۆلكىسى ، شىمالى ماتابېلېران ئۆلكىسى ، جەنۇبى ماتابېلېران ئۆلكىسىدىن ئىبارەت .

**ئىزاھ :**

**1 ـ قاتاردىكىلەر ئۆزگەرتىلىپ خاتا قىلىنغان يەر ناملىرى . داۋامدىكىلىرى تۈزۈتۈلگەنلىرى.**

مەنبە : « يەر ناملىرى بىلىمى » ژورنىلى ( خەنزۇچە ) ، 1983 ـ يىل 1 ـ سان ماقالە ئاپتورى : جۇيجۇ . تەرجىمە قىلىپ يوللىغۇچى : ئابدۇل قۇددۇس ئابدۇل ھافىز

تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل

**2007 . 10 . 20**

www.uyghurkitap.com

# ئاللاھۇ ئەكبەر

## ئاجايىپ بالا شەرىف

تۆت ئايلىق بولغاندا قىلغان
تۇنجى قېتىملىق
گېپى « ئاللاھۇ ئەكبەر » بولدى . ئىككى
ئاي ئۆتۈپ ،
كەم ـ كۈتىسىز ھالدا ئەزان ئوقۇدى ...





كاتولىك دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىدىن دۇنياغا كەلگەن تانزانىيىلىك شەرىف بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بۈيۈك دىققىتىنى قوزغىدى .

چۈنكى ئۇ تۆت ئايلىق ۋاقتىدا تەكبىر ئېيتقان ، ئالتە ئايلىق ۋاقتىدا بولسا ئەزاننى كەم ـ كۈتىسىز توغرا ئوقۇغان ئىدى .

بۇ كۈنلەردە سېنىگالنىڭ پايتەختى داكاردا ۋە ئافرىقىدىكى ھەرخىل دۆلەتلەردە دۇنيۋى تەشۋىقات بىلەن بولغان شەرىف ئۈچۈن ، « بۇ ھادىسىنى غەلىتىلىك ھېس قىلمايلى ، چۈنكى ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىگى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئىشارەتلەر قىيامەتكىچە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . » دېيىلمەكتە .

ئابدۇللاھ يالچىن خەۋىرى :

شەرىق تانزانىيىلىك بەش ياشلىق بالا . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن سىرت ، ئەرەپچە ، ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچە سۆزلىيەلەيدۇ.

بۇ جەلپ قىلارلىق خەۋەر لوندوندا ئەرەپ تىلىدا نەشر قىلىنغان « ئەل ـ مەجەللە ( ئائىلە تەۋابىئاتلار ژورنىلى ) » ناملىق ژورنالنىڭ ئاخىرقى ساندا ئېلان قىلىنغان بولۇپ ، خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيادىكى نەشر ئەپكارلاردا ئەكس ـ سادا پەيدا قىلدى .

شەرىق تانزانىيىدە كاتولىك دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىدىن دۇنياغا كەلدى . تۆت ئايلىق بولغاندا قىلغان تۇنجى قېتىملىق گېپى « ئاللاھۇ ئەكبەر » بولدى . شۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە ئەزاننى كەم ـ كۈتىسىز توغرا ئوقۇدى . بۇنىڭغا ئۆزلىرى شاھىت بولغان شەرىقنىڭ ئائىلىسى مۇسۇلمان بولدى .

شەرىق كىچىكلىگىگە قارىماي :

1 . خەلققە دىننى تەشۋىق قىلماقتا؛

ئاجايىپ بالا شەرىق ـقۇرئان ۋە ھەدىستىن ئىرIIسانلاۋغا نەسىھەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىـ ـتىپ ، ئىسلامغا دەۋەت قىلماقتا . سورىغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋاپلىرى بىلەن خەلقنىڭ بۈيۈك دىققىتى ۋە ھەۋىسىنى قوزغىماقتا . تاغىسى بىلەن بىرلىكتە كەلگەن سېنىگالىنىڭ پايتەختى داكاردىكى كاتتا مەسچىتتە 15 مىڭ كىشىگە دىننى تەشۋىق قىلدى .

2 . ئۈچ خىل چەتئەل تىلىنى بىلىدۇ؛

بەش ياشلىق ئاجايىپ بالا شەرىق ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەپچە ، ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچىنى بىلىدۇ . شەرىقنىڭ مەشھۇر فرانسۇز خەۋەر ئاگېنتى سىگمانىڭ مۇخبىرى بىلەن فرانسۇزچە سۆزلەشكەنلىكى بىلدۈرۈلمەكتە .

ئۇ لىبىيە،كېنىيە، بېنىن ۋە سېنىگالنى زىيارەت قىلىپ ، ئىنسانلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرمەكتە .

شەرىق ، خەۋەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك « ئەل ـ مەجەللە ( ئائىلە تەۋابىئاتلار ژورنىلى) » ناملۇق ژورنالنىڭ قاھىرە مۇخبىرى فاراچ ئىسمايىل ، ئەزھەر ئۇنىۋېرستىتىنىڭ ئاقائىد دەرسىنى ئوقۇتۇش گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى پروفېسسور دوكتۇر مۇھەممەد ئابدۇل مۆمىن ئەل بەررى بىلەن كۆرۈشتى . ئەل بەررى مۇنداق دىدى : « ئىسلامدا ئىلىم تەھسىلى بىلگەن كىشىلەر بىلەن قىلىنىدۇ . چۈنكى دىن بىزگە نەسلىدىن ـ نەسلگە كەڭ دائىرىلىك سۆزلەش يولى بىلەن يېتىپ كەلگەن . قۇرئانى كېرىممۇ ياخشى قىرائەت ئالىملىرى ئارقىلىق ئۆگىنىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلامنىڭ ئەمىرلىرىگە خىلاپ ۋە ئىپتىدائى بولغان بىر نەرسە سۆزلەنمىگەن ۋاقتىقىچە ، مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ بىر تۇسالغۇسى يوق . بىزگە تەرجىمە قىلىنغان ۋە بۇ مەزمۇندا سۆزلەنگەن نەرسىلەر توغرا بولسا بەك غەلىتىلىك ھېس قىلمايلى . چۈنكى ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىغى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئىشارەتلەرنىڭ كۆرۈلىشى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ . »

ــ تۈركىيە « ئاقىت » گېزىتىنىڭ 1999 ـ يىلى 26 ـ ئىيۇن سانىدىن

**تەرجىمە قىلىندى**

**( 2006 ـ يىلى 9 ـ دېكابىر )**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قەھرىمان چېچەنىستان خەلقى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ !
ئىززىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !
ئوبدان تۇرىۋاتامسىلەر ؟
جەنابىي الله ھەر ـ بىرىمىزنى ئۆز پانايىدا ساقلىغاي ، ئامىن !
ئىززىز مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !
يېقىندا دۇكان ئارىلىۋېتىپ ، كۆتۈلمىگەندە چېچىنىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك فىلىم CD سىنى ئۇچرىتىپ قالدىم . مەن بۇ فىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناخشىنى ۋە فىلىمنىڭ ئۆزىنى مۇندىن ئىلگىرى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ئىدىم . ئەمما شۇ چاغدىلا مەزمۇننى شەكلەن قەدىرئاۋال چۈشەنگەن بولسامۇ ئەمما فىلىم ۋە ناخشىدا نىملەر دېيىلىۋاتقانلىغىنى بىلىشكە بەكمۇ ئىنتىلگەن ئىدىم . جەنابىي الله بۇ ئارمانىمغا يەتكۈزگەندەك ، ئاخىر تۈركچە نۇسخىسنى بولسىمۇ تاپالىغان بولدۇم ۋە دەرھال كۆرۈپ چىقىپ بەكمۇ تەسىرلەندىم ، چېچىنىيەلىكلەرنىڭ شۇنچە ئاز سانلىق تۇرۇپمۇ يەر يۈزىدىن ، تارىختىن ئالىلىقاچان يوقۇلۇپ كەتمەسلىگىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ جانلىق چۈشەندىم ۋە تۆۋەندىكى تەسىراتىمنى يازدىم :

## ئاللاھۇ ئەكبەر

كۈرەشلەپ كەتمە ئەسلا تەجاۋۇزچى قانخورلار ،
قۇراللىك ، ھەيۋەڭگە ئىشىنىشتىن زورۇقۇپ.
دۇنيانىڭ ئىگىسى بار ـ پەقەت جەنابىي ئاللاھ!
بولغۇسى ئۇلۇق غەلىبە ھامان مەزلۇمغا مەنسۇپ !

ئەنە ئۇ چېچەنىستان نىچۈن بولمىدى غەرق ؟؟؟
چۈنكى ھەر چېچەننىڭ قەلبىدە ئۇلۇق ئاللاھ !
قېرىنداشلار بىز ئويلايلى بۇ ھىكمەتنىڭ قىممىتىن !
كېرىگى مەزلۇملارغا لائىلاھە ئىللەللاھ !

ئاللاھۇ ئەكبەر ! ئاللاھۇ ئەكبەر ! لائىلاھە ئىللەللاھ !
پۈتكۈل زالىم قان قۇسقۇسى ! ـ بۇ بەرھەق ! ـــ ئىنشا ئاللاھ !

شۇنداق !
ئەمدى ، ھەر قايىسىڭلارنىڭمۇ ئۇلار ئېيتقان جەڭگىۋار ناخشىنى چۈشىنىپراق ئاڭلىيالىشىڭلار ئۈچۈن ، ناخشىنى تۈركچىسىگە ئاساسەن ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىپ يوللۇغۇم كەلدى ، قېنى كۆرۈپ باققايسىلەر .
فىلىم جەنابىي اللەنىڭ نۇرى بولغان ئۇلۇق قۇرئانى كېرىمدىن ئايەتلەر يەر ئالغان ھالدا باشلانغان بولۇپ ، بۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە :

1 . « ( جىھاتتىن ) بوشىشىپ قالماڭلار ، شېھىت بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار ، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار ، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر » ( سۈرە ئال ـ ئىمران ، 139 ـ ئايەت ) .

2 . « شۈبھىسىزكى ، اللە ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى ( ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۈچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى ) دوست تۇتىدۇ » ، ( سۈرە سەپ ، 4 ـ ئايەت ) .

3 . « اللەنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ( يەنى شېھىتلەرنى ) ئۆلۈك دىمەڭلار ، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر ، لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر » ( سۈرە بەقەرە ، 154 ـ ئايەت )

ئەمدى فىلىمغا دىققىتىڭلارنى جەم قىلغايسىلەر :

**ناخشا :**

چېچەنىستانىم سېنى ساقلىسۇن ئۇلۇق ئاللاھىم ،
مىنىڭ مۇسۇلمان چېچەنىستانىم .
كۆڭلى سۇنۇق بالا كەبى سىقىلدىڭسەن ،
بوينۇڭنى ئۇنداق قىسىپ قارىما ماڭا ،
يۇلتۇزۇڭنىڭ پارلاپ تۇرىشى ئۈچۈن ،
جېنىم پىدا بولسۇن ساڭا چېچەنىستانىم .

لائىلاھە ئىللەللاھ ! ساقلىسۇن سېنى ئۇلۇق ئاللاھ !
لائىلاھە ئىللەللاھ مېنىڭ مۇسۇلمان چېچەنىستانىم !

ئوق تىگىپ يىقىلغان چېچەنىستانىم ،
شاھادەتكە ماڭغان پەرزەنتلىرىڭ ئۈچۈن مەن قۇربان بولاي .

لائىلاھە ئىللەللاھ ساقلىسۇن سېنى ئۇلۇق ئاللاھ ،
لائىلاھە ئىللەللاھ مېنىڭ مۇسۇلمان چېچەنىستانىم !

( ئاخىرقى نىقراتنىڭ ئالدىدىكى ئىككى مىسرا تەكرار ـ تەكرار
ئوقۇلىدىكەن ، خەۋەردار بولۇپ قالغايسىلەر )

**ئىزاھات :**

بۇ فىلىمنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ « شەبنەم مۇنازىرە مۇنبىرى » گە يوللىغان ئىدىم . تۇۋەندىكى ئادرېس ئارقىلىق كۆرەلەيسىلەر :

**http://bbs.xabnam.com/read.php?tid_29305.html**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جەھەننەمگە خوش كەپسز

**(قەھرىمان چېچەنىستان خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك فىلىمنىڭ 2 ـ قىسمىنىڭ تەرجىمىسى)**

رۇسىيىدە دېموكراتىك ئىسلاھات 3 يىلدىن بۇيان داۋام قىلىۋاتىدۇ . ھۆكۈمرانلىقنىڭ يۇكىنى كۆتىرەلمىگەن رۇسىيە ئۇپ ـ ئۇچۇقلا پارچىلانماقتا ئىدى .

1

ھۆرمەتلىك دېموكراتلار !

مەملىكىتىمىزدە ئىچكى زىددىيەتلەر بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ . خەلق بىر قانچە كۈن ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىشى مۇمكىن . جۈملىدىن مەملىكىتىمىزدىكى خەلقلەر چېچەنىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ . سىلەر توغرا نىيەتلىك كىشىلەر . مەن سىلەرنىڭ تەكلىۋىڭلارغا قاراشلىقمەن .

بورىس نىكولايىۋىچ رۇخسەت قىلسىڭىز مەن بۇ چېچەنىستاننى شۇنداق بىر ھالغا كەلتۈرىمەنكى ، ھەركىمگە ئىبرەت بولىدۇ . سىز بۇيرۇق چۈشۈرۈڭ ، قېنى ....

پاشكا ، مېنىڭ سادىق ئىتىم ، بارلىق ئۈمىدىمىز سەندە .

2

دورداييۇ چىقىپ كېلىدۇ ، مەيداندا يۇكسەك ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ :

ئاللاھۇ ئەكبەر ! ئاللاھۇ ئەكبەر !

دورداييۇ :

چېچەنىستان يالغۇزلا ئاللاھقا مەنسۇپتۇر !

چېچەنىستان خەلقى !

دىنىمىز ۋە ھۆرلىكىمىز بۇيىچە ياشاشنى خالايدىغان بولساق ئۇرۇشقا تەييار تۇرىشىمىز كېرەك .

مۇناپىقلار ئۇستىمىزگە كېلىۋاتىدۇ . ئۇلار ھۆر ياششىمىزغا يول قويمايدۇ ..... ياشىۋاتقان مۇددىتىمىزدە بۇنىڭ تەكرارلانمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىشىمىز كېرەك . كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز ـــ بىرلىك ـ ئىتتىپاقىمىزدىدۇر . ئاللاھ يارىدەمچىمىز بولسۇن ، ئاللاھۇ ئەكبەر !

3

ئەسكەرلەر !!!

ئالدىمىزدا بىر مۇسۇلمان دۆلىتى بار . ئۇنى سىلەرگە تەقدىم قىلىمەن .

بۇلارنى قانچىلا ئۆلتۈرگەن بىلەنمۇ تۈگىتەلمەيۋاتىمىز .....

سەككىز ... سەككىز ... بۇ يەر 13 ... !

پويىز ۋوگزالنى قولغا ئالدىم ، يارده‌مچى قوشۇن ئەۋەتىڭ ، بولمىسا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن ... تامام .

ھېچ قەيەرنى قولغا ئالالماپسەن . ئۇلار سېنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋاتىدۇ ، تېزلىكتە چېقىپ كەت !!!

سەككىز ، سەككىز ! 300 دىن ئارتۇقلا ئەسكىرىم بار ، يالغۇز بىر ئىش قىلالمايمەن . يارده‌مچى قوشۇن ئەۋەتىڭ ! .....

**4**

مۇخبىر :

ھۆرمەتلىك جۇمھۇر رەئىسى !
سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن قورقامسىز ؟

دورداي‌ۋ :
ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر .

مۇخبىر :
ھۆرمەتلىك جۇمھۇر رەئىسى !
بۇ يېڭى يىل كېچىسىدە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىرەر خوش - خەۋىرىڭىز بارمۇ ؟

دورداي‌ۋ :
دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تامامەن يوقۇتۇلغان مايكوفنىڭ پولات قالقانلىق دېۋىزىيىسى شەكلىدىكى بىر ھەدىيىنى تەقدىم قىلغۇم بار .
بۇ ، ئىنشا ئاللاھ ئاخىرقى ھەدىيىمىزمۇ ئەمەس .

**5**

ھە ، ھە ... قېرىنداشىم ، چېچەنىستاندا بىر پەشۋا يېدىڭمۇ ؟

شۇنداق ، .... يېدىم قېرىنداشىم . ئەمما نىمە سەۋەپتىن يېگەنلىگىمنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە مانا شۇ سەۋەپتىن يېدىك ، ــ دە !.....

**ئىزاھات :**

① رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باش كىيىمىدىكى 3 دانە 6 رەقىمى شەيتاننىڭ سىمۋولىنى كۆرستىدۇ .

② 13 رەقىمى غەيرى مۇسۇلمانلاردا ، بولۇپمۇ خرىستىيانلاردا بەختسىزلەرنىڭ سىمۋولى ھېساپلانماقتا . مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ فاتىھ سۇلتان مۇھەممەت قۇماندانلىقىدا ئىستانبۇلنى ئىگەللىگەن تارىخ 1453 ـ يىلى بولۇپ ، بۇ 4 رەقەمنى قوشقاندا 13 كېلىپ چىقاتتى ...

سىنارىيە ئاپتورى :
م . بوتسايېف
مونتاژ :
م . ئافتۇرخانوف
س . باشتايېف
مۇزىكا :
ئا . دىنمايېف

# 2.1 ـ نەزمیلەر

www.uyghurkitap.com

# ئاللاھۇ ئەكبەر

بەختىم ، ئامىتىم ، شەرەپىم ـ شانىم ،
بولماق مۇسۇلمان ئەلھەمدۇلىللاھ .
كى بولماق شۇڭا بىر ئۈممەت ساڭا ،
ۋىجدانىي بۇرچۇم يارەسۇلىللاھ .

تىنىقىم ئاللاھ ، قەدىمىم ئاللاھ ،
قۇدرىتىم ئاللاھ، ئىشىمدا ئاللاھ .
پاك ئىمان ۋە پاك ئېتىقاد ئاتاپ ،
نۇرلار ساچماقتا دىلىمغا  ئاللاھ      .

شۇڭا ئەقىدەم ئەبەدىي مەھكەم ،
ئۇ شول ئەھدىمدىن يانمايمەن ئەسلا .
كەلتۈرمەك ئۈچۈن ھۆكمىڭنى بىجا ،
پىدادۇر جېنىم ئەي ئۇلۇق ئاللاھ !

بۇنىڭدىن ئارتۇق غەنىمىتىم يوق ،
ئەھلى جەننەتى بولالىشىمغا .
ئېزىپ قالماسقا ، كەسكىن چېلىشقا ،
يۆلەك سەن پەقەت ئەي بۈيۈك ئاللاھ .

ئاللاھنىڭ ھۆكمى يول ۋە ئىمتىھان ،
چىدام، ساداقەت شەرتتۇر ھەر قاچان .
بەلكى مەغرۇران ئاشماق تاغ ـ داۋان ،
بۇنىڭ مەناسى ھەق سۇبھان ئاللاھ .

زالىم نېجىسلار ئىچمەكتە قانلار ،
خۇن ـ خار بولماقتا مەزلۇم ئىنسانلار .
ۋە لىكىن ئاخىر زالىم قان يىغلار ،
مەزلۇملار كۈلەر كى ئىنشا ئاللاھ  .

چۈنكى زالىمدا يوقتۇر ئادالەت ،
قەستى ياغدۇرماق زۇلمەت، جاھالەت .
باشى كېسىلۇر ھەقىقەتچىنىڭ ،
قىلسا كۆرەشكە ئەلنى دالالەت .

ۋەلىكىن ئاجىز مەزلۇم ئىنسانغا ،
باش پانا بەرھەق ئۆزۈڭ سەن ئاللاھ ،
شۇڭا مەڭگۈگە قىلالماس داۋام ،
دەھشەتلىك زۇلۇم ھۆكرىگەن چاغلا .

قىلىچ ـ خەنجەر بوپ تېتىيمەن راسا ،
غالجىر قانخۇمار تەجاۋۇزچىغا .
پوپوزىلىرى كەلمەيدۇ كارغا ،
جاسارەت ئاتاپ ھەر زامان ئاللاھ  .

قەلبىمدە پارلار قۇرئانىي كالام ،
مۇندىن ئىمان كى ۋىجدانىم ساغلام .
بايراقدارىمىز رەسۇل ئەلەيھىسسالام ،
يۈرەكتىن قاينار دۇئايى سالام ،
ئەي ئۇلۇق رەببىم ، پاسىبان ئاللاھ !

ئاللاھۇ ئەكبەر ، ئاللاھۇ ئەكبەر !
ئۇ سۆز گۇياكى شەربىتى كەۋسەر ،
ئۇ غەلىبىگە بەرھەق يېتەكلەر ،
مەدەتكارىمسەن مېھرىبان ئاللاھ .

تۈركىيە | ئىستانبۇل ،
2008 . 15 ـ مارت

# ئىمتىھان

تۇغۇلدۇق دۇنياغا ئىمتىھان ئۈچۈن ،
ئاتلىنايلى شەيتانغا قارشى ئىنتىقام ئۈچۈن .
شۇنداقكى ، ماڭماق شەرت ئالالاھ يولىدا ،
جەننەتۇل فىردەۋس ــ شۇ ئىنئام ئۈچۈن .

گەر ئادەم ئاتىمىز ئازمىسا ئىدى ،
چەكلەنگەن دەرەختكە بارمىسا ئىدى ،
جەننەتتە ئەبەدىل ياشاپ قالاردى ،
ئالالاھنىڭ دىگىنىدە چىڭ تۇرسا ئىدى .

لەنىتى شۇم شەيتان ئازدۇردى ئۇنى ،
ياراتقان ئالالاھتىن قاچۇردى ئۇنى .
ۋاي ئىست، ئاقىۋەت جەننەتتىن مەھرۇم،
زېمىننىڭ ئۈستىدە ياتقۇزدى ئۇنى .

نە كېرەك ؟
ئەمدى يول كەسكىن ئىمتىھان ،
يا ئالالاھ ۋە ياكى لەنىتى شەيتان .
قېنى كىم ئېقىللىق ؟ ــ تاللايدۇ كىمنى ؟
مۇھەققەق ئالالاھ ! دەر ئەقلىنى تاپقان !!!

شۇنداقكەن ، ئەمدى شەرت قۇرئان ئوقۇماق ،
كى ئالالاھ ئەمرىنى ئەستە چىڭ تۇتماق .
قۇرئاندۇر ئېقىل ۋە قەلبىمىز نۇرى ،
ھەر يەردە،ھەر«جەڭ» دە مۇمكىندۇر ئۇتماق !

شۇنداقكەن دۇنيانى تىللاش گۇناھتۇر ،
رەزىللىك ، پەسلىكنى خىللاش گۇناھتۇر .
ياراتتى زەپ گۈزەل دۇنيانى ئالالاھ ،
كورلارچە تۆھمەتلەر چاپلاش گۇناھتۇر .

دۇنيانى سېستىقان شەيتانى شۇملار ،
ۋىجدانسىز ، ئىمانسىز پوق قۇساق گۇيلار .
نەپسىگە چوق تارتىپ سۆيقەست ئىشلىتىپ ،
كىشنى قاخشاتقان قىزىل كۆز قۇۋلار .

گەر ئالالاھ يولىدا بولساق پىداكار ،
دۇنيانىڭ ھۇزۇرى بولۇر مەڭگۈ يار .
ئويغان ئەي ئېقىلسىز ، نادان ئىنسانلار !!!
رەزىللىك ، مۇناپىقلىق قىلدۇ خار - زار !!!

تۈركىيە ــ ئىستانبۇل
**5 . 5 . 2009**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئانا تىلىم ـ جان تىلىم

ئاللاھ ئىنسان  ياراتقاندا تەڭ يارالغان تىلىم سەن ،
ھەمدە جانۇ ــ جىسمىمگە قاندەك تارالغان تىلىم سەن.

زۇۋانىمنى ئوغۇز سۈتى بىرلە ئاچتىم ئۇيغۇر بوپ ،
ئۆمۈرلۈككە ساداقەتكە خاس قارالغان تىلىم سەن.

**نامىم ئۇيغۇر !!!**
**ۋە شۇڭىمۇ تىلىم مەڭگۈ ئۇيغۇرچە!!!**
**يارىلىشتىن مۇقەددەس ۋە ئۆز ئاتالغان تىلىم سەن!!!**

ھېچ كىمنىڭ يوق ھەققى شۇڭا قوللانمايسەن دېيىشكە ،
كەلسىمۇ باشىمغا قىلىچ قاچمايدىغان تىلم سەن !

گەر چېپىلسام شېھىتتۇرمەن جەنابىي ھەق ئەمرىچۈن ،
ماڭا شۇنچە ئالىي شەرەپ نىشانلىغان تىلىم سەن !

سېنىڭسىز جىسمىممۇ جانسىز ، روھىممۇ مۇتلەق جانسىز ،
سەنسىز كۆنۈم جانغا زۇلۇم!
كۆيلەيدىغان تىلىم سەن!

بايرىغىم سەن!
بارلىغىم سەن!
يارىغىم سەن!!
ئانامسەن!!!
سېنى تاشلاش مۇناپىقلىق!!!
قوغدايدىغان تىلىم سەن!!!

تىل دېمەك ــ مىللەت دېمەك ، گەر تىل يوقالسا مىللەتمۇ! . . .
يىمىرىلمەس بۇ ھەققەت!
ياشايدىغان تىلىم سەن   !!!

تىل دېمەك _ مىللەت دېمەك  ، گەر تىل يوقالسا مىللەتمۇ!. . . . .
جاننى تىكىپ قانلار كېچىپ قوغدايدىغان تىلىم سەن  !!!

ھەر نەرسىنىڭ خىلى باردۇر ــ قاغانىڭكى يانتىغى ،
سەن گۈلۈمسەن بۇلبۇل كەبى سايرايدىغان تىلىم سەن !

سەن گۈزەلسەن ، سەن شىرىن سەن ، ــ خىسلىتىڭگە سۆز يەتمەس!
نامىڭ بىرلە تا ئەبەدى يايرايدىغان تىلىم سەن !

نەچچە مىڭ خىل تىل بىلىشتە كامالەتكە يەتسەممۇ ،
پەخىرلىنىپ چاڭ چاڭ چاڭ سۆزلەيدىغان تىلىم سەن!

شۇنچۇۋالا قەدىرلىكسەن جانىدىن ئېزىز ئانامدەك ،
جەنابىي ھەق رىزاسىنى كۆزلەيدىغان تىلىم سەن !

نىمە ئۇ گاھ ئىنگىلىزچە گاھى رۇس ۋە باشقىچە ! . . .
تا ئەبەدى پاكلىغىڭنى ساقلايدىغان تىلىم سەن!

نومۇسسىزلىق ، ۋىجدانسىزلىق ئانا تىلدىن چەتنىمەك ،
دۇنيا ئالتۇن تارتۇق قىلسا ئازمايدىغان تىلىم سەن !

ھەيرانىمەن ، ۋەيرانىمەن بىچارە نادانلارغا ،
بۇ دۇنيادا نەدە بولاي ئارزۇلايدىغان تىلىم سەن!

شۇم رەزىللەر جۆيلىشىدۇ ، ــ كارغا كەلمەس ، يوق قىلىپ ،
نى نى قىسمەت ۋە ھكمەتلەر تولۇپ ــ تاشقان تىلىم سەن!

نىمە دىگەن ناھەقچىلىق ! ــ دەرس مۇنبىرى ساڭا تار!
چۈشەنسىچۇ ! ـــ مەرىپەتتە ئۇستاز بولغان تىلىم سەن!

سىنى چەكلەش ، سىنى يەكلەش ــ پىر ــ ئۇستازغا ھاقارەت!
نادانلىقنىڭ زەربىسىدىن ساقلايدىغان تىلىم سەن !

تارىخ ئۆلمەس ، بەلكى شاھىت ! ــ مىسلى شەرەپ ـ شانىڭغا ،
ئىلىم ـ مەرىپەت مەيزانىدا داڭ چىقارغان تىلىم سەن!

ــ ئەۋۋەلى ئىگگە بىلەن دۇنياغا كەلگەندىن بىرى ،
ئىنسانچە ياشاش يولىنى خىتاپ قىلغان تىلىم سەن!

سەن بىلەن ئىلىم ــ بىلىمدە دىلى يورۇپ ئالەمچە ،
قانچىلاپ ئالىم ، زىيالى داۋان ئاشقان تىلىم سەن !

ئەنە مەھمۇت ، يۈسۈپ ھەمدە لۇتفى ناۋايى ، . . . لارنىڭ ،
كىتاۋىغا جان ، گۈزەللىك بېغىشلىغان تىلىم سەن !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇندا گۈننار يارىڭ ( شۋېت ) ، گابائىن خان ( نېمىس ) مۇ ،
ھەيران بولۇپ خىسلىتىڭدىن ئالقىشلىغان تىلىم سەن !

تېخى گابائىن ساڭا زەپ ئاشىقلىقتا ، خوشلۇقتا ،
ئۆمۈر بويى ساڭا ئاتاپ كىتاپ يازغان تىلىم سەن !

بەلكى پۇتكۈل ھاياتىنى بېغىشلاپ بىرلا ساڭا ،
توي قىلماستىن كۆز يۇمۇشقا ئىلھام بولغان تىلىم سەن !

شۇنداق، ئالىم سېنى سۆزلەر ، تارىخ بىلگەن نوچىمۇ!
كۈيلىمەككە ، سۆزلىمەككە زەپ ياراشقان تىلىم سەن!

بۇ ھەقىقەت ! ــ بىلگەن بىلۇر قەدرىڭنى جان تىلىم!
بىلمىگەن شۇم نائەھلىلەر تۆھمەت قىلغان تىلىم سەن!

ۋەلېكىن كارۋان كېتىدۇ ، ئىتلار قاۋاپ قالىدۇ ،
ئىلىم سۆيگەن ھەقىقەتچى ھۆرمەت قىلغان تىلىم سەن!

چۈشەنگەچ مەن بۇ مۇبارەك قىسمىتىڭنى جان تىلىم ،
بۇرچۇم بىلىپ تۇنۇتۇشنى قەلەم ئالغان تىلىم سەن.

شۇڭىمۇ يىل ئاشتى ئوندىن يىراق قىرلاردا ھامان ،
قىنالسامۇ بۇشاشمىدىم ، ئوتنى سالغان تىلىم سەن.

ــ ئوتقا مەپتۇندۇر سەمەندەر ، لاۋا ئوت بەختىدۇر ھەيھات !
شۇنچە تارتتىڭ مېھرىمنى سەن!
ياشنايدىغان تىلىم سەن!
ياشا!
ياشا!!
مىڭلاپ ياشا!!!
پاياندازىڭ مەن سېنىڭ!
كۆزۈمنىڭ گەۋھىرى كەبى ئاسرايدىغان تىلىم سەن!

بۇ ئاللاھىم بېغىشلىغان پاك ئەقىدەم ، ۋەزىپەم ،
زەررىچىلىك تەتۈر باقسام بولمايدىغان تىلىم سەن.

يازىمەن شۇڭا كىتاۋىم ، ۋەلېكىن كۆپ خىجىلمەن ،

تەسۋىرىڭنى مىڭ يىل يازسا پۈتمەيدىغان تىلىم سەن!

خەيرىيەت ، كۆپ سۆيۈنۈشتىن تۈتالمىدىم ئۆزۈمنى ،
شۇڭا جاننى مەرت ــ مەردانە پىدا قىلغان تىلىم سەن.

كۆرۈپ باققاي ئېزىز خەلقىم ، ئىلھامىمۇ بوپ قالار ،
شۇ ئارماندا ئاللاھقا كۆپ نىدا قىلغان تىلىم سەن.

سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم!
سۆيگۈ گۈلزارىدا بۈلبۈل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن !!!

تۈركىيە ــ ئىستانبۇل 11 . 2 . 2007

**بۇ شېئىر « شەبنەم مۇنازىرە مۇنبىرى »گە يوللانغان بولۇپ ، يېزىلغان ئىنكاسلار تۆۋەندىكىچە :**

« يۇقارقى شېئىرنى ئوقۇپ تەسىرلەنگەنلىگىمدىن ، شۇ شېئىرنىڭ مۇئەللىپى ئابدۇل قۇددۇس ئەپەندىمگە رەھمىتىمنى ئېيتىپ بولۇپ ، بۇ شېئىرنى شەبنەم مۇنبىرىمىزگە يوللىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدىم . ئابدۇل قۇددۇس ئەپەندىمنىڭ مېنىڭ تەۋسىيەمگە قارىتا يوللىغان جاۋاپ خېتىدىكى ھەر ـ بىر ئېغىز سۆزى يۈرىگىمنى لەرزىگە سالغانلىغى ئۈچۈن دوستلارغا كۆرسۈتۈشنى لايىق تاپتىم . ئۇ خەتتە مونۇلار يېزىلغان ئىدى :

ــ « ۋا ئەلەيكۇم ئەسسالام مۆھتەرەم قېرىندىشىم ئەرك ـ زات ئەپەندىم !
ئۆزىڭىزمۇ ۋە ئائىلىڭىزدىكى ھەممەيلەنمۇ تىنچ ـ ئامان ، ئوبدان تۇرىۋاتامسىلەر ؟
جەنابىي ئاللاھ ھەر ـ بىرىمىزنى ئۆز پانايىدا ساقلىغاي !
قىممەتلىك سالامىڭىز ۋە ئىستىگىڭىزدىن ۋاقىپلاندىم . كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ، ئاللاھ رازى بولغاي ، ئامىن !
مەن ئاۋۋال سىزنىڭ گۈزەل بىر مۇنبەرنىڭ يېتەكچىسى بولغانلىغىڭىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن . جەنابىي ئاللاھ يولىڭىزنى راۋان ، ئىشلىرىڭىزنى ئاسان قىلغاي ، ئامىن !
قارىغاندا بىز گەرچە كۆرۈشمىگەن ، تونۇشمىغان بولساقمۇ يۈرىگىمىز تونىشىۋېتىپتۇ (؟) بۇ ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن . بۇ جەنابىي ئاللاھنىڭ بىزلەرگە بۇيۇك بىر رەھمىتى ، ئەلبەتتە (؟) شۇ جۈملىدىن ، شۇ تاپتا ھەر قانچە ئالدىراش بولساممۇ شۇ شېئىرنى يوللاي ، مۇۋاپىق بولمىغان تەرەپلىرىنى تەنقىت قىلىپ كۆرسۈتۈپ بەرسىڭىز خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن ، ئەلبەتتە (؟)
خەير ، ئاللاھقا ئامانەت بولۇڭ !
سىزگە ، ئائىلىڭىزدىكىلەرگە ۋە شەبنەم مۇنبىرىدىكى پۈتكۈل قېرىنداشلىرىمغا كەمالىي ئېھتىرام بىلەن سالام !
ھۆرمەت بىلەن :
كەمىنە ئابدۇل قۇددۇس` ھافىز 2007 . 3 . 16 »

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇشۇنداق نادىر ياخشى شېئىرلىرىنى كۆرۈشىمىزگە مۇيەسسەر قىلغان ئابدۇل قۇددۇس ئەپەندىمگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن .
( ئەرك - زات )

شېئىردا يارىتىلغان شېئىري مەنزىرىنىڭ ئوبيېكتىپ ماددىي ئاساسى ، يەنىلا تۇرمۇشتىكى ۋە تەبىئەتتىكى شېئىرىيەت . ياخشى يېزىلغان شېئىر ئوقۇغان ھەر قانداق ئوقۇرمەنگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ . بۇ تېما ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى جانلىق ، ئوبرازلىق ، ۋەكىل خارەكتېرلىك تېما دەپ ئويلايمەن . بۇ تېمىنى يۇرۇتۇپ بېرىش ھەر قانداق بىر شائىرغا نىسپەتەن ئاسانغا توختىمايدۇ .
ئانا تىلغا بولغان چەكسىز پەخىرلىنىش تۇيغىڭىزنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلىكىنى ھېس قىلدۇردىڭىز . ئىجادىيىتىڭىز يەنىمۇ بەركەتلىك بولسۇن .
( جۇدۇن )

ھارمىغايسىز ئابدۇل قۇددۇس `ھافىز ئەپەندىم . ساپ ۋە نەپىس ئۇيغۇر تىلىمىزنى يەنى ئانا تىلىمىزنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرىپلەپسىز .... ھەقىقەتەن چىن يۇرەكتىن ئېيتىلغان چىن سۆزلەر گۈزەل مىسرالاردىن ئورۇن ئاپتۇ . سىزگە كۆپ تەشەككۇر . سىزنىڭ ئانا تىلىمىزنى قوغداشتىكى ئىرادىڭىز ، جەسۇرلىقىڭىز ھەممىمىزنى قايىل قىلماي تۇرالمايدۇ . سىزنىڭ جاسارىتىڭىز بىزگە زور مەدەت . سىزنىڭ نادىر ئىمىڭىزنى كۆرگىنىمدىن خۇرسەنمەن . يوللانمىلىرىڭىزنى بىزدىن ئايىمىغايسىز .
( خىسلەت قىز )

Abdul Quddus ئەپەندىم ھارمىغايسىز !
سىزنىڭ نادىر ئىنكاس يازمىلىرىڭىزنى دىيارىم مۇنبىرىدىن كۆرۈپ كېلىۋاتاتتىم ئىدىم .
بۈگۈن ‹ ئانا تىلىم ــ جان تىلىم › دېگەن نادىر ئەسىرىڭىزنى سۇنۇش بىلەن بىرگە شەبنەم مۇنبىرىگە ئەزا بولۇپ كىرگىنىڭىزدىن بەك سۆيۈندۇم ! شەبنەم مۇنبىرىنىڭ ئەدەبىيات سەھىپىسىدە سىز دېگەندەك ياخشى ، قابىل باشقۇرغۇچىلار بار . شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىزنىڭ نادىر يازمىلىرىڭىزنىڭمۇ ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلىرى بار . شۇلار ئۈچۈن بولسىمۇ ياخشى ئەسەرلىرىڭىزنى ئايىماي سۇنارسىز !
خەير ، ئامان بولۇڭ .....
يەنە بىر پىكىر :
باشقۇرغۇچىلار بۇ تېمىنى نادىرلاشتۇرۇپ قويغاي !
( ماتېماتىكا )

ئالدى بىلەن مۇنبەرگە ياخشى بىر سوغا سوغا تۇتۇپ ئەزا بولۇپ كىرگىنىڭىزنى قۇتلۇقلايمەن !
‹ شائىر ئېقىل - پاراستىدىن ئەلگە تىنماي مۇۋە بېرىدىغان دەرەخ ، روھىيەت دالاسىنى بەھرى بىلەن ياشناتقۇچى دەريا › دەپ توغرى ئېيتىلغان ئىكەن . سىز يىراق قىرلاردا تۇرۇپ خەلق شائىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن سۆيۈملۈك خەلقىمىزنىڭ تۇمارى ‹ ئانا تىل › توغرۇلۇق بىر ياخشى ئەسەر يېزىپ ، بىزنى روھى ئۇزۇق بىلەن تەمىن ئەتتىڭىز ! سىزگە ئوخشاش ئەل ئىشقىدا كۆيىۋاتقان شائىرلارغا مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ مونۇ بىر نەچچە مىسرا شېئىرىنى تەقدىن قىلىمەن :

تەزكىرىسى تارىخ بىلەن تەڭ يېزىلغان ،

قەدىم يانغان شامدۇر ئۇيغۇر شائىرلىرى .
خۇرازلاردەك ھەر سۇبھىدە چىللاپ تۇرغان .
ھۇيا سۆزۈك تاڭدۇر ئۇيغۇر شائىرلىرى .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئەلمىساقتىن ئەل كۆزىدە خىزىر ئۇلار ،
تەخت يېنىدا شاھتىن ئاقىل ۋەزىر ئۇلار .
نەزمە بىلەن ئەلگە بىرەر ھۇزۇر ئۇلار ،
ئۇندا قەدەھ جامدۇر ئۇيغۇر شائىرلىرى .

ۋەكىل ئۇلار ئاۋال ئىنسان غۇرۇرىغا ،
ئۇتۇن ئۇلار ئانىلارنىڭ تۇنۇرىغا .
ھەر ئۇيغۇرنىڭ سوقۇپ تۇرغان تومۇرىغا ،
ئۆمۇر بويى قاندۇر ئۇيغۇر شائىرلىرى .

ئۇزۇلمەيدۇ بىرى كەتسە ، بىرى كېلىپ ،
ئۆتەر ئەلنى بىر ئۆزىدىن ئۇلۇغ بىلىپ .
چالار بولسا خەلقى ئەگەر دۇتار ئۈيلىپ ،
ئاڭا بىر جۈپ تاردۇر ئۇيغۇر شائىرلىرى .

ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ئەپەندىم ، خەير ئامان بولۇڭ !
( يىلان 1)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ئەپەندىم !!!
شەبنەم مۇنبىرىگە كەلگىنىڭىزنى تەبرىكلەيمەن !! سىزنىڭ نادىر ئىنكاس ـ تىمىڭىزنى دىيارىم مۇنبىرىدە كۆرەتتىم !! ھەم مېنىڭ يوللىغان تىماملغا قالدۇرغان ئىنكاسىڭىزدىن بەك پەخىرلەنگەنتىم !!! رەھمەت !! مېھرىباب ئالالاھتىن سىزگە ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن !!
( سۇمەييە )

بۇ شېئىرنى ياخشى يېزىپسىز ، باركاللا ، بىز چۇقۇم سۈكۈت قىلماسلىغىمىز كېرەك ، ئەگەر سۈكۈت قىلىپ يۈرىۋەرسەك ئەۋلاتلار قانداق قىلىدۇ ، ئەۋلاتلارنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ قالمامدۇق ، شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى ئىمكان بار ئۇيغۇرچە مائارىپتا ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئەجدات تەربىيىسىنى كۆچەيتىشىمىز كېرەك . ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ قالغانلىغىدىن پەخىرلىنىدىغان قىلىشىمىز كېرەك .
( خام خىيال )

رەھمەت سىزگە سىزنىڭ بۇ شېئىرىڭىزنى ئوقۇپ قاتتىق تەسىرلەندىم . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ توختاپ قالماي يېزىپ تۇرارسىز . ئىجادىيەتلىرىڭىز تېخىمۇ كۆپەيسۇن . شەبنەم مۇنبىرىگە ياخشى سوۋغاتلارنى تەييارلاپ بىزگە سۇنۇشنى ئۇنۇتماڭ .
( رابىيەم )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆرمەتلىك قۇددۇس ئەپەندى كەلگەن قەدىمىڭىزدىن گۈللەر ئۈنگەي . سىز بىلەن مۇنبەرداش بولغىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن . مەن بۇ شېئىرىڭىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم . قەلەم تۇلپارىڭىز ھارمىغاي ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى شېئىرلىرىڭىز بىلەن چاڭقىغان دىللارنى سۇغۇرۇپ تۇرىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن .

( 0996 مەلىكەم )

ئابدۇ قۇددۇس ئەپەندى مەن سىزنىڭ مۇنۇ :

« سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم ـ جان تىلىم !

سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن »

دېگەن مىسرالىرىڭىزدىكى سۆزلىرىڭىزگە قايىل .

( باي كىشى )

تېخىمۇ تىرىشىڭ ، مېھرىبان ئاللاھ بۇنى يازغاين قوللىرىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن .

( تۇمارىس 502 )

ئەسسالام قېرىنداشلار ،

ئانا تىلغا كېلىۋاتقان تەھلىكىنى بارغانسىرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز ، ئۇنى قوغداپ ، ساقلاپ قېلىش ئىرادىمىزمۇ كۈچەيمەكتە .

تىلشۇناسلىق نەزىرىيىلىرىدە شۇنداق قارىلىدۇ : بىر مىللەتنىڭ تىلىنى باشقا مىللەت يوقىتالمايدۇ ، بەلكى دەل ئەكسىچە شۇ مىللەت كىشىلىرى ئۆزلىرى تاشلىۋېتىدۇ ھەم ۋاز كېچىدۇ . بىزدىكى قىسمەن ئەھۋال دەل مۇشۇ نەزىرىيىدە ئېيتىلغان نوقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا . خۇددى جانلىقتا ئوخشاش ، تىلمۇ ئۆلىدۇ . لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئۇنى تەدرىجى قوللانماسلىقى ۋە ئاخىرىدا ئىشلىتىلمەيدىغان ئادەمنىڭ قالماسلىقى بىلەن بولىدۇ . دېمەك ، كۆرۈۋىشكە بولىدۇ : تىلىمىزنىڭ تەقدىرى ئاخىرقى ھېساپتا پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە باغلىق .

( تۇپا )

ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ئەپەندى ، ئانا تىل ھەققىدىكى گۈزەل تەرىپلىرىڭىز باشقا تورداشلارغا ئوخشاشلا مېنىڭمۇ يۈرەك تارىمنى چەكتى . ئېسىل يازمىلىرىڭىزدىن بەھرىلەنگەنلىگىمدىن بەختلىكمەن .

( تۇم توغراق )

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئابدۇل قۇددۇس ئەپەندىم ، سالامەت بولغايسىز ، شېئىرىڭىزنى بۇ مۇنبەردە يەنە بىر قېتىم كۆرگىنىم ئۈچۈن تولىمۇ خۇرسەنمەن ، ئاللاھ سىزنى قەيەردە بولسىڭىز سالامەت قىلغاي .....

( نىگار ئاي )

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ئەپەندى ۋە مۇنبەردىكى قېرىنداشلار !

ئاللاھ ھەممىڭلارنىڭ تىنىگە سالامەتلىك ۋە ئائىلىلىرىڭلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي ، ئامىن !!

مەن يېقىندا « خىسلەت ۋە ئىللەت » ناملىق بىر فىلىم كۆرگەن ئىدىم . بەلكىم تورداشلارمۇ كۆرگەندۇ ؟ مەن ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ھەقىقىي گۈزەل بىر ئانا تىلىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ ، ئۇيغۇرلىرىمىز ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىدىن نومۇس قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگۈرۈپ كەتتى ، دەپ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن . شۇ فىلىمنى كۆرگەندىن كېيىن بۇنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە ئىكەنلىگىنى بىلدىم .

ئاللاھ ئاشۇ ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ، ھىدايەت ئاتا قىلسۇن !!!

( مەدىنە 712 )

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم AbdulQuddus ئەپەندى ، ئېزىز تىنىڭىز سالامەت ئىشلىرىڭىز ئۇتۇقلۇق ، ئۇتۇقلىرىڭىز زىيادە بولسۇن !

چەتئەلدە سىزدەك بىر قېرىندىشىمىز بولغىنىدىن پەخىرلىنىمىز ! نادىر تىمىلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىغاي !

(چىن مودەن )

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئابدۇل قۇددۇس ئەپەندىم ، سىزنىڭ شېئىرىڭىزنى ئوقۇپ ھەقىقەتەن بەك تەسىرلەندىم . بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ياخشى شېئىرلارنى كۆپرەك يېزىپ تورىشىڭىزنى ، ئىجادىيىتىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق ، تىنىڭىزنىڭ سالامەت ، ئائىلىڭىزنىڭ بەختلىك بولىشنى تىلەيمەن .

تىل ئۈگۈنۈش ياخشى ئىش ، ئەمما ئۆز تىلنى ئۇنتۇپ قېلىش بەك ئېچىنىشلىق .

( ئەركەم 66 )

قۇددۇس ئەپەندى كەلگەن قەدىمىڭىزدىن گۈللەر ئۈنگەي ، سىز بىلەن مۇنبەرداش بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن . مەن بۇ شېئىرىڭىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم . قەلەم تۇلپارىڭىز ھارمىغاي ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى شېئىرلىرىڭىز بىلەن چاڭقىغان دىللارنى سۇغۇرۇپ تورىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن .

رەھمەت .......

( نەفس )

رەھمەت سىلىگە ، سىلىدىن ئاللاھ رازى بولسۇن ، بەك ياخشى يېزىپلا ، ئاللاھ قولىرىغا دەرت بەرمىسۇن .

( زامان ـ 156 )

بۇ شېئىر ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلىپتۇ ، ئوقۇپ بەك تەسىرلەندىم ھەم ھاياجانلاندىم . بۇ شېئىر ماڭا غەزەپ ـ نەپرەتنى ئېنىق ، تېز يۇكمەس شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىنى ئەسلەتتى .

( كۇرەش )

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ !

مۇبارەك قەدەملىرىگە بارىكاللا ئابدۇل قۇددۇس ئاكا ! ....

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەن تىمىلىرىنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى . مەن سىلىدەك بىر قېرىنىدىشىمنىڭ بولغانلىقىدىن ، سۆغا تەشنا قەلبلەرنى سۇغۇرىدىغان سىدىلىدەك بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ، مىللىتىم ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ، ئىشلىرىمىزنى ئۇلۇغ مېھرىبان ئاللاھتىن خەيرلىك بىلىپ بېرىشىنى تىلەيمەن !!! .....

سىلىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ھەققەتەن بەك تەسىرلەندىم . بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنىداق ياخشى شېئىرلارنى كۆپرەك يېزىپ تۇرۇشلىرىنى ، ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق ، تەنلىرىنىڭ سالامەت ، ئائىلىلىرىنىڭ بەختلىك ، بولۇشىنى تىلەيمەن ....

تىل ئۆگىنىش ياخشى ئىش ، ئەمما ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ قېلىش بەك ئېچىنىشلىق . بۇ ئەھۋاللار ۋەتەندە ئېغىر بىر ھادىسىدەك يۈز بېرىۋاتىدۇ . ... ئىنشا ئاللاھ بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر ...!!!

( ئۇيغۇر 839 )

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ !

ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ئەپەندى ۋە باشقا قېرىنداشلار :

ئانا تىل دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ تىلدۇر ... ئانا تىلنى تەرىپلىمەك سۆيمەك ئۇلۇغلىماق قەدىرلىمەك ئانا تىلدا سۆزلەشكۈچى ھەر ـ بىر قېرىندىشىمىزنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيىتى دەپ قارايمەن . ...

سىزنىڭ شېئىرىڭىزدىكى تىللار ناھايىتى نەفىس دانە ـ دانە گۈل بەرگىلىرىدەك ناھايىتى يېقىملىق خۇشپۇراق چىقىپتۇ ....

سىزنىڭ ئانا تىلىمىزنىڭ پاساھىتىنى يۇقىرى ماھارەتتە بىزگە نامايان قىلىپ بەرگىنىڭىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ....

ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن ....

ھازىر بولسا ئانا تىلىمىز تارىختىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ۋەھشى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە ....

بۇنداق بولۇشتا بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز ، ئەجداتلىرىمىز ۋە مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كەچۈرگىسىز گۇناھلىرى بار .... مەن ئۇلاردىن نەپرەتلىنىمەن . ئۇلارنى ۋىجدانسىز نامەرتلەر ئىمانى يوقلار دەپ قارايمەن . .. چۈنكى ئۇلاردا قەيسەرلىك باتۇرلۇق بولغان بولسا بىز بۇ كۈنلەرگە قالمىغان بولاتتۇق ، ئۇلار ئىمانى بىلەن ئىش قىلغان بولسا بۈگۈنكىدەك بېسىلىپ كەتمىگەن بولاتتۇق .....

بىزدە ھازىر ئانا تىلىمىزنى مائارىپ كەسپى ئورۇنلاردا ساقلاپ قالغۇدەك كۈچ قالمىدى ، كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىپ ئەۋلاتلىرىنى خەنزۇچە مەكتەپلەردە ئوقۇتماقتا . .... مەن ئۇلارنى ھەرگىزمۇ قېرىندىشىم دەپ قارىمايمەن .... ئۆز قەۋمىدىن ، ئۆز ئانا تىلىدىن كەچكەن كىشىدىن قانىسداقمۇ ۋاپا كەلسۇن .... ئۇلار ھامان بىر كۈنى تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ ....

بىز ئەمدى قوللىنىشقا تېگىشلىك بىر خىل ئۇسۇل قالدى . ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ قول ئىلكىدە بار ئىقتىسادى ياخشى قېرىنداشلىرىمىز خۇسۇسى ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسلىرىنى ئانا تىلدا تەربىيلەپ يارملىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ ... مىللىتىمىز ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى باشقا چىقىرىش ئۈچۈن كۆپلەپ كۈچ چىقىرىشنى ئۈمىت قىلىمەن ....

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلساڭلار بىزدەك قېرىنداشلىرىڭلاردىن يانمىسىمۇ جەنابىي ئاللاھتى يانغۇسى .....

قېرىنداشلىرىم ، ئانا تىلنى قوغدايلى ، ئانا تىل ــ مىللەت ، ۋەتەن ئۈچۈن ئەرزىمەس تەنلىرىمىزنى ، جانلىرىمىزنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرالىغۇدەك جاسارەتنى ئۆزىمىزگە ھەر ۋاقىت ھەمراھ قىلايلى .... جەنابىي ئاللاھ ئۇ دۇنيالىقىمىزدا بىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ھەققىنى ، ساۋابىنى بىزگە ھەسسىلەپ بەرگۈسى ....

كۆپ تىللىق بولۇش شەرەپ ، ئانا تىلنى بىلمەسلىك نومۇس .

خەير ، ئاللاھقا ئامانەت قېرىنداشلىرىم !

ئەرزىمەس پىكرىمنى ئوقۇپ بېقىشقا ۋاقىت چىقارغان قېرىنداشلىرىم .....

شۆھرەت غوپۇر ( ئاقچىغ ) ـــــــ قاراماي ، 18 ياش
( ساختا )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئانا تىل مارشى

تىللارنىڭ شاھ ـ ىنشاھ ئۇلۇقۋارىسەن ،
قەدىردان ئانا تىلىم ئەي ئۇيغۇر تىلى ،
قىممىتىڭ تەڭداشسىز ، خىسلىتىڭ چەكسىز ،
قۇۋنىار سەن بىلەن كەڭ ئۇيغۇر ئىلى . ( نىقرات)

سەن بىلىم ـ ھىكمەتلەر ئالتۇن خەزىنىسى ،
سۆيىنەر بى ھېساپ خەلقىمنىڭ دىلى ،
سەن ھايات گۈلزارىدا سەرخىل قىزىل گۈل ،
كۈيلەشتىن بۇلبۇلى تۈمەننىڭ تىلى . (نىقرات)

شۇ قەدەر ئۇلۇغلۇق سەندە مۇجەسسەم ،
تۈنجى رەت تۈنۈتقان مەھمۇت قەشقىرى.
بار مانا ئالەمگە مەشھۇر ئۇل « دىۋان »
تىلىمىز قۇدرىتى يېڭىش دەستۇرى . (نىقرات)

ئانا تىل ـ مىللەتنىڭ بارلىغى ، بەختى ،
ئانا تىل ـ مىللەتنىڭ شانۇ ـ شەرىپى .
قوغدايمىز جان تىكىپ ئەي ئانا تىلىم !
بۇ ھەر ئەۋلادىڭنىڭ يۈرەك قەسىمى ، (نىقرات)

ياشا !

ياشا !

ئەبەدى ياشا !
ئەي مىللەت شانىمىز ، شان ـ شەرەپىمىز !
ئانامدەك ئېزىزسەن ئانجان تىلىم ،
يۈرەكتىن سۆيىمەن تائەبەت سېنى !!!

**نىقرات :**

ئانامدەك ئېزىزسەن ئانجان تىلىم ،
سۆيىمەن يۈرەكتىن تائەبەت سېنى.

# ۋەتەن سۆيگۈسى



ۋەتىنىم گۈل دىيارىم ئانامسەن ئانام ،
سېنىڭسىز تاج ـ دۆلەت هارامدۇر هارام.
سۆيىمەن سېنى شۇنچە ژۈرەكتىن ئەبەت ،
سېغىنىپ كۆز ياشلىرىم ئاقار تارام ـ تارام.

شۇنداقكى ، ئون يىلچە بوپتۇ ئويلانسام ،
سېغىنىش ، ئەسلەش بىلەن كۆنلىرىم داۋام.
هەر زامان كۆز ئالدىمدا تۇرىسەن گۈلدەك ،
ژىغلايمەن بۇلبۇل كەبى ، قۇشاققا قاتسام.

چۈشلىرىم سەن بىلەن ئەگەردە ياتسام ،
ۋە دەيمەن تەشنالىق باغرىمغا باسسام.
شۇ قەدەر مېهرلىكسەن ئەي ئانا يۇرتۇم ،
كۆڭلۈم تۆرىدە سەن قەيەرگە بارسام.

يايرايمەن نامىڭنى گەر تىلغا ئالسام ،
تۈگىمەس قەدرىڭ تامان داستانلار يازسام.
شۇ قەدەر ئۇلۇقۋارسەن ، ئەڭ قەدىرلىكسەن ،
جانىم جەهەننەم ئەگەردە ئازسام!

چۈنكى مەن دۇنياغا سەندە كۆز ئاچسام ،
جەننەت كەبى باغرىڭدا ئۆسۈپ چوڭ بولسام.
قانداقمۇ ۋىژدانىم چىدايدۇ زادى ،
خائىنلىق ، ساتقىنلىق يولغا ماڭسام.

ئارمانىم شۇملارنىڭ گۆرىنى قازسام ،
كۆكسۈڭگە شان - شەرەپ ئوردېنى تاقسام.
ئەگەردە ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە ،
مەردانە جان ئۈزەر قۇربانىڭ بولسام.

شۇنداق ئەي سۆيۈملۈك ۋەتىنىم ئانام ،
ئەقلىمنى يورۇتتۇڭ ۋە بەردىڭ ئىلھام.
سېنىڭ ئۈچۈن كۆيۈپ ئۆلۈش بەختىم - شەرەپىم!
ئامان بول!
ياڭرىماقتا جەڭگىۋار ناخشام!

# ئوغلمەن

قەدىردان ئاتا ۋە ئانا ئوغلمەن ،
ئۇرغۇيدۇ تۇمۇرۇمدا ئىماننىڭ قېنى ،
قەدىردان ئاتا ۋە ئانا ئوغلمەن ،
ئۇرغۇيدۇ تۇمۇرۇمدا ۋىژداننىڭ قېنى.

شۇ ئىمان ، ۋىژداننىڭ ھكمتى شولكى ،
كۆيمەكتە ژۇرىگىم ۋەتىنىم ئۇچۇن ،
شۇ ئىمان ، ۋىژداننىڭ ھكمتى شولكى ،
كۆيمەكتە ژۇرىگىم مىللىتىم ئۇچۇن.

بۇ الله بېغىشلىغان ئەقىدە ، ئىلھام ،
مەڭگۈلۈك بەختىمنىڭ نۇرى ، مەشئىلى.
سادىقمەن شۇڭىمۇ الله ئەمرىگە ،
ئۇ ھالسىز زۇلمەتتۇر ھاياتىم مەنزىلى.

گەر شۇنداق بولمىسا دەيمەن ئۆزۈمنى ،
سېپى ئۆزىدىن ھارامدىن بولغان!
ياۋلارغا خوش - خوش دەپ ، مەھكۇم ، قۇل بولۇپ ،
خائىنلىق ، ساتقىنلىق يۇلىدا ماڭغان.

زادى بۇ قانداق ھال ؟ ــ ئېقىل ئالارمۇ ؟
سۇتى پاك ئىنسانغا ۋە يارىشارمۇ ؟
ــ ئەقلىدىن ئازغان بۇ ماڭقۇرت ئىنسانغا ،
خالايىق ھۆرمەتتە ، خۇش قارىشارمۇ ؟

ياق!
ئەسلا!!
ۋە قەھرى غەزەپ ياغىدۇ!!!
ھەمدە مىڭ نالەتلەر ئوتتەك ياقىدۇ.
خەلقنىڭ بەختىگە سالغان زەھرىنىڭ ،
ئۆزۈڭگە يانىدۇ ، دەھشەت چاقىدۇ!!!

بىلگىن ئۇ ئاق سۇتنىڭ قىسمتى ئەمەس ،
كى ئىمان ، ۋىژداننىڭ ھكمتى ئەمەس.
ھۇشيار بول!
ئاچ كۆزۈڭ!!
ئويلانغىن چۇڭقۇر!!!

www.uyghurkitap.com

قۇلچۇلۇق ــ ياشاشنىڭ قىممىتى ئەمەس!!!

باق ، ئەنە ! ـ ئىشەكنى ھەركىم مىندۇ ،
قەيەرگە « ماڭ ! » دېسە قاتراپ ماڭىدۇ.
ــ قارشىلىق كۆرسەتمەس ، تېپچەكلىمەس ھەم!
دۆت ئىشەك شۇ يولدىن قۇساق باقىدۇ.

ۋە لېكىن ئىشەككە بۇ بەك ھاقارەت (؟)
يارىلىش شۇنداقكەن ئاڭا نە ئامال ؟!
ھېلىمۇ ياخشىكى ، دېھقان ، چارۋىچى ،
نەپ ئالار يۇرگۇنچە تاغۇ ـ تاش ، جاڭگال.

چۈشەنسەڭ بەزىلەر كۆرىنە ئادەم ،
ۋە لېكىن قىلمىشى ئىشەكتىن بەتەر .
ــ گەر ئاڭا « خوجايىن » قىلسا بىر « ئەمىر » ،
« لەببەي ! » دەر ۋە دەرھال ناھەق قان ئىچەر!

مۇشۇ خىل قۇللارنىڭ دەردۇ ـ بالاسى ،
تارىختا يۈز بەرگەن ھەددى ـ ھېساپسىز.
ھېلى ھەم ئاز ئەمەس پۇل ، ئەمەل ئۈچۈن ،
قۇللارچە ياشىغان قانخور ئىمانسىز!!!

ژۇرىگىم قاخشايدۇ ، زارلايدۇ ھەر چاغ ،
دېگۈنچە جىسمىمغا چۈشتى قانلىق داغ.
قوتۇرغان چىل بۆرى ، لالما قاۋانلار
دەستىدىن بولسۇنمۇ ۋەيران چاھار باغ!

ئويلۇنۇپ ئەلەمدىن كۆزۈم قانلىق ياش ،
جان ۋەتەن ، ئېزىزان مىللىتىم ئۈچۈن.
ۋەتىنىم ، مىللىتىم ــ شۇ گۈلزارلىقنىڭ ،
بى قارا ئاشىغى بولغۇنۇم ئۈچۈن.

شۇ ئۇتلۇق سۆيگۈمدىن مىسرالار تۈزۈپ ،
كى « دېگىز تەكتىدىن مۇجەۋھەر » سۈزۈپ.
دەيمەن : خوش ، مەرھەمەت ئەي ئېزىز خەلقىم!
كەتكەيمەن ئوتۇڭدا كۆيۈپ جان ئۈزۈپ!!!

ئاللاھىم!
ساقلىغىن رەزىل قىسسمەتتىن ،

كى ئىمان ، ۋىژداندىن ئايرىما ئەبەت.
گۈل ديار ۋەسلىگە چاچاي خۇشپۇراق ،
تىلەيمەن ، ــ بوپ قالماي شۇم بۇيا پەقەت!

ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە ئەگەردە ،
رازىلىق بىلدۈرۈپ بارىمەن ساڭا.
بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭ ، راھتى چەكلىك ،
زەپ گۈزەل جەننىتىڭ ئەۋزەلدۇر ماڭا!

شۇڭىمۇ ئىشرەتلىك چاغلار ياراشماس ،
ۋەتىنىم ، مىللىتىم پىداكارىمەن.
شۇڭىمۇ مۇشكۇللەر ، بەلكى تۇرمىلەر ،
ئالدىدا قورقۇم يوق ، مەردان بارىمەن.

شۇنداقكى ، ۋەتىنىم ، مىللىتىم ئۈچۈن ،
تەييارمەن نى مۇشكۇل خەۋپ - خەتەرگە.
مەن ئۆلسەم مىنىڭدەك نەچچە مىڭ ئەۋلات ،
ئاتقۇسى ئۆزىنى شانلىق زەپەرگە!

ھەق ئۈچۈن ئاققان قان ئاچىدۇ گۈللەر ،
ئۇ بەلكى ئەمرىڭ ، بۈيۈك ئىمتىھان!
ئاللاھىم!
قولىمىزدا قۇرئانى كالام!
ئىشەنچ زور ئاشماققا مەغرۇر تاغ - داۋان!
ياسايمىز!
مىسلى گۈزەل باغۇ -- گۈلستان!!!

تۈركيە ــ ئىستانبۇل
2007 . 10 . 10

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئامبىرى

# گۈل ۋە بۇلبۇل

## (شۇ ناملىق رەسىمگە ئاتاپ)

يارىشىپتۇ كۆك يۈزىگە ئەجەپ گۈزەل ھىلال ئاي ،
جىمىرلىشىپ يۇلتۇزلارمۇ ئېيتقاندەك شاد نايناناي .

ئەنە ھىلال ئاي كى يۇلتۇز نۇرلىرىدىن تۇن خىرە ،
بۇلۇتمۇ يوق كۆك ئاسماندا ، شاملى بىرە ــ بىرە .

بەلكى زۇلمەت بىلىنمەيدۇ ، ــ تۈن كېچە ھېچ يوق كەبى ،
شۇڭا تەبىئەت ھۆسنىمۇ كۈندۈزدەك نۇرلۇق كەبى .

شۇ خۇرسەنتلىك مەنزىلگاھتا ئىككى ئاشىق بولدى جەم ،
بىرى بۇلبۇل بىرى گۈلدۈر ، خۇش ــ خۇمارلىق ! دەممۇ ــ دەم .

ئەنە قاراڭ ! ــ سۇ بويىدا نۇر ئىچىدە قىزىل گۈل ،
كېچە ــ كۈندۈز قان يىغلايدۇ ئاڭا ئاشىق بىر بۇلبۇل .

كۆز ياشلىرى ياش ئەمەسكى ، بەلكى پاك يۈرەك قېنى ،
رازى ئۇ گەر ئاشىقلىقتا قان يىغلاپ چىقسا جېنى .

مۇندا تىكەنلەر سانجىلىپ قان قىلىپتۇ باغرىنى ،
ۋەلىكىن ئۇ سەزمەيدۇ ھېچ تىكەنلەر ئازابىنى .

چۈنكى مەستخۇش ، جانۇ ــ جىسمى ، ئىسى ــ يادى گۈلدىلا ،
ئۆزىنى بەك شاد ھېس قىلار ئاغرىسىمۇ قانچىلا .

بەلكى بىر تەن بولغۇسى كېپ تەلمۈرەدۇر گۈلگە ،
زارىقىپ دەرت سايرىغۇنچە ئۈيقۇ كەلمەس كۆزىگە .

گۈلمۇ ئۇنىڭ قەلبىنىيۇ دەردىنى بىلمىش كەبى ،
ئەجەپ خۇشبۇي بەھرى بىرلە ئاچتى قۇچاق ، كەل دېدى . . .

بۇ ھۇزۇردىن شادلىغى چەكتىن ئېشىپ چاك يېپىشىپ ،
داۋام قىلدى شىرىن تۈيغۇ ، ھەسرىتىنى ئېيتىشىپ :

ـــ « جانىم سەن كى جانانىم سەن ، خۇشبۇي گۈلۈم ، باھارىم ،
سېنى سۆيمەك ، سېنى قوغدىماق ئوتلۇق قەلب ئارمانىم .

سېنى دېدىم ، سېنى دەيمەن كېچىپ ئېزىز جانىمدىن ،
سېنى تاشلىسام ئەگەردە زىندان بولسۇن ياتاغىم .

سۆيگىنىنى ، ۋەتىنىنى سۆيمەسلەرگە مىڭ نالەت ،
سېنىڭ ئۈچۈن ياشاپ ئۆلمەك شەرەبىم ، پەخىرشانىم ...» .

دېدى گۈل : « مىڭ ئاپىرىن ! جان بۇلبۇلۇم بۇ سۆزۈڭگە ،
يەتمەس ئەگەر ئون مىڭ كەرە سۆيسەممۇ يۈز ـ كۆزۈڭگە .

ھەركىم بىلسە ئىدى سەندەك سۆيگۈ ، ۋەتەن قەدرىنى ،
شۇم قارغىلار كېلەلمەستى شۇبۇ گۈزەل ۋەسلىمگە .

ھايات گۈزەل ، ھاياتتىمۇ پاك سۆيگۈ بەكمۇ گۈزەل ،
تولسا سۆيگۈ ۋىجدان ، نومۇس بىرلە ، چىقسا پەللىگە !

قانچىلاردا بولمىغاچقا ئۇ شول خىسلەت ، مىڭ ئەپسۇس !
خاراپ ـ ۋەيران ياشىماقتا ئېرىشەلمەي ئەركىگە !... »

مۇڭداشقانچە چۇڭقۇرلۇشۇپ گۈزەل تۈيغۇ ، شىرىن سۆز ،
شوخلۇقلىرى قىندىن تاشتى ،چەكتىن ئاشتى ... ھەيرەت ئۈز ...

بۇ دەم كۆكتە ھىلال ئايمۇ باقتى سىرداش بولغاندەك ،
پارلار ئىدى ئەجەپ مەغرۇر ، بەخت نۇرىنى ساچقاندەك ...

مۇندا يۇلتۇزلارمۇ پىلدىر ـــ پىلدىرلىشىپ قارىشىپ ،
باقار ئىدى كۆپ ئۇزاقتىن كۆز قىسىشىپ مارىشىپ .

شۇنداق !!! ـــ ھىلال ئاي نۇرىدىن كۈندۈز كەبى تۈن ـــ ئاخشام ،
شۇ ھاياجان سۆيۈنۈشتىن مىنىڭمۇ ياڭرىدى ناخشام !

ساچ نۇرۇڭنى مەڭگۈلۈككە ئەي سۆيۈملۈك ھىلال ئاي !
يەر ـــ يۈزىدە سېنىڭ بىرلە ھەممە خۇشال ياشىغاي .

2007 . 2 . 25 تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى دوپپا

بادام دوپپا ، چىمەن دوپپا ... گۈزەل ئۇيغۇرغا شان دوپپا ،
جىمى ئالەمگە مەشھۇر بول ، بەخت ـ ئارزۇمغا جان دوپپا .
جاھان ئارا سىنىڭ كەبى ياراشىملىق تاجىم نەدە ؟
كۆزۈمگە مىڭ سۈرەي سىنى ، كۆزۈم نۇرى بايان دوپپا !!!
كۆپلەر ئىزدىشەر كىملىك قۇرۇق قەغەز ۋاراقىدىن ،
مىنىڭ ھەقىقى كىملىكىم بىر سەندە ئايان دوپپا.
ئۇزاق ئەسىر كى يىل بۇيى ئىزىز ئەجدادىمىز كەيگەن ،
كۆرمىگىم بۇگۈن بەك تەس ، كىتىپ قالدىڭ قايان دوپپا.
قارايمەن سىنجىلاپ ھەرچاغ : ئۇ كىم ، قايسى مىللەت بۇ ؟؟؟ ،
بىلەلمەي گاڭگىراپ دەيمەن : مەڭگۇ بول ئامان دوپپا .
كىيىپ باقسۇن ژىگىت ـ قىزلار گۈزەللىشەر ئەجەپ ھەيۋەت ،
كىشىنىڭ مەسلىگى كىلۇر ، بولۇر ھەم شادىمان دوپپا .
گۆھەرىم سەن ، گۈزەلىم سەن ، سىنىڭسىز ياشىماق زۇلمەت !
قاراڭغۇ تۈن كىچىلەرمۇ يۇرەك ئوينار جانان دوپپا !
سىنىڭدە بار ئەجەپ مەنا ، قىلىچ ، قورغان ، گۈلى رەنا ،
چۈشەنگەنلەر بولۇر دانا ، ئىقلىغا پاسۋان دوپپا .
سىنىڭ ئۆزگە سىياقىڭدىن ، ئەجەپ گۈزەل سىمارىڭدىن ،
ۋە بەلكى ئوت ـ پىراقىڭدىن كۆيەر ماھى تابان دوپپا .
ئاتا ـ ئانام كى ئەجدادىم بىلەتتى تۇتىيا سىنى ،
ئايرىلماس ئىدى ئەسلا دالايۇ ـ تاغ ـ داۋان ، دوپپا.
شۇڭا باشتىن چۈشۈرمەيمەن ، دۇنياغا تىگىشمەيمەن ،
ھىكمىتىڭ كى خىسلىتىڭ ، كۈيلىسەم داستان دوپپا .
خەپ دەيمەن ئاشۇ گىلدىڭ چاكاندا باش سەتەڭلەرگە ،
قانداقمۇ ياشايدىكىن ، سىنى تاشلاپ ھامان دوپپا .
گاھ بەكمۇ ئىچىنىمەن ، قايغۇغا چۆكۈپ ئاندىن ،
ۋاقرايمەن، ئۆزلۈك ئۆلسە ھالىمىز يامان دوپپا !!! .
ئاگاھ بولغاي جىمى خەلقىم بۇ قىسمەتنىڭ ئازابىدىن .
كۆلاھۇ ـ جەندىدىن ئارتۇق كۆرۈلگەي ھەرزامان دوپپا .
تىلەيمەن ئەي ئۇلۇق ئالللاھ ! ئايرىما ئەبەت ئەسلا ،
قەدىردان مىللىتىم ئۆچۈن بولۇپ قالغاي ياران دوپپا!!! .....

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

مۇبارەك ئەي گۈزەل دوپپا ، ھىكمەتلىك مەسەل دوپپا ،
ئۇيغۇرلۇق شەرەپىگە مەڭگۈلۈك غەزەل دوپپا !!!


Abdulquddus1951.51.com


Abdulquddus1951.51.com

www.uyghurkitap.com

# هەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى




**ـــ ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئاتاغلىق يازغۇچى ، شائىر ۋە مائارىپچى ئابدۇللا تالىپ ئاكىلىرىمىزنى ئەسلەپ**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ !

ئىزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !
ئوبدان تۇرىۋاتامسىلەر ؟
جەنابىي الله هەر ـ بىرىمىزنى ئۆز پانايىدا ساقلىغاي ، امىن!

ئىزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !
ئالدى بىلەن ئۇلۇق قۇربان ھېيتىڭلارنى چىن قەلبىمدىن قىزغىن تەبرىكلەيمەن ! قۇربان

ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن !

ئېزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !
مەلۇمكى ، ئوت يۈرەك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاكام تەۋەللۇتىنىڭ 84 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن شەبنەم مۇنازىرە مۇنبىرىدە خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش تەشەببۇس قىلىنغاندىن بۇيان قانچىلىغان قېرىنداشلىرىم ناھايىتى قىممەتلىك يوللانمىلىرىنى ئېلان قىلدى .
ئەسلىدە مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ مۇشۇنداق بىر ئىشنى قىلىش پىلانىم خېلىدىن بېرى بار ئىدى . ئەمما بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مېنىڭ تەييارلىقلىرىم بەكمۇ كېچىكىپ قالدى . مۇشۇنداق ئۇلۇق تارىخىي ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ئۈچۈن كىرىشلگەن ۋاقتتا ، ئەمدى بۇ ئۇلۇق مەرھۇم ئوت يۈرەك شائىرىمىزنىڭ ھايات - پائالىيىتىنى تۇنۇشتۇرىدىغان ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي رومان « قاينام ئۆركىشى « نىڭ ئاپتورى ، مەشھۇر يازغۇچى ، شائىر ۋە مائارىپشۇناس ئابدۇللا تالىپ ئاكام تەۋەللۇتىنىڭ 84 يىللىق خاتىرە كۈنىمۇ كېلىپ قالدى . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋاقتتىن - ۋاقت چىقىرىش ئاساسدا بۇ ئىككى مەرھۇمنىڭ ئېزىز خاتىرىسى ئۈچۈن بىر نەزمە تەييارلاپ ھەر - بىرلىرى بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى ، ئاددىي بولسىمۇ كۆرۈپ باققايسىلەر .

ناخشا :
**تەنلىرىم ياپراق**

تەنلىرىم ياپراق تىترەپ توختىدى ،
يۈرىگىم دەرتلىك ئەركىن سوقمىدى .
چۈنكى ئەي يارىم سورىسام ھالىڭنى ،
كۆردۈم پىغاندا غۇنچە چاغىڭنى .

ئاستىلاپ باسىپ كىردىم ئۇن بەشكە ،
تولىمۇ دەھشەت باستى پەلەكنى .
دۈشمەننى تۇنىماي دوستۇم دەپ يۈرۈپ ،
بىر زالىم قانخور ئەزدى يۈرەكنى .

ئويغان ئەي خەلقىم رەقىپلەر يامان ،
ئەگەر ئويغانمىساڭ يىغلاتۇر ھامان .
مېنىڭ چىرايىم سارغايدى سامان ،
ئەمدى مەن كەتتىم سەن قالغىن ئامان .

ناخشىنىڭ مۇزىكىسى يىنىك داۋاملىشىدۇ ، بىرلا ۋاقتتا دېكلىماتسىيە باشلىنىدۇ ۋە دېكلىماتسىينىڭ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان كۆرۈنۈشلەرمۇ بىرىلىپ تۇرىدۇ . . . .

دېكلىماتسىيە :
**ھەركۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى**

www.uyghurkitap.com

ھەركۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر قان ياشلىق باھار چاغىمنى.
ئەسلىتەر تەجاۋۇزچى بۇلاڭچى گومىنداڭ
دەستىدىن ۋەيران بولغان چاھار باغىمنى.

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشا ناخشىنى ،
ئەسلىتەر تۆشمۇ - تۆشتە تۇرمە زىندانىنى.
ئەسلىتەر قان ئىچەر جاللات گومىنداڭ
ۋەھشىيان ئۆلتۈرگەن كۆرمىك ئىنسانىنى.

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر مىليونلارنىڭ پىغان - زارىنى.
ئەسلىتەر گومىنداڭ زۇلمى دەستىدىن ،
شۇنچىلا خورلانغان ئەلنىڭ دادىنى.

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلارنى.
ئەسلىتەر ئازاتلىق ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ،
كۆرەشكە چاقىرغان نىجاتكارلارنى.

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر قەيسران پەھلىۋانلارنى.
ئەسلىتەر شۇم رەزىل گومىنداڭ بىلەن
تىغمۇ - تىغ كۆرەش قىلغان قەھرىمانلارنى.

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر ئازاتلىق ھۆرلۈك تۇغىنى.
ئەسلىتەر جاراڭلىق كۆرەش مارشىنى
يوقتۇر ھېچ خەلقىمىز قولدەك تۇرغىنى!!!

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر سانسىزلىغان ۋىجدان ئەركىنى.
ئەسلىتەر ئەنە ئۇ ئوت يۈرەك شائىر
لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ۋىجدان قەھرىنى.

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر قەھرىماننىڭ جاسارىتىنى.
ئەسلىتەر خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىغىچۈن

جاننى مەردانە ئاتىغاننى! ....

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر گومىنداڭنىڭ ياۋۇز ئەپتىنى.
ئەسلىتەر سېتىلما غالچىلار چىقىپ
جاللاتقا يان بولۇپ قان ئىچكەننى...

شىددەتلىك چاقماق ، پىغانلىق مۇزىكا ئىچىدە ئومۇمىي خور:

ئۈزۈلدى رىشتىدىن ئۈنچە،
ئېچىلماي تۈزىدى غۇنچە...

دېكلاماتسىيە داۋاملىشىدۇ :

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر خەلقىمنىڭ ماتەم زارىنى.
ئەسلىتەر كەڭ تەبىئەت ، ــ تاغۇ دەريا كى
ئۇچار قۇش جېنىدا يىغلىغاننى! .....

مىڭ نالەت تەجاۋۇزچى قانخور گومىنداڭ ،
مىڭ نالەت ، مىڭ ـ مىڭ نالەت رەزىل خائىنلار.
خورلانغان مىللىتىگە قىلماستىن رەھىم
پۇل مەنسەپ كۆزلىگەن شۇم سېتىلمىلار !!!!!

تەكرارلانغان شىددەتلىك چاقماق.......

دېكلاماتسىيە داۋاملىشىدۇ :

ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئەسلىتەر قەھرىمانىنىڭ جەڭ خىتابىنى.
ئەسلىتەر بەختىيار دەۋران سۈرمەككە
كۈرەشنىڭ ئەڭ كەسكىن ئىمتىھانىنى!!! ...

« چېلىش ، پۈكلە ، دۈشمەننى ئۆرتە ، ئۇتقا ياق ،
يېپىش غالىبىيەتكە ، سائادەتكە كۆكرەك ياق.
كەسكىن مىنۇت يېتىپ جانغا كەلسە ئىمتىھان ،
دېمە ھەرگىز قۇربان بىرەيمۇ يە ياق.

ئۇز غۇلاچ تاشلا ئازاتلىق دېڭىزىنى كەچ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمما باتۇرلۇقنى ھەيران قىل ئەرتە ۋە كەچ.
ۋەتەن خەلق قايغۇسىنى ھەممىدىن ئەلا بىل ،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشتە سەن جېنىڭدىن كەچ. »

ھەركۈنى ئېيتىمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
ئېيتىمەن ئاڭلىسۇن پۈتكۈل يەر - جاھان.
ۋاقرايمەن ! ــ ياشىسۇن مەزلۇم ئىنسانلار!
يوقالسۇن قانخۇمار لەنتى قاۋان!

ھەر كۈنى ئېيتىمەن ئاشۇ ناخشىنى ،
سۆيۈنگەي ( مۇھەققەق ) ئەجداتلارىمىز.
سۆيۈنگەي چۈشەنگەچ ھەق ۋە ناھەقنى
بۈگۈنكى ، ئەتىكى ئەۋلاتلارىمىز.

ئەمدى « سالام لۇتپۇللا » ناخشىسىنىڭ مۇزىكىسى يىنىك باشلىنىپ ،
دېكلىماتسىيە داۋاملىشىدۇ:

بۇ يىللار ئەڭ كەسكىن كۈرەشچان يىللار ،
كۈرەشكە نەۋرىلىرىمىز يېپىشقان يىللار.
خاتىرجەم بولۇڭ ئەي ئوت يۈرەك شائىر
دەۋران بىزگە باقىدۇ ئىنشا الله!

شۇ ھالدا بۇك - باراخسان گۈللەر ئاچقۇسى ،
ئوتلۇنۇپ قىلغان نىدا ، ئارزۇ - غايىڭىز.
ئەلۋىدا ! ئەي قەدىردان چېلىش كۈيچىسى ،
بولغايكىم نۇر - جەننەت ياتقان جايىڭىز

پائۇزا ، مۇزىكا داۋام...

دېكلىماتسىيە باشلىنىدۇ:



ئەسسالام قەدىردان ئابدۇللا ئاكا ،
سىزنى ھەم يۈرەكتىن مەڭگۈ ئەسلەيمىز.
ئەنە ھەر يازمىڭىز بولماقتا ئىلھام ،
گۈل دىيار ۋەسلىنى مىسلىسىز گۈللەيمىز.

شۇنداقكى !
كۆرەشچان يىللار ئەركى بىز ،
كۆرەش بىلەن مەردانە ئالغا باسىمىز.
ۋەتەنگە كۆز ئاچقان لەنتى قانخور
بۇلاڭچى شۇملارنى دارغا ئاسىمىز.

خاتىرجەم بولۇڭ ئەي قەدىردان ئاكا ،
دىللاردا چېچەك ئاچتى ئارزۇ ـ غايىڭىز ،
سۆيۈنگەن دىللاردىن تىلەيمىز ھەقتىن
بولغايكىم نۇر ـ جەننەت ياتقان جايىڭىز.

ئېزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم!

بۇ ئەسلىدە فىلىم شەكلىلىك يوللانما بولۇپ ، چۈشۈرۈش ئادرېسى:

http://www.tudou.com/programs/view/iiVCtb6z7pY/
ياكى http://www.tudou.com/programs/view/Is1kHTB7Esc/
تۈركىيە ـــــ ئىستانبۇل 10 . 12 . 2007

# ئىــــــــز




(ۋەتەن ، مىللەتنىڭ پەخرلىك ئوغلانى ، ئاتاغلىق يازغۇچى ، شائىر ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىبدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى تەۋەللۇتىنىڭ 85 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ !
ئەزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !
ئوبدان تۇرىۋاتامسىلەر ؟
جەنابىي ئاللاھ ھەر ـ بىرىمىزنى ئۆز پانايىدا ساقلىغاي ، ئامىن !
ئەزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !
ئۇلۇق قۇربان ھېيتىڭىزلارنى چىن قەلبىمدىن قىزغىن تەبرىكلەيمەن ! ئۇلۇق قۇربان ھېيتىڭىزلارغا مۇبارەك بولسۇن !
ئەزىز ۋە مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم !
ۋەتەن ، مىللەتنىڭ پەخرلىك ئوغلانى ، ئاتاغلىق يازغۇچى ، شائىر ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئالىم ئىبدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە بېغىشلانغان ناھايىتى قىممەتلىك ئەسەر «قارا ھىجران»نى تالاي قېتىم ئاڭلىدىم ۋە يەنە ئىزچىل تۈردە ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن . ئاڭلىغانسىرى بۇ ئۇلۇق

زاتقا بولغان هۆرمتىم بارغانسىرى يۈكسەلمەكتە . بۇ سەۋەپلىك تەسىراتىمنى يېزىشقا بولسا قۇربۇم زادىلا يەتمىدى . ... شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ تەۋەللۇتىنىڭ 85 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ «ئىز» ناملىق شېئىرلىرى ئاساسىدا فىلىم شەكىللىك بىر نەزمىي ئەسەر تەييارلاپ سىزلەر بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى . ئاددىي بولسىمۇ كۆرۈپ باققايسىلەر :

شۇنداق !
ئوت بولۇپ يانماقتا قەلبىم قان ــ زەپەرلىك ئىز بىلەن ،
ھەيرىتىدىن ئالەم قۇچار شان ــ شەرەپلىك ئىز بىلەن .

خورلۇق ، زۇلۇم ئاسارەتكە بويسۇنۇپ ياتماي ، پەقەت ،
ھۆرلۈك ئۈچۈن ھۇررا دېگەن شىر يۈرەك ئوغۇل ـ قىز بىلەن .

قان ـ قىساسلىق كۈرەش ئۈچۈن جان تەسەددۇق ئەيلىشىپ ،
ياۋ كۆكسىگە خەنجەر ئۇرغان ئوت يۈرەك ئوغۇل ـ قىز بىلەن .

مۇندىن تېشىپ ئىلھام چەكسىز بۇ نەزمىنى يازدىم مەن ،
مىسلى گۈزەل ئەتىمىزگە تەڭ چاپماققا سىز بىلەن.

شۇ ئارماندا قىلدىم سوغا بىر خىتابەن يازمىنى ،
ئاڭلىغايسىز ، ئويلانغايسىز يول تاپماققا «ئىز» بىلەن.

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

شۇنداق ! ــ ئەزىز قېرىنداشلار ئىز بىلەن ئىز گۈللىسۇن >
ئەجدات روھى قەلبىمىزدە ئوت بولۇپ يالقۇنلىسۇن !

ئەنە تارىخ !
ــ بەستىمىزگە نىمە تەڭ كېلەلىگەن ؟
زەپەردەستتۇق ! ــ قانخۇمارلار ئۆلتۈرسۇن ، توخماقلىسۇن !

ئەستەكى ، قانخور گومىنداڭ نە زۇلۇملار سالمىدى ،
دېگىنچە قۇل ، مالاي بوپ قان يىغلىسۇن ، قاخشىسۇن ...!

كۆرۈپ ئۇ شول فاجىئەنى چىقتى قانچە باتۇرلار ،
قايغۇرۇشتىن ، ــ جان مىللىتىم ھالاكەتتە قالمىسۇن !

ۋە قىلىشتى ئوتلۇق خىتاپ : ـــ ئويغان ئۇيغۇر ! ئاچ كۆزۈڭ !
ئۈزەيلى قۇللۇق زەنجىرىن ! زۇلۇم ، كۈلپەت يوقالسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھايات گۈزەل كۈرەش بىرلە !
ئۆلۈم ئەلا خورلۇقتىن ،
ئەلگە قەست قىلغان ياۋۇزلار تەختىدىن مولالاقلىسۇن !

گۈل دىيارنى ۋەيران قىلغان بۇلاڭچى مەلئۇنلىغا ،
قەھرىمىزۇ ــ زەھرىمىزدىن ئوت ئاچايلى ، يوقالسۇن !

بۇ يۇرت بىزنىڭ !
ھەققىمىز بار ئەركىن ، ئازات ياشاشقا ،
تەجاۋۇزچى شۇم گومىنداڭ يۇرتىمىزدىن قوغلانسۇن !

بىزمۇ ئىنسان ۋە بىزلەرمۇ ئىنسان كەبى ياشايمىز !
خۇدىنى بىلمەس رەزىللەر ئوت دېڭىزىغا تاشلانسۇن !!!

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

يازدى ئۆتكۈر ئەجەپ رۇشەن قەھرىمانلىق بابىدىن ،
ئەنە شانلىق «ئىز»لىرىمىز !
چۈشەنمىگەن قالمىسۇن !

«قارا ھىجران» ــ ئۇشبۇ ئىزلار باياندىن بىر نىشان ،
نەۋرىمىزۇ ــ چەۋرىمىزنىڭ قولىغىدا ياڭرىسۇن !

ياڭرىسۇنكى ، جەڭگاھلاردا يۇلتۇز بولۇپ چاقنىسۇن ،
دۈت ئىشەكلەر سەكراتتا جان تالىشىپ ھاڭرىسۇن !

بۇ شۇنداقكى ، شان ــ شەرەپلەر ئىنشا ئاللاھ بىزگە يار !
بۇلبۇلى خەنداندا گۈلزار ھەممە ياقنى قاپلىسۇن !

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

ئەلۋىدا !
ئەي قەدىردان ، ھۆرمەت سىزگە ئەلۋىدا ،
ئالتۇندەك پاك ئىز قالدۇرۇپ كەتتىڭىز بىزگە ، ئەلۋىدا !

شۇ ئىزلاردىن ئېچىلماقتا ملىيون گۈلدەك غۇنچىلار ،
ئورنىدىڭىز نەقش كەبى قەلبىمىزگە ، ئەلۋىدا !

ـــ ئاققان قانلار ھەر تامچىسى ئاچقۇسى مىڭلاپ چېچەك ،

ۋە يەتكەيمىز كۆتكەن ئۇلۇق غايىمىزگە ، ئەلۋىدا !

ئىنشا ئاللاھ ئاشۇ چاغلار روھىڭىزمۇ سۆيىنەر ،
بۇلبۇلى گۈلشەنىمىز جۆر نەزمىڭىزگە ، ئەلۋىدا !

ئەل ئۈچۈن ، مىللەت ئۈچۈن چەككەن جاپايۇ ــ ئەجرىڭىز ،
بۆك ـ باراخسان گۈل ئاچقۇسى بەختىمىزگە ، ئەلۋىدا !

بەلكى مۇندىن جەنابى ھەق ساۋابۇ ــ شەرەپ بىرلە ،
ئاتىغايكىم نۇر ـ جەننىتىن بەھرىڭىزگە ، ئەلۋىدا !

ئەلۋىدا !
ئەي قەدىردان شائىرىمىز ، ئەلۋىدا !
ئالتۇن مۇنار تىكلىگەيمىز قەبرىڭىزگە ، ئەلۋىدا !!!

www.uyghurkitap.com

# سادىر پەلۋانغا

(قەبرە ئالدىدا ئوقۇلدى)

پالۋىنىم سادىر بۈگۈن كەلدىم ئىزىز قەبرىڭ تامان ،
چىن يۈرەكتىن ئوتلۇنۇپ ئاشقۇنچە قانچە تاغ ـ داۋان .

ئۇلۇق الله ئاخرى يەتكۈزدى شۇنداق ئارزۇمغا ،
جۆر بولۇپ مۇندا سىنى سۆيگەن قەلبداش دوست ـ ياران .

يادلىنىسەن تا ئەبەت پاك ۋىجدانىي روھىڭ بىلەن ،
نەۋرىمىزۇ ـ چەۋرىمىزگە ئىلھام بىرىپ ھەر زامان .

مەرىپەت كۈيى بىلەن چىقتۇق سەپەرگە ئاتلىنىپ ،
توسيالماس قەھرىمىزنى خەۋپ ـ خەتەرلەر ھىچ قاچان .

خاتىرجەم بول !
ئارزۇ ـ غايەڭ يولىدا جانلار پىدا ،
بۇ ئانا تۇپراقنى مىسلى گۈلگە پۈركەيمىز ھامان !

( 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ، غۇلجا)

# ئەقىدە

ئەقىدە ، ئىرادە ۋىجدانغا باغلىق ،
ۋىجدانسىز ئىنساندا ئۇ ھاللار چاغلىق .
شۇڭىمۇ ئۆزىنى ئىنسان دېگەنلەر ،
ۋىجدانى بۇرچىنى ئورۇندىماغلىق .

بۇ دۇنيا نى سىرلىق قىسمەتلەر كانى ،
چۈشەنمەس قوغلاشقان كەيپى - ساپانى .
ئۇنداقلار ئاقىۋەت قالار ھەسرەتتە ،
ئېيتقۇسىز خورلۇقتا قىنىلىپ جانى .

شۇڭىمۇ قاچ ئۇزاق !
كەيپى - ساپادىن ،
قورقما ھېچ ئەل ئۈچۈن جەۋرى - جاپادىن .
پەقەت شۇ ئىنسانىي ۋىجدان بۇرچىدۇر ،
ۋە شەرەپ - قىممىتى يۈكسەك سامادىن .

ھەر زامان ھەر ئىشتا ھۇشيارلىق كېرەك ،
بولغۇنچە ئېقىللىق ، ۋىجدانلىق ، زېرەك .
جاھاننىڭ ھالىغا دىققەتلىك بولۇپ ،
كىم زالىم ، كىم مەزلۇم ، ئويلىماق كېرەك !؟

ئىنسانغا بىخوتلۇق ئەسلا ياراشماس ،
بىخوت ۋە نادانغىمۇ ھېچ كىم قاراشماس .

پەقەتلا ئېقىللىق ، ۋىجدانلىق ئىنسان ،
غالىپكار !!!
بىلىپ ماڭار !!!
يولدىن ئاداشماس !!!!!

بىر ناننىڭ قۇلى بوپ راھەت قوغلاشماق ،
ئىت كەبى زۇندىنى يالاپ ياشىماق .
نومۇستۇر !
ئېغىر نومۇس !!!
بۇ ئىنسان ئۈچۈن ،
شەرت مۇنداق ھاياتنى چۆڭقۇر ئويلاشماق!!!

يېتەركى ئۇيقۇلۇق ، بۇرۇختۇم چاغلار ،

ساۋاق بولسۇن ئۇ قانلىق تارىخىي داغلار !
مېھرىمىز ، ئەجرىمىزنى مەردانە ئاتاپ ،
ياسايلى مىسلىسىز گۈزەل گۈل باغلار !!!

ئەجداتلار چاقىرار پارلاق ئەتىگە ،
ئىلھامدىن نۇر سېچىپ ئەۋلات قەلبىگە .
قېنى تۇر مۇقەددەم باغلاپ ئەقىدە ،
ھەقىقىي جۈرئەتلىك ئۇچۇن كۈرەش ئەركىگە !!!

تۈركىيە ـ ئىستانبۇل 2008 . 5



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ساما

ئىخ ! گۈزەل يۇرتۇم ناۋاسى كۆكتە جەۋلانىم ساما ،
مىليونلارنىڭ مېھرىنى باغلايدۇ مەۋلانىم ساما .

نەقەدەر ئۇز ، نەقەدەر ئۆزلۈك خىسلىتىڭ بار سېنىڭ!
ئىشقى - مېھرىنى بېغىشلار جېمى ئەۋلادىم ساما !

كۈيۈڭ بىرلە ، نۇرۇڭ بىرلە يايرايدۇ دىللار ئەجەپ ،
مۇندىن دەستە - دەستە گۈللەر سۇنار دەۋرانىم ساما .

ياشىسامۇ شۇڭا گەرچە يىراق قىرلاردا ھامان ،
ئاشىقى مەجنۇن كەبىدۇر سۆيگۈ پەرۋازىم ساما .

ياڭرا مەغرۇر ! ياڭرا لەرزان ! ئاڭلىسۇن پۈتكۈل جاھان ،
كىچە - كۈندۈز دىل خۇمارلىق تەڭكەشتۇر سازىم ساما .

مۆھتەرەم ، ئېزىز قېرىنداشلىرىم!

ئوبدان تۇرىۋاتامسىلەر ؟

مەلۇم بولغىنىدەك ، گەرچە مەن يىراق قىرلاردا ياشاۋاتقان بولسامۇ ، مانا شۇنداق تەڭداشسىز گۈزەل ئەنئەنىۋى بايرام تەنتەنىمىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق . بەلكى ، ئاشىقى بىقارالارچە تەلپۈنۈپ ، سىزلەر بىلەن كىچە - كۈندۈز دېگۈدەك ھال - ئەسرارلىقنى ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمەن . شۇ سەۋەپتىن ئاددىي بولسىمۇ نەۋرۇز سوغىسى سۈپىتىدە يوللىغان ئۇشبۇ سالامىي ئىكرامىمنى قوبۇل قىلغايسىلەر .

كەمالىي ئېھترام بىلەن غېرىبان قېرىندىشىڭلار ئابدۇل قۇددۇس ھافىز

2007 . 3 . 21
تۈركىيە - - ئىستانبۇل

# ھجران ۋە ۋىسال

ئىرىش ، كۆيۈش ، سۆيۈش ، دەھشەت ھجران ئازابى ،
گەر يىغلىتار بولسىمۇ مەن شادلىق سېزىمەن .
چۈنكى جانان قەلبى ئوتلۇق ، ــ ۋىجدانى ئوتلۇق ،
شۇنىڭدىن مىڭ سۆيۈنۈشتىن ئالەم كېزىمەن .

ۋە شۇھالدا ۋىسال ئۈچۈن تەشنامەن ئەجەپ ،
ئۈيقۇسىز ۋە ئارامسىز بوپ چىرايىم سەدەپ .
بىلگەيمۇ بۇ ھالىمنى ھېچ دەرتكە چۆكمىگەن ،
مۇڭ ــ زارلىرىم ئۈلغايماقتا كۈندۈز ــ كېچىلەپ .

ئىنشا الله ھجران دارى بولۇر كۆمپەيكۈم !
دەرت ــ ئازاپقا مەڭگۈلۈككە ئەمەسمىز مەھكۈم !
ئەلاسى شۇ ، ــ پاك ئېتىقات ، جۈرئەت ، جاسارەت ،
يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ جان ــ جانغا ھەلقۇم .

الله يار كى ، ــ ۋىسالىمىز ئەمەستۇر ئۇزاق ،
مەيلى قۇرسۇن شۇم رەزىللەر ھېساپسىز تۇزاق .
ئەنە كۆكتە سىرداش بولۇپ گۈزەل ھىلال ئاي ،
زۇلمەت تۈنگە زاۋاللىقچۇن نۇر ساچتى پارلاق .

ھىلال ئاي !
پارلا چەكسىز !
تۈنلەر يۇقالسۇن !
تاغ ــ جىرالار گۈل لەيلىزار كىمخاپقا تولسۇن.
دىلنى باسقان جاراھەتلەر ساقىيىپ پۈتۈپ ،
ئاشىقلار گۈلزارىدا شات خەندان ئۇرسۇن .

☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆

بۇ دۇنيا كى بۇ زامان نى قىسمەتلەر ماكانى ،
قانچىلارى پاراغەتلىك ، قانچىلارى ھەسرەتلىك .
پاراغەتتە ياشىغانمۇ گاھى زالىم ــ زۇلۇمخور ،
گاھىلارى پاك ئىنسانچە ــ كىشلەرگە شەپقەتلىك .

زۇلۇمخورلار ئۆز نەپسىنى كۆزلەشتىن قان تۆكمەكتە ،
تۇركۇم ـ تۇركۇم گۇناھسىزلار قارىلىنىپ ئۆلمەكتە .
چامدامدا مىڭ مۆتىھەملىك ، بۇلاڭچىلىق ، ياۋۇزلۇق ،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شۈندىمۇ بەك ھىلىگەرلىك بىرلە راھەت سۈرمەكتە .

ۋەلىكىن چىدارمۇ ۋىجدان ھەقسىزلىقتا ، زورلۇقتا ،
زادى تاقەت قىلماق شەرتمۇ يولسىزلىقتا ، خورلۇقتا .
ھەممە كىشى يارالغانغۇ ئەركىيۇ قەدرى بىلەن ،
مەنسۇپمىدۇ مەزلۇم خەلق « مەڭگۈ بەختى شور » لۇقتا ، ، ، ،

باقسام ئەنە ھۆرلۈك تۇغى يىرتىلىپ پۈتكەنى يوق ،
قېنى پاكىز كۈرەشچانلار قىرىلىپ يۈتكەنى يوق .
پۈتكۈل جاھان ھۆرلۈك بىلەن توي بىلەن قۇتلانغۇسى ،
چۈنكى الله مەزلۇملارنىڭ قەلبىدىن ئۆچكەنى يوق !

دۇنيا مىنىڭ ، مىسىر مىنىڭ دىگەن زالىم پىرئەۋن ،
الله قەھرى تۇتقىنىچە بولمىدىمۇ كۈمپەيكۇم !
الله بۈيۈك !
زالىملار ھىچ بۇلالمايدۇ غالىپكار ،
ئىنشا الله ھەق ــ ئادالەت باش كۈتەرگۈسى چۇقۇم !!!

22 . 2 . 2007 تۈركىيە ــ ئىستانبۇل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

**قوشۇمچە :**

## 1. بىر قىسىم يوللانمىلىرىمنىڭ

## ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنىش ئەھۋالى

« تور تاپ » تور بېتىنى ئېچىپ نۇرغۇن تور بەتلەر ۋە يوللانمىلىرىمنى كۆردۇم ۋە خەلقىمىزنىڭ مىللىي غۇرۇرىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم . چۈنكى ، ئۇ تور بەتلەردە مىللىتىمىزنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلىغىنىڭ ئەڭ رۇشەن ۋە بىردىن ـ بىر ئاساسى بولغان ئانا تىلىمىزغا بولغان مۇھەببىتى بەكمۇ كۈچلۈك ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ ! شۇنداق بولمىغان بولسا ، ئەڭ ئەقەللىسى سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىزغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىم بىلەن يازغان شېئىرىمنى نۇرغۇن تور بەتتىكىلەر كۆچۈرۈپ ئېلان قىلمىغان بولاتتى !؟

قېنى كۆرۈپ بېقىڭلار ئەمىسە . . . . .

__ئابدۇل قۇددۇس : زىمبابۋۋى يەر ناملىرىنىڭ . . . ـ تارىخ بەتلىرى ـ تەرمىلەر__
**ئاناتىل تورى,ئابدۇل قۇددۇس : زىمبابۋۋى يەر ناملىرىنىڭ . . . ـ تارىخ بەتلىرى. . . . تەرجىمە قىلىپ يوللىغۇچى : ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل . . . _www.anatil.com/tarmilar/list/list_1.htm_ ـ __ئوخشىشىدىغان بەتلەر__**

__.ئابدۇل قۇددۇس : ئۇيغۇر بىز ـ شېئىرىيەت گۈلزارى ـ شېئىرىيەت__
شېئىرىيەت, .ئابدۇل قۇددۇس : ئۇيغۇر بىز ـ شېئىرىيەت گۈلزارى. **_www.anatil.com/.../list_76.htm_ ـ ـ** __ئوخشىشىدىغان بەتلەر__

__شەرقىي تۈركىستان رادىئو ـ تېلېۋىزىيىسى ـ لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنى . . .__
**لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنى ئەسلەيمىز ـ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز . . . لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنى ئەسلەيمىز. ئاپتورى: ئابدۇل قۇددۇس ھافىز. . . . مەنبە :XabnamBBS _. . ./?/tv/. . ./www.turkistanim.orgئابدۇل ـ قۇددۇس ـ ئابدۇل . . ._ ـ ـ __ئوخشىشىدىغان بەتلەر__**

__**ئابدۇل قۇددۇس :ئانا تىل قەسرىدە يايرايدۇ ئىنسان. . . نەسر ـ ئوبزورلار XabnamBBS . . .**__
**22 يازما ـ 14 ئاپتور ـ ئاخىرقى ئىنكاس: 1 8 ـ ئاي (تومۇز) 2008**
**ئەسسالام ئابدۇل قۇددۇس ئەپەندىم،ئانا تىلىمىز ئۈچۈن باسقان قەدەملىرىڭىز بەركەتلىك ھەم بەختلىك بولسۇن،بۇ ئەسىرىڭىزگە تۈنجى بولۇپ ئىنكاس . . . _218.31.113.215/.../index.php?..._ ـ ـ __ئوخشىشىدىغان بەتلەر__**

__**ئابدۇل قۇددۇس : سۆيگۈ گۈلزارىنىڭ . . . . . نەسر ـ ئوبزورلار XabnamBBS . . .**__

15 يازما - 10 ئاپتور - ئاخرقى ئىنكاس: 25 12-ئاي (كۆنەك) 2008
هۆرمەتلىك ئابدۇل قۇددۇس ئەپەندى،ئاخرقى ھكايەمگە بېغشلاپ يېزىلغان ئوبزور تۆسنى ئالغان بۇ ئەسرىڭىزنى تەپسلى ئوقۇپ چىقتىم. ...
*218.31.113.215/.../index.php?...* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

!!Essalamu Eleykum____UyghurumIIM - سەرخىل ئەسەرلەر ناھايىتى ...
ھەر كۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى ئابدۇل قۇددۇس. ئىڭىرقاشتىن غالىپ كەلگەن جەسۇر يۈرەك ئابدۇل قۇددۇس. ئىككى شېئىر ئابدۇل قۇددۇس. خۇشبۇي قىزىل گۈل ئابدۇل قۇددۇس ...
*cukkunt.googlepages.com/eserler* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر
يېزىق ئۆزگەرتىش-2| ئۇيغۇر تىلى - ئۇيغۇر ئىسلام مۇنازىرە مۇنبىرى ...
ئابدۇل قۇددۇس ئابدۇل ھافىز » دەپ قوللىنىۋاتىمەن. چۈنكى مۇندىن ئىلگىرى ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ مەنىسىنى ئانچە سۈرۈشتە قىلماي ناھايىتمۇ خاتا قىلغان ئىكەنمەن. ...
*www.uighurislam.net/read.php?...* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

www.uighurislam.net Show more results from
تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە...(بەت 1) - ئۇيغۇر تىلى ...
5 يازما - 4 ئاپتور - ئاخرقى ئىنكاس: 21 9-ئاي (مىزان) 2008
ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ئەپەندىم بولمىسۇن، ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى ئەپەندىم بولمىسۇن، ئانا تىلىمىز ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىۋاتقان، ...
*www.bilik.cn/.../archiver/?...* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى - بىلىك كۆچمە تورى ...
24 1-ئاي (قەھرتان) 2007 ... ئابدۇل قۇددۇس ئەپەندىدەك(بۇ كىشى ھازىر تۈركىيەدە ئوخشايدۇ) ... سىز دىگەن ئابدۇل قۇددۇس ئەپەندى ،ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ...
*www.bilik.cn/m/?dp...* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

www.bilik.cn Show more results from
ئابدۇل قۇددۇس : ئۇيغۇرلارنىڭ ........|شېئىرىيەت گۈلزارى - XabnamBBS
XabnamBBS » شېئىرىيەت گۈلزارى » ئابدۇل قۇددۇس : ئۇيغۇرلارنىڭ . ... بۇ بەتتىكى تېما: ئابدۇل قۇددۇس : ئۇيغۇرلارنىڭ ......... پىرىنتېرلەش | IE دا ساقلىۋېلىش ...
*bbs.xabnam.com/read.php?tid-88209.html* - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئەسلەپ.... رەسىملەر دۇنياسى_مەرۋايىت مۇنبىرى
1 3-ئاي (نەۋرۇز) 2009 ... ئابدۇل قۇددۇس : ھەركۈنى ئېيتمەن ئاشۇ ناخشىنى . .... ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ــــ ئىستانبۇل 2007 . 12 . 10.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنبەسى: ...
www.marwayit.com/Archiver.asp?... - - ئوخششدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم(ئابدۇل قۇددۇس ھافىز)| شىئېرىيەت ...
تېمىسى: ئانا تىلىم جان تىلىم(ئابدۇل قۇددۇس ھافىز) پىرىنتېرلاش | IE دا ساقلاش | ئادرېسنى كۆچۈرۈش | تېما ساقلاش | ئالدىنقى تېما | كېيىنكى تېما ( سىز ...
bbs.qimbulak.com/job.php?action...fid... - ئوخششدىغان بەتلەر

تارىخ - جۇغراپىيە - Television & East Turkistan Radio - شەرقىي ...
لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنى ئەسلەيمىز - ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ... ئاپتورى: ئابدۇل قۇددۇس ھافىز. بۇ فىلىم شەبنەم تور بەكتىدىن ئېلىندى. ... داۋامى ...
easturkistan.tv/?/turi/... - - ئوخششدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم_شىئىرىيەت گۈلزارى_ئىزدىنىش مۇنبىرى
7 3 - ئاي (نەۋرۇز) 2007 ... [size][/color/]ـــــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل 2007 . 2 . 11. 15:47:43 2007-3-8 .lukqak. رەھمەت. بەك ياخشى يېزىپتۇ. ...
www.izdinix.com/Archiver.asp?... - - ئوخششدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم جەنابىي ھەق ياراتقاندا تەڭ يارالغان تىلىم سەن ...
سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم ! سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن !!! ـــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل ...
www.meripet.org/.../AA.asp - - ئوخششدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم ئاققۇش مۇنازىرىسى aqqush uyghur -
31 12 - ئاي (كۆنەك) 2007 ... ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە - - - ئىستانبۇل
Jenabiy heq yaratqanda teng yaralghan .Ana tilim jan tilim .11 . 2 . 2007 tilim sen , ...
www.aqqush.com/.../read.php?... - - ئوخششدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم ئىسلامى شېئىرلار توپلىمى نىدا ئىسلام مۇنبىرى ...
سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم ! سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم
سەن !!! ـــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ـــ ...
bbs.nidaislam.com.cn/.../index.php?... - - ئوخششدىغان بەتلەر

ماگىنىت بىلوگى: 09/06/03

6 3 ـ ئاي (نەۋرۇز) 2009 ... ـــ ئابدۇل قۇددۇس هافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل
2007 . 2 . 11. تولۇق ئوقۇش . ئاپتور: ق.تېرمىنال $ ۋاقىت 23:32 0 ئىنكاسلار ...
*qmaginit.blogspot.com/2009_03_06_archive.html* ـ ـ ئوخشىشىدىغان بەتلەر

شەرقىي تۈركىستان رادىئو ... ـ Television & East Turkistan Radio
لۇتپۇللاھ مۇتەللىپنى ئەسلەيمىز ـ ئابدۇل قۇددۇس هافىز ... ئاپتورى: ئابدۇل قۇددۇس
هافىز. بۇ فىلىم شەبنەم تور بەكىتىدىن ئېلىندى. ... داۋامى ...
*www.sherqiyturkistan.org/strt/?/...* ـ ـ ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم ـ كۆك تۈرك مۇنبىرى ـ BBSXP Powered By
2 يازما ـ 2 ئاپتور ـ ئاخىرقى ئىنكاس: 18 4 ـ ئاي (ئۇمۇت)
سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم ! سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان
ئۇرغان تىلىم سەن ئاپتورى ـــ ئابدۇل قۇددۇس هافىز ...
*www.kokturk.com.cn/.../ShowPost.asp?...* ـ ـ ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم | ئىسلامى شېئىرلار توپلىمى ـ نىدا ئىسلام ...
7 يازما ـ 6 ئاپتور ـ ئاخىرقى ئىنكاس: 22 4 ـ ئاي (ئۇمۇت)
سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم ! سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان
ئۇرغان تىلىم سەن !!! ـــ ئابدۇل قۇددۇس هافىز تۈركىيە ـــ ...
*bbs.nidaislam.cn/.../read.php?...* ـ ـ ئوخشىشىدىغان بەتلەر

Baht Munazira Munbiri _ _ _ Baht BBS _ _ _ こうふく)
بىر يازما ـ 1 ئاپتور ـ ئاخىرقى ئىنكاس: 21 10 ـ ئاي (ئوغۇز) 2007
تەرجىمە قىلىپ يوللىغۇچى : ئابدۇل قۇددۇس هافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل شەنبەم
مۇنبىرى ئەزاسى: AbdulQuddus 2007 . 10 . 20 ...
*bbs.baht.cn/read.php?...* ـ ـ ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم ـ !!Essalamu Eleykum____UyghurumIIM
سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم !!!سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان
ئۇرغان تىلىم سەن. ـــ ئابدۇل قۇددۇس هافىز. تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل ...
*cukkunt.googlepages.com/anatilimjantilim* ـ ـ ئوخشىشىدىغان بەتلەر

مەدەنىيەت جەڭچىسى ـ قۇتلۇق هاجى شەۋقى ـ ۋولقان بلوگى ـ 博客大巴
27 6 ـ ئاي (سەپەر) 2009 ... تىلىم جان تىلىم ! سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان
ئۇرغان تىلىم سەن !!! ـــ ئابدۇل قۇددۇس هافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل 2007 . 2 . 11 ...
*wolkan.blogbus.com/.../41566833.html* ـ ـ ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم ـ ئىزدىنىش مۇنبىرى ـ BBSXP Powered By
4 يازما ـ 2 ئاپتور ـ ئاخىرقى ئىنكاس: 13 3 ـ ئاي (نەۋرۇز) 2007

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن !!![size][/color/]ـــــــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل 2007 . 2 . 11 ...
www.izdinix.com/ShowPost.asp?... - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم|ئىسلامى شېئىرلار توپلىمى - نىدا ئىسلام ...
2 يازما - 2 ئاپتور - ئاخىرقى ئىنكاس: 9 4-ئاي (ئۇمۇت)
سىنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم ! سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن !!! ـــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ـــ ...
bbs.nidaislam.com.cn/read.php?... - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم - كۆك تۈرك مۇنبىرى - BBSXP Powered By
18 4-ئاي (ئۇمۇت) 2009 ... سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن ئاپتورى ـــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز
مەنبە؛ http://guldasta.cn/bbs/read.php?tid=1396 ...
www.kapsizbala.com/.../ShowPost.asp?... - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون چوڭ ساھابىنىڭ ھاياتى (2 ...
ـــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل 2007 . 2 . 11. مەنبە: شەبنەم مۇنبىردىكى AbdulQuddus نىڭ يوللانمىسى . ...
*car2finance5.co.cc/جەننەت+بىلەن+خۇشبېشارەت+بېرىلگەن+ئون+چوڭ + ساھابىنىڭ+ھاياتى...)+* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم ئاناتىلىمنى سۆيىمەن ئاناتىل مۇنازىرىسى ...
2 يازما - 2 ئاپتور - ئاخىرقى ئىنكاس: 21 4-ئاي (ئۇمۇت)
سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن !!! ئابدۇل قۇددۇس ھافىز : « ئانا تىلىم جان تىلىم » ـــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ...
bbs.anatil.com/.../index.php?... - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

كۆلكىنىڭ تەبىرىنى بىلەمسىز-تەرمىلەر - تەرمىلەر
ئابدۇل قۇددۇس : زىمباۋۋى يەر ناملىرىنىڭ ... «ئالپامىش» قەھرىمانلىق ئېپوسى توغرىسىدا · ئاخىرقى پادىشاھ - ئىسمايىلخان ...
www.aslima.com/.../list_1622.htm - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئانا تىلىم جان تىلىم - ئىسلام يولى تور دۇنياسى - 博客大巴
20 5-ئاي (باھار) 2009 ... ـــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل 2007 . 2 . 11. مەنبە: شەبنەم مۇنبىردىكى AbdulQuddus نىڭ يوللانمىسى ...
islam.blogbus.com/.../39632804.html - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

ئانا تىل قەسرىدە ياڭرايدۇ ئىنسان - ئىسلام يولى تور دۇنياسى - 博客大巴

8 7 ـ ئاي (چىللە) 2008 ... ھۆرمەت بىلەن : كەمىنە ئابدۇل قۇددۇس ھافىز. تۈركىيە
ـــــ ئىستانبۇل 2008 . 7 . 7. ئېزاھات : ئەسەرنىڭ ئادرېسى : ...
ئوخشىشىدىغان بەتلەر - - *islam.blogbus.com/.../24336045.html*

شېئىرىيەت گۈلزارى ئابدۇل قۇددۇس ھافىز شېئىرلىرى *
ئانا ...
ئابدۇل قۇددۇس ھافىز شېئىرلىرى. * ئانا تىلىم جان تىلىم. خوجا مۇھەممەد شېئىرلىرى. *
ئايغا قاراپ بولدۇم يالڭاچ ...
ئوخشىشىدىغان بەتلەر - - *www.meripet.org/.../M.asp*

ئانا تىلىم جان تىلىم| شىئېرلار| تورداشلار ئىجادى ئەسەرلىرى ...
ـــــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز n1esket s,3O M]m=a_>S ... مۇشۇ تېمىنىڭ ئەسلى
ئاپتورى ئابدۇل قۇددۇس ئابدۇل ھافىز ئەپەندى سىز بولامسىز ؟ +orjq3?99 ...
ئوخشىشىدىغان بەتلەر - - *bbs.salkin.cn/read.php?...*

تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلايلى ...
شۇنىڭ ئۈچۈن تىلىمىزدىكى سۆزلەملەرنىڭ ئىملاسىنى تۈزۈتۈشتە بۇ جەھەتتىكى
مەسىلىلەرگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر ! ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ...
ئوخشىشىدىغان بەتلەر - - *www.orkhun.com/.../read.php?...*

Bizning.com Uyghur for - غۇنچە مۇنبىرى - ئانا تىلىم جان تىلىم
سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم ! سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان
ئۇرغان تىلىم سەن !!! ـــــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز. تۈركىيە ـــــ ئىستانبۇل ...
ئوخشىشىدىغان بەتلەر - - *www.ghunqa.com/.../ShowPost.asp?...*

ئانا تىلىم جان تىلىم
h :lv" !!! سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن !!! sf B+] }h9
ئاپتورى ـــــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز. مەنبە. گۈلدەستە مۇنبىرى z }C`}wS3i ...
ئوخشىشىدىغان بەتلەر - - *www.xjuygur.cn/.../Print.asp?...*

uzakyol_bbs - Powered Uyghur by UYPW - دوستلۇق ۋە مۇھەببەت
... Code
ئابدۇل قۇددۇس ھافىز : « ئانا تىلىم جان .. مۇھەببەت ھەققىدە ھېكمەتلەر · ئەزالار ۋە
باشقۇرغۇچىلارغا جىددىي ئۇقتۇرۇش ...
ئوخشىشىدىغان بەتلەر - - *uzakyol.c.zznic.org.cn/.../thread.php?...*

بىزنىڭ ئىزدەش بېتى - ئاشىق نىداسى غا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار
个帖子 - 11 ... ئابدۇل قۇددۇس : گۈزەل ياشلىقنىڭ ئوتلۇق نىداسى نەسر - ئوبزورلار
1 月 3 日 新贴子 : 个作者 - 9. شۇڭا ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلار گۈزەل سۆيگۈ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىيارنىڭ ...
*bizning.com/.../s.asp?q...* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

شئېرىيەت گۈلزارى ئۆزاق يول مۇنبىرى - for Uyghur by UYPW Code ...
... ئابدۇل قۇددۇس ھافىز : « ئانا تىلىم جان تىلىم » (3 ئىنكاس); ئەترگۈلگە (4 ئىنكاس)
; ھەر ئىنسان بىشىدىن ئۆتەر نۇرغۇن ئىش. ...
*uzakyol.c.zznic.org.cn/.../index.php?...* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر
قوش تىل مائارىپىنى شۇتا قىلمايلى | مائارىپ ۋە بىز - دىيارىم مۇنبىرى ...
ئابدۇل قۇددۇس ھافىز : « ئانا تىلىم جان تىلىم » ... ـــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز تۈركىيە ـــ ئىستانبۇل 2007 . 2 . 11 BBS.Xabnam.Com din kochuruldi ...
*bbs.diyarim.com/read.php?...* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

مۇنبەردىكى ئەزىزلىرىمگە ( گۈلگىنە ) - A T A M A N B I L O G ...
ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ئاكامغا : قەلبىمدە مۇقەددەس ئورنۇڭ بار ئاكا ، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ ئىنسانسەن . ھەر مىنۇت ۋاقتىڭمۇ ئۆتسۇن كۈلكۈللۈك ، ...
*ataman0.blogbus.com/.../33964636.html* - - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

نامىم ئۇيغۇر | گىزىت - ژۇرنال ، كىتابلاردىن تەرمىلەر - خىسلەت ...
سېنى شۇنچە سۆيىمەن ئەي ئانا تىلىم جان تىلىم ! سۆيگۈ گۈلزارىدا بۇلبۇل خەندان ئۇرغان تىلىم سەن !!! ئاپتورى ـــ ئابدۇل قۇددۇس ھافىز ...
*bbs.hislet.com/read.php?tid=7777&fpage=6* - ئوخشىشىدىغان بەتلەر

سۇمرۇغ ئەدەبىيات مۇنبىرى ( http://test.sumrugh.cn/Default.asp ...
بوزقىر ئەپەندىنىڭ ئابدۇل قۇددۇس قىزغىنلىقىنى قوزغىغان ماقالىسنى تاپقىلى بولسا بىر ئوقۇۋساق ....

2. ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىمنىڭ ئومۇمىي ئادرېسى :
http://bbs.xabnam.com/search.php?authorid-13111.html

3. فلاش ئەسەرلىرىمنىڭ ئادرېسى
http://www.56.com/p30/v_NjgyODg4MTE.html
http://www.56.com/p35/v_NjgzMDE5Mjg.html
http://www.56.com/p_68301928.swf
http://www.56.com/p_68288811.swf

# 2 ـ بۆلۈم

## ئانا تىل ئىشقىدا ژۇرىگى كۆيۈپ بۇلبۇلدەك سايرىغان
## ۋە سايراۋاتقان
## ئېزىزلىرىمىزنىڭ يازمىلىرى

### 1.2 ـ نەسرىيلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىزىس ئىچىدە ئىڭراۋاتقان ئىلمىي ھەقىقەت

شۇ تاپتا پۈتكۈل مەرپەتپەرۋەر زاتلارغا ، يۈرىكى ئانا تىل مۇھەببىتى بىلەن تولغان ۋە يۈرۈۋاتقان ، ئانا تىلىمىز بىلەن سۆزلەۋاتقان ھەر ساھە - ھەر كەسىپتىكى ئاقكۆڭۈل قېرىنداشلىرىمغا كىرىزىس ئىچىدە ئىڭراۋاتقان بىر پارلاق ئىلمىي ھەقىقەت مەسىلىسى توغرىسىدا جىددىيلىك تۇيغۇم بىلەن سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ .

1992 - يىلى كانادانىڭ لاۋال ئۇنىۋېرسىتېدا ئۆتكۈزۈلگەن 15 - نۆۋەتلىك خەلقئارا تىلشۇناسلار چوڭ يىغىنى كومىسسىيىسىگە يوللىغان ئىنگلىز تىلىدىكى ئىلمىي ماقالىسى بىلەن ئۇلارنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش تەكلىپنامىسىگە ئېرىشكەن كەلپىن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 43 ياشلىق ئاددىي كادىرى قۇددۇس ھافىز بۇ يىل 8 - ئايدا ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېدا ئۆتكۈزىلىدىغان 13 - نۆۋەتلىك خەلقئارا فونېتىكىشۇناسلار چوڭ يىغىنى كومىسسىيىسىنىڭمۇ ئالاھىدە تەكلىپنامىسىگە ئېرىشكەنىدى .

قۇددۇس ھافىز ئالدىنقى قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىنغا دۇنياغا تونۇلمىغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پۈتۈن جاھان خەلقىنىڭ بىردەك قوللىنىشىغا ئەرزىيدىغان ، خەلقئارادا ئەھمىيەت بىرىشكە تېگىشلىك تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدىغان تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماقالىسى بىلەن بارماقچى ئىدى .

ئەپسۇسكى ، ئۇ ئۆزىگە قەرز ھېساۋىدا تەستىقلاپ بېرىلگەن 10 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنىمۇ ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ خەلقئارا ئىلىم مۇنبىرىدىكى ئورنى بوش قالدى .

ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقان قۇددۇس ھافىز بۇ قېتىمقى ستوكھولم يىغىنىنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ ھالدا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ قىممەتلىك فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇشقا تەييارلانغان بولۇپ ، خەلقئاراغا دۇنيادىكى بارلىق تىللارنىڭ يېزىق سىستېمىسىنى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك فونېتىكىلاشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن تىل - يېزىق قوللىنىش جەھەتتىكى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا خاتىمە بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىماقچى ئىدى .

مۇشۇ غايىۋى ئارمانلارنىڭ مۇھىم ئىلمىي پاكىتلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ « 7 - بەش يىللىق » پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ، نەشرىيات ئورۇنلىرى بىلەن قانۇنلۇق توختاملىشىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن ھەم نەشرگە تاپشۇرۇلغان لۇغەتلەر تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تا ھازىرغىچە نەشردىن چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئاشۇ لۇغەتلەرنىڭ قەلەم ھەققىدىن پايدىلىنىپ قايتۇرماقچى بولغان قەرزلەرنىڭ ئۆسۈمى تەكرار قاتلىنىپ كۆپىيىپ كەتكەن بولغاچقا ، قەرزلەرنى قايتۇرالمىغانىنىڭ ئۈستىگە نۆۋەتتىكى يىغىنغا بارغۇدەك راسخوتقا جىددىي مۇھتاج بولماقتا .

ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىتا ئالاقىدار ئورۇنلار « ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى باقالمايۋاتىمىز » دېيىشىپ ، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىل - يېزىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نۇرغۇن جەۋرى - جاپالارغا ، ئائىلە ۋەيرانچىلىقى ، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىششى ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا قارىماي ، چىدام بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى دۇنياغا تونۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان بۇ ئوت يۈرەك ئىلىم ئەھلىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلماقتا .

بىر پارلاق ئىلمىي ھەقىقەت كىرىزىس ئىچىدە ئىڭرىماقتا !

مەھمۇت قەشقىرىدىن كېيىن 10 ئەسىر ئۆزۈلۈپ قالغان ئۇيغۇر تىلى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنى يېڭىۋاشتىن باشلاپ ، مول تىل پاكىتلىرىنى تەييارلاپ مىللىتىمىز ۋە تىلىمىزنى جاھانغا تونۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان بىر ئىنساننىڭ دۇچ كەلگەن ئازابىنىڭ بىر زەررىچىسىنىمۇ تارتالماسمىزمۇ ؟

خەلقئارا ئىلىم مۇنبىرى بىزگە ئۆزىمىزنىڭ شان - شۆھرىتىمىزنى نامايان قىلىشقا سورۇن ھازىرلاپ بېرىۋاتسا ، بىز قاچانلارغىچە ئاشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەل قاراپ يۈرۈۋېرىمىز ؟!

قۇددۇس ھافىز دەيدۇكى : « مۇبادا مېنىڭ ماقالەم ۋە ھېسياتىمنى ستوكھولمدىكى يىغىنغا بېرىپ قاتنىشىپ سۇنالايدىغان يولى بار مەردانە بولسىمۇ مەن رازى.»

بۇ نىمە دىگەن ئۇلۇغ روھ ـ ھە؟

مەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ، جۇملىدىن تىل ـ يېزىق ، تەرجىمە خىزمىتىنى باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىنى ۋە دەردىنى چۈشىنىشىنى ، ئۇنى ئەمەلىي قوللىشىنى ئۈمىت قىلىمەن !

ــــ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزيە ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرى :

ئۆمەرجان ھەسەن

www.uyghurkitap.com

# قۇملۇققا سىڭگەن كۆز يېشى

(ئەدەبىي ئاخبارات )

ئۆمەرجان ھەسەن

( 1995 ـ يىل ، ئاۋغۇست )

## مۇقەددىمە

92ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 29ـ كۈنى ، كەچ ، تەكلىماكان گىرۋىكىگە جايلاشقان ، ئۇزايىدىن توپا ئۆرلەپ ، نامراتلىق ـ غېرىپلىق يېغىپ تۇرىدىغان قەدىمى خىلۋەت ماكان كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمگەن ئىدى.

ئۈنئالغۇدىن تالانتلىق ناخشىچى گۈل باھار ھامۇتنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ناخشىسى « ئىلى يولى » ياڭراۋاتاتتى .

نەچچە 10يىللاردىن بۇيان ئەل، ئىنسانىيەتكە ئىلىم ـ مەرىپەت مىۋىلىرى بىلەن تۆھپە قوشمەن ، دەپ تىرىشقان بولسىمۇ ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلىقى سەۋەبىدىن «ساراڭ » دەپ ئاتىلىپ ، چەتكە قېقىشقا ۋە ھاقارەتلەرگە ئۇچراپ كېلىۋاتقان ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ دىگۇدەك جاپالىق ئىزدىنىشكە بېرىلىپ ، بىرەر قېتىممۇ قېنىپ ـ قېنىپ كۈلۈپ باقمىغان ئائىلە باشلىقى ھېلىدىن ـ ھېلىغا توختىماي تۆكۈلىۋاتقان ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتەتتى.

ئۇ بىردەم ئۈچ تەرىپىگە قويۇلغان كىتاپ ئىشكاۋىغا لىققىدە تىزىلغان كىتاپلار بىلەن تولغان كىچىك كۇتۇپخانىسىدا ھاياجىنىنى باسالماي ئۇياق ـ بۇياققا ماڭسا ، بىردەم تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ تېلىۋىزور كۆرىۋاتقان تۆت بالىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئەكىلىپ قۇچاقلاپ سۆيۈپ، ئايالىغا يۇمۇرلۇق چاقچاقلارنى قىلىپ ئۇلارنى كۈلدۈرەتتى.

ئۇ يەنە كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ يېزىق شىرەسى ئۈستىدىكى تېخى ھېلىلا تاپشۇرۇپ ئالغان غەلتى بىر كونۋېرتنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنگىلىزچە يېزىلغان تەكلىپنامىدىكى : « **kouddus hapiz** » دىگەن ئىسمىغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاراپ كىتەتتى ۋە تۇرۇپ چوڭقۇر خىيال ۋە غايىۋىي ئارمان ئارا «يۈزمىڭ شۈكرى خۇدا ! » دەپ بىرخىل خوشاللىق تۇيغۇسىغا چۆملەتتى.

ئۇ شۇ تاپتا كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئۇلۇغۋار ئارزۇسى بولغان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ جاھانشۇمۇل ئىلمىي قىممىتىنى پۈتكۈل يەر شارىغا جاكارلاش ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنى خەلقئارالىق تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇپ ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنى مىسلىسىز تېز

تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگەنلىگىنى سۆزلەش پۇرسىتى كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

تۇن نىسپى بولغان چاغ ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ناھىيە بازىرى چەكسىز جىم - جىتلىققا چۆمگەن ئىدى ، لېكىن بىرلا ئۆينىڭ چىرىغى تېخىچە يېنىغلىق تۇراتتى . بۇ ، ئەتراپتىكى ھەممىلا ئادەم بىلىدىغان كەلپىن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمىيىتىنىڭ كادىرى ، ئەنە شۇ خەلقئارالىق ئىلىم مۇنبىرىگە چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان لۇغەتشۇناس قۇددۇس ھاپىزنىڭ « كۇتۇپخانا »سىنىڭ چىرىغى ئىدى .

قۇددۇس ھاپىزنىڭ ھاياجىنى تېخىچە بېسىلمىغان ئىدى ، ئۇنىڭ قۇلىدا ھېلىمۇ ھېلىقى ئىنگىلىزچە تەكلىپنامە تۇراتتى .

ئۇ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىم ئەڭ خۇشال بولغان كۈنى ، يەنى **1988** - يىلى تۇنجى ئەمگەك مېۋىسى بولغان « خەنزۇچە - رۇسچە - ئۇيغۇرچە سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ ، ئاشۇ لۇغەتنىڭ بىر قانچە تومنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ئۇ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ھاياجانلانغان ئىدى . ئۇ شۇ كۈنى كەچتە « دۇنيا كىشى ئىسىملىرى تەرجىمە قوللانمىسى »نىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدىكى ئىسىملارنى رەتلەش - ئارگىناللاشتۇرۇش ئىشىنى ئىشلەپ ، تاڭ سۈزۈلگەنلىگىنىمۇ سەزمەي قالغانىدى .

ئۇ بۈگۈن قەلىمىنى نەچچە رەت قۇلىغا ئالدى ، بىراق ئۇنىڭ كاللىسىدا پات ئارىدا كانادانىڭ كۇەيبېك شەھىرىدىكى لاۋال ( **LAVAL** ) ئۇنىۋېرسىتىدا ئېچىلىدىغان **15** - سانلىق خەلقئارالىق تىلشۇناسلار قورۇلتىيى توغرىسىدىكى ئىشلار كىرىۋېلىپ « پىلانىدىكى ئىشلار » نى زادىلا داۋاملاشتۇرالمىدى .

بۇ قېتىمقى يىغىنغا جۇڭگودىن **3** كىشى تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ قۇددۇس ھاپىزدىن باشقىلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مەشھۇر ئالىي مەكتەپلەر ھەم تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئابرۇيلۇق تەتقىقاتچىلىرى ، ئالىم ، پروفېسسورلار ئىدى . ئەمما قۇددۇس ھاپىز ئالىي مەكتەپنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم بوسۇغىسىغىمۇ يېقىنلىشالمىغان ، بىرەر قېتىممۇ سېستىمىلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ، شۇنداقتىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدىن ۋاز كەچمەي سۆيۈملۈك ئانا تىلىمىز ئۇيغۇرچىنى دۇنياغا تونۇتۇشقا ئۆزىنىڭ بارلىغىنى تەقدىم قىلىپ ، مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا تەكرار ئائىلە ۋەيرانچىلىغى ، ئىجتىمائىي تۇسالغۇلار ، جەمىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرى ، ھاقارەت گەپلەرنى قىلىشلىرى ، ھەتتا چەتكە قېقىشلىرىغا ئۇچراۋاتقان بىر بىچارە ئىدى .

بىزدە مانا شۇنداق ھېچقانداق ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن ۋە شۇڭا يېمىرىلمەس ئۇلۇغ ئىلمىي ھەقىقەتنى تونۇتمەن ، دەپ بوينىغىچە قەرزگە بوغۇلغان بۇ «ساراڭ » ئاخىرى زور چىدام بىلەن بىر قاتار تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ ، يەر شارىنىڭ يەنە بىر قىتئەسىدىكى مەدەنىيەتلىك چوڭ دۆلەتلەردىكى يۇقىرى ئابرۇيلۇق ، توققۇزى تەل ، ئالىي بىنالاردا ، ئېسىل پىكاپلاردا ئولتۇرىدىغان ئالىملار قاتارىدا خەلقئارالىق چوڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغانىدى .

**1**

كەلپىن ناھىيىسى ئاجايىپ تۇسكە ئىگە بىر سىرلىق ماكان . ئەتراپى تاقىر تاغ ۋە تەكلىماكان چۆللىگىنىڭ چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان قورغاق ، قۇمساڭ تۇپراقلىق بىر يۇرت بولۇپ ، قاچانلا قارىسا ئەسىرلەردىن بۇيان سۇ كۆرمىگەندەك چاڭ - چاڭ يېرىلىپ چاڭقاپلا تۇرسا ، خۇددى تەكلىماكان چۆلىنىڭ قۇملىرىنى قانداقتۇر بىر ئىلاھى كۈچ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزىۋاتقان بىر خىل ساغۇچ ، قۇمساڭ توپا ياغىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ .

www.uyghurkitap.com

گەرچە بۇ زېمىننىڭ سۇيى سەل تۇزلۇقتەك تېتىسمۇ ، بىراق ، سۇ بېشى ۋە مازا ئېقىن جىلغىسىدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى بۇلاقتىن ھاسىل بولغان ئاشۇ ئازغىنە ئېقىن سۇ كەلپىنلىكلەرنى ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇ قۇمساڭ تۇپراقتا باغلاپ ، ئۇلارنى بۇ يەردە يىلتىز تارتقۇزۇپ كەلدى .

قاتتىقى قولايسىز ، ئۆزى خىلۋەت ، تەبىئىي شارايىتى ناچار ، ئەمما تويسى ئېغىر بۇ زېمىن ئۆزىنىڭ تۇزلۇق سۇيى ، قۇمساڭ تۇپرىغى بىلەن تارىختىن بۇيان ئاجايىپ ئەزىمەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ كەلدى . قۇمساڭ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ ، تۇزلۇق سۇ ئىچىپ چوڭ بولغان كەلپىنلىكلەر كىچىگىدىنلا ئېقىل ـ پاراسەتلىك ، چىدام ـ جاسارەتلىك ، ئىلىم سۆيەر ۋە بىر خىل ئىچكى ئىنتىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ يېتىشىپ چىقتى . مانا بۇ مۇشۇ تۇپراقتا ئۆز ئوغلانلىرىغا ئاتا قىلغان بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى .

قۇددۇس ھاپىز مۇشۇ قۇمساڭ تۇپراق ئۈستىدە باللار بىلەن تايچاقتەك سەكرەپ قىيغىتىپ ئويناپ چوڭ بولدى . ئۇنىڭ دادىسى ھاپىز ئاخۇن يىراق ـ يېقىنلاردا داموللام نامى بىلەن ئاتىلىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر ، ئابرۇيلۇق دىنىي مۆتىۋەر بولۇپ ، ئەرەپ ـ پارس تىللىرىنى خېلى پىششىق بىلەتتى . ئۆيىدە تۈرلۈك قېدىمىي كىتاپلار كۆپ بولۇپ ، دائىم كىشىلەرگە تەلىم بېرەتتى . ئاتاغلىق شائىر ، يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ كۆپ قېتىم دەرس ئالغان ۋە شۇ ئىسمىنى بۇ كىشىنىڭ تەلىمى بىلەن قىزىقىپ قوبۇل قىلغان . توغرا سۆزلۈك ، ئالىي پەزىلەتلىك ، ئىلىم ـ ھېكمەتكە توشقان بۇ كىشى قۇددۇسنى كىچىگىدىن باشلاپلا ئىلىم سۆيەر قىلىپ تەربىيىلىدى .

ئەنە شۇنداق مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ، كىچىگىدىنلا دادىسىنىڭ تەلىمىنى ئالغان قۇددۇس باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ 1966 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر ئۆگىنىش ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ مەكتەپ تارىخىدا ئەڭ ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى . فىزىكىغا چەكسىز ئىشتىياق باغلىغان قۇددۇس ھاپىز 1963 ـ يىللا دەرستىن سىرتقى پائالىيەت ۋاختلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر ئاپتوماتىك توك تارقىتىش ئۈسكۈنىسىنى لايىھەلەپ چىقىپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى .

شۇ چاغلاردا ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان دەرىجىگە يەتتى . ئۇ دائىم بىرەر ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ، تەشنا قەلبىنى ئىلىم ـ ھېكمەتلەر بىلەن تولدۇرۇشقا ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ئالدىرايتتى ، چۈشىدىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى چۈشەيتتى .

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەزىيەتتە ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش يۈز بەردى ، 10 يىللىق مالىمانچىلىق باشلىنىپ مەكتەپلەر تۈنجى ھۇجۇم نىشانى قىلىنىپ ، دەرسلەر توختاپ بەدنىيەتلەر قوزغىغان « ئىنقىلاپ » باشلاندى . ئەمدىلا 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قۇددۇس ھاپىز ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى بىلگەندە قەلبى تولىمۇ ئازاپلاندى ، ئۇ ئامالسىز بوقچىسىنى قولتۇقلاپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى .

ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆتكەن كۈنلىرى تېخىمۇ فاجىئەلىك بولدى . چۈنكى دىنىي ھەم پەننىي جەھەتتىن توشقان ، پاك دىيانەتلىكى ۋە دۇرۇستلىقى بىلەن ئەل ـ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن دادىسى بىر كېچىدىلا « خەلقنىڭ دۈشمىنى » قىلىپ قويۇلدى ۋە كېچە ـ كۈندۈز كۈرەش قىلىندى ، ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئاز تېپىلىدىغان ، ئالتۇن ـ گۆھەرگىمۇ تېگىشكۈسىز نۇرغۇن قىممەت باھالىق كىتاپلار ئاختۇرۇپ تېپىلىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى ، مال ـ مۈلۈكلىرى ، ھەتتا تىجارەت سەرمايىلىرى تامامەن مۇسادىرە قىلىندى ...... چىدىغۇسىز ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىپ ، تەسۋىرلىگۈسىز روھىي ئازاپقا دۇچار قىلىندى .بۇ قاتتىق خورلۇق ، ئېزىلىش بۇ مۆتىۋەرنى تېزلا ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى ....!

بۇنى ئاز دەپ ، « پۇرولتارىئات ئىنقىلاپچىلىرى » قۇددۇسنى « دۈشمەن ئۇنسۇرىنىڭ كۈچىگى » ، دەپ ئۇنىڭغىمۇ زەھەرلىك قولىنى سوزۇپ ، قەيەردە ئېغىر ئەمگەك ، ئالۋاڭ ـ ياساق ، ھاشار بولسا شۇ يەرگە ئېبەرتىشتى . باشقىلار ھېيت ـ بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ ئايدا بىرەر قېتىم بىرىلىدىغان ئازغىنە بۇغداي نورمىسى بىلەن ئېغىزىغا تېتىغۇدەك تاماق يەۋاتقان كۈنلەردە ، ئۇ يەنىلا ئېتىز بېشىدا ياكى يىراق ـ يېقىندىكى ھاشاردا بولاتتى . « دۈشمەن » ئاتىلىپ

تامغا ئۇرۇلغان بۇ ئائىلىنىڭ ھالى شۇ قەدەر خاراپلاشقان ئىدىكى ، ئۇ كۆنلەردە ئۇلارنىڭ قازنىقىغا كىرگەن ساچقانلارمۇ ساندۇقلارنى غاجىلاپ يەيدىغان بىر نەرسلەرنى تاپالماي « يامانلاپ » نەلەرگىدۇ غايىپ بولۇشقان ئىدى .....

مۇشۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ، بۇ ئائىلىدىكى 6 كىشىنىڭ بىر ھەپتىلىك تەمناتى ئۈچۈن بېرىلگەن 18 جىڭ قۇناقنى تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىپ كېلىش ئۈچۈن قۇددۇسنىڭ بېرىشىغا توغرى كەلدى . بۇ چاغدا بىر ياقتىن قاتتىق ئاچلىق ، بىر ياقتىن ئېغىر ھاشار ئەمگىگىنىڭ ھاردۇرىشى سەۋەپلىك ئۇنىڭ تۈگمەنگە يىتىپ بېرىشى بەكمۇ تەسكە توختىدى . ئۇ مىڭ ماشاقەتتە تۈگمەنگە باردى ۋە ياتقۇزۇپ قويۇلغان تۈگمەننى مىڭ تەسلىكتە ماڭدۇرۇپ ئۇننىڭ چىقىشىنى تۆت كۆز بولۇپ كۈتۈپ قاراپ تۇردى . ئۇن چىقىپ ئەمدىلا ئىككى سىقىم بولغاندا ئۇ دەرھال چاڭگاللاپ ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ مەجبۇري يۇتتى ـ دە ، سۇ بۇيىغا ئالدىراپ ماڭدى .... ئاران دېگەندە سۇ ئىچكىلى بولغىدەك يەرگە بېرىپ قانا ـ قانا سۇ ئىچىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ...

قانداق قىلسۇن ، بولمىسا ؟ « ئاچچىق نىمنى دېگۈزمەيدۇ ، ئاچلىق نىمنى يېگۈزمەيدۇ ؟ » .....

ئۇ ئولتۇرۇپ قاتتىق ھەسرەتلەندى ۋە كۆزلىرىدىن مونچاق ـ مونچاق ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى . ... ئېغىر ئازاپ ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى پارە ـ پارە قىلماقتا ئىدى .... !

.....

شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ، قەلپ يارىلىرىغا مەلھەم بولۇپ ، ئۇنىڭ داۋاملىق تۈردە چىداملىق بىلەن ياشاشقا ئىندەيدىغان بىردىن ـ بىر نەرسە كىتاپ بولدى . مەيلى ئۇ قەيەرگىلا بارمىسۇن ، كىتاپتىن ئايرىلمايتتى ، يىراقلاردىكى ھاشارغا كېتىۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ خورجۇندىن قېتىپ كەتكەن زاغرا نان ۋە قەلەي چۆچىگى بىلەن بىر ـ ئىككى پارچە كىتاپ چىقاتتى .

تۇمۇز ئايلارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ، ئېتىزدا قۇناق ئوتاۋاتقان بىرتوپ كىشلەر چۈش ۋاختىغا ئاز قالغاندا كۆيۈك ئاپتاپنىڭ دەردىگە زادىلا چىدىمىدى . ئۇلار يول بويىدىكى ئېرىققا يېقىنلىشىپ بېرىپ ئۇسسۇزلىغىنى قاندۇرغاچ سۇگەت تۈۋىدە بىردەم ئارام ئالماقچى بولۇپ ئولتۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى جانسىز گەۋدىسىنى قۇملۇق ئۇستىگە تاشلاپ ھەرۋاڭ ـ سەرۋاڭ يېتىشتى ، بەزىلىرى بىر يەرگە توپلۇشۇپ تاماكىسىنى چەككەچ پاراڭغا چۈشتى . قۇددۇس بولسا ئادىتى بويىچە بىر چەتتە ئولتۇرۇپ كىتاپ كۆرۈشكە باشلىدى .

ــ ھۇ گەپ ئاڭلىمايدىغان كىتاپ سارىڭى ! ئىش ۋاختىدا كىتاپ ئوقۇشقا بولمايدۇ ، دەپ نەچچە قېتىم ئېيتمىدىممۇ ؟ ئەكىلە ماۋۇ بىر نىمەڭنى .....

قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ئەدرەت باشلىغى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىتاپ كۆرىۋاتقان قۇددۇسنىڭ ئالدىغا كىلىپ ئۇنىڭ كىتاۋىنى تارتىپ ئالدى ـ دە ،يىراقلارغا چۆرىۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن كىتاپ ئوقۇماسلىغى ھەققدە ئاخىرقى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش بەردى .

ۋۇجۇدىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قۇددۇسقا بۇ ئىش ناھايىتىمۇ ئېغىر كەلدى ، يۇمران قەلبى تولىمۇ ئازاپلاندى ، بىگۇناھ دادىسىغا نىمە ئۈچۈن قالپاق كەيدۇرىلىدۇ ؟ ئۆزى نىمە ئۈچۈن ئوقۇشتىن توختاپ قالىدۇ ؟ ئېغىر ھاشار ، ئايىغى چىقمايدىغان ئېتىز ـ ئېرىق ئەمگىكى ، ھەر كۈنلۈك تىل ـ ھاقارەت ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئاشكارە كىتاپ ئوقۇشىنىڭ چەكلىنىشى .... ، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىدى . ئۇ بۇلارنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى ، چۈشىدىن ئويغانغان ھامان مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى نەقەدەر ئۈمىت قىلاتتى ـ ھە ؟

نىھايەت ، يىغىن ئېچىلماي قالغان ئاخشاملىرى ھەر ھالدا ئەركىن ئىدى . ئۇ ئېغىر ئەمگەكتىن قايتىپ كىلىپ ئۈمچىنى چالا ـ بۇلا ئىچەتتى ـ دە ، كاڭدا سۇنايلىنىپ يېتىپ ئۇخلاشقا تېگىشلىك

www.uyghurkitap.com

ئۇرنىغا بېرىپ جىن چىراقنىڭ خىرە يورۇقىدا داۋام يېتىپ كىتاب كۆرىدىغان بولدى ، ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە نەچچە تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلىۋەتتى .

ئۇنىڭ مەكتەپتىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى تولۇق بىلىدىغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۇنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىدىن تەسىرلەنگەن بىر قىسىم كىشىلەر قۇددۇسنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇدا ئۈچ يىل ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى . ئۇ ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا باشقىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ ناھىيە بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتتى ، بىراق ، ھەر قېتىمدىلا « ئائىلە كېلىپ چىقىشى ياخشى ئەمەس » ، دەپ قالدۇرۇپ قويۇلدى ، خۇسۇسەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لەنەت تەككۈر ۋاڭ ×××× ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمتىھان بەرگەن ئەمما ئۆتەلمىگەن غوپۇر ئىسىملىك بىرسىنى 4 كىلو تۆگە يۇڭى بەرگىنى ئۈچۈن « ئىمتىھاندىن ئۆتتى » قىلىپ خۇپىيانە ھالدا ئالىي مەكتەپكە ماڭغۇزدى ..... ! مانا شۇ ھالدا ئۆزىدىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلار ۋە بەزى ئۆتەلمىسىمۇ پارا بەرگەنلەر « ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك ئۆتكەن » ھېساپلىنىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ۋە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كىتىشتى . بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن قۇددۇس ھاپىزنىڭ ئەمدى زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى . ئۇ بار كۈچى بىلەن چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ئىچىگە يۈگۈردى . شۇنداق يۈگرە ـ يۈگرە بېرىپ بىر قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى ، ئاچچىق ـ ئاچچىق ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈپ قۇملۇققا سىڭىپ كەتتى .

2

تىرىشچان ، ئىرادىلىك كىشىلەر ھەر قانداق قىيىن شارائىتتىمۇ قىلچىمۇ بوشىشىپ قالمايدۇ . چىكىدىن ئاشقان سول سىياسەت قۇددۇسنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئوقۇش يولىنى توسۇپ قويغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ، ئەلگە بىلىم ـ ھىكمەتلەردىن بەرىكەت ياغدۇرۇشتەك پاك غايە بىلەن تولغان قەلبىدە يالقۇنلاۋاتقان قەلبىنى مۇزلىتالمىدى ، گۆھەر كالللىسىنى يوقىتىۋىتەلمىدى . ئىلگىرلەش يولىنى توسيالمىدى .....

ئۇ ئوقۇشقا بارالمىغاندىن كىيىن قىلچىمۇ ئۇمىتسىزلەنمەي ، مەشھۇر ئالىم گالىلىنىڭ « كىتاپ زامانىمىزنىڭ ھەقىقي ئۇنىۋېرستى » دېگەن تەلىماتى بويىچە كىتاپنى ئۇستاز ، بى پايان زېمىننى ئىجادىيەت ، تەجرىبە مەيدانى قىلىپ پائال ئىزدەندى.

دېھقانلارنىڭ جاننى ئالىدىغان تومۇز ئىسسىق ۋە سوغەكتىن ئۆتىدىغان قەھرىتان قارا قىشتا قارا كۈچ بىلەن تولىمۇ جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقى ئۇزۇندىن بويان ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ كەلگەنىدى . شۇڭا ئاز ـ تولا بولسىمۇ بىرەر يېڭىلىق يارىتىپ دېھقانلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۇ قونىاق تېرىش سىيالكىسىنى لايىھىلەشنى ئويلىدى . ئۇنىڭ لايىھىسى بويىچە بولغاندا قونىاق تېرىش مەشخۇلاتىدىكى تۇشۇك ئېچىش ، ئۇرۇق سېلىش ، ئوغۇت تاشلاش ، دارى تاشلاش ۋە كۆمۈپ سۆرەم بىلەن تۈزلەش قاتارلىق بەش كىشىلىك مېھنەت سىجىللىقى بىر يولىلا تاماملىناتتى . مۇنداق بولغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئازات بولۇپلا قالماي ، يەنە ئىشنىڭ ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىگىمۇ تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى .

ئۇ نەچچە كېچە ـ كۈندۈز تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاخىر بوخىل سىيالكىنىڭ لايىھسىنى مۇكەممەل تەييارلاپ ، سىخىمىسىنى سىزىپ چىقتى .

ئەپسۇسكى ، ھە دىگەندىلا تىنىمسىز ئېغىر ئەمگەكتىن باش ئالالمايۋاتقان ۋە بىر تىيىنمۇ تاپاۋىتى يوق قۇددۇس ئۈچۈن بۇ لايىھنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ؟

شۇڭا ئەمدى ئۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا قوللاش ـ ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ دوكلات يازدى . بىراق دوكلات ئېتىبارغا ئېلىنمىدى . شۇنىڭ بىلەن پىلان قەغەز يۈزىدىلا قالدى ۋە ئۇنىڭ

دېھقانلارنىڭ مېھنەت ئاۋارىچىلىقى ، مۇشكۇللىرىنى يوقىتىمەن ، دەپ سەرپ قىلغان تالاي ۋاختى ۋە قىممەتلىك زېھنى كۈچى بىكارغا كەتتى . ئەمما ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن قىلچىمۇ ۋايىسمىدى ، پەقەتلا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەت ۋە زۆرۈرىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ يېڭىلىقنى قىلچىمۇ ئېتىبارغا ئېلىپ قويمىغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى ۋە « ئىست بىچارە دېھقان ! » دېگىنىچە قاتتىق ئازاپلاندى .

ئارىدىن 10 نەچچە يىل ئۆتۈپ مۇشۇنداق سىيالكىلار باشقا ناھىيە يېزىلىرىدا پەيدا بولدى . بەلكىم ئاشۇ سىيالكىنى لايىھىلىگەن كىشى دۆلەتنىڭ ئالاھىدە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشمىگەن تەقدىردىمۇ نەچچە مىڭ يۈەنلەپ مۇكاپاتقا ۋە ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولىشى مۇمكىن ، ئەلبەتتە !

ئەپسۇسكى ، قۇددۇس ھاپىز بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنى باشلىغاندا مۇنداق ھوقۇق ۋە مۇكاپاتلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىغان ئىدى . ئۇنىڭ ئۈمىت قىلىدىغىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاز ـ تولا قەرز ھېساۋىدا بولسىمۇ پۇل ھەل قىلىپ بېرىپ ، لايىھىسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۆرسىتىشكە ۋە بىچارە دېھقانلارنىڭ جاننى قىناپدىغان مېھنەت ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلۇشىغا ۋە تۇرمۇش قۇلايلىقى ئۈچۈن يار ـ يۆلەك بولۇشقا ھەسسىدار بولۇش ئىدى . ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ خىل سىيالكىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاختى 10 نەچچە يىل ئالدىغا سۈرۈلۈپ ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ يېزائىگىلىگىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور پايدىسى يەتكەن بولاتتى .

قۇددۇس ھاپىز شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ مەبلەغ تەلەپ قەلمايدىغان بىر يول تاپتى . ئۇ بولسىمۇ ئۆزلىگىدىن خەنزۇچە ئۆگىنىش ، رەسىم سىزىش ، مۇزىكا چېلىش ، ھۆسنى خەت يېزىش ، دېكراتسىيە ئىشلەش قاتارلىق كەسپلەرگە يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى .

ئۇ بۇ ساھەلەردە تىرەنلىككە شۇڭغۇپ كىرىپ ، قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى پۇختا ئىگەللەپ تېزلا نەتىجە ياراتقاچقا ، تەشكىل ئاخىر ئۇنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىغىنى نەزەرگە ئېلىپ ، 1975 ـ يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلدى . ئۇ بۇ يەردە دېكراتسىيىچى ، مۇزىكانت ۋە ئىجادىيەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆمەكتىكى ئاساسلىق تايانچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . ئۇ ئەمدى ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىدىغان سورۇنغا ئىگە بولغانلىقىدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ ۋە ئىلھاملىنىپ ، قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدىلا ئالتۇندەك ياشلىق ۋە ئۇنى قەدىرلەش مەزمۇن قىلىنغان پوۋىستى : « سۆيگۈ شارابى » نى يېزىپ چىقتى ، شۇنداقلا بىر مۇنچە مۇزىكا ، تېكىست ۋە كومدىيىلەرنى ئىجات قىلدى . سەنئەت نەزىرىيىسىگە دائىر بىر تۈركۈم ماقالىلارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردى . بۇنىڭ بىلەن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى .بىراق ئۆمەكتىكى بىر قىسىم كىشلەر ئۇنىڭ يۈز تېپىپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالماي ، ئۇنى ئىلگىرلەش يولىدىن توسۇشنىڭ ئەپلىك پۇرستىنى ئىزدەشكە باشلىدى .

شۇ چاغلاردا كەلپىن ناھىيىسىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرى نورمال ئەمەس ئىدى . بۇ ھال پۈتكۈل ناھىيىنىڭ سانائەت ، يېزا ئىگىلىگى ۋە باشقا تۈردىكى خىزمەتلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان ، ھەمدە ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى .

توك يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنىڭ يالغۇز ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىغىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ناھىيىنىڭ ئىگىلىكىگە تەسىر يەتكۈزىۋاتقانلىغىنى سەزگەن قۇددۇس ھاپىز بۇ مەسىلىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى .

مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناھىيىلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ ، يىغىندا كەلپىننىڭ ئاشلىق قەھەتچىلىگىنى ھەل قىلىش بىر مۇھىم ئۆتكەل ئىكەنلىگى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، « ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ كەلپىن خەلقىنىڭ ئاشلىق قەھەتچىلىگىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى !» دېگەن چاقىرىق چىقىرىلدى . چاقىرىقنامە ۋە يىغىن ھۆججەتلىرى سەنئەت ئۆمىگى ئەزالىرىغىمۇ يەتكۈزۈلدى . . .

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدىنلا خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى بىلەن ئورتاقلىششنى ئەلا بىلىپ كېلىۋاتقان قۇددۇس ئۈچۈن بۇ يەنە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىدىغان مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قانچە كۈن ئۇخلىماي ، بىر ياقتىن يېزا ئىگىلىگىنىڭ سەككىز سۆزلۈك ئاساسىي قانۇنىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ ، ئۆز ناھىيىسىدە بۇ قانۇننىڭ ئەمىللىشىنىڭ دېگەندەك ياخشى ئەمەسلىگىنى ھېس قىلسا ، يەنە بىر ياقتىن مەھسۇلات ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدەندى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، كۆتۈلمىگەندە ئۇنىڭ كاللىسىغا « دېھقانلار نىمە ئۈچۈن قوغۇن ئاختامىسىنى تۇمۇز ئىسسىقتا ئاغدۇرىدۇ ؟ » دېگەن ئوي كېلىپ قالدى ۋە سوراشتۇرۇپ ، مۇنداق قىلىشنىڭ بىر تەرەپتىن يەرنى كۆچلەندۈرۈشكە پايدىسى بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن پىلەكنىڭ ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا كۆچلانغان تۇپا ئوغۇت (چاڭ - توزاڭ) بىلەن ئوغۇتلاش ئىشنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغانلىغىنى ھېس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ « سويى قىس كەلپىندە ئەگەر زىرائەتلەر يوپۇرمىغىدىن سۇغۇرۇلسا ۋە ئوغۇتمۇ سۈيۇقلاندۇرۇلۇپ پۈركۈپ يوپۇرمىغىدىن بېرىلسە ، بىر ياقتىن سۇ ۋە ئوغۇتنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولسا ، يەنە بىر ياقتىن سۇ قىسلىق سەۋەبىدىن زىرائەتلەر ۋاختىدا سۇغۇرۇلماي ، ئاخىرقى ھساپتا زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى پاكار ، دېنى پۇچەك بولۇشتەك يامان ئاقىۋەت يوقىتىلمامدۇ ؟ » دەپ ئويلاپ مەكتەپتە ئوقىغانلىرىغا ئاساسەن ،فوسفورلۇق ۋە ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ زىرائەتلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئۇلارنى بەلگىلىك نىسپەتتە سۈيۇقلاندۇرۇپ ، ئوغۇتلاش ۋە سۇغۇرۇش مەزگىللىرىگە توغرىلاپ يوپۇرماققا پۈركىسە مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولۇشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرىنى نەزىرىيە جەھەتتىن مۇكەممەل تەييارلاپ ، دەرھال تەجرىبە ئېتىزى ۋە تەجرىبە جەريانىدا ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بىر يۈرۈش ئەسۋاپ - ئۈسكىنىلەر بىلەن تەمىنلەش مەسلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دوكلات يېزىپ ، شۇ چاغدىكى پارتكوم كاتىپى ئابدۇقادىر سابىر ( ھازىرقى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى ) ئارقىلىق رەھبەرلىككە سۇندى . ئۇنىڭ قىياسىچە بولغاندا زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى تېز ۋە غوللۇق ، دېنى ئەسلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسە چوڭ بولاتتى .

مىڭ ئەپسۇس !

ئۇنىڭ بۇ پىلان - لايىھىسىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمىدى .

ھالبۇكى ، شۇنىڭدىن 17 يىل ئۆتكەندىن كېيىن « ئاقسۇ گېزىتى » نىڭ خەنزۇچىسىدا زىرائەتلەرنى يوپۇرمىغىدىن ئوغۇتلىسا مەھسۇلاتى ئاشىدىغانلىغى توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى . بۇنىڭدىن كېيىنرەك ، بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپ مۇتەخەسسىلىرىنىڭ بىرلىشىپ تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق « مول - ھوسۇل دارىسى — 丰产素 » دېگەن بىر خىل سۈيۇق ئوغۇت ئىشلەپ چىقىرىلدى .

شۇنداق قىلىپ ، 17 - 20 يىلدىن كېيىن ، قۇددۇسنىڭ تەسەۋۋۇرى ئالىي دەرىجىلىك ئىلمىي ئورگانلار تەرىپىدىن بايقالدى ۋە ئەمەلىي ئىشلەپ چىقىلدى . ئەگەر قۇددۇسقا ئەينى يىللاردىلا ئەھمىيەت بېرىلگەن بولسا ناھىيە خەلقىنىڭ ئاشلىقتا قەد كۆتىرىشىگە قانچىلىك زور ھەسسىسى قوشۇلغان بولار ئىدى - ھە ؟

خەيرىيەت ، ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى . ئەمما ئۇ ئاشۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىغى سەۋەبىدىن ، گەرچە كۈندۈزدىكى سەككىز سائەتلىك كەسپىي پائالىيەتكە تولۇق قاتناشقان بولسىمۇ ، ئەمما ھېلىقى كۆرەلمەسلەرنىڭ « قۇددۇس سەنئەت پائالىيىتىگە قىزىقمايدۇ » دېگەن بۆھتانى بىلەن سەنئەت ئۆمىكىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى ، ئۇ سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگىلى ئەمدىلا بىر يىل بولىشىغا ناھىيىلىك سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىگە يۆتكىلىدىغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدى .

شۇنىڭ بىلەن ئەمدى بۇ يېڭى ئورۇندا ئىشلەۋېتىپ ، خىزمەتلەرگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە بوش ۋاختلىرىدا سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ توك چىقىرىش ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىل كۈزۈتۈش ئېلىپ باردى ۋە خاتىرە قالدۇردى . ئۇ كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ، ئەسلىدە 64 كىلوۋات توك چىقىرالايدىغان گېنىراتورنىڭ ئاران 17 كىلوۋات توك

چىقىرىۋاتقانلىقى توپەيلى نۇرغۇن ئادەم ۋە ماددىي كۈچنىڭ ئىسراپ بولۇپ كىتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى ۋە « تىك ئوقلۇق سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ توك چىقىرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسى » ئۈستىدە ئىزدىنىپ قىسقىچە لايىھە ئىشلەپ چىقتى . بۇ لايىھىنى ئەمەلىي ئۈنۈمى بىلەن كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاۋال سىخېما سىزىش ، تەجرىبە مودېلى ياساش ۋە ئۇنى نەق مەيداندا سىناق قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن جەريانلارنى تاماملاشقا ۋە ئاساسەن ئېلىكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ ئۆزىدە تەجرىبە ئىشلەشكە توغرا كىلەتتى .

ئەپسۇسكى بۇ تەتقىقات بىلەن كەسپىي خىزمەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى . ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تەجرىبە ئىشلەۋاتقاندا كۈتۈلمىگەندە ئىشقا بارىدىغان ۋاخت بولۇپ قالاتتى . ئەمما جىددىي داۋاملىشىۋاتقان تەجرىبىنى بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشمەي تۇرۇپلا توختىتىپ قويۇشقا بولمىغاچقا ، رەھبەرلىكنىڭ « ئىشقا كېچىكتىڭ » ، دەپ قاتتىق تەنقىتلىشىگە ئۇچرىدى . ئەمما قۇددۇس ئۆز تەتقىقاتىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد ئۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن ، رەھبەرلىكنىڭ ئاغزاكى تەنقىتىگە قارىماي تەتقىقاتىنىڭ كەڭ ئامما ۋە ناھىينىڭ توك ئىشلىتىشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا قارىتىلغانلىقى سەۋەبىدىن زادىلا بوشىشىپ قالمىدى . شۇڭا بىر ياقتىن خىزمىتىدە ئەستايىدىل بولسا ، يەنە بىر ياقتىن كېچە ـ كېچىلەپ دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ چىرتىيوژ سىزىش ، مودېل ياساش ۋە تەجرىبە ئىشلەش بىلەن شۇغۇللاندى .

بۇ ئىش دەل قەھرىتان قىشنىڭ نەشتەردەك سوغۇق كۈنلىرىگە توغرا كېلىپ قالغاچقا ، ئۇ بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىققا يولۇقتى . ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ 20 نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىپ ئىش ئورنىغا بېرىپ ، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان ئاچچىق سوغۇقتا مۇزدەك سۇ بىلەن ھەپىلىشىپ تەجرىبە ئىشلىدى . بۇ جەرياندا ھەتتا ئىنىسى ئۆمەرنىمۇ داۋاملىق ياردەمچىلىككە ئېلىپ چىقتى . ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يېلىك بولغاچقا قوللىرى ئىششىپ ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتۈپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ قۇددۇس قەيسەرلىك بىلەن ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئاخىرى توك چىقىرىش ئۈنۈمىنى 17 كىلوۋاتتىن 43 كىلوۋاتقا كۆتىرىشنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى ياراتتى .

ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي ، سۇ ۋە توك بېسىمىنى ئاپتوماتىك تىزگىنلەپ تۇراقلاشتۇرىدىغان قۇرۇلمىلارنىمۇ لايىھىلەپ سىناق قىلىپ ، پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئىستانسىيىگە ھاياتى كۈچ قوشۇشنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى ياراتتى .

ئۇ قىشنى قىش دېمەي ، قەھرىتان سوغۇققا قارىماي مۇزدەك سۇغا قول تىقىپ ئەمەلىي تەجرىبە ئىشلەۋاتقان كۈنلەردە ناھىيە بازىرىدا قۇددۇس ھاپىز توغرىسىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر ئەۋجىگە چىقتى . ئۇنىڭ مۇۋاپپىقىيىتىنى ئەزەلدىن كۆرەلمەي كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ھەسەتخورلار  بارغانلىكى يېرىدە :

ـ قاراڭلار ، مەن بۇرۇنلا دېگەنغۇ ؟! قۇددۇس ئەقلىدىن ئازغان . بولمىسا شۇنچە راھەت ، كۆڭۈللۈك خىزمەت ئورنى بولغان سەنئەت ئۆمىگىنى تاشلاپ ، ھېچ كىم بېرىشنى خالىمىغان چەت ، ناچار ، جاپالىق ئورۇنغا بېرىپ قەھرىتان سوغۇقتا مۇزدەك سۇ بىلەن ھەپىلىشەمتى ؟ بۇ زادى قىپ ـ قىزىل ساراڭلىق ئەمەسمۇ ؟ دېسە ، يەنە بەزىلەر شۇ ھامان يانتاياق بولۇپ :

شۇ ئەمەسمۇ ؟ خەنزۇ تېخنىكلار يېقىن كېلەلمەيۋاتقان ئىستانسىنى ئاشۇ ساراڭ ئوڭشاپ توكنى كۆپەيتەلەمتى ؟

ـ ئۇ بىر چاغلاردا بۇغدايىنى قۇناقتەك ، قۇناقنى ياڭاقتەك قىلىمەن ، دەپ يۈرگەن ساراڭ بىر نىمە ، زادى ......

ـ ئۇ راستىنلا ساراڭ بولمىسا يالغۇز يۈرەمتى ؟ دېيىشتى .

مانا شۇھالدا « قۇددۇس ساراڭ بولۇپ قاپتۇ » دېگەن خەۋەر كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە پۈتۈن ناھىيىگە پۇر كەتتى . بۇ خەۋەر تۆرت كاللا بىر يەرگە كەلگەندە قىلىشىدىغان پاراڭنىڭ مۇھىم تېمىسىغا ئايلىنىپ ، كىشىلەرنى قۇددۇسقا ئىشەنمەس قىلىپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن بۇن كۈنلەردە ھېچ كىم ئۇنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلىمىدى . ھەتتا ئۇنى كۆرسە مەسخىرە قىلىپ كۈلىدىغان ، يىرگىنىدىغان بولدى . نەتىجىدە ئۇ كىشىلەر قەلبىدىكى ھەقىقىي بىر ساراڭغا ئايلىنىپ قالدى . ئىدارىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى ھە دېگەندە تۇتۇپ قېلىپ ، ئاران 26 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بەردى . كوچىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆكتات چىققان ئايالى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ، « قاراڭلار ، ساراڭنىڭ ئايالى كېلىۋاتىدۇ » ، دېگەنلىگىنى نەچچە رەت ئاڭلاپ قالدى .

كوچا ـ كويلاردىكى مۇنداق پىتنە ـ پاساتلارغا چىداپ تۇرالمىغان ئايالى ئاخىر ئىككى بالىسىنى تاشلاپ بىرىپ ئاجرىشىش خيالىغا كەلدى .....

بۇ بىر قاتار ئىشلار ئۇنىڭغا خېلىلا روھىي بېسىم بولدى . ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بىرەرمۇ شەپقەتچىسى چىقمىدى ! جاپالىق ئىزدىنىش ۋە قىممەتلىك مۇۋاپپىقىيەتلىرى چۆلدە بورانىدا قالغان قامغاقتەك ئالىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كېتىلدى .....

3

1980 ـ يىلى كۈز ، يىراقلارغا سوزۇلغان كۆز دالاسى چەكسىز جىم ـ جىتلىقتا چۆمگەن ، كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاملى سارغايغان ياپراقلارنى يىراق ـ يىراقلارغا ، قۇمساڭغۇ دالىلارغا سۈپۈرۈپ بارماقتا .

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بالىنىسىدىكى كېسەل كارۋىتى ئۈستىدە چىرايى ساماندەك سارغايغان ، ياداپ كەتكەن يۈزلىرىنى قويۇق ساقال باسقان بىر كىشى خۇددى بوۋايلاردەك دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلىدىغان بىر خىل مۇڭ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى . بۇ يەنىلا شۇ قۇددۇس ئىدى .

قۇددۇس ھاپىزنىڭ بالىنىستا يېتىپ قالغىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى ، بۇ جەرياندا قىسمەن ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى ۋە جان كۆيەر كىشىلەردىن باشقا كىشلەر يوقلىماقتىن تۇگۇل ھەدەپ پىتنە ـ پاسات گەپلەرنى تارقىتىش بىلەن بولۇۋاتاتتى. دوختۇرلار قۇددۇسقا دىئاگنوز قويۇپ ئۆپكە سىل كېسىلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ، تىنى ھەددىدىن زىيادە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى ، دوختۇرخانىدا ئاز دېگەندە ئالتە ئاي داۋالانسىمۇ تەستە ساقىيىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ ئۇنىڭ سۇ ئېلكتىر ئىستانسىيىسىنىڭ توك چىقىرىش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەجرىبىسىنى ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىدە پەيدا بولغان كىسەل ئىدى .

قۇددۇس ھاپىز چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇ يېتىپ داۋالانسا ، ئالدى ئىككى ياش ، كەينى بىر ياشقا توشقان بالىسىنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ ؟

ئۇنى تۇرۇپلا يىغا تۇتۇپ ، بوغۇزىغا قاتتىق بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى ، ئەمدى ئۆزىنىڭ مۇندىن كېيىنكى غايىۋىي پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى . مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ، ھەتتا تەشكىلمۇ ئۇنى «ساراڭ» دەپ قاراۋاتسا ، ئۇ زادى قانداق قىلىپ پاك ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يېتەلەيدۇ ـ ھە؟

ئۇ ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، جىم ـ جىت ياتقىنىچە ئۆتمۈشىنى ئەسكە ئالدى ، بىراق ، كۆڭلى خوش بولىدىغان سائەتلىرى قانچىلىكمۇ بولسۇن ؟ ئەسلىگۈدەك نىمىمۇ بولسۇن ؟ مەكتەپتىكى ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز قايناق ھايات ، كېيىنكى مەزگىلدىكى تەشكىلنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى ، ئۆزۈنىغا داۋاملاشمىغان مۇشۇ ئىشلاردىن باشقا ئۇنىڭ ھاياتى ئازاب بىلەن ئۆتتىغۇ ؟!...ئۇ باشقا ئىشلارنى ئەسلەشنى خالىمىدى ، تورۇپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆلۈم كىلىپ قالدى . ئۆلۈم ، ھەي ئۆلۈم سەن ئەھمىيىتىنى بىلىپ يەتكۈچىلەر ئۈچۈن يەنىلا ئۇلۇقسەن ، پەقەت سەن ئارقىلىقلا بۇ دۇنيادا خورلۇقتا ئۆچرىغان ئىنسان مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيدۇ...

دەل شۇ چاغدا بىر نەچچە كىتاب، ژورنالنى قولتۇقىغا قىستۇرغان بىر كىشى ئۇ يېتىۋاتقان ياتاققا كىرىپ كەلدى ، بۇ كىشى قۇددۇسنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇستازى ، ھازىر بولسا كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر سابىر ئىدى ، قۇددۇسنى تولۇق چۈشىنىدىغان بۇ كىشى ئۇنىڭغا :

ـ كۆڭلۈڭنى ھەرگىز يېرىم قىلماي خاتىرجەم داۋالان ، بۇ كۇنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ ، ـ دىدى ۋە ئېلىپ كەلگەن « پولات قانداق تاۋلاندى » رومانىنى ھەمدە بىرقانچە ژورنالنى ئۇنىڭ ئوقۇشىغا بىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا « توغراق يېشى » دىگەن ئەدەبىي ئاخباراتتىن پارچىلار سۆزلەپ بىرىپ ئىلھاملاندۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

قۇددۇس ھاپىز ئۇستازىنىڭ بۇ تەسەللى سۆزلىرىدىن تاغدەك خۇرسەند بولدى ، رومان ۋە ژورناللارنى ئوقۇۋېتىپ چوڭقۇر ھاياجانلاندى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى كېيىنكى خىياللىرىنى پاۋل كورچاگىننىڭ ھايات ـ ماماتلىق ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى . ئۇ ھاياتقا بولغان چەكسىز ئىشەنچ ۋە مۇھەببىتى بىلەن قەلىمىنى قولغا ئېلىپ ھايات قەسىمنى يېزىپ چىقتى :

« بارلىغىم تەقدىم خەلقىنىڭ بەختىچۈن ، ئارمانىچۈن ،
كۈرەشكەيمەن شۇنچە مەردان ، ئەڭ گۈزەل دەۋرانىچۈن .
شۇ يول ئىچرە ئىزلىگەيمەن ھايات بەختىم شامىنى ،
ئىشقى ـ مېھرىم ئوتلىنادۇر ئەل سۆيەر پەرۋانىچۈن ».

ئاللاھقا كۆپ شۈكرىلەركى ، دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ۋە مەنۋىي ئۇزۇقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭ سالامەتلىگى قەدىر ئاۋال ئەسلىگە كەلدى . بىراق ، پۇل ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر قېتىم تونۇتۇپ قويدى . شۇچاغلاردا ئۇنىڭ ھەر ئايدا ئېلىۋاتقان 26 يۈەن پۇلىمۇ تۈتۈپ قېلىنغان ئىدى . شۇندا ئەھۋالدا 420 مىڭ يۈەنلىك داۋالىنىش پۇلىنى قانداقمۇ تۆلىيەلىسۇن ؟ئۇنىڭ بېشى چۈيۈندەك قاتتى . ئۇ قەرز ئېلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قاتراپ باقتى . بىراق ھىچ يەردىن پۈتتۈرەلمىدى .دوختۇرخانا مەسئۇللىرى قىش كۇنلىرىدە غېرىبانە ، توڭۇپ كىتىۋاتقان سەبى باللىرىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدىمۇ قانداق ، داۋالىنىش پۇلىنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ تىل خەت ئېلىپ باللىنىستىن چىقاردى .

قۇددۇس ھاپىز دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئەتىسى ئىش ئورنىغا باردى . ئەمما خىزمەتداشلىرى كۆرۈشۈپمۇ قويمىدى ھەتتا مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى . ئىستانسىيە مەسئۇللىرى ئۇنىڭغا ئەڭ جاپالىق بولغان مانتيورلۇق كەسپىنى يۈكلىدى . ئۇ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۈن ـ تىنسىز باش چۆكۈرۈپ ئىشلىسىمۇ ئىش ھەققى يانىلا تۆلۈق بىرىلمىدى . ئۇ ھەتتا ئىستانسىينىڭ رەھبەرلىگىنىڭ ئايرىملىرىنىڭ ناھەق ئېيىپلاش ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن تەن جازاسى بىرىشىگىمۇ ئۇچرىدى . مانا شۇ ھالدا ئۇ بۇ يەردە ئارتۇقچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ، قىلچە نەزەرگە ئېلىنمىدى .

شۇنىڭ بىلەن 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا خىزمەت ئالماشتۇرۇپ كەلدى .

بۇ چاغدا كەلپىن ناھيىسىدە كەسپىي رەسسام يوق دىيەرلىك بولۇپ ، ناھيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ، تەشۋىقات رەسىمچىلىگى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن ، قۇددۇس ھاپىزنىڭ رەسساملىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى ، جۈملىدىن ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىغى ناھىينىڭ بىر بوشلۇغىنى تولدۇرىدىغان بولغاچقا ، ئىدارە رەھبەرلىگى ۋە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ، شۇنداقلا ھۆرمىتىگە سازاۋەر بۇلاتتى . بۇنى ئۇ ئىدارىگە كېلىپلا سەزگەن . شۇڭا ئۇ خىزمەتكە ئاكتىپ كىرىشىپ ، « بىلىم ئىشقىدا » ، « مەھمۇت قەشقىرى » ، « ئامانىساخان » ، « ئۇيغۇر ئۇسسۇلى » ، « ل . مۇتەللىپ » قاتارلىق 30 نەچچە پارچە ماي بۇياق رەسىم سىزىپ ، كەڭ جامائەتچىلىك ۋە رەھبەرلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى . ئىشتىن سىرت تەرجىمە قىلغان 40 نەچچە پارچە ماقالىسى ھەرقايسى گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنىڭ نامى چىقتى . بىر ۋاقىتلاردا ھىچ كىمنىڭ نەزىرىگە ئېلىنمايدىغان بۇ « دۈشمەن ئۇنسۇرنىڭ پەرزەنتى » ئەمدىلىكتە دادىسىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوخشاش يۈز تېپىپ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشكە باشلىدى . ئەمما بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ، ئائىلىنىڭ تۈگمەس ئۇششاق ئىشلىرى ، ئىدارىدىكى ئىشلارنىڭ تولۇقلىغى تۈپەيلىدىن ، ئۇ بىر چاغلاردا ئىشلەشنى ئويلىغان ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا دېگەندەك ۋاخت چىقىرالمىدى . ئەمما ئۇ چىشىنى چىشلەپ ئۈمىت ئىچىدە توختاۋسىز ئىشلەشنى داۋاملاشتۇردى ، جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتتۈۋاتقان كۈنلىرىگە ھەرگىزمۇ ۋايسىمىدى ، ھېمىشە دېگۈدەك ئاددىي ـ ساددا ياشاپ ، ئازغىنە ئىش ھەققىدىن يىغقان پۇللىرىغا يەنىلا كىتاپ سېتىۋالدى ۋە نۇرغۇن گېزىت ـ ژورناللارغا مۇشتىرى بولدى .

1981 ـ يىلى ، ئۇ ھەرقايىسى گېزىت ـ ژورناللاردىن ۋە كىتاپلاردىن چەتئەللىك مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىم شەرىپى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ ، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تارىخى بۇرمىلىنىپ ، شان ـ شەرىپى ئوغۇرلۇنۇپ كېتىشتەك پىرىنسىپال مەسىلىلەرنىڭ دائىم يۈز بېرىپ تۇرىۋاتقانلىغىنى ، خۇسۇسەن ، ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياكى بىۋاستە تەرجىمە قىلىنىپ يېزىلىۋاتقان چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ خاتا ياكى قالايمىقان بولۇپ قېلىۋاتقانلىغىنى بايقىدى . بۇ ئەھۋال قۇددۇس ھاپىزنى چۇڭقۇر ئويغا سالدى . ئۇ ئاخىر ، مۇشۇ ساھەدە پادىلانغۇدەك بىرەر لۇغەت يوق ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن بۈتۈن زېھنىنى لۇغەت تۈزۈشكە قاراتتى ۋە « چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر نامىلىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى » نى ئىشلەشكە كىرىشتى .....

ـ سىز مۇشۇ ئىشنى باشلىغاندا نەچچە خىل تىلنى بىلەتتىڭىز ؟

ـ ئۇيغۇر تىلى بىلەن خىتاي تىلىنىلا بىلەتتىم .

ـ ئۇنداقتا بۇ ئىش سىزگە خېلىلا تەسكە چۈشۈپتۇ ـ دە ؟

ـ شۇنداق ، چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر نامىلىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسىنى تۈزۈش ـــ چەتئەلدىكى نەچچە مىڭلىغان تىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشلەرنىڭ ئىسىم ـ پامىلىسىنى ئەينى ئاتىلىشىغا ئۇيغۇن ھالەتتە تەرجىمە قىلىش دېگەننى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بىلمىسە ، ھېچ بولمىغاندا ئۇ تىللارنىڭ يېزىق سېستىمىسى ۋە فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگەللىمىسە بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايتتى . بۇ ئەلبەتتە ئاسان ھەل قىلىشقا بولىدىغان ئىش بولمىدى . مەلۇم بولغىنىدەك شۇ تۈگمەس ئائىلە ئىشلىرى ، ئالدىراش خىزمەت مۇھىتىدا ، يەنە كېلىپ يېشى 30 دىن ئېشىپ كەتكەن مەندەك بىر ئادەمنىڭ ھېچ قانداق يېتەكچىسى بولمىغان ، ئۈچۈر ۋە ماتېرىيال مەنبىئى تولىمۇ كەمچىل بولغان ، مۇشۇنداق تەكلىماكان قۇملۇغىنىڭ ئىچىدىكى بىر خىلۋەت ماكاندا تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىق بىلىملىرىگە ، شۇنداقلا يەرشارىدىكى نەچچە مىڭلىغان تىلغا چېتىلىدىغان مۇرەككەپ مەسىلىنى ھەل قىلىپ كىتەلىشىم دەرۋەقە تولىمۇ تەسكە چۈشىدىغان بىر ئىش ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگىنەي دېسەم ماتېرىيال ، ماتېرىيال سېتىۋالاي دېسەم پۇل يوق ئىدى . شۇڭا مەن ئۈچۈن مۇنداق لۇغەتنى تۈزۈش ـــ گۇيا « تاشتىن ياغ چىقىرىمەن » دېگەندەك مۇشكۇل ئىش ئىدى ، ئەلبەتتە .

ـ ئۇنداقتا بۇ ئىشنى قىلمىسىڭىز بوپتىكەن ، شۇنداقمۇ ؟

مەن ئەتەي ئۇنىڭ رايىنى سىناپ باقماق بولۇپ شۇنداق دەپ سورۇدۇم .

ياق ، ئەلبەتتە قىلىشىم كېرەك ئىدى ، قىلماسلىققا ھەرگىزمۇ بولمايتتى . چۈنكى بۇ سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىز ـــ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ خەلقئارالىق تارىخىي تەغدىرى ، شان ـ شەرىپى ۋە ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ، كەلگۈسى ئەۋلاتلار ئۈچۈن ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن زور شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئۇلۇغۋار تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى . شۇڭا ئوتلۇق ئىشتىياقىم بىلەن قەتئىي قىلىشىم كېرەك ئىدى !

زادى مەن ئىشلەي ، پۈتكۈل يەر شارى ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ مىسلىسىز ئۇلۇغۋار تىل ـ يېزىق ئىكەنلىگىنى چۈشەنسۇن ! توغرا باھالايدىغان بولسۇن ! جاھان مەدەنىيىتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش دەۋرانى باشلانسۇن !

قۇددۇس ھاپىز بۇ ئۇتلۇق ۋجدان ئۇقچۇغۇچى خىتاب بىلەن تۇرمۇشتا يەنىمۇ ئىقتىساتچىل بولۇپ ، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكتىن ئىزچىل ساقلىنىپ ، تېجەشلىك بىلەن پۇل يىغدى . يەتمىگەن يېرىگە يېقىن دوستلار ۋە بانكىدىن قەرز ئالدى . شۇنىڭ بىلەن زور ھەجىمدە كىتاپ ـ ماتېرىيال سېتىۋالدى . بۇ ئارقىلىق لۇغەتشۇناسلىق ۋە تىلشۇناسلىق بىلىملىرى بۇيىچە بەلگىلىك سەۋىيىگە ئىگە بولغاندىن سىرت ، « خەلقئارا ترانسكرىپسىيە » دىن پايدىلىنىپ ، خەلقئارادا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان 50 نەچچە خىل تىلنىڭ يېزىق سىستېمىسى ۋە فونېتىكىلىق قانۇنىيىتىنى بىلىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىنى ئۆگۈنۈشكە باشلىدى .

ئەمما ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئاساسەن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ، بولۇپمۇ كېچىسى چىراق يورۇقىدا ئېلىپ باردى . بەزىدە كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىش ئۈستىلىدە بىر ئولتۇرىۋالسا تاڭ ئېتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالاتتى .

ئۇ بىر يىل ئىچىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىر مىليون 400 مىڭغا يېقىن چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « چەتئەل كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى » ناملىق لۇغەتنى ئىشلەپ چىقىپ ، 1983 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ئىبەرتتى .

ئۇ بۇ ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن خۇددي بىر ئېغىر يۈكتىن خالىي بولغاندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتتى ۋە چۆلدە يولدىن ئادىشىپ قالغان كارۋان ئۆز يولىنى تاپقىنىدەك خۇشال بولدى . ئارىلىقتا بىر يىل ئۆتمەي شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى . بۇ خەتتە بۇ خىل قوللانمىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى خېلى بۇرۇنلا ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلەر ئىدارىسىدىكى ياسىن ياقۇپ دىگەن كىشىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىغىنى ، ئەمما قۇددۇسنىڭ ئەمگىگىنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن ، دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىپ نەشرىيات بىلەن توختام تۈزۈپ ئىشلەش كېرەكلىگى ئۇختۇرۇلغان ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ياسىن ياقۇپ بىلەن ئۇچرىشىپ نەشرىياتتىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە توختامغا ئىمزا قويۇپ ئىش باشلاپ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى تاماملاپ قايتا ئۈرۈمچىگە باردى . بۇ چاغدا نەشرىيات ياسىن ياقۇپنىڭ تېخىچە بىر ئىش قىلمىغانلىغىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئەمدى پۈتۈن ۋەزىپىنى قۇددۇسنىڭ ئورۇنلىشىغا تاپشۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ چەتئەل كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا بېغىشلانغان زور ھەجىملىك لۇغەتنى نەشرىياتنىڭ پىلانىدەك قىلىپ ئۆزى يالغۇز ئىشلەشكە كىرىشتى .

شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى مەمتىمىن ئەھمەت ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىگىدىن مۇھەممەت مۇسا قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئادەتتە ئاتاغلىق كىشىلەر قىلىپمۇ باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان زور بىر يېڭى ئىشقا قول سالغانلىغىنى چۈشۈنۈپ قاتتىق تەسىرلىنىپ قۇددۇسقا مەخسۇس بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئاجرىتىپ بەردى ۋە ئۇنى تەتقىقات شارايىتى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش مەخستىدە ناھىيىلىك يەن ـ تېخنىكا جەمىيىتىگە يۆتكەپ كەلدى .

ئۇنىڭ ئەمگەك كادىرلار تارماقلىرىغا كۆرسىتىدىغان دىپلوم ھەم ئۇنۋانى بولمىغاچقا ئىش ھەققى تولىمۇ ئاز بولۇپ ، بىر ئايدا ئوقۇيدىغان كىتاۋنىڭ پۇلىغىمۇ يەتمەيتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالى بىلەن قوشۇپ تۆت بالىسى ئاشۇ ئازغىنە مائاشقا قاراشلىق ئىدى . بىراق ، مۇنداق زور قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى ، ئۇ ئىشنى ئادەتتىكىدەكلا داۋاملاشتۇرىۋەردى ۋە لۇغەتتىكى ئىسىم ـ ناملارنىڭ سانى ۋە تاقىلىدىغان تىل ـ يېزىق تۈرىنى كۆپەيتىپ ، بۇ لۇغەتنى 222 مىللەت تىل ـ يېزىغى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان 3 مىليوندىن ئارتۇق ئىسىم ـ ناملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە خەنزۇچە ـ چەتئەلچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما قىلىنغان زور ھەجىملىك لۇغەتكە ئايلاندۇرۇش ئاساھىدا بىر ئۆزى ئىشلەپ چىقتى .

ئەمدى ، مۇشۇ يەردە شۇنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمەنكى ، بۇ خىل كۆپ تىللىق زور ھەجىملىك لۇغەتنى شىنخۇاشې ئىسىم تەرجىمە ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ـ تەييارلاش ئىشخانىسىدىن 6 كىشى پەقەتلا

چەتئەلچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرما قىلىنغان ئاساستا قۇددۇستىن 10 يىل كېيىن (1993 ـ يىلى) « دۇنيا كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش قامۇسى » نامىدا ئىشلەپ نەشر قىلدۇرغان بولدى ، قۇددۇس بولسا خەنزۇچە ـ چەتئەلچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما قىلىنغان ئاساستا 10 يىل بۇرۇن نەشرگە تەييارلاپ بولغان ئىدى .....

ئەمدىكى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ، قۇددۇس شۇنچە جاپالىق بىلەن ئىشلىگەن لۇغەتنىڭ توختام بويىچە ئىشلەنگەن نۇسخىسى ئەمدىلا ئاخىرلىشىشقا لۇغەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پىنسىيەگە چىقىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ يېڭى باشلىق ئىشنى باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئەسلىدىكى نۇسخىسىنى بىكار قىلىۋەتتى . بۇ يېڭى ئىش ئەمدىلا ئاخىرلىشىشقا ئۇ باشلىق خىزمەت ئالماشتۇرۇپ باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئەمدى بۇ يېڭى باشلىقنىڭ دېگىنىدەك ئىشلەشكە توغرا كەلدى . نەتىجىدە نۇرغۇن ئارگىنال قۇرۇق قەغەز دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالدى ۋە بۇ ئارگىناللار 2 مېتىردىن ئېگىزلەپ كەتتى !!!

بۇ ئۇنۇمسىز ، تىنىمسىز داۋاملاشقان ئېغىر ئەمگەكنىڭ مېۋىسى كۆرۈلۈپ بولماستىلا پەيدا بولغان قاتتىق چارچاش سەۋەبىدىن قۇددۇسنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ بوۋايدەكلا بولۇپ قالدى . بەدەن ئېغىرلىقىمۇ 20 كىلوگرامدىن تۆۋەنلەپ كەتتى .

ئۇ لۇغەتنى ئىشلەشتە ئىلمىيلىك ۋە مۇكەممەللىككە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەچكە بېيجىڭ ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى 30 نەچچە نەشرىيات بىلەن ئېزچىل ئالاقىلىشىپ 12 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كىتاب سېتىۋالدى . بۇ كىتابلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرىنىڭ باھاسى 1000 يۈەندىن ئاشىدۇ . سېتىۋېلىش قىيىن بولغانلىرىنى كۆپەيتىپ باستۇردى ھەتتا كۆچۈرۈپ تەييارلىدى . مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا بەش قېتىم ، ئاقسۇغا 20 نەچچە قېتىم قاتنىدى . بۇ جەرياندا نۇرغۇن قىسمەتلەرگە يولۇقتى .

ئۇ بىر قېتىم ئاقسۇغا بېرىشىدا ، ئۆزىنى قەغەز بىلەن تەمىنلىگەن بىر يۇرتلىقىنى يوقلاپ ئۆتۈش ئۈچۈن كەلپىننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان گۈلدىن سومكىسىغا ئازىراق قاچىلىۋالدى . ئۇ ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن يۇرتدىشىنىڭ ئۆيىگە بارماستىن ئاۋۋال كىتاپخانىغا باردى ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك بىر نەچچە كىتاپنى ئۇچرىتىپ قېلىپ قەۋەتلا خوش بولۇپ كەتتى . ئەپسۇسكى بۇ كىتاپلارغا ئۇنىڭ پۇلى يېتىشمەيتتى .

قانداق قىلىش كېرەك ؟

ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي بىر مىلچ ماللار دۇكىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۈلنى سېتىۋېتىپ ئاندىن ھېلىقى كىتاپلارنى سېتىۋېلىپ ئاقسۇغا كەلگىنىگە يارىشا بىر بۇردا نان ، بىر يۇتۇم ئۇسسۇزلۇقمۇ ئېغىزىغا ئالماي ئاچ قۇساق ھالەتتە قايتىپ كەتتى .....

ئۇ ئورۇمچىدە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەندە ، بىر كۈنى ئائىلىسى تۇيۇقسىز بالا ـ قازاغا يولۇقتى ، ئايالى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى . ج خ ئىدارىسىدىن قۇددۇسقا خەۋەر بېرىپ دەرھال قايتىپ كىلىشنى جىكىلىگەندە ، قالدى ئىشلارنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ ئەتىسىلا يولغا چىقتى . ئۇ چىققان ئاپتوبۇس كورلىغا يېتىپ كەلگەندە يانچۇغىدىكى بادى ـ يوق 270 يۈەن چامىسىدىكى پۇلى ئوغۇرلاپ كىتىلدى . ئەمدى ئۇنىڭ يېنىدا تاماق يېيىشكىمۇ پۇلى قالمىغانىدى . قەرز ئالاي دېسە ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلارنىڭ بىرىنىمۇ تونىمايتتى . كىچىگىدىن باشلاپلا ئىچى كۆچلۈك بولۇپ يېتىشكەن ، بىرەر كۈنمۇ كۆڭلى ياراپ باقمىغان بۇ مىسكىن ئادەم بۇ ئەھۋالنى شوپۇر ياكى سەپداشلىرىنىڭ بىرەرسىگىمۇ ئېيتىشقا پېتىنالمىدى ، بىكەتلەردە تاماق يېيەلمەي مىڭ تەسلىكتە ئۆي ـ ماكانىغا يېتىۋالدى.....

مۇشكۇل خىزمەتنىڭ نەتىجىسى ئاخىر كۆرۈلۈشكە باشلىدى ، باشلىق ئالىمشىش نەتىجىسىدە ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن زور ھەجىملىك لۇغەت « چەتئەل كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى » نىڭ 33 مىڭ ئىسىم - فامىلىدىن تەركىپ تاپقان 650 مىڭ خەتلىك « خەنزۇچە - رۇسچە - ئۇيغۇرچە سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » قىسمى 1988 - يىلى نەشر قىلىنىپ كەڭ كىتاپخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ، كەڭ تەرجىمان ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تالىشىپ سېتىۋالىدىغان بىر قۇرال كىتاۋىغا ئايلاندى .

بۇ لۇغەت نەشر قىلىنىپ ئۇزىماي‌لا مىللەتلەر تىل - يېزىغى بۇيىچە « 7 - بەش يىللىق پىلان » مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقات تېمىلىرى بېكىتىلىدىغان چاغدا ، ئۇ ئىشلىمەكچى بولغان لۇغەتلەرمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ زور ئىشەنچ ، زور ئىلھام بىلەن بۇ لۇغەتلەرنىڭ باشقا قىسىملىرىنىمۇ ئىشلەشكە جىددىي كىرىشتى . مۇشۇنداق بىر چاغدا ، 1989 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ مائارىپى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ ، پۇل ئىئانە قىلىش چاقىرىقى چىقىرىلغاندا ، قۇددۇس دەرھال قىزغىن ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش ئاساسىدا مىللىي مائارىپقا بولغان ئوتتەك مۇھەببىتى بىلەن 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىمۇ ئېغىر قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت ئىدى ....

- ھۆكۈمەتتىن پۇل ئالماق ، پېتىر ناندىن قىل ئالماق تەس دېگەندەك ، باشقىلار ھۆكۈمەتتىن پۇل ئۇندۇرەلمەيۋاتسا بۇ ساراڭنىڭ 1000 يۈەن پۇل ئىئانى قىلغىنى نىمىسى ؟

- تېخى ئۇنىڭ 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ بىر كىتاپىنى سېتىۋالغىنىغا نىمە دېگۈلۈك ؟

قۇددۇس ھاپىزنى ئىزچىل « تەتقىق قىلىپ » كېلىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇنداق « مۇھاكىمىسى » بىلەن ئۇنىڭ « ساراڭ » دېگەن لەقىمگە ئەمدى « ئەخمەق » دېگەن لەقەم قوشۇلدى .

دېمىسىمۇ كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تاۋار ئېڭىدا زور بۇرۇلۇش بولىۋاتقان مۇشۇنداق ئەھۋالدا 1000 يۈەنلەپ پۇل ئىئانە قىلىش ۋە بىر پارچە كىتاپىنى 1000 يۈەندىن ئارتۇق بولسىمۇ سېتىۋېلىش ئاسان ئىشمۇ ؟ بۇ خىل روھ ئۆز يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا نەچچە يۈزمىڭ يۈەنلەپ پۇل ئىئانە قىلغان ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىر زاتلارنىڭ روھىدىنمۇ نەچچە ھەسسە قىممەتلىك . شۇنداق ئىكەن ، بۇ ھەقتە « مۇھاكىمە » لەرنىڭ بولۇپ تۇرىشى تەبىئى ، بولۇپمۇ قۇددۇس ھاپىزدەك بوينىغىچە قەرزگە دۇچار بولۇپ غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشىۋاتقان بولسىمۇ ، بارلىغىنى مىللەتنىڭ مەنپىئەتى ۋە زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن بېغىشلىغان بىر ئادەم ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ، ئەلبەتتە . ئۇ مانا شۇنداق ئۇلۇغۋار ئارزۇ ۋە غايە بىلەن ئىشلىگەن تۇنجى كىتاۋى « خەنزۇچە - رۇسچە - ئۇيغۇرچە سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » فۇجيەن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان « جۇڭگو قۇرال كىتاپلار قامۇسى » غا كىرگۈزۈلۈپ ، لۇغەت ۋە ئاپتور قۇددۇس ھاپىز جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە تونۇشتۇرۇلدى .

ئۆزىنىڭ يەتتە يىللىق جاپاسىنىڭ مېۋىسىنى تېتىغان قۇددۇس ھاپىز تېخىمۇ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ ، « چەتئەل كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى » نىڭ داۋامى بولغان 600 مىڭ خەتلىك « خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » قىسمىنى جىددىي تەييارلاپ نەشرگە سۇندى . ئارقىدىنلا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن « خەنزۇچە - ياپونچە - ئۇيغۇرچە ياپونىيە كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى » نىمۇ ئىشلەپ تاماملاپ نەشرگە سۇندى . يەنە ئىسپان ، فرانسۇز ، نېمىس ، ئىتالىيان تىللىرىدىكى ئىسىم تەرجىمە لۇغەتلىرىنىمۇ ئارگىناللاشتۇرۇپ بولاي دېدى .

- ماتېرىيال مەنبەئىنى ھەل قىلالىسام يەنە 40 نەچچە خىل تىلدىكى ئىسىم تەرجىمە لۇغەتلىرىنى ئىشلەيمەن ، - دەيدۇ ئۇ ئۈمىتكە تولغان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ .

www.uyghurkitap.com

ئەمما ئىقتىسادىي قىينچىلىقى ، جۇملىدىن قەرزى ، تەكرار پەيدا بولغان ئۆپكە سىل كېسلى بىلەن نېرۋە خارەكتىرلىك يۇرەك كېسلى ھەرۋاخت ئۇنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ تۇرىۋاتقاچقا ، ئۇ نىشانىغا ، مەخسەت ـ مۇددىئاسىغا يېتەلمەي قېلىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيتتى .

14 يىل ئۆتۈپ كەتتى . 14 يىل مابەينىدە قۇددۇس ھاپىز لۇغەت تۈزۈش ۋە ئىنگىلىز ، فرانسۇز تىللىرىنى ئۆگۈنۈشكە بىرلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنى قاتلاممۇ ـ قاتلام سېستىمىلىق تەتقىق قىلىپ ، ئۇيغۇر تىلىنى باشقا مىللەت تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ نۇرغۇن قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىدى . بۇ يەردە قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر تىلى : « (1) يۇمشاق ، يېپىشقاق تىللاردىن بولۇپ ، ئېلىپبەلىك يېزىق سېستىمىسىغا ئىگە ، ھەر بىر ھەرپ بىرخىللا تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ . (2) ئىنتايىن توغرا تىل ، بەلگىلىك دەۋردىكى ئۆلچەملىك تىلنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ . (3) ئىنتايىن ئېنىق تىل ، ئاڭلىغۇچى ئېنىق ئاڭلىيالايدۇ ، ئوقۇغانلار كۆرۈپلا چۈشىنەلەيدۇ ، تەلەپپۇز ياكى مەنا جەھەتتىن قىلچىمۇ مۇجمەللىك ، ئېنىقسىزلىق ھالەتلىرى ۋە ئىللەتلىرى مەۋجۇت ئەمەس . (4) لوگىكىلىق خارەكتىرى كۈچلۈك ، (5) ساددا ، تەبىئى تىل . (6) لېكسىكا بايلىقى ناھايىتى مول تىل . (7) ئىخچاملىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى تىل . (8) ساپلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى تىل . (9) ئوبرازلىق ۋە قايناق ھېسياتقا باي تىل . (10) مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە ناھايىتى گۈزەل ۋە يېقىملىق تىل . مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ھەرقانداق خەلقئارالاشقان « مەدەنى » تىللاردىن ھەرگىزمۇ تاپقىلى بولمايدۇ ......» ، دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ يەنە خەلقئارادا قوللىنىلىش دائىرىسى نىسپەتەن كەڭ بولغان 56 خىل تىلنىڭ تاۋۇشلىرى بىلەن ، ھەتتا دۇنيادىكى بارلىق تىللار ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ترانسكرىپسىيە بىلەن ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىپ ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغى بىلەن ئىپادىلەشكە بولمايدىغان بىرەرمۇ چەتئەل تىل ـ يېزىغىدىكى سۆز ئاتالغۇلارنىڭ يوقلىقىنى ، ئەمما باشقا تىللارنىڭ تاۋۇشلىرى ۋە يېزىغىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ۋە سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاجىزلىقلىرى بارلىقىنى ستاتىستىكىلاپ چىقتى . بۇ جەھەتتە : (1) ماداغاسقار ، تاگالوگ ، مون ـ كخمىر ، لائوس تىللىرىنىڭ يەككە تاۋۇش سانى 20 بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش كۆچى 62.5 % ؛ (2) ئىسپان ، سومالى ، تسۋانا تىللىرىنىڭ يەككە تاۋۇش سانى 21 بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش كۆچى % 65.63 ؛ (3) گرېك ، فىجى ، كورېئان ، مالگاش تىللىرىنىڭ يەككە تاۋۇش سانى 22 بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش كۆچى % 71.75 ؛ (4) رۇس ، ئىتالىيان سېرپ ، شۋېت ، بېرمان ، سىنخار ، تامىل ، ھىۋاھىل ، خائۇسا تىللىرىنىڭ يەككە تاۋۇش سانى 24 بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش كۆچى % 75 ؛ (5)پولەك ، بۇلغار ، نورۋېژ ، مالتا ، بېنگال ، بانتۇ تىللىرىنىڭ يەككە تاۋۇش سانى 25 بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش كۆچى % 78.25؛ (6) فرانسۇز ، ياپۇن ، كېسكى ، رومىن ، ئالبان ، دان ، موڭغۇل ، ھىندى ، ئەرەپ ، بۇل ، دۇنيا تىلى (ESPRANTO) تىللىرىنىڭ يەككە تاۋۇش سانى 26 بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش كۆچى84.75 % ؛ (7) ۋېنگىر تىلىنىڭ يەككە تاۋۇش سانى 28 بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش كۆچى % 87.5 ؛ (8) تۈرك ، فارىس تىللىرىنىڭ يەككە تاۋۇش سانى 29 بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش كۆچى % 90.63 ؛ (9) نېمىس تىلىنىڭ يەككە تاۋۇش سانى 30 بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش كۆچى % 93.75 ؛

مانا بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى بىر ئاددىي ئادەمنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ جەۋھەرلىرى .

قېنى بىزدىكى تۈركۈملەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا كىملەر مۇشۇنچىلىك ئىلمىي ھەقىقەتنى تېپىپ چىقالىدى ؟

قۇددۇس ھاپىزنىڭ يۇقارقىدەك نەتىجىلىرىدىن ، خۇددىي ئۇ ئېيتقاندەك ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ تەڭداشسىز يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ تېخى « ئېنىرگىيىسى تولۇق بوشىتىلمىغان ئاتوم » ھالىتىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى ، ئەگەر بۇ « ئېنىرگىيە » تولۇق بوشىتىلىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا جاھان مەدەنىيىتى تەرەققىياتى تېخىمۇ زور يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم تاشلايدىغانلىقى بىلەن پۈتكۈل يەر شارىدىكىلەر دۇنيادا ئۇيغۇردەك بىر مىللەتنىڭ بارلىقىدىن ئالەمچە پەخىرلىنىپ ، بىزگە ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات ئالقىش ـ مەدھىيىلەرنى ياغدۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز .

مۇشۇ جەھەتتىن ئەمدى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ « مىللىي تىل» رامكىسىدا تۇرۇپ قېلىشى ، ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي رولىنىڭ جارى قىلىنىشى ئۈچۈن زور توسالغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولامدۇ ؟ بۇ ، روشەنكى ھېس قىلغىلى بولىدىغان ، بەلكى بۇ ناموۋاپىق بېكىتىلىشنى تېزلىك بىلەن ئۆزگەرتىش ئۈستىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغان ئەھۋال .....

قۇددۇس ھاپىز سۆزلىگەنسىرى ھاياجانلىناتتى ، تىترەيتتى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تولغان سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئىلمىي قىممىتىگە بولغان سەزگۈرلۈك ، مۇھەببەت تۇيغۇلىرى ئىختىيارسىز تېشىغا تېپىپ ، فونتاندەك ئېتىلاتتى ، ئۇنىڭدىن ئۆز تىلىنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمەسلەرگە دىل يورۇتقۇچى نۇر تۆكۈلەتتى ، چۈشىنىۋاتقانلارغا تېخىمۇ ئىلھام ـ مەدەت كۈچى بالقىپ تۇراتتى . . .

ئۇ شۇنداق دەيدۇ : « كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ تارىخىي بىلىمى ، چەتئەل تىل ـ يېزىقلىرى توغرىسىدىكى ساۋادى ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ تارىخىي رولى ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي ئورنى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ تولىمۇ يۈزەكى ئىكەنلىكىدىنمۇ قانداق ، تۇركۈملەپ پەيدا بولىۋاتقان قالايمىقان ۋە خاتا « تەرجىمىلەر » نەتىجىسىدە سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىغىمىزنىڭ تەڭداشسىز قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى زور يوقۇتۇشلارغا دۇچ كەلمەكتە . بۇ يەردە قىسقىچە ئېيتساق ، (1) بەزى ئىسىم ـ فامىلىلەر رۇس تىلى بويىچە ئېلىنىۋاتىدۇ . مەسىلەن ، « ھىتلېر » دىگەن كىشى ئىسمىنىڭ « گىتلېر » ، « لۇبنان » دىگەن يەر نامىنىڭ « لىۋان » دېيىلگىنىدەك . (2) بەزى ئىسىم ـ ناملار لاتىنچە ئېلىنىۋاتىدۇ . مەسىلەن : تىل مەنبەئى بويىچە ، ئۇ بىر ئەنگلىز كىشىسىنىڭ ئىسمى بولسىمۇ ۋە « مەلسيۇز » دېيىلىدىغان بولسىمۇ ، بۇ كىشى ئىسمىنىڭ **Malthus** دىگەن يېزىلىشىنىڭ خاتا ھالدا « مالتۇس » دەپ يېزىلغىنىدەك . (3) بەزى ئىسىم ـ ناملار « يېڭى يېزىق ھەرپلىرى » نى ئوقۇش ـ يېزىش قائىدىسى بويىچە يېزىلىۋاتىدۇ . مەسىلەن : «**Arkwright**» دەپ يېزىلغان ئەنگلىز كىشى ئىسمىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى بويىچە « ئاكرايت » دەپ يېزىلىشى كېرەك بولسىمۇ ، خاتا ھالدا « ئاركۋرىگخت » دەپ يېزىلغىنىدەك . (4) بەزى ناملار خەنزۇچە ئېلىنىۋاتىدۇ . مەسىلەن ، ياپونىيە كىشى ئىسىملىرىدىن 、 休一 ئەسلى ياپونچە تەلەپپۇز شەكلى بويىچە « ئىككيۇ » ، پايتەختىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 东京 مۇ ئەسلى ياپونچە ئاتىلىشى بويىچە « توكيو » دەپ يېزىلىدىغان بولسىمۇ ، ئەمىلىيەتتە خاتا ھالدا خىتايچە ئوقۇلۇشىنى ئاساس قىلىپ « يىشيۇ » ، « دوڭ جىڭ » دەپ يېزىلغىنىدەك .

يەنە باشقا بىر مۇنچە ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ .

ئۇنداق بولسا ئويلىنىپ باقايلى ، زادى ئۇيغۇر تىلى تىلمۇ ـ تىل ئەمەسمۇ ؟ بىز زادى تەرجىمىدە قايسى تىلنىڭ ۋەكىلى بولماقچى ؟ ئىلمگە ئىلمىيلىكى بويىچە مۇئامىلە قىلىشمىز كېرەكمۇ ـ يوق ؟ زادى بىزگە ئىلمىي ۋىجدان كېرەكمۇ ـ يوق ؟

قۇددۇس شۇ تاپتا قاتتىق ھەسرەتلەندى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاچچىق ئەلەملىك ياشلار بىلەن تولغان ئىدى . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قانچىلىك ئازاپلىنىۋاتقانلىغىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى .

ئۇ يۇقارقى ئېيتىمشلىرىدىن كېيىن ، « سىلەر ئاخبارات ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر تەشۋىقاتچىلىغىڭلارنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئاساسىدا ، يۇقارقى مەسىلىلەرنى تىل ـ يېزىق ، نەشرىيات

www.uyghurkitap.com

تارماقلىرىدىكى ئالاقىدار كەسپىي رەھبەرلىك بىلەن ئوبدانراق مۇھاكىمە قىلىپ ، مۇنداق مەسىلىلەرنىڭ تېزرەك تۈزىتىلىشى ئۈچۈن ياردەمدە بولۇشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن »، دېدى .

مەن ، مىللىتىمىزنىڭ رۇشەن ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولغان تىل ـ يېزىق ئۆزگۈچىلىكلىرىمىز جەھەتتە زور يوقۇتۇش ھېساپلانغان ھېلقى نوقسانلار تۈپەيلى قاتتىق ئەپسۇسلاندىم ۋە قۇددۇس بىلەن تەڭمۇ ـ تەڭ ئازاپلاندىم ، قۇددۇسنىڭ ئەمگىكىگە بولغان تونۇشۇم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى . . . .

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىن ئەخمىدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەۋاتقان چاغدا بېيجىڭدە چاقىرىلىدىغان تۈركىي تىللار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپنامە تاپشۇرۇپ ئالىدۇ . ئۇ تەكلىپنامىنى كۆتۈرۈپ ، شۇچاغدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسىنىڭ يېنىغا كىرگەندە ۋالى چوچۇپ كېتىپ :

ـ سىزمۇ تۈرك تىلى بىلەمسىز ؟ دەپ سورايدۇ . بىر مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق ھەرمىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ، پۈتۈن بىر ۋىلايەتنىڭ ئىگىلىگىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرىۋاتقان بىر ۋالى ئۆز ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاشۇ تىلنىڭ تۈرك تىلىنىڭ بىر تارمىغى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن يەردە باشقىلار توغرىسىدا چوقۇمكى قاتتىق ئويلانمىسا ھەقىقەتەن بولمايدۇ !!!

ئايانكى ، بىز ئەسىرلەردىن بۇيان بېكىنمىچىلىك ھالىتىدە ياشاپ كېلىۋاتقان بولغاچقا ، قانداق تۇرمۇش كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلىغىمىزنى ، مىللىتىمىزنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولغان ئانا تىلىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بۇزۇلۇش ، يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىغىنى بىلىپ ـ بىلمەي كەلدۇق . بىلگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدۇق .

بىراق ، بارلىغىنى بىزنىڭ تىل ـ يېزىغىمىز ، مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمىز ۋە تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشقا ئاتىغان گابائىن خانىمدەك چەتئەللىك ئالىملار تىلىمىزدىكى مۇنداق يوقۇتۇشلارنى كۆرگەندە چوڭقۇر ئازاپلانماي ، ئويلانماي تۇرالمىدى . ھەتتا ئۇلار پۈتكۈل يەر شارىغا مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ ،يوقىتىلىش گىرداۋىغا يۈزلەنگەن تىللارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا چاقىردى . بۇ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىلمىي ئىنسانپەرۋەرلىك ـ ھە ؟! بىر تىلنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ــ ماھىيەتتە بىر مىللەتنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ ؟؟؟!!!

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، قۇددۇس ھاپىزنىڭ ئەمگىكى قانداقتۇر بىرەر ئادەمنىڭ نام ـ ئاتىغىغا چېتىلىدىغان ئادەتتىكى ئەمگەك بولماستىن ، بەلكى ھالاكەت گىرداۋىغا يېقىنلىشىۋاتقان ئانا تىلىمىزنىڭ تەڭداشسىز قىممەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بۇ يوقىتىشلاردىن قۇتقۇزۇپ ، ئۇنى پۈتكۈل يەر شارىغا تونۇتۇشنى مەخسەت قىلغان ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن چېتىلىدىغان قىممەتلىك ئەمگەك ، ئەلبەتتە .

دەرۋەقە ، ئۇنىڭ ئۆز تەتقىقاتىغا بىرلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى . جۈملىدىن ، « چەتئەل كىشى ئىسمىلىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە تەرجىمە قىلىپ يېزىشنىڭ ئىلمىي پرىنسىپى توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسى 1992 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كانادانىڭ كوۋېبىك شەھىرىدىكى لاۋال (LAVAL) ئۇنىۋېرسىتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 15 ـ سانلىق خەلقئارالىق تىلشۇناسلار چوڭ يىغىنى كومىسسىيىسىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى ، كومىسسىيىدىكى ئالىم ـ مۇتەخەسسىلەر ماقالىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ، بىر تەرەپتىن دۇنيادا ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە شانۇ ـ شەۋكەتلىك بىر تىلنىڭ بارلىغىدىن تولىمۇ كېچىككىپ خەۋەر تاپقانلىغىنى ھېس قىلىشىپ ئەپسۇسلانغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن چەكسىز ئىستىقبالىغا ئىگە بىر تەتقىقات مەنبىئىگە ئىگە بولۇشقانلىغىدىن چەكسىز خوشال بولۇشتى . نەتىجىدە قۇددۇس ھاپىزنىڭ بۇ ماقالىسى ھېچ قانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلىنمايلا تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ، يىغىندا ئوقۇلىدىغان ماقالىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى . چوڭ يىغىن كومىسسىيىسى دەرھال تەكلىپنامە ئىبەرتىپ ، جۇڭگودىكى 12 نەپەر ئالىم قاتارىدا قۇددۇس ھاپىزنىمۇ بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى .

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق مەخسىدى ــ يوقۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان تىللارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش بولغاچقا ، ئۇلار قۇددۇس هاپىزنى « يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان تىللارنى قۇقتقۇزۇشقا ئالاهىدە تۆهپە قوشقان ئالىم » دەپ قارىغان ئىدى .

ئۇلۇغ ئالىم مەهمۇت قەشقىرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » ئارقىلىق ئەرەپ تىلى بىلەن ، ئۇلۇغ شائىر ، يازغۇچى ۋ ە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋايى بولسا پارس تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ ، تۈركىي تىللارنىڭ ئۇ تىللاردىن ئالاهىدە يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان بولسا ، قۇددۇس هاپىز دۇنيادا قوللىنىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭرەك بولغان 50 نەچچە خىل تىل بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ ، ئۇيغۇر تىلىنى پۈتكۈل يەر شارىغا تونۇ تۇشنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى ، بۇ زادى ئالاهىدە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ ئەمەسمۇ ؟

5

قۇددۇس هاپىز كانادادىن كەلگەن « تەكلىپنامە »نى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ، ئۆز ئەمگىكىنىڭ يىراق بىر قىتئەدىكى ناتونۇش بىر دۆلەتتە قەدىرلىنىشكە ئېرىشكەنلىگىدىن چەكسىز شادلاندى .

ئۇ كاناداغا بېرىپ هەيۋەتلىك يىغىن زالىدا خەلقئارادىكى مەشهۇر تىلشۇناسلارنى هەيران قالدۇرۇپ ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى . ئۇ تالاي كېچىلەرنى مۇشۇنداق خىيال بىلەن كۆز يۇمماي ئۆتكۈزىۋەتتى .

بىراق ، ئۇنىڭ كاناغا بېرىپ ئىلمي مۇهاكىمە يىغىنىغا قاتنىششىغا توسقۇن بولىۋاتقان بىر « داۋان » بار ئىدى . ئۇ بولسىمۇ ئىقتىساد داۋنى ئىدى .

تۇنجى كىتاۋى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن ، « خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغتى » نى پۈتتۈرۈپ نەشرىياتقا ئىبەرتىپ ، بۇ لۇغەتنىڭ 1990 ـ يىلى نەشردىن چىقىدىغانلىغى توغرىسىدا ئۈچۈر ئالغان قۇددۇۋس هاپىز ئەمدى ياپۇن ، ئىسپان ، فرانسۇز ، هوللاند ، نېمىس تىللىرى بۇيىچە ئىشلىنىدىغان لۇغەتلەرنىڭ كەم ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن بانكا ۋە شەخسلەردىن 1989 ـ ۋە 1990 ـ يىللىرى 9 مىڭ 850 يۈەن قەرز ئالغان ئىدى .

ئەپسۇسكى نەشرىيات لۇغەت بۆلۈمدىكىلەر « ئىسىملارنى تەرجىمە قىلىش پىرىنسىپىدا كېلىشەلمەيۋاتىمىز » ، دەپ « ئىنگلىز كىشى ئىسىملىرى لۇغتى » نى تا هازىرغىچە نەشر قىلمىدى ، نەتىجىدە مۇشۇ لۇغەتنىڭ قەلەم هەققىدىن بېرىشكە پىلانلاپ ئالغان قەرز پۇللارنىڭ ئۆسۈمى كۆپىيىپ 14 مىڭ يۈەنگە يەتتى . شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىش هەققى تامامەن دېگۈدەك قەرزگە تۇتۇلۇپ كەتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇ ئىككى قېتىم ئۆپكە سىل كېسىلى بولۇپ ، هەر قېتىمدا ئالتە ئايدىن كۆپرەك بالنىستا يېتىپ داۋالانغان بولغاچقا بۇ قەرزلەر تېخىمۇ كۆپەيدى .

مۇشۇنداق غۇربەتچىلىك تۇرمۇش ۋە كوچا ـ كويلاردىكى پىتنە ـ پاسات پاراڭلار ئۇنىڭ تۇنجى ئايالىنىڭ ئىككى بالىنى تاشلاپ بىرىپ ئاجرىشىپ كىتىشىگە سەۋەپچى بولغان بولسا ، ئىككىنچى ئايالىنىمۇ كۆپ قېتىم ئائىلىنى تاشلاپ چىقىپ كىتىشكە مەجبۇر قىلدى .

بۇ تەكرار ئائىلە ۋەيرانچىلىغى ۋە يېتىمچىلىكنىڭ دەردىنى بولىشىغا تارتقان بىچارە سەبى باللارنىڭ يۈرىگى ئېزىلمەيمۇ قالمىدى . باشقا باللار چىرايلىق كىينىپ مەكتەپ ۋە مەهەللىدە خۇشال ـ خۇرام سەكرىشىپ ئوينىشىۋاتقان چاغلىرىدا ئاددى ئۈستى ـ باش كىيىشكەن بۇ باللار تولىمۇ غەمكىن هالدا بارماقلىرىنى شورىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ تۇرىشاتتى .

قىشنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ، سوڭغەكتىن ئۆتىدىغان قەهرىتان سوغۇق باشقا چاغلاردا بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كوچا ـ كويلارنى بېشىغا كىيىپ مەكتەپتىن قايتىدىغان باللارنى بۇلەكچىلا دۈگدەيدىۋەتكەن

ئىدى ، باللار تۇماقلىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىشىپ ، قوللىرىنى قوغۇشتۇرۇپ ، شۇرغان يۆنىلىشىگە قارشى هالدا قەدەملىرىنى ئەستە يۆتكىشىپ مەكتەپتىن قايتىپ كەلمەكتە ئىدى .

باللار توپىنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا كىيىملىرى تولىمۇ كونا ۋە يېلىك بىر بالا توختىماي جالاقشىپ تىترىگىنىچە ، شۈمشىيىپ قەدەملىرىنى ئەستە يۆتكەپ كەلمەكتە ئىدى ، ئاچچىق سوغۇق ئۇنىڭ كالپۇكلىرىنى كۆكەرتىپ ، يۈز ـ كۆز ۋە قۇلاقلىرىنى هەرىدەك چاقماقتا ئىدى . كىيىلگىنىگە نەچچە يىللار بولۇپ كەتكەن رەزىنكە چەملەك كونا ئاياق ئىچىدىكى پۇتلىرى قېتىپ مۇزلاپ كەتكەچكە تولىمۇ زەئىپ هەرىكەتلىنەتتى .

قەهرىتان سوغۇقنىڭ ئاچچىق زەربىسىگە زادىلا بەرداشلىق بىرەلمىگەن بۇ بالا يول بويىغا تۆكۈشۈپتىلگەن ، پۇرقىراپ ئىس چىقىپ تۇرغان كۆلگە يۈپۈرۈلدى ، ئۇ قوللىرىنى ئوتقا قاخلاپ پۇتىنى كۆلگە كۆمۈپ ئازىراق بولسىمۇ ئىسسىنىۋالماقچى ئىدى . تۇساتتىن ئۇ « ۋايجان !» دېگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى ، ئەسلىدە ئۇ پۇتىنى كۆل ئۈستىگە ئەمدىلا قويىشىغا ، كۆل ئارىسىدىكى چوغ ئۇنىڭ چەملىرى ئۆپراپ تىشىلىپ كەتكەن ئايىغىنىڭ تۆشۈگىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ پۇتلىرىغا چاپلىشىپ قالغانىدى . بۇ قۇددۇس هاپىزنىڭ بالىسى ئىدى ....

بۇ ئەهۋالنى كۆرگەن كىشىلەر قۇددۇسنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تىلغا ئېلىشىپ :

ـ شۇنچە قىلىپ كەتمىسەڭمۇ كۈنۈڭ ئۆتمەسمىدى ؟ جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ ؟

ـ قولۇڭدىن كەلگەندىن كېيىن ئىنىڭدەك رەسىم سىزىپ ، سىرچىلىق قىلىپ كۈنلىرىڭنى باياشات ، خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزسەڭ بولمامدۇ ؟

ـ بولدى ، ئەمدى مۇنداق ئايىغى چىقمايدىغان ئاۋارىچىلىقتىن قول ئۈز ، دەپ « نەسىهەت» قىلىشسا ، بەزىلەر ئېچىشقان يارىغا تۇز سەپكەندەك :

ـ بۇ ئەپتىڭ بىلەن چەتئەلدىكى يىغىنغا قانداقمۇ بارالارسەن ؟ دېيىشىپ مەسخىرە قىلىشتى .

دەرۋەقە ، قاتمۇ ـ قات قەرزگە بوغۇلغان بىر ئادەمنىڭ هۆكۈمەتنىڭ ، ياكى پۈتكۈل جەمىيەتنىڭ ياردىمىسىز كاناداغا بېرىپ ئىلمي مۇهاكىمە يىغىنىغا قاتنىشالىشى مۇمكىنمۇ ؟ دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرگەن هامان قاپىغى تۈرۈلىدىغان ، هۆكۈمەت ۋە پارتكوم قورۇسىدا ئۇنىڭ سايىسىنى كۆرگەن هامان ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان ياكى ئىشخانىسىنىڭ ئىشىگىنى چىڭ تاقاپ جىم ئولتۇرىۋالىدىغان ئاشۇ ناهىيە رەهبەرلىرى ئۇنىڭغا يول راسخودى هەل قىلىپ بىرەلەرمۇ ؟

ئۇنىڭ بېشى تاشتىن بەتەررەك قاتتى . يىغىن ۋاختى يېقىنلىشىۋاتاتتى ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ پۈتكۈل مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ شان ـ شەرىپى ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىغىنىڭ مىسلىسىز ۋە تەڭداشسىز ئۇلۇغۋارلىغى تۇنۇلۇش پۇرستى ئىكەنلىگىنى ، بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق چەتئەللەر بىلەن هېچ بولمىغاندا ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىقات تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ ، بۇ تۈرگە مەبلەغ سېلىش هەم مۇشۇ تۈردە مەخسۇس ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى چەتئەللەردە ئوقۇتۇش مەسىلىلىرىدە كېلىشىم هاسىل قىلالايدىغانلىغىغا كۆزى يەتكەن قۇددۇس هاپىز ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ پۇل قەرز ئېلىپ بولسىمۇ بېرىش قارارىغا كەلدى .

ئۇ قەرز پۇل هەل قىلىش ئىلتىماسى كۆتۈرۈپ ئاقسۇغا كىلىپ ، سابىق ۋالى ( هازىرقى ئۈرۈمچى شەهرىنىڭ باشلىقى) مەمتىمىن زاكىرنى ئىزدەپ تېپىپ ئەهۋالنى ئېيتتى . ئۇ كىشى ئەهۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن قاتتىق تەسىرلىنىپ : « مەدەنىيەت تەرەققىياتى تولىمۇ تۆۋەن بىر نامرات ناهىيىدىن مۇشۇنداق خەلقئارالىق چوڭ يىغىنغا قاتنىشالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقالىشى ئاسان ئەمەس . بىز بۇ ئۈچۈن خۇشال بولىشىمىز ، ياردەمدە بولىشىمىز ، ئىلهاملاندۇرىشىمىز لازىم » ، دەپ دەرهال مەمۇرى مەهكىمىنىڭ مىللىي ، دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىغى مەرهۇم مەهمۇت مەمتىمىن دېگەن كىشى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ ۋە ئاغزاكى يوليورۇق بىرىپ ، « قۇددۇس هاپىزنىڭ كاناداغا بېرىپ ئىلمي مۇهاكىمە يىغىنىغا قاتنىششى ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن هەل قىلىپ بىرىلسە بولىدۇ . كېيىن قۇددۇۇس هاپىزنىڭ لۇغىتىنىڭ قەلەم هەققى كەلگەندە قايتۇرسا بولىدۇ . قۇددۇس

هاپىزنىڭ كانادادىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىششتىكى دۆلەت ئىچى قاتناش خىراجىتىنى كاماندىروپكا ھېساۋىدا ئاتچوت قىلسا بولىدۇ . دۆلەت سىرتىدىكى خىراجەت مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلىدۇ » ، دەپ تەستىق سالدى . شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇرۇمچىدىكى يىغىنغا مىڭىش ئۈچۈن ئىشخانىسىدىن چىقتى . قۇددۇس ھاپىز كۆپ رەھمەت ئېيتىپ خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئاندىن دەرھال باشقا باشقا تەييارلىقىغا كىرىشتى .

مىڭ ئەپسۇس !

مەمتىمىن زاكىرنىڭ ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلانغان پۇرسەتپەرەسلەر :

ـ بۇ تەكلىپنامىنى ئاپتونوم رايون چۈشۈرمىگەن ، ياكى دۆلەتنىڭ بىرەر تارمىقى تەشكىللىمىگەن . مۇنداق خۇسۇسىي ئىشلارغا قەرز بىرىلمەيدۇ !

ـ قەرز بىرىلدى ، دىگەندىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن قەرزى تۇرسا ، قانداق تۆلەيدىكەن ؟ يا ئۇنىڭ قەرزى ھېساۋاتىغا تۇتتۇالغىدەك مال ـ مۈلكى بولمىسا .... دىيىشىپ قەرز پۇلنىڭ ھەل قىلىنىشىنى چەكلىدى .

ئەجەپ ھە !

شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە داڭلىق ئېنچكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى ليۇشۆرىن خەلقئارا بىئوگراپىيە مەركىزىنىڭ باش ئىش بىجىرگۈچىسى ئونىيىست كەيىي بىلەن ئامېرىكا بىئوگراپىيە جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن ئىجرائىيە رەئىسى جىننى ئېۋنس بىرلىكتە ئىبەرتكەن تەكلىپنامە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ كېمبىرج ئۇنۋېرستىدا ئېچىلغان 19 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ھۇنەر ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ كەلدىغۇ ؟ جۇملىدىن جۇڭگودىن بارىدىغان 12 نەپەر تىلشۇناسمۇ مانا شۇنداق ئىلمىي جەمىيەتنىڭ تەكلىپنامىسى بىلەن بېرىپ كەلمىدىمۇ ؟

ئىقتىسادىي مەسىلىگە كەلسەك ، ۋالىنىڭ سۆزلىرىدىن ئايانكى ، قەرز پۇل قايتۇرۇش ئىشىدا قۇددۇس ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى . بۇنى ۋالى ئاللا بۇرۇنلا چۈشەنگەن ۋە ئىشەنگەن . ھېلىغۇ قۇددۇسنىڭ ئاساسى بار ئىكەن ، ئەگەر يوق بولسا يانىلا دۆلەت يار ـ يۆلەك بولماسلىقى ، زادى زور خەلقئارالىق چوڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن قاتنىشىش سىياستىمىز ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى گۈللىنىشكە ئەركىن ـ ئازادلىك بېرىپ كىلىۋاتقان تۈرۈغلۇق ئايرىم ئەنە شۇنداق قارا كۆڭۈللەرنىڭ سۇيىقەست بىلەن شوغۇللىنىشىنىڭ سەۋەبى زادى نىمە ؟ زادى نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ ؟

خەيرىيەت ، شۇنداق قىلىپ قۇددۇسنىڭ خۇشاللىقى ھايالسىزلا قايغۇ ـ ئازاپقا ئايلاندى !!!

ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغۋار تارىخى رولى ، ئەۋزەللىكى ۋە ئىلمىي قىممىتىنى پۈتكۈل يەر شارىغا جاكارلاش ... ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ غايىلىرى چۆلدە قالغان قامغاق قارا بورانغا يولۇققاندەك ئاللا قاياقلارغا ئۇچۇرۇۋېتىلدى ........

قۇددۇس بۇ دەھشەتلىك روھىي ئازاپ تۇپەيلى ، بىر چاغلاردا كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ئانا تۇپراققا قاراپ يول ئالدى . ئۇنىڭ كۆزئالدى گويا قاپ ـ قارا تۇماندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ قۇم باخانلىرى ئارىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىككى قولىنى سوزغىنىچە ئاسمانغا قاراپ نىدا قىلدى :

ئاھ خۇدا !....

ئۇنىڭ ئەلەملىك ئاۋازى يىراق ـ يېقىنلاردا ئەكىس سادا پەيدا قىلدى . ئاچچىق ياشلىرى يىراقلارغا ئىتەك يېيىپ تۇرغان بۇ ئانا تۇپراققا سىڭىپ كەتتى ....

خەيرىيەت ، قۇددۇس كاناداغا بارالمىدى . بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى . بۇ ئىش ئەتىدىن ـ كەچكىچە پۇل تېپىش ، ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن توختىماي چېپىپ يۈرگەن كىشلەرنىڭ ئىسىدىن ناھايىتى تىزلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . پەقەت ، قۇددۇس ھاپىزنىڭ قەلبىدە چوڭ بىر ئارمان ، دەرت ـ ئازاپ ئوتى يالقۇنلىغان ھالدا قالدى . .... !

www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇ قانچىلىغان قەلپ سۆزلىرى ۋە خىتابىي نەزمىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ غېرىپلىق ، نامراتلىق يېغىپ تۇرىدىغان 12 كۋادرات مېتىرلىق تار ، كۆنسىز ، زەي ، ئۈچ تەرەپتىكى ئىشكابى بىلەن تولغان « كۈتۈپخانا » سىدا ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدەى . خەنزۇچە ـ فرانسۇزچە ۋە ئىنگلىزچە راۋان سۆزلەش ۋە يېزىشنى ، تېخىمۇ كۆپلىگەن چەتئەل تىللىنىڭ يېزىق سىستېمىسى ۋە فونېتىكىلىق قانۇنىيىتىگە پىششىنى ئىزچىل چىڭ تۇتتۇۋاتقان بۇ ئالىم ، ئاشۇ كاتەكتەك تار ئۆيدە ئەمدىلا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئوسمانجاننى فرانسۇز تىلىدىن پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن يەنە تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىقنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگەتمەكتە ئىدى .

سۆھبىتىمىز ئاخىرلىششى ئالدىدا ئۇنىڭ ئايالىنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلدىم . ئايالى ياش تۆكۈپ مۇنداق دېدى :

ـ مەن قۇددۇس بىلەن تۇرمۇش قۇرغىلى 10 يىلدىن ئاشتى ، بۇ جەرياندا ئىككىمىز بىرەر قېتىممۇ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بېرىپ باقمىدۇق . ئەينى چاغدا مەن ئۇنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان چاغدا ئۇنىڭ مۇزىكا چېلىپ ناخشا ئېيتقانلىقىغا ھەۋەس قىلغان ئىدىم . ھازىرچۇ ؟ كۆندۈزى ئازلىق قىلىپ يېرىم كېچىگىچە ، ھەتتا تاڭ سوزۇلگىچە ئىشلەش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى . يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ، ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ قانغىدەك ئۇخلاپ باققىنىنى بىلمەيمەن . شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ ، تىنى ئاجىزلاپ كەتتى . دوختۇرخانىغا بارسىمۇ كىتاۋىنى قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ . ھەر يىلى 200 ـ 300 يۈەنلىك گېزىت ـ ژورنالغا مۇشتىرى بولىدۇ .

مۇشۇ ئىشلار توپەيلىدىن بىر نەچچە قېتىم يامانلاپ كەتتىم ، ئاچىرىشىپ كېتىشىنىمۇ ئويلاندىم . بىراق ، مېنىڭدىن تۇغۇلغان ئۈچ بالا ، ئالدىنقى ئايالىدىن قالغان ئىككى بالا كوچىلاردا سەرسان بولۇپ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىدىن ، بۇ ئاقكۆڭۈل ، ساددا بىچارە ئادەمنىڭ ياش تۇرۇپلا كىسەلچان بولۇپ قالغانلىقى توپەيلىدىن ئۆز ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە قايتىپ كەلدىم .

كىيىن قۇددۇسنىڭ نىمە ئۈچۈن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەنلىكىنى چۈشەندىم ، ئەسلىدە ئۇ كىلەر يىلى چاقىرىلىدىغان خەلقئارالىق تىل تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشماقچى ئىكەن . مەن بۇنى بىلىپ كۆپ خۇشال بولدۇم . قۇددۇس بۇ ھەقتە سۆزلەۋېتىپ : « دېمەك بىز ئەمدى خەلقئارالىق تىل مۇنبىرىدە چولپان بولىمىز ، دۇنيا خەلقىغە زور ئامەت تەقدىم قىلىمىزدۇ ، ... گەپ ئۆتكەن تىرادىگىيىنىڭ قايتا سادىر بولماسلىقىدا ...» دېدى .

مەن زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، قۇددۇس ھاپىز ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندىم ۋە مۇخبىرلىق خاتىرەمگە مونۇلارنى يازدىم :

ـ شۇنداق ، بۇ ئىشلار مۇشۇ رېئاللىقتا ، كۆز ئالدىمىزدا يۈز بەردى . جەمىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مەنتىقىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ . بەزىلەر يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ ، ئۇلۇغۋار كەشپىياتلارنى يارىتىپ ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشىدۇ . يەنە بەزىلەر مۇشۇ نىشان ئۈچۈن پاك ئەقىدىسى بىلەن كۈرەش قىلسىمۇ جەمىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەي قالىدۇ . گەپ ، ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلىگىدە ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە ، ئەقىدىسىدە ....

يەنە بەزىلەر باركى ، ئۇلار خۇددى بۇ دۇنياغا ئارتۇقچە تۇرىلىپ قالغان مەخلۇقتەك ، ئۆمۈر بۇيى قۇرت ـ قوڭغۇزدەك مىدىرلاپ يۈرسىمۇ ، خۇددى ئىتتەك قورساق تويغۇزۇشتىن ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن قاۋاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ . ئەڭ خەتەرلىك يېرى شۇكى ، مۇشۇنداق كىشىلەر مىللىتىمىز ئارىسىدا تېخىچە ئۆزىنى كۆرسۈتۈپ كەلگەنلىگىدە .....

هالبۇكى ، قۇددۇس هاپىزدەك ئوتتۇرا مەكتەپنى مىڭ بىر تەسلىكتە پۈتتۈرۈپ ، جاپالىق شارايىتتىمۇ يول تېپىپ ئىلگىرلەپ ، ۋەتەن ، مىللەت ئۈچۈن هارماي ، تالماي نەچچە **10** يىللاپ ئىزدىنىپ ئۆگۈنۈپ ، يەر شارىنىڭ باشقا بىر قىتئەسىدىكى يەنە بىر چوڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەتتىكى ئالىم - مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگەنلەر تولىمۇ ئاز ، بەلكى يوق دىيەرلىك . لېكىن ئۇنداقلار بىزدە « ساراڭ » ، « ئەخمەق » ، دەپ هاقارەتلەندى ، چەتكە قېقىلدى ، مەسخىرە قىلىندى . . . .

ئىش ئارىلىغىدىكى بوش ۋاقىتلاردا بىرەر يەرگە جەم بولۇشۇپ هوقۇق ، پۇل ئۈچۈن توختىماي گەپ ساتىدىغان ، باشلىقنىڭ قارىسىنى كۆرەر - كۆرمەيلا پۈكۈلۈپ تىزلىنىپ بارىدىغان ، ئاخشاملىرىدىكى بوش ۋاقىتلاردا مېهمان چاقىرىشىپ « هاياتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان » ، هەتتا هاراق ئىچىشىپ جدەل - ماجرا پەيدا قىلالايدىغان كىشىلەرنى « سۈيى بار » « جىگەرلىك » ، « يۈرىشى بار » ، دەپ ماختاپ تۆردە ئولتۇرغۇزدۇق . بىراق ئاشۇنداق ئادەملەردىن مىڭنى هەتتا نەچچە مىڭنى بىر قىلىپ يۇغۇرسىمۇ قۇددۇس هاپىزنى هاسىل قىلغىلى بولمايدۇ ، مۇنداق هەققەتنى ئۇلار هەرگىزمۇ چۈشەنمەيدۇ ، ئۇلارلا ئەمەس ، پۈتكۈل جەمىيىتىمىز ، خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ چۈشىنىدىغانلار تولىمۇ ئاز . بىز شوڭلاشقىمۇ مۇشۇنداق هالەتتە ياشاۋاتىمىز .

ئاه ! مۇنداق نادانلىقىمىز قاچان ، قاچانمۇ تۈگەر ، هە !؟

بىز هىچ قانداق زۆرۈرىيىتى يوق پارچە - پۇرات يىغىنلارنى كۆپلەپ ئېچىشقا ، هەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايىماي پۇل خەجلەشكە ، يۇقىرىدىن باشلىق كەلدى ، دەپ بىر ئولتۇرىشىمىزدا نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇلنى خەجلىۋېتىشكە رازى بولدۇقكى ، ئۆزىمىزنىڭ خەلقئارادىكى شان - شۆهرىتىمىز بىلەن چېتىلىدىغان ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئەهمىيەتلىك ئىشلارغا هۆكۈمەت خىراجىتىدىن پۇل هەل قىلىپ بىرىش ئەمەس ، قەرز هىساۋىدا پۇل هەل قىلىپ بىرىشكىمۇ كۆزىمىز قىيماي ، تۇرلۇك تىرادىگىيىلەرنىڭ يۈز بىرىشىگە سەۋەپچى بولىۋاتىمىز .

بىز پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيمىز ، پۇل تاپقاندىمۇ ئۇنى خەجلەشنى تېخىمۇ بىلمەيمىز . قايسىدۇر بىر يىلى ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردىكى يوقۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان مۇشۇك ئېيىقنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلغان ئىدۇق . ئەمدىلىكتە يوقىلىش گىرداۋىغا يۈزلىنىۋاتقان تىلىمىزنى قۇتقۇزۇش ، بەلكى خەلقئارالىق تىللارنىڭ بىرى قىلىش ئۈچۈن هارماي - تالماي تىرىشقان ، مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا قاتمۇ - قات قەرزگە بوغۇلغان ، ئېغىر غۇربەتچىلىك ئىچىدە ياشاپمۇ نەچچە **10** يىل جاپالىق ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئىمانى پاك ، پەزىلەتلىك ، بىزگە هىچ قانداق زىيىنى تەگمىگەن ئادەمنى بىكاردىن - بىكارغىلا مەسخىرە قىلدۇق ، تىللىدۇق .

ئەنى ۋاقتتا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى يولداش ئوبۇل ئىسلام قۇددۇس هاپىزنىڭ ئىش هەققىنىڭ تامامەن دېگۈدەك قەرزگە تۇتۇلۇپ كىتىپ ، تۇرمۇشىنىڭ تولىمۇ تەسكە چۈشۈپ ، ئاپتونۇم رايۇنىمىزنىڭ « 7 - بەش يىللىق » پىلانىدىكى « چەتئەل كىشى ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش قوللانمىسى » نىڭ داۋامىنى ئىشلەش جەهەتتە تولىمۇ تەس كۈندە قېلىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭ قەلەم هەققىگە هېساپلاپ ئالدىن **3000** يۈەن هەل قىلىپ قۇددۇسقا ئۇۋەتىپ بەرگەن بولسىمۇ ، لىكىن بۇ پۇل ئۇنىڭ قولىغا بېرىپ بولغىچە ، ئۇنىڭ قەرز هېساۋىغا تۇتۇپ قېلىشتى . كېيىنكى كۈنگە كەلگەندە ماماتىلىق گىرداۋىغا يۈزلەنگەن بىر ئائىلە كىشىلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن رادىئو ، كانايلاردا ، تېلىۋىزورلاردا ، مۇراجىئەتنامىلەردە ئۈنىمىز پۈتۈپ كەتكىچە ، كانەيلىرىمىز يىرتىلغىچە ۋاقىراپ - جاقىراپ يۈرۈپ ئاز - تولا ئىئانە توپلىغان بولساقمۇ ، بۇ پۇللار ئۇنىڭ قەرزىگىمۇ چىقىش قىلمىدى .

ئەمدىلا **43** ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ، قەلبىگە نۇرغۇن - نۇرغۇن ئارمانلارنى پۈكۈپ ، مۇشۇ ئارمانلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئېغىر ۋەيرانچىلىق ، كىسەللىك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋە قىينچىلىق ئىچىدە قىلىۋاتقان قۇددۇس ھاپىز تەشكىل ۋە خەلقتىن ئۆزىنى چۆشۈنىشنى ، دېمەك ، ئىگەللىگەن بىلىمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ قىلىشنى نەقەدەر ئۈمىت قىلىدۇ ـ ھە ؟

روشەنكى ، يۈرىگى ئانا تىل مۇھەببىتى بىلەن تولغان ، ۋۇجۇدى ئانا تىل مۇھەببىتى بىلەن نۇرلىنىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلىمەي ، خاتىرجەم ئىشلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرمەي ، ئەلبەتتە قاراپ تۇرالمايدۇ !

زادى شۇنداق بولماسلىقى كېرەكمۇ ؟ زادى خەلقئارالىق تىلشۇناسلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ ، مىللەتكە ، سۆيۈملۈك ئانا تىل ـ يېزىقىمىزغا زور شان ـ شەرەپ كەلتۈرمەكچى بولىۋاتقان بۇ ئىلىم ئەھلىگە ئەمەلىي ياردەمدە بولماسلىقىمىز كېرەكمۇ ؟ ياكى ئۇ ئېغىر مۇھتاجلىق ئىچىدە تۈگۈشۈپ كەتسۇنمۇ ؟

ئويلاپ كۆرەيلى ، ئۇ زادى كىم ئۈچۈن ، نىمە ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ ؟!

**6**

ھەي ھات ! خەلقىمىز ئۇنچىۋالا نادانمۇ ئەمەسكەن ، **1995** ـ يىلى باھاردا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆتۈرۈلگەن « قۇددۇس ھاپىز قىزغىنلىغى » دا 7 ياشتىن 70 ياشقىچە دېھقانلارنىڭ ، شۇنداقلا ئاپتۇنوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرىگىچە ھەممىلا ئادەم قۇددۇس ھاپىزنىڭ شۋېتسىيىنىڭ پايتەختى ستوكھولمدا چاقىرىلىدىغان 13 ـ قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىششىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ ، مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىلىم سۆيىدىغان ، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئەنئەنىۋي ئۇلۇغلۇقنىڭ تامامەن يوقلىپ كەتمىگەنلىگىنى نامايان قىلدى . بۇ خىل روھ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ ، ئەلبەتتە .

بۇ خىل روھنىڭ تۈرتكىسىدە قۇددۇس ھاپىز **1995** ـ يىلى **8** ـ ئاينىڭ **13** ـ كۈنىدىن **19** ـ كۈنىگىچە شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتىدا ئۆتكۈزۈلگەن **13** ـ قېتىملىق خەلقئارا فونېتىكاشۇناسلىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشش پۇرسىتىگە ئېرىشتى .

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا **50** دۆلەت ۋە رايۇندىن **810** نەپەر ئالىم ، پروفېسسور قاتناشقان بولۇپ ، جۇڭگۇدىن پەقەت قۇددۇس ھاپىز بىلەن بېيجىڭلىق ئىككى خەنزۇ ئالىم قاتناشقان ئىدى .

يىغىن كۈن تەرتىبى بويىچە قۇددۇس ھاپىزنىڭ ماقالىسى ( ئىنگلىزچە تەييارلانغان ) **19** ـ مەيدانغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . قۇددۇس ھاپىز مۇھاكىمە جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىگى ۋە ئىلمىي قىممىتىنى كەڭ ئالىم ، پروفېسسورلارغا تونۇشتۇرۇپ ، پۈتكۈل دۇنيادىكى تىللارنىڭ يېزىق سىستېمىسىنى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش يېزىلىشى بىلەن ئوقۇلىشى ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق ھالەتكە كەلتۈرۈشنىڭ غايەت زور ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ئەۋزەللىگى بارلىغىنى ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرىلىغى سەۋەپلىك ، خەلقئارادا قوللىنىلىش جەھەتتىن مۇھىم ئورۇن تۇتالايدىغانلىغىنى ، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەر قانداق تىل ـ يېزىق مەسىلىلىرىنى ئەڭ توغرا ، ئەڭ ئىلمىي ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىغىنى ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق بىرمۇ ـ بىر چۈشەندۈرۈپ ، ھەر قايسى ئالىم ، مۇتەخەسسلەرنى قايىل قىلدى .

ماقالىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى تولۇق چۈشۈنۈپ يەتكەن بىيېرن گرانستروم ( شۋېتسىيىلىك ، قۇرۇلتاي رەئىسى ) ، كېسلېر ( گېرمانىيىلىك ، قۇرۇلتاي ئىلمىي تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدېرى ) ئەپەندىلەر « ماقالە كىچىكىپ قاپتۇ » ، دەپ قارىماي ، كومىسسىيە نامىدىن دەرھال تارقىتىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىنىڭ تاشايىندا ، خەلقئارا فونېتىكا ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ قوش ئايلىق ژورنىلى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تىلشۇناسلارغا يەتكۈزىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى .

يىغىن ئەھلى مۇھاكىمىگە قويۇلغان ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ ، قۇددۇس ھاپىز ئېلىپ بارغان « تاۋۇشلار سىلىشتۇرمىسى جەدۋىلى » نى زور قىزىقىش بىلەن مۇھاكىمە قىلدى ۋە بەس ـ بەس بىلەن رەسىمگە تارتىۋېلىشتى .

يىغىن مەزگىلىدە قۇددۇس ھاپىز يىغىن قاتناشچىلىرىغا ئۆزى ئېلىپ بارغان « قېدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى » ، « يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى » قاتارلىق كىتاپ ـ ماتېرىياللار ، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ، چالغۇ ئەسۋاپ ئەۋرىشكىلىرى ، 12 مۇقامغا ئائىت ئۈنئالغۇ ، سىن ئالغۇ لىنتىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ ، يىغىن ئەھلىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى .

ۋ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق جاھان تىلشۇناسلىرىغا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشالايدىغان تارىخى رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش پۇرستى بولدى . مەشھۇر تىلشۇناس ئۇلۇق ئالىملىرىمىزدىن مەھمۇت قەشقىرى ۋە ئەلىشىر ناۋائىيلاردىن كېيىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئۇيغۇر سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ قايتا باش كۆتۈرىشىگە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى .

ئاخىرىدا قۇددۇس ھاپىز يىغىنىنىڭ زور ئىلھامى بىلەن كۆڭلىگە تېخمۇن ئۇلۇقۋار پىلانلارنى پۈكۈپ ، ئامېرىكا ۋە فرانسىيىلەردە ئېچىلىدىغان يىغىنلارنىڭ تەكلىپنامىلىرىنى ئېلىپ شەرەپ بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى ......

www.uyghurkitap.com

# ھەر ـ بىر مىللەت ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلىشى كېرەك

ئاپتورى : سالىھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيد
تەرجىمە قىلغۇچى : سىراجىدىن ئەزىزى
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

رىياد شەھىرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

ھەربىر مىللەت ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلىشى كېرەك، بۇ نوپۇسى 1مىليارد 300مىليونغا يېقىن خەنزۇلار ، نوپۇسى نەچچە يۈز مىليون رۇسلار ياكى ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈنلا مۇھىم بولماستىن ، جۇملىدىن نوپۇسى 10مىليونغا يېتىدىغان بۈيۈك ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ، شۇڭا ئۇيغۇر ئۆز تىلىنى قوغداش ياكى ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ئۆگىنىشتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . دېمەك ھەر ـ بىر ئۇيغۇر ئۆزىگە كەسكىن ھالدا سوئال قويۇپ بېقىشى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**قىسقىچە چۈشەنچە:** بۇ مەككە مۇكەررەمە ھەرەم مەسچىتىنىڭ ھىجرىيە:1429/7/22 2008 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى بولۇپ، خۇتبىنى پەزىلەتلىك شەيخ سالىھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيد سۆزلىگەن. بۇ خۇتبىدا، ئانا تىلنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، ئانا تىلنى قوغداش ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش، مىللەتنى قوغدىغانلىق ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغانلىق، ئۆز ئانا ۋەتىنىگە ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە ئىنسانىيلىق بۇرچىنى ئادا قىلغانلىق بولۇپ، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلىشى ئارقىلىق ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشالايدىغانلىقى، ئانا تىلنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش، باشقا تىللارنى ھاجەتكە قارىتا ئۆگىنىش توغرىسىدا جانلىق مىساللار بىلەن ئەتراپلىق تەۋسىيە قىلىندۇ.

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇغاندىن كېيىن جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن يۈز مىڭلارچە جامائەتكە « ھەر ـ بىر مىللەت ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلىشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى :

ئى ! مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار. تەقۋادار بولۇڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.ئىسلام ئۈممىتى دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا يۈكسەك ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە ئىگە ئۈممەت. تارىختىن بىرى ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ بارلىق مەدەنىيەت ۋە ھەزارەتلىرىگە ئەجايىپ تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن ئىنسانىيەتنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە يېتەكلىگەن مۇقەددەس بىر مەدەنىيەتكە ئىگە دىندۇر.

يېقىنقى زامانلاردا ئۈممەت بېشىغا كېلىشمەسلىك، مۇسىيبەتلەر ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلىپ ، باشقا مىللەتلەرنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ خىرىس قىلىشىغا ئۇچرىدى . ئەپسۇسكى ، مۇقەددەس دىنىمىز ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلار ئەجنەبىيلەر بولغاندىن سىرت ئۆزىنى مۇسۇلمانلار قاتارىدا ساناپ، مۇسۇلمانچە ئات قويۇپ ، مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغانلاردىندۇر . ئىسلام ئۈممىتىنى

بۇنداق خار ـ زەبۇنلۇققا ئېلىپ بېرىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ ئاساسلىقى شۇكى، ئۇممەت ھازىرغا قەدەر ئۆزىگە بىر يۈكسىلىش، تەرەققىي قىلىش پىلان ـ لايىھىسى تۈزگىنى يوق. ئىسلام ئۇممىتى ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقادى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا بىر تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش پىلانى تۈزۈپ ئومۇمىي بىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا تولىمۇ مۇھتاج. شۇنداق بولغاندا ئۇممەت ئۆزىنىڭ قەددىنى رۇسلاپ ، دۇنيا مىللەتلىرى ئالدىدا ئىگىلىك تىكلىگەن بولاتتى . ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئېتىقادى ، مەدەنىيىتى باشقا دىن ۋە مىللەتلەردە يوق ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكى ، تەپەككۇرى ، مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئاساسى مۇستەھكەملىكتە تەڭداشسىز بىر ئۇممەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئىسلام ئۇممىتى بۈگۈنكى كۈندە بىرلىك ، پۈتۈنلۈك ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىنتايىن موھتاج بىر ۋەزىيەتتە تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا مىللەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلايدىغان مۇھىم ئامىل ـ سەۋەبلەردىن ، ئەقىدە ئىكەنلىكىدە شەك يوق . تىل بولسا يەڭگىللىك بىلەن قاراشقا بولمايدىغان بىرلىك ۋە كۈچ ئامىلىدۇر. مەدەنىيىتىمىزنى ھىمايە قىلىشنىڭ ئامىللىرىدىن بىرى تىلدۇر. تىل ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا ، گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ ... تىل تەپەككۇرنىڭ قورالى بولۇپلا قالماستىن تەپەككۇر بارلىققا كېلىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر . تىل ئارقىلىق ئىنسان ئۆزى كەشپ قىلغان ، ئىگىلىگەن ماھارەت ، روھىيەتتىكى يۈكسەكلىك ، ۋىجدانىي تەرەققىياتتا، ئۆز كىملىكىنى ئىسپاتلاشتا ئەمەلىي ھەسسە قوشىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر . تىل ئەقلىنىڭ ئەينىكى ، تەپەككۇرنىڭ مۇھىم ئاپپاراتىدۇر. مىللەتنىڭ تىلى بولسا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بايلاشتۇرىدىغان ئامىلدۇر . تىل دېگەن سۆزلەپ تۇرغۇچى تەپەككۇر، تەپەككۇر بولسا ئۈنسىز تىلدۇر . شۇڭا دەيمىزكى، مىللەتنىڭ تەپەككۇرى ، تىلى بىلەن بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ ، تىل مىللەتنىڭ بايلىقىدۇر . تىل مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇلايدىغان كۆۋرۈكتۇر . كۆپ تىللىق دۆلەت ياكى ۋەتەن بولسا ، مىللەتنى ئېغىر ئىدېئولوگىيە كرىزىسى ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇرلايدۇ . مۇستەملىكچىلەر ئەزەلدىن مۇستەملىكە قىلغان مىللەتلەرنى ئانا تىلىدىن ئايرىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ كەلگەن ياكى بولمىسا مۇستەملىكە مىللەتلەردە ئۆلگەن تىللارنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈش ئارقىلىق تائىپىۋازلىق ، يۇرتۋازلىق شۇئارلىرىنى قوزغاپ پارچىلاپ يوقىتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلدى. .

يۇقىرىدا ئىنسانىيەت ھاياتىدا تىلنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ئۈستىدە توختالغان بولساق، ۋەھيىنىڭ تىلى بولغان ئۇلۇغ تىل(ئەرەب تىلى) ۋە ئۇنىڭ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قايتا قۇرۇش يولىدىكى ئورنى بولسا دۇنيادىكى جانلىق تىللار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ۋە قەدىمكى تىل ھېسابلىنىدۇ . ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە قۇرئان كەرىمنى ئۆز ھىمايىسىدە ساقلايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنلىكى ئۈچۈن تا قىيامەتكىچە ساقلىنىپ ئىستېمالدىن قالماي داۋاملىشىدىغان بىر تىلدۇر. .

ئەرەب تىلى گراممatikىسى، پاساھەت ـ بالاغىتىدە تەڭداشسىز بىر تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا تىلى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ تىلدۇر . ئەھلى ئىسلام ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا بەس ـ بەستە تىرىشىۋاتىدۇ . ئەرەب تىلىغا بولغان بۇ دۇنياۋى ئىنتىلىش ئەرەب دۇنياسىنىڭ سىياسىي كۈچى ، مەدەنىيەت سالماقلىقىدىن ئەمەس بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئەقىدىسىگە بولغان ھېرىسمەنلىكى ھەمدە بۇ تىل قۇرئان كەرىم تىلى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر . شۇ ئاساستا بارلىق مۇسۇلمانلار ئەرەب تىلىنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى سۈپىتىدە ئۆگىنىدۇ . بەزىلەر بۇ ئۇلۇغ تىلنى بۇزۇپ يەرلىك شىۋىگە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماقتا . بۇنداق تەشەببۇسلار بازار تاپالمايدۇ. .

شۇ ھەقىقەت ھەر ـ بىر ئىنسان ئېڭىدا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، ھەر ـ بىر شەخس ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پۇختا ۋە پىششىق بىلىشى كېرەك . تىلنىڭ يوقىلىشى مىللەتنىڭ يوقىلىشى دېمەكتۇر. ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان مىللەت ھېچقاچان ئانا تىلىنى خارلىمايدۇ . باشقا تىللارنى ئانا تىلىدىن ئەۋزەل كۆرمەيدۇ . چەتئەل تىلىغا بەك قاتتىق بېرىلىپ كېتىشنىڭ ئۆزى ئىنساندا مىللىي كىملىك ئېڭىنى

كېمەيتىدۇ . ئۆز تىلىدىن نومۇس قىلىش ، چەتئەللىكلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشتىن پەخىرلىنىش ئىنساندىكى مىللىي ۋە روھىي گادايلىقنىڭ دەلىلىدۇر . چەتئەل تىلى پەقەتلا ئىنسان ئۈچۈن ياردەمچى ئامىل بولۇشتىن باشقا رول ئوينىيالمايدۇ . چەتئەل تىلى ھېچقاچان ئانا تىل بەدىلىگە بولماسلىقى كېرەك . ئانا تىل ئورنىغا باشقىلارنىڭ تىلىنى دەسسىتىشنى خالىغانلار تەرەققىي قىلماستىن زىيان تارتىدۇ ۋە مىللەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا ئۇل ھازىرلىغان بولىدۇ ، بۇنداق كىشىلەر بىر كۈنى تارىخنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ.

مۇستەملىكچىلەرنىڭ قوللىنىپ كەلگەن پىلانى مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى تامامەن يوق قىلىش ، ئەگەردە پۈتۈنلەي يوقىتىشقا كۆزى يەتمىسە مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد ساھەلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. بەزى دۆلەتلەر مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى يوقىتىش بىلەن كۇپايىلەنمەستىن دىنى، مەدەنىيىتىگىمۇ خىرىس قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ.

تىلىدىن ئايرىلغان مىللەتلەر، تەپەككۇرى ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدا غېرىبلىق ھېس قىلىش بىلەن بىرگە ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرىنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈپ قويىدۇ . نەتىجىدە مەۋجۇدىيىتىدە ھەقىقىي غېرىبلىق ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلدى.

قارايدىغان بولساق، مائارىپ ساھەسىدە ئاناتىلىنى تاشلاپ ئەجنەبىي تىلنى قوللانغان مىللەت مەغلۇبىيەت، ئاجىزلىق ۋە چېكىنىشتىن باشقىغا ئېرىشەلمىدى. ئانا تىلىنى تاشلاپ باشقا تىللار ئارقىلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتىشنى خالىغانلار ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پەۋقۇلئاددە چېكىنىشكە دۇچ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. ئانا تىلىنى تاشلاپ باشقا تىللارنى قوبۇل قىلغانلارنى : « بىلىمسىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆز ئەينەك تاقىۋالسا كۇپايە قىلىدىغاندەك »، « ئالىم بولۇش ئۈچۈن سەللە كىيىۋالسا كۇپايە قىلىدىغاندەك» ھېسسىياتتا بولغانلارغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئانا تىلى ئارقىلىق دۇنيا مىللەتلىرى ئالدىدا ئەڭ زامانىۋى تېخنىكا ۋە تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دۆلەتلەرنى كۆرۈش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك.

بىلىش كېرەككى، مىللەتلەر ئاناتىلىنى پۇختا ئۆگىنىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلالايدۇ. بۇنىڭدا شەرقتىكى ۋە جەنۇبى ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى مىسالى يېتەرلىك بولسا كېرەك. (شەرقتە: ياپونىيە، مالايشىيا، كورىيە. جەنۇبى ئاسىيادا: پاكىستان، ھىندىستان، بېنگال) .

خۇلاسە قىلىپ ئېيتىمىزكى، تىل بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ دەلىلىدۇر . ئانا تىلىدىن نومۇس قىلىدىغانلار ئەلۋەتتە مىللىتى ، ۋەتىنىدىن نومۇس قىلىدىغانلاردۇر . ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئەجنەبىيلەرنىڭ ھەممە نەرسىسى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ . شۇلارنى ئۇلۇغلايدۇ . ئۆزىنى ئۇلاردىن تۆۋەن ، خار ، ئاجىز سانايدۇ . ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ئۆگەنمىگەن ، ئېتىبار بەرمىگەن كىشى ياكى مىللەت باشقىلارنىڭ خىزمەتچىسى بولۇشقا ئەرزىيدۇ ، باشقىلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرالمايدۇ . تەرەققىياتنىڭ شەرتى باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئەمەس ، بەلكى بارلىق تېخنىكىلارنى ئانا تىلغا ئۆزگەرتىشتە . بارلىق زامانىۋى بىلىم ، تېخنىكىلارنى ئانا تىلغا ئۆزگەرتكەندە كەشپىياتچى، ئىجادىيەتچى ئەۋلادلار كۆپ چىقىشقا تۈرتكە بولىدۇ .

دېمەك ، ئانا تىلنى قوغداش ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش ، مىللەتنى قوغدىغانلىق ۋە ئۇنى ھىمايە قىلغانلىق ، ئۆز ئانا ۋەتىنىگە ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە ئىنسانىيلىق بۇرچىنى ئادا قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

بىلگىلاركى دىلىگلار پەقەت ئاللاھنى ئەسلەش بىلەنلا ئارام تاپىدۇ . ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ئورنىڭىزنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئاللاھنىڭ قەلبىڭىزدىكى ئورنىغا قاراڭ . ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت ۋە

ئىمانى تەربىيەت بىلەن ئانىلىق شەرتىنى ھازىرلىمىغان ئانىنىڭ بالىلىرى تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ يېتىمدۇر.
.

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغۇم كېلۇر.
ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلغۇم كېلۇر.

بۇ ئانا تىل بولسا گەر ئامېرىكا يۇ ئافرىقىدا.
قولىغا يامبۇ كۈمۈش ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.

**********************************

كۆكلەم - باھار كەتسە، يېنىپ كەلگەن بار،
جاندىن كەچسە جانانىنى تېپىپ سۆيگەن بار،

ئېيتىڭچۇ بىر كەتكەن ياشلىق كەينىدىن،
قوغلىشىپ جاھاندا كىمۇ يەتكەن بار! .

ئېلىنغان يەر «ئورخۇن» مۇنبىرىنىڭ تۇۋەندىكى بېتى :
http://www.orkhun.com/bbs/read.php?tid=1409

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قوش تىللىق مائارىپمۇ ياكى يەككە تىللىق مائارىپمۇ ؟؟؟

ئەركىن سىدىق
(2007 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر)

...... بۇنىڭدىن 4 ـ 5 يىل ئىلگىرى، بىز چەت ئەلدە تۇرۇپ "شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىكەن" دىگەن گەپنى ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن "بۇ سىياسەت ئۇيغۇر ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگىمۇ كېڭەيتىلىدىكەن"، دىگەن گەپنىمۇ ئاڭلىدۇق. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مۇشۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلار قۇلىقىمىزغا ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرىدىغان بولدى. مەن شۇ چاغدىن باشلاپ ئۆز ـ ئۆزەمدىن توختىماي تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنى سوراپ تۇردۇم:

* يولغا قويۇلغان بۇ يېڭى ھەرىكەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت جەھەتتىكى ئاساسى نىمدۇر؟ * بۇ ئىشنى قايسى ئىلىم ۋە ئەمەل ئەھللىرى ئوتتۇرىغا چىقارغاندۇ؟ * ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىدىكى ئىلمىي ئاساسى نىمدۇر؟ * ۋاھاكازالار.

مەن "ھەممە ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بار" دەپ ئويلاپ ئادەتلەنگەنلىگىم ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ يەككە تىللىق مائارىپقا ئائىت يوقىرىدىكىدەك سوئاللىرىمغا جاۋاب تاپقىم كەلدى. لېكىن ئۇ جاۋابلارنى تاپالمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىنتايىن قىينالدىم. ئىزچىل تۈردە مۇشۇ بىر سىياسەت تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارغا كېلىدىغان تارىخىي زىيانلار توغرىسىدا ئەنسىرىدىم. مۇشۇ سىياسەتنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىدىدە قىلىنغان سۆزىدە، مەلۇم بىر ئەمەل ئەھلىنىڭ "مەن ھېچ قانداق ئۇيغۇرچە بىلمەيمەن. ئەمما مەنمۇ بىر ئۇيغۇر بولۇپ ياشاۋاتىمەنغۇ؟" دىگەنلىگىنىمۇ ئاڭلىدىم. بۇ چۈشەنچە ئىنتايىن خاتا ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ يوقۇرقى يەككە تىللىق مائارىپ سىياستىگە ئىلمىي ئاساس بولالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن "ئەگەر بۇ سىياسەت ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن چىققان بولسا، بىز ئۇيغۇرلار ھەققەتەنمۇ تۈگىشىپتۇق،" دەپمۇ ئويلىدۇم.

مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە جەمىيەت تەرتىۋى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئەخلاق قانۇن ۋە دىنىي ئېتىقات ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئىلمىي يوسۇندا ئىش قىلىش ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ئالدى بىلەن قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىشى، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى بىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن مەندە يەنە باشقا يېڭى سوئاللار تۇغۇلۇشقا باشلىدى: يەككە تىللىق مائارىپ توغرىسىدا ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قانۇن ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى تەتقىقاتلار بارمىدۇ؟ ئەگەر بولسا ئاشۇنداق تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسى نىمە بولغاندۇ؟ ۋاھاكازالار.

تا ھازىرغىچە مەن بۇ سوئاللارغىمۇ جاۋاب تاپالماي كەلدىم.

مەن ھەر قېتىم www.Bilik.cn /http://www.bilik.cn تور بېتىگە كىرگەندە، ماۋزۇسى «"مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين"دىن "مەئارىفۇل لۇغەتەين"گىچە» دەپ قويۇلغان بىر ماقالىنى ئۇچرۇتۇپ تۇردۇم. لېكىن بۇ ماۋزۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، ئۇنى بىر لۇغەت توغرىسىدىكى ماقالە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بىر قانچە كۈندىن بۇرۇن بىر دوستۇم سوغا قىلغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دىگەن ژورنالنىڭ 2002 ـ يىللىق 6 ـ سانىنى ۋاراقلاۋېتىپ، بۇ ماقالىنى يەنە ئۇچرۇتۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن "بۇ زادى نىمە ماقالىدۇر؟" دەپ ئازراق ئوقۇپ بېقىپ، ئۇنىڭ دەل مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئۇچۇرلار بىلەن تولغان بىر ماقالە ئىكەنلىگىنى بىلدىم. ھەمدە ئۇنى پۈتۈنلەي ئوقۇپ چىقتىم. مېنىڭچە بۇ ماقالە ھەممە ئۇيغۇرلار بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدىغان ماقالە ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى سىياسەت تۈزۈشكە مەسئۇل ئەمەل ئەھللىرى ھەممىدىن بەكرەك ئوقۇپ چىقىشى كېرەك

ئىكەن. مەن بۇ ماقالە ھازىرغىچە ۋەتەندە قانچىلىك ئوقۇلدى، ئۇنىڭ قانچىلىك تەسىرى بولدى، ئۇلارنى بىلمەيدىكەنمەن. بىلىك تور بېتىدە ئۇ 10 مىڭدىن كۆپرەك قېتىم چىكىلىپتۇ. بىر تور بېتى ئۈچۈن بۇ ھېچقانچە چوڭ سان ئەمەس. ئەگەر بىلىدىغانلار بولسا ئاشۇ ماقالىنىڭ ۋەتەندىكى تەسىرى توغرىسىدا مۇشۇ مۇنبەردە ئازراق ئۇچۇر بەرگەن بولساڭلار.ئەگەر سىياسەت چىقىرىدىغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى بۇ ماقالىنى تېخى كورمىگەن بولسا، بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ ماقالىدىن بىر نۇسخىنى شۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرسى، دەپ ئويلايمەن. ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن بۇ ماقالىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئىمكانىيىتى بارمۇ؟

ھازىر كىچىگىدىن تارتىپ خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋە ئىچكىرىكى ئولكىلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈنمۇ بۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن. شۇڭا ئۇئەي (ئۇيغۇر ئەرەپ يېزىغى) نى بىلمەيدىغانلارغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن بۇ ماقالىنى بىلىك تور بېتىنىڭ http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=5359 دىگەن ئادرىسىدىن كۆچۈرۈپ، ئۇنى يۇلغۇن يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق ئۇلي (ئۇيغۇر لاتىن يېزىغى) غا ئۆزگەرتىپ، ئاپتور ۋە بىلىك تور بېتىنىڭ رۇخستىنى ئالمايلا مۇشۇ يازمامنىڭ ئاخىرىغا چىقىرىپ قويدۇم. مەن ئۇلارنى باشقىچە پىكىردە بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن، ھەمدە شۇنداق ئۈمىتتىمەن.

ئاخىرىدا مەن مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى دوكتۇر ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى ئەپەندىمگە، ھەمدە بۇ ماقالىنى ئۇئەي گە تەييارلىغۇچى بىلىك تور بېتىدىكى ئەزىمەتلەرگە چوڭقۇر ھورمىتىم ۋە تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرىمەن.

مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين"دىن "مەئارىفۇل لۇغەتەين"گىچە

بىلىك تورى http://www.bilik.cn/bbc/viewthred.php?tid=5359

ئۇيغۇر لاتىن يېزىغىدىكى ئەسەر http://www.meripet.com/Sohbet1/Erkinb2.htm

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ياخشى ئادەم ياش تۆكسە ئاسمان - زېمىنمۇ ياش تۆكىدۇ

دۇنيا دېگەن بىر كۆكسىدىن خۇشاللىق ـ شادلىق،يەنە بىر كۆكسىدىن ئازاپ ـ ئۇقۇبەت تېمىپ تۇرغان.ئانا؛ بىر تېمى قۇپۇرلۇپ، يەنە بىر تېمى تېخى پۈتمىگەن بىنا؛ بىر بۇلدۇقلىسا سۆيگۈ ـ ۋاپا، ساداقەت يەنە بىر بۇلدۇقلىسا قەھرى ـ غەزەپ، باغرى تاشلىق ئېتىلىپ چىقىدىغان توختىماس بۇلاق؛ بىر شېخىدا ھەق ـ ئادالەت،چىنلىق، يەنە بىر شېخىدا ساختىلىق، رەزىللىك مەي باغلىغان مېۋىلىك دەرەخ؛ بىر ئۇدارى مۇڭ ـ ھەسرەت ،خاپىلىق،بىر ئۇدارى يېقىملىق كۈلكە بىلەن يۇغۇرۇلغان لەرزان مۇزىكا!

ھايات ـ دەل سەن بىلىپ تۇرۇپ قەدىرلىمىگەن ۋاقىت؛ بىلىپ تۇرۇپ سۆيمىگەن ئۆزۈڭ؛ چەكسىز سۆيۈشكە تەشنا مۇھابىبىتىڭ، شۇنداقلا ھازىرقى پۇرسەت ، خىرىسقا تولغان بۇگۈنۈڭ ھەم ئۆز تەدبىرىڭگە باغلىق بولغان كەلگۈسۈڭ.

ئانا تىلىم ـ ئانامنىڭ تىلى، ئانا تىلىم ـ ۋەتەنىمنىڭ تىلى، تۇپراقنىڭ تىلى؛ ئانا تىلىم ـ دەريا، دېڭىز ـ ئوكيانىڭ تىلى، ئانا تىلىم گۇل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلىرىمنىڭ تىلى؛ ئانا تىلىم كۆك ئاسمانىڭ تىلى، مەن سۆيگەن ۋەتەن، مەن سۆيگەن خەلقىم ، مەن سۆيگەن مىللىتىم،مەن سۆيگەن ھەممە بىر ـ بىرىمىزگە ئۆز تىلىمىزدا مۇھەببەت بېرىمىز. بىر ـ بىرىمىزنى ئۆز تىلىمىز بىلەن سۆيىمىز، بىزنىڭ ئارمانلىرىمىز ئانا تىلىمىزدا بايلىق چىقىرىدۇ. ئانا تىلىمىز بىزنى يۈكسەكلىككە، ئۇلۇغلۇققا ئېلىپ چىقىدۇ.

جەڭگاھتا يۈز ـ كۆزى قانغا مىلەنگەن . باتۇر ئەزىمەت، جان ئۈزدى ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىپى ئۈزۈلگىچە سۆزلىگەن سۆزى پەقەت مىنىڭ ئانا تىلىم.

# مەككە شەھىردە ئۇيغۇر مەكتۇۋى ئېچىلدى

ھەممىگە مەلۇمكى، مەكتەپ ئىلىم - ئىرپان بۇلىغىدۇر. ئۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان جەننەت باغچىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئىلىم - مەرىپەتنىڭ قەدرىنى بىلگەن مىللەتلەر تارىختىن بىرى پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيسى ئۈچۈن مەكتەپلەرنى كەڭ ئېچىش ئىشىغا زور ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن .

تۆۋەندىكى سۈرەت مەككە شەھىرىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر مەكتۇۋىنىڭ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر قىسمىنىڭ كۆرۈنىشى



ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلىلىق ئەجدادلىرىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئىلىم - مەرىپەتكە ئالاھىدە چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە زور ھەسسىلەرنى قوشۇپ، ئۇنتۇلماس مىراسلارنى قالدۇرغان.ئۇيغۇرلار ئەڭ زىچ يەرلەشكەن سەئۇدى ئەرەبىستانىدەك بىر چوڭ مەملىكەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇيدىغان بىرەر ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ بولمىغانلىقى بىر بوشلۇق ئىدى. يېقىندا مەككە شەھىرىدە تۇنجى ئۇيغۇر مەكتىپى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپ يۇقىرىقى بوشلۇقنى تولدۇرغۇسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەككە شەھرىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر مەكتىۋىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى مەسئۇلى ئابدۇللا هاجىم بۇ ھەقتىكى سۆھبىتىمىزنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

مەكتەپ مەسئۇلى بىلەن سۆھبەت

ئابدۇللا هاجىم مەككىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر مەكتىۋىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:" ئۇيغۇرلار زىچ ئورۇنلاشقان مەككە شەھرىدە بىر ئۇيغۇر مەكتىۋى ئېچىش بۇ يەردىكى كەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بىرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بىر ئارمىنى ئىدى .مەكتەپ ئاخىرى ئېچىلدى. مەكتىۋىمىز ئېچىلىپ بولغۇن ئۈچىنچى كۈنگە قەدەم قويدى .ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ يېڭى مەكتەپكە بولغان قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولماقتا. دەرسلىكلىرىمىز ھازىرچە قۇرئان كەرىم، ھەدىس، تەپسىر ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت بولۇپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ سەۋىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا تەييارلاندى .ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە كېلىپ كەچ سائەت توققۇزدا قايتىدۇ .باللارنىڭ ئوقۇشى، ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشى ۋە دەم ئېلىشى ھەممىسى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پروگراممىلار ئىچىدە بولىدۇ".

ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى يولغا قويۇلۇش ئالدىدا

ئابدۇللا هاجىم بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسلىگى ھەققىدە سورىغان سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:" ئۇيغۇر تىلى دەرسلىگىگە كەلسەك، بۇ دەرسلىك پروگراممىمىزدا بار. ئۇيغۇر تىلى دەرسلىگىنىڭ مۇئەللىملىككە تاللانغان كىشلەرنىڭ ھەممىسى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ھازىر ئىمتىھان مەزگىلىدە بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ھەپتە ئۇيغۇر تىلى دەرسلىگى كېچىكتۈرۈلدى. ئۇنى كېلىدىغان شەنبە كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمى باشلايمىز".

بۇ مەكتەپتە ھازىر 35 بالا ئوقۇيدۇ

ئابدۇللا هاجىم يەنە مۇنداق دېدى:" مەكتىۋىمىز گە دەسلەپ ئىسمىنى تىزىملاتقانلار سانى 20 بولۇپ، بىرىنچى كۈنى 22 ئوقۇغۇچى كەلدى. ئىككىنچى كۈنى 28، بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى 35 ئوقۇغۇچى كەلدى .ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئاشىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ مەكتەپ مەككىدىكى ياقۇپ بەدەۋلەت ۋەقپ بىناسىدا ئېچىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشلىرى شۇ ۋەخپىنىڭ ۋە بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ياردىمىبىلەن تەمىن ئېتىلمەكتە. يېقىندا يەنە قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس بىر مەكتەپ ئېچىش پىلانىمىز بار .بۇ جايدىكى كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىۋىمۇ شۇ بولۇپ كەلدى".

ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەت

مەككىدە يېڭى ئېچىلغان ئۇيغۇر مەكتىۋىنى زىيارەت قىلىش ئەسناسىدا، بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر باللىرى بىلەنمۇ سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى مەكتەپتىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىكەنلىگىنى بىلدۈرۈشتى . ئاتا ـ ئانىلارمۇ باللىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن يىراقتا بولغان بۇ مەملىكەتتە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆگىنىش پۇرستىگە ئېرىشكەنلىگىدىن بەكمۇ خوشال بولۇپ، ھاياجانغا تولغانلىغىنى بىلدۈرۈشتى .

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق كۆپ قىسمى ئۆسمۈر باللار بولسىمۇ، ئاز ساندا چوڭلارمۇ كېلىپ ئوقۇۋېتىپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن سۆيۈنۈشكە تېگىشلىك ئىش ئىدى. چۈنكى ئوقۇش، بىلىم ئېلىشنىڭ ياش بەلگىلىمىسى يوق .

بۇ مەكتەپكە ئوقۇغۇچى بولۇپ كەلگەن چوڭلاردىن ئابدۇل مۇتەللىپ ھاجىم بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى:" ئىلگىرى يۇرتىمىزدا ئوقۇش شارائىتىمىز ياخشى بولمىغانلىقتىن، دىنىي جەھەتتە ھېچقانداق ساۋاتقا ئىگە بولالمىغان ئىدىم. پەقەت ئۆزلىگىمدىن قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغان بولساممۇ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، بىلىمىمنىڭ تۆۋەنلىگىنى، باشقىلار ئالدىدا قىرائەت قىلىشتىن خىجىل بولىدىغانلىغىمنى ھېس قىلدىم. ئۆزۈم ئۇن ئالغۇدىن تىڭشاپ ئۆگىنىشكە تىرىشىپ كەلگەن ئىدىم. بۇ قېتىم بۇ مەكتەپنىڭ ئېچىلىشى بىلەن بىزگە ئوخشىغانلارغا ياخشى شارائىت ھازىرلانغان بولۇپ، بۇ بىز ئۈچۈن ئاللاھنىڭ چوڭ رەھمىتى بولدى. مەن بۇ مەكتەپنى ئاچقانلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. دەرسلىگىمىزگە يەنە ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىللىرى قوشۇلىدىغانلىغىمۇ بىز ئۈچۈن چوڭ پۇرسەت. چۈنكى ئەرەب تىلى قۇرئان تىلى، ئۇيغۇر تىلى بىز ئۇيغۇرلارنى يوقلىشتىن ساقلاپ قالىدىغان تىل. بۇ يەردە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ يۈرگەن كۆپ كىشلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەيدىغانلىغى مېنى بەك ئەپسۇسلاندۇرغان ئىدى. ئۇيغۇر تىلى دەرسلىگى كىرگۈزۈلسە مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن ".

www.uyghurkitap.com

# ئامېرىكا ئۇيغۇر تىلى مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلار سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە

***مۇخبىرىمىز ئەقىدە***

***08 - 03 - 2010***

ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى، ئائىلىلار كومىتېتى تەرىپىدىن يېڭىدىن قۇرۇلغان "ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش مەكتىپى" نىڭ دەرس باشلىغانلىقىغا 3 ھەپتە بولدى. بۇ مەكتەپتە ھازىر كىچىكى 4 ياش، چوڭى 19 ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر ياش ئۆسمۈرلىرى دەرس ئاڭلاۋاتقان بولۇپ، مەكتەپكە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 60 قا يەتكەن.

## ئۇيغۇرلار كىملىكىنى ۋە ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەك؟

ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلىرى ۋە زىيالىيلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى، بولۇپمۇ ئۆز ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋە جىددىي بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتە قانداق تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.



**RFA Photo / Erkin Tarim**

در. ئەركىن سىدىق تۈركىيدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دوكلات بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشلەردىن بىرى.

ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر ئالىمى، ئەركىن سىدىق ئەپەندى بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر قاتار تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس ۋە زىيالىيلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى، بولۇپمۇ ئۆز ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ۋەتەن ئىچى- سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتە قانداق تەدبىرلەرنى ئېلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

## پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئانا تىل ۋە مىللىي كىملىكنى قوغدىماقتا

نۆۋەتتە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەتئەللەردە مۇھاجىرەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسدا، چەتئەل تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن پەرزەنتلىرىگە ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىش ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىك تەربىيىسى بېرىش پائالىيتى بۇنىڭ بىر مىسالى .



www.uyghurkitap.com



يۇقارقى رەسىملەر پاكىستاندىكى ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەخپى ئاچقان ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى دەرىسخانىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدۇر .

ئۆمەر ئەپەندى ھەم ئەكبەر ئەپەندى قاتارلىق ئاكا ـ ئىنىلەر بىرلىكتە قۇرغان "ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەخپى" ` ئۇيغۇر ئانا تىلى مەكتىپى" ئۆتكەن يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ بىر يىل جەريانىدا، باللارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ ئېشىپ بارغان، مانا ھازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 15 نەپەردىن 50 نەپەرگە يەتكەن، مۇشۇ ئاساستا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئانا تىلى سەۋىيىسى خېلى ياخشىلانغان، ھازىر باللار ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان ھالەتكە يەتكەن، ھەتتا بەزى ئاتا ـ ئانىلارمۇ باللىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئاڭلىماقتا،

"ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەخپى"نىڭ بۇ يىللىق " ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچى" مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلاردىن مەريەم، سىيىت ئەكبەر،مامۇتجان، قاتارلىق باللار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن مەريەمنىڭ ئانىسى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، راۋان ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىغا ھەم ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسى ۋە ئارزۇ تىلەكلىرىنى ئىپادىلىدى.

"ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەخپى"نىڭ قۇرغۇچىسى ئۆمەر ئەپەندى ھەم ئەكبەر ئەپەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەخپىنى قۇرۇش ۋە باللارغا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشتىكى سەۋەبلەرنى بايان قىلىپ، ھازىر پاكىستاندا پاكىستان پۇقرالىقىغا ئۆتكەن ئۇيغۇرلاردىن تەخمىنەن 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بارلىقىنى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى پاكىستانغا 50 ـ 60 ـ يىللاردا كېلىپ يەرلەشكەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغىنى ئۈچۈن، شۇ يەرنىڭ يەرلىك تىلى بولغان ئوردۇ تىلدا مەكتەپ تەربىيىسى ئالغىنى سەۋەبلىك، ئۇيغۇر تىلىنى ئۇنتۇش خەۋپىگە يولۇقۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ، ئىسلام ئاباد يېنىدىكى 1000 دەك ئۇيغۇر ئاھالىسى بولغان راۋىلبىندى شەھرىدە، " ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەخپى"

قارمىقىدىكى" ئۇيغۇر ئانا تىلى مەكتىپى"نى قۇرۇش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر ئانا تىلى ۋە مىللىي كىملىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇلار يەنە "ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەخپى"نىڭ بۇ بىر يىل جەريانىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقىنى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ۋەخپە قارمىقىدىكى " ئۇيغۇر ئانا تىلى" مەكتىپىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، ھازىر ئۆزلىرىنىڭ يەنە 20 ياشتىن يۇقىرى بولغان ياشلارنى ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسىپلەر بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى تۈركىيە ياۋروپا قاتارلىق دۆلەتلەرگە تېخىمۇ يۇقىرى بىلىم ئېلىشقا ئەۋەتىپ، پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى شارائىت يارىتىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

## لوندوندىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات مەركىزى

## تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتمەكتە




لوندوندىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات مەركىزىنىڭ قۇرغۇچىسى، مەمەت تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە يولغا قويۇۋاتقان «قوش تىل مائارىپ سىياستى» ئۇيغۇرلارنى يالغۇز ئاسسىملىياتسىيە قىلىشلا ئەمەس، بەلكى يوق قىلىش تەدبىرى، دەپ، ئۇيغۇر تىلىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، ساقلاپ قېلىش نۆۋەتتە، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ھەر ـ بىر ئۇيغۇرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

سۈرەتتە، لوندوندىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات مەركىزىنىڭ قۇرغۇچىسى، مەمەت تۇرسۇن ئەپەندى مۇنبەردە.

## سانكتپېتېربۇرگدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئانا تىلىنى قەدىرلىمەكتە

رۇسىيىنىڭ سانكتپېتېربۇرگ شەھىرىدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ھەمراجان ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 21 ـ فېۋرال كۈنى دۇنيا ئانا تىلى كۈنىدە سانكتپېتېربۇرگ شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، "ئانا تىل بايلىقىم" دېگەن نام ئاستىدا ئۇيغۇر تىلىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن.

www.uyghurkitap.com



سۈرەت، 28 يىلدىن بۇيان سانكتپەتەربۇرگ شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىسى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى پائالىيەتچىسى ھەمراجان ئەپەندى ۋە ئائىلىسى.

مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدىكى مەملىكەتلەر ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كۆپ تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ رۇسىيىدىكى سانى ئانچە كۆپ ئەمەس. رۇسىيە مەتبۇئاتلىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدە 3000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدۇ. ئەمما، بۇ ساننىڭ تولۇق ئەمەسلىكى بىلدۈرۈلمەكتە. رۇسىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپچىلىكى موسكۋا، سانكتپېتېربۇرگ ۋە باشقا بىر قىسىم شەھەرلەرگە تارقالغان بولۇپ، مەزكۇر ئىككى شەھەردە ئۇيغۇرلار بىراز كۆپ جايلاشقان. بۇ، ئۇيغۇر قەدىمىي مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن مىراسلىرى ساقلىنىۋاتقان دۇنياغا داڭلىق ئەرمىتاج مۇزېيى جايلاشقان، رۇسىيىنىڭ سابىق كونا پايتەختى ھېسابلانغان سانكتپېتېربۇرگ شەھىرىدىكى ئازغىنا ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر شەھەرنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۇيغۇر ئانا تىلىنى قەدىرلەشنى مەقسەت قىلىپ، بىرلىكتە پائالىيەت ئۆتكۈزۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر پائالىيەتنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ھەمراجان ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، پائالىيەتكە 40 تىن ئارتۇق ئادەم كەلگەن.

ئانا تىل ماكانىدىن ئايرىلغىنىغا 40 يىلدىن ئاشقان ھەمراجان ئەپەندى ئۆز مىللىي كىملىكى ۋە ئانا تىلىنى قەدىرلەشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بىلگەن زىيالىي. ئۇ، قازاقىستاندا تۇغۇلۇپ، 15 يېشىدا يۇرتىدىن ئايرىلغان ھەمدە ئۇنىڭ سانكتپېتېربۇرگدا ياشاۋاتقانلىغىغا 28 يىل بولغان.

ھەمراجان ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا رۇسلارنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، ئانا تىلىنى سۆزلەش ۋە ئىشلىتىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۆز ئانا تىلى ھېساپلانغان ئۇيغۇر تىلىنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماسلىق قارارىغا كېلىپ، ئۆزلىكىدىن تىرىشىپ، ئۇنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان، سانكتپېتېربۇرگ شەھىرىدىكى ئۇزۇن يىللىق ھاياتىدا پەقەت ئۆزىلا ئانا تىلىنى ئۆگىنىپ قالماستىن يەنە مەخسۇس ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىدا ئىنتېرنېت تور بېتى ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، قەھرىمان شەخسلىرى، مەدەنىيىتىنى تەرغىپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەخسۇس ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش سەھىپىسى ئېچىپ، رۇسىيە باشقا جايلاردىكى ئانا تىلى ماكانىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىشقا تىرىشقان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىندا ئۇ، قازاقىستاندا زىيارەتتە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جايدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن قايتا ئۇچرىشىشى رۇسىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆز ئانا تىلىنى كۈچەيتىش، موسكۋادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن ھەمكارلىق ئورنىتىش ئىستىكىنى ئاشۇرغان. ئۆتكەن يىلدىكى 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار رۇسىيىدە تېخىمۇ بەكرەك تونۇلۇشقا يۈزلەنگەن بولۇپ، ھەمراجان ئەپەندى ئۆزىنىڭ رۇس دوستلىرى ۋە

خىزمەتداشلىرىغا دائىم ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى ئادەت قىلغان ھەمدە ئۇلارغا ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ سانى سانكتپېتېربۇرگدا قارىغاندا، موسكۋادا خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم. موسكۋادىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتىمۇ ئىلگىرى بۇ خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ شەھەردە مەلۇم ساندا ئۇيغۇر ئالىملىرى، ھەربىي ـ سىياسى ۋە سەنئەت ئەربابلىرى ھەمدە تېخنىكا خادىملىرى بار. 2007 ـ يىلى، موسكۋادا ۋاپات بولغان ئاتاقلىق ناخشا چولپىنى مۇرات ناسىروف ئەنە شۇلارنىڭ سىمۋولىدۇر.

## سانكتپېتېربۇرگ شەھرىدە ئانا تىل خاتىرىسى

رۇسىيىنىڭ سانكتپېتېربۇرگ شەھرىدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى‌ھەمراجان ئەپەندى ۋە باشقىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن يېقىندا دۇنيا ئانا تىلى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن سانكتپېتېربۇرگ شەھرىدىكى ئۇيغۇرلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، " ئانا تىل بايلىقىم" دېگەن نام ئاستىدا ئۇيغۇر تىلىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

بۇ پائالىيەت ھەققىدىكى سۈرەتلىك خەۋەر "ۋەتىنىم" قاتارلىق ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت ئارىسىدا كۈچلۈك ياخشى تەسىرات قوزغىغان . ھەمراجان ئەپەندى قازاقىستاندا تۇغۇلۇپ، 15 يېشىدا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، 40 ـ يىللاردىن بۇيان رۇسىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسىدۇر.

ھەمراجان ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ قېتىملىق پائالىيەتكە 50 كە يېقىن ئادەم قاتناشقان. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا رۇسلارنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، ئانا تىلنى سۆزلەش ۋە ئىشلىتىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۆز ئانا تىلى ھېسابلانغان ئۇيغۇر تىلىنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماسلىق قارارىغا كېلىپ، ئۆزلىكىدىن تىرىشىپ، ئۇنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان.

ئۇ سانكتپېتېربۇرگ شەھرىدىكى ئۇزۇن يىللىق ھاياتىدا پەقەت ئۆزىلا ئانا تىلنى ئۆگىنىپ قالماستىن يەنە مەخسۇس ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىدا ئىنتېرنېت تور بېتى ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، قەھرىمان شەخسلىرى، مەدەنىيىتىنى تەرغىپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەخسۇس ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش سەھىپىسى ئېچىپ، رۇسىيە ۋە باشقا جايلاردىكى ئانا تىلى ماكانىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىشقا تىرىشقان.

## ئالمۇتادا ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تىلى مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىنى ئاساسى تېما قىلغان، ئۇيغۇر مائارىپى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 29 ـ مارت كۈنى ئالمۇتادىكى ئابدۇللا روزىباقىيېف نامىدىكى گىمنازىيىدە ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى ئىملاسى ۋە ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار قاتارلىق مەسىلىلەر بويىچە مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

www.uyghurkitap.com

# ئانا تىل يېزىقىنىڭ كۆز يېشى

مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، بولۇپمۇ تىلنىڭ گۈللىنىشى ئانا تىلنى مەڭگۈلۈك راۋاجلاندۇرۇش ۋە قوغداشتا.

تىل ـــــ بىر مىللەتنىڭ جېنى بولۇپلا قالماي ھەم شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاساسدا ئار نومۇسنى ئاقلايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە دۇنياغا يۈزلەندۇرۇشتە ئانا تىل بىباھا گۆھەردۇر .

مۇشۇ يېقىندىن بېرى، يېزىقىمىز توغرىسىدا غەيرى ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ. مەن بۇنى بىر بوۋاينىڭ كۆز يېشى ۋە ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق بايان قىلماقچىمەن:

## بوۋاينىڭ كۆز يېشى

ـــــ بالام! ماۋۇ كوچا باشقارما تەۋەسىدىكى ساقچىخانىنىڭ ئورنىنى مۇشۇ تەرەپكە يۆتكەپتۇ دەپ ئاڭلىغىدىم، ھېچ تاپالمىدىميا !

ـــــ تاغا! مانا ئالدىلىرىدا تۇرمامدۇ ساقچىخانا.

ـــــ ۋاي !!!بالام ئەيىپكە بۇيرىمىسلا، خەت تونۇغاندىكىن ساقچىخانىنى دەرۋازا بېشىغا ئېسىپ قويغان تاختىيىغا قاراپ تاپالايمەن دەپ ھېچكىمدىنمۇ سورىمىغانتىم، مانا ئەمدى ساقچىخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ساقچىخانىنى سوراپ سىلىنى ئاۋارە قىپتىمەن، خاپا بولمىسىلا جۇما بالام! بوۋاي ساقچىخانىنىڭ ۋىۋىسكىسىغا سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ، خورسىنغان ھالدا ئۆلۈغ كىچىك تىنىپ، بىر خىل خىجىلچىلىق ئىچىدە مەندىن ئەپۇ سوراپ كەتتى.

بۇ كۈنى ھاۋا تازا ياخشى ئەمەس، توپا ـ چاڭ ئىدى. يېشى 70 لەرگە يېقىنلاشقان بۇ بوۋاينىڭ تەن سالامەتلىكى خېلى ياخشىدەك قىلاتتى .

ـــــ ھېچقىسى يوق تاغا! بۇنداق ئىشلار دېگەن بولىدۇ، دېدىم مەن.

ـــــ بالام! بۇ ساقچىخانىنىڭ ۋىۋىسكا دەمدۇ خۇدايىم، تاختىيى ئاشۇما؟

ـــــ ھەئە! شۇنداق تاغا، ۋىۋىسكىسى ئاشۇ. بايام دىققەت قىلماپلا ـ دە.

ـــــ ياق بالام! دىققەت قىلدىم، بىزنىڭ كونا يېزىقىمىز ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئەمەلدىن قالدىما؟ بىزنىڭ يېزىقىمىز يوق تۇرمامدۇ؟ مېنىڭمۇ كونا يېزىقىمىزدىن ئوبدانلا ساۋادىم بار. تاختاينىڭ ئاۋۇ سول تەرىپىدىغۇ خەنزۇچە خەت باركەن، ئاۋۇ ئوتتۇرىدىكىسى ساقچىنىڭ بەلگىسى ئوخشايدۇ، ئوڭ تەرەپتىكىسى نېمە خەت بالام! بىزنىڭ يېڭى يېزىق دەيدىغان خېتىمىزغا ئوخشامدۇ نېمە؟ ئۇنىمۇ ھەجىلەپ ئوقۇيالايتتىم، خەنزۇچە خەتنىغۇ بىر قىرلار تونۇمايمىز. ياش چاغلىرىمىزدا ئۆزىچىلا يېڭى يېزىق دېگەن بىرنەرسە پەيدا بولۇپ، بىر ئوبدان كونا يېزىقىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن كونا يېزىق بىلىدىغانلا، كونا يېزىقتا ئوقۇغانلا ساۋاتسىز ھېساپلاندۇق، ھە دېسە كومتېتقا يېغىۋېلىپ ساۋات چىقىرىمىز دەپ يېڭى يېزىق ئۆگىتەتتى، يول ـ يوللاردا، كوچا ـ كوچىلاردا توساق قۇرۇۋېلىپ ئۇياق ـ بۇياقا ئۆتكەنلەرنى توسۇۋېلىپ، خەت يېزىپ ھەم ئوقۇپ بەرمىسەك ماڭغۇزمايتتى،

شۇ يولدىن بىر كۈندە ئون قېتىم ئۆتكەن بولساق ئون قېتىم توساتتى .كېيىن كونا يېزىقىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋىدى خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك شۇنداق خوش بولغانتۇق بالام! ئەمدى بۇ جاھان نېمە بوپ كەتتى؟ بازاردا بىرەر دۇكانغا كىرەي دېسە بەزى دۇكانلارنىڭ تاختىيىدا بىزنىڭ يېزىقىمىز يوقكەن، شۇڭا نېمە دۇكان ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيكەنمىز. ئۇ دۇكاننىڭ ئىچىدە تەتەيلەر باركەن، ئۇ خەخلەر بىزنىڭ يېزىقىمىزنى ئۇقمىغاچقا شۇڭا تاختىيىغا چىقارمامدۇيا؟ ئەمدىلىكتە ساقچىخانىلارنىڭ تاختىيىدىمۇ بىزنىڭ يېزىقىمىز يوقاپتۇ، ئاۋۇ نېملەرگۇ يېزىقىمىزنى يازمىسۇن، ھۆكۈمەتمۇ يازمىسا ئەمدى، بىرەر پارچە ئىلتىماس ياكى ئەرزلىرىمىزنىمۇ كونا يېزىقىمىزدا يازساق ئاقمايدىغان بوپتۇ، بۇ خېتىڭ ئاقمايدۇ خەنسۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئەكەل دېيىشلىرى بۇ نېملەرنىڭ، ھېلىقى ئۇيغۇر كادىر دېگەنلەر نېمە ئىش قىلىدۇ مۇشۇنداق خەتلەرنى ئوقۇماي، ئۇلار ھۆكۈمەتتىن ھارام مائاش ئېلىپ بىكار يۈرىيدىغان ئاقنانچىلارمىدۇيا بالام! بىز كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بوپتۇق ـ دە، نېمە دېگەن ئار ـ نومۇس بۇ بىزگە، ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟ ھەي !!!

بوۋاي تىترەك ئاۋازى بىلەن شۇنداق دەۋېتىپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى، بوۋايغا قاراپ مېنىڭمۇ كۆزلىرىمگە ياش كېپ كەتتىيۇ ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم. بوۋاي قولىنىڭ ئالدى ـ كەينى بىلەن كۆزىگە لىق تولغان يېشىنى سۈرتىۋەتتى كەينىدىنلا.

ـــ بالام مۇنداق قارىسام سىلە كادىردەك قىلىلا، بىزنىڭ كونا يېزىقىمىز مۇشۇنداقلا يوقاپ كېتەرمۇ؟ بۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم يوقمۇ زادى! بوۋاي يەنە گەپ سورىغىلى تۇردى.

ـــ بالام ئاۋۇ ئوڭ تەرەپتىكى نەنىڭ تىلى بىلەمدىلا؟

ـــ ئىنگلىزچە خەتكەن تاغا.

ـــ توۋا! بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئىنگلىز دەيدىغان مىللەتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، راست بۇ يەردە شۇنداق مىللەتمۇ بارمۇ؟ بالام!

ـــ بىزنىڭ يۇرتتا يوق، چەتئەلدە بار، ئامېرىكا، ئەنگلىيەلىكلەر ئىنگلىز مىللىتى .

ـــ ھە! بۇ يەردە ئىنگلىز دېگەن مىللەت بولمىسا، بىز خەخ تۇرساق نېمىشقا بىزنىڭ خېتىمىزنى يازماي، ئۇلارنىڭ يېزىقىنى بۇ تاختايغا يېزىپ قويۇدۇ. ھۆكۈمەت ساراڭ بوپ قالمىغاندۇ؟ بالام!

ـــ ئۇ دېگەن دۇنياۋىي تىل، شۇڭا قوللانغان ئوخشايدۇ تاغا!

ـــ ھەرقانچە دۇنياۋىي تىل بولسىمۇ ھېلىقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە دېگەن يەرلەردىن ئاتايىن كېلىپ بۇ ساقچىخانىغا كىرىپ يۈرمەيدىغاندۇ بالام! مۇشۇمۇ ئىشمۇ! خېتىمىزنىڭ يېزىلمىغانلىقىدىن مەنمۇ بۇگۈن گاڭگىراپ قالدىمغۇ! باشقىلارمۇ مەندەك ئەھۋالغا قالماسمۇ!

بوۋاي شۇنداق دەپ بەك چېچىلىپ كەتتى، قاتتىق خاپا بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، پۈت ـ قوللىرى تىترەيتتى، ھەتتا زەڭ سېلىپ قارىسام ساقاللىرىمۇ تىترەپ كېتىپتۇ. بىر تەرەپتىن بوۋاينىڭ بىرەر تۇتقاقلىق كېسىلى بولسا قوزغۇلۇپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىدىم.

